ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

2



مىللەتلەر نەشرىياتى · بېيجىڭ

ياسىنجان سادىق چوغلان

2

مىللەتلەر نەشرىياتى



ISBN 978-7-105-11014-8

9 787105 110148 >

定价：45.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

(تارىخىي رومان)

2

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



ياسىنجان سادىق چوغلان ◆ 1985 - يىل

## 26

يىل ئۆرۈلمەيلا ياغقان تۈنجى قار تېزلا ئېرىپ تۈرپان شە ـ
ھىرىنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ قازا قىلـ ـ
غانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شەھەر خەلقى بۇ شۇم خەۋەرنى پىچىرلاپ
دېگۈدەك بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى. چىرايلىرىدا ئېغىر بىر ما ـ
تەمنىڭ سايىسى ئەلەڭگىيتتى. گەرچە ئوردىدىن تېخى رەسمىي
يوسۇندا ماتەم جاكارلانمىغان بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز ـ
لۈكىدىن قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىۋالغانىدى. كوچا ـ رەستى ـ
لەردە ئادەملەر تولىمۇ شالاڭ ئىدى. ئەمما شەھەر ۋە ئوردا سېپى ـ
لىدا مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەر خېلىلا كۆپىيىپ قالغان بولۇپ، قا ـ
رىماققا كىشىگە ئاللىقانداق بىر ۋەھىمە، تەشۋىش، خاتىرجەمسىز ـ
لىكتىن بېشارەت بېرەتتى. ئوردىنىڭ ئىچىدىمۇ ئوردا مۇھاپىزەت ـ
چىلەر قوشۇنىنىڭ ياساۋۇللىرى ماڭدامىدا بىر دېگۈدەك قېتىپ
تۇرۇشاتتى. ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ تۇرغان خىزمەتكار ـ مەھرەم ـ
لەر شاھىنىشىن تەرەپكە ئەنسىز قاراپ قويۇشاتتى. ئۈچ كۈندىن
بېرىقى يىغا ـ زار، ھازا ئېچىشلار بۈگۈن شاپىدە بېسىلىپ قال ـ
غانىدى.

شاھىنىشىننىڭ ئىچى ئونلىغان ئاتەشدانىدا يېلىنجاۋاتقان قا ـ
رىغاي، ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىنىڭ تەپتىدە باھاردەك ئىللىپ
كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە تولىمۇ سوغۇق تۇيغۇ بېرەتتى.
شاھىنىشىنغا ئوردىدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر جەم
بولغان بولۇپ، تۆردىكى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئالتۇن تەخت
بوش ئىدى. تەختنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۇرسىدا دادىسىنىڭ ئۇ ـ
لۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان مىرمۇھەممەدشاھ

قاپىقىنى تۇرۇپ ئۇلتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا جىيەنى ــ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىر كەبىرى سەييىدئەلى ئالىپ تەمكىن قىياپەتتە ئۆرە تۇراتتى. بۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ــ تەختنىڭ يېنىدىكى نېپىز يىپەك پەردىنىڭ ئارقىسىدىكى كۇرسىدا چوڭ خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە بىلەن كىچىك خانىش كۇنتۇرا ئاغىچا بېشىنى تۆۋەن سىلىپ ئولتۇراتتى.

بارلىق خوي ـ مىجەزى بوۋىسى ــ ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنى تارتقان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ چىرايىدىن ئىچكى تۇيغۇسىنى بىلمەك تولىمۇ قىيىن ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان قازا قىلغاندىن كېيىن خانلىقنىڭ ئالىي ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. ئەمىرلەر ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھتىن كۆرە ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالىپتىن بەكرەك ئەيمىنەتتى، تەپ تارتاتتى. سەييىدئەلى ئالىپ شاھنىشىندىكى ئەمىرلەرگە بىرمۇبىر نەزەر تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆلۈمىگە بولغان قايغۇ ـ ھەسرىتىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان ئەمىرلەرنىڭ چىرايىدىن ئىچكى تۇيغۇسىنى، ئوي ـ خىيالىنى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. كۆزلىرى سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئەمىرلەر دەرھال كۆزلىرىنى ئەپقاچاتتى. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كۆزى ئىرازان بارىن ۋە مىرەك تۇركمەننىڭ كۆزلىرى بىلەن توقۇنۇشتى. چىرايلىرىدىن قايغۇ ـ ھەسرەتتىن كۆرە كۆچلۈك غەزەپ، نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان بۇ ئىككى سەركەردە سەييىدئەلى ئالىپقا مەنستىمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بىرنەچچە دەقىقە كۆز جېڭى قىلىشتى، نەشتەردەك تىكىلگەن ئاداۋەتلىك كۆزلەردىن بىر ـ بىرىگە قىلچىلىك يول قويمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

«خان ئالىيلىرى بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە قېيىنئاتىسىنىڭ لەشكىرىي كۆمىكىنى قوبۇل قىلمىسا بوپتىكەن، ئۇل چاغدا قېيىنئاتىسىنىڭ مۇنۇ ئىككى سەركەردىسى ئوردىمىزدا بۇنداق ئاتكارچىلىق قىلىشقا پېتىنالمىغان بولاتتى، ــ دەپ ئويلىدى سەيـ

يىدئەلى ئالپ ئۇلارغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، ـــ ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ۋايىم يەپ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنى بىئەپ كۆرگەن ئىكەنمەن. خان ئالىي-لىرىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن، ئىختىلاپىنىڭ چوڭى چىقتى مانا...»

ھەئە، شۇ چاغدا ئىسسىقكۆل ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىشتىن ئاۋۋال سۇلتان ئۇۋەيسخان قېيىنئاتىسى ـــ تۈركىستان ئەمىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىندىن لەشكىري ياردەم تەلەپ قىلىش تەكلى-پىنى بەرگەنىدى.

«مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانى بىزنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، ـــ دېگەنىدى سۇلتان ئۇۋەيسخان، ـــ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تەسەررۇپىدا جەڭ قىلىمىز. قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى ئويلاشمايمۇ بولماي-دۇ. شۇڭا قېيىنئاتام بىلەن كۆمەكلىشەيلى، ھېچ بولمىسا ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلسىمۇ ھېساب».

شۇ كۈنلەردە سەييىدئەلى ئالپ تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالغان بو-لۇپ، سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇنى لەشكىرىي يۈرۈشكە قاتناشماي ئوردىدا قېپقېلىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۆزى خان بىللە جەڭگە بارالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بۇ قېتىمقى لەشكىري يۈرۈشنىڭ مەقسىتى قېيىنئاتىسىنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرغاچ پەرغانە ۋادىسىنى ئىس-تېلا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق مىرزا ئۇلۇغبەگنى قەشقەردىن لەشكەر چېكىندۇرۇشكە مەجبۇرلاش بولغاچقا، كۆڭلىدە ئانچە خالاپ كەت-مىسىمۇ ئارتۇقچە بىر نېمە دېيەلمىگەنىدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن كۈيئوغلىغا ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلغاننىڭ سىرتىدا، ئىنىسى ئىرازان بارىن بىلەن سەركەردىسى مىرەك تۈركمەننى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتتى. ئىككى قوشۇن ئىسسىق-كۆل ۋادىسىدا ئۇچراشتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك تۈرپاندىن چاپارمەن ماڭغۇزۇپ، ئىسسىقكۆل ۋادىسىدىكى جەڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تې-

پىپ تۇرغان سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ مىرزا ئۇ-لۇغبەگنىڭ سەركەردىسى ساتۇقخاننىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ ئىككى قېتىم يېڭىلىپ قالغىلى تاس قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپ-قاندا پەقەتلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئاخىر سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئىجازىتىنى ئالمايلا مىڭ نۆكىرىنى ئېلىپ ئىسسىقكۆل ۋادىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، يېرىم يولدا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ يانغان سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن ئۇچراشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمرازان بارىن بىلەن مىرەك تۇركمەنمۇ بار ئىدى. بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ تۇركىستانغا قايتى-ماي، بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن موغۇلىستانغا كېلىشى سەييىد-ئەلى ئالپقا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ ئەمدى ئۇلارنىڭ تۇرپانغا كېلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. خاننىڭ ئۆلۈم ئەھۋا-لىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان سەييىدئەلى ئالپ سەركەردە پولات با-ھادىرنى بەش مىڭ لەشكەر بىلەن كەينىگە ياندۇرۇپ چېگرىنى ساقلاشقا، مۇھىم ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال ئوردىنى خەۋەرلەندۇ-رۇشكە بۇيرۇدى ـ دە، ئاندىن ئىمرازان بارىن بىلەن مىرەك تۇرك-مەنگە يۈزلەندى:

— ئىككىلىرى جەننەتماكان قىبلىگاھىمىزغا كۆمەكلىشىپ رىيازەت چېكىشتىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۆپ مىننەتدارمىز. ئاللاھ خالىسا كېلەر يىلى ئەتىيازدا قايتىدىن لەشكەر تارتىمىز، شۇ چاغدا خەۋەر بېرۇرمىز. ھازىرچە تۇركىستانغا قايتىپ تۇ-رۇشسىلا. ھۆرمەتلىك ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىغا سالامى-مىزنى يەتكۈزگەيلا.

— ئالەمپاناھ ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى كۈيئوغلى-نىڭ ماتەم ـ تەزىيىسىگە قاتناشماي يېرىم يولدىن قايتىپ كەل-گىنىمىزنى بىلسە بىزگە غەزەپ قىلىدۇ، — دېدى ئىمرازان با-رىن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمىنەلىرى ئول باشپاناھىمىزنىڭ ئى-نىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن جەننەتماكان مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيس-خان ئالىيلىرىغىمۇ قېيىنئاغا كېلىمەن. مەرھۇم خان ئالىيلىرى-

نىڭ مېيىت نامىزىغا داخىل بولۇپ، مېيىتنى يەرلىكىدە قويۇش،
ھازا ئېچىپ ماتەمدار بولۇش، خانىش ئايىم، شاھزادە، مەلىكىلەر-
گە تەسەللى بېرىش مەجبۇرىيىتىمىز ھەم باردۇر. شۇڭا ئەمىر
كەبىر جانابلىرى يولىمىزنى توسۇمىغاي.

ئىرازان بارىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى يوللۇق ئىدى.
سەييىدئەلى ئالىپ ھېچنېمە دېيەلمىدى. دېمىسىمۇ ئۇرۇق ـ تۇغ-
قانلار ئارا ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىش، ھازىدارلارغا تەسەللى ئېيتىپ،
كۆڭۈل قويۇش تۈركىي قوۋملىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنى
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى سەركەردىنى سۇلتان ئۇۋەيس-
خاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئەۋەتكەن بولغاچقا،
بىللە ئېلىپ ماڭغان لەشكەرلىرىنى تۈركىستانغا قايتۇرۇۋېتىش
ئىشىنى سەييىدئەلى ئالىپ تىلغا ئېلىشنى بىئەپ كۆردى. تەڭ
يولغا كېلىپ بولغاندا سەركەردىلەر ئۆزى قېپقېلىپ، شۇنچىۋالا
لەشكەرنى تۈركىستانغا قايتۇرۇۋەتسىمۇ ياخشى بولمايتتى. چۈن-
كى، سەركەردىسىز لەشكەرنىڭ كۈتمىگەن ئىشلارنى قىلىپ قويۇش
ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاشۇ لەشكەرلىرى بىلەن
ئىلىبالىق①قا كېلىپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ مېيىت نامىزىنى
ئوقۇدى، يەرلىكتە قويدى. نېمە ئۈچۈندۇر سەييىدئەلى ئالىپ سۇل-
تان ئۇۋەيسخاننى بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مازىرىغا دەپنە
قىلماي، ئىلىبالىققا ئېلىپ كېلىپ ئايرىم دەپنە قىلغانىدى. تۇر-
پانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ھازىسى
قايتا ئېچىلدى. يىغا ـ زارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوردا تىپتىنچ
ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۆرۈنۈشتىكى تىنچلىق ئىدى. ئوردىنى يى-
غا ـ زار، پىغان ـ ھەسرەت قاپلىغاندەك قىلغان بىلەن ئەڭ تۆۋەن
دەرىجىلىك ئەمىرلەردىن تارتىپ ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ،
ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالىپقىچە، سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ توقال ـ
غۇنچىچەلىرىدىن تارتىپ خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە، كۇنتۇرا
مەلىكىگىچە ھەممەيلەننىڭ كۆزى بوش قالغان ئاشۇ ئالتۇن تەخت-

① ئىلىبالىق ــ غۇلجا شەھىرى.

تە ئىدى. ھەئە، سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئون ئۈچ ياشلىق خانزادىسى يۇنۇسخان بىلەن ئون ئىككى ياشلىق خانزادىسى ئىسان بۇغاخاندىن قايسىسىنى خان قىلىپ تىكلەپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇش مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەت، مۇددىئالىرى بار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بۈگۈن شاھنىشىنىدا قۇرۇلتاي چاقىرىلغانىدى. تېخى گەپنىڭ بېشى باشلىنا ـ باشلانمايلا، ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ، ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپلار بىلەن ئىرازان بارىن، مىرەك تۈركمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى.

ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپ كىچىك خانىش كۈنتۇرا ئاغىچىدىن تۇغۇلغان ئىككىنچى خانزادە ئىسان بۇغاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. بىراق بۇ تەكلىپكە ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەن قارشى چىقىپ، چوڭ خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىدىن تۇغۇلغان چوڭ خانزادە يۇنۇسخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنى ياقلىدى. شۇنىڭ بىلەن شاھنىشىنىدا بىردىنلا جىددىي ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەمىرلەر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇددىئاسىنى ئېنىق چۈشىنەتتى. چۈنكى، كىچىك خانىش كۈنتۇرا ئاغىچا ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھنىڭ قىزى، ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئىدى. چوڭ خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە بولسا ئىرازان بارىننىڭ جىيەن قىزى ئىدى. تەختتە ئىككى خانزادىدىن قايسىسى ئولتۇرسا، پۈتكۈل موغۇلىستان تەسەررۇپىنىڭ ھوقۇقى تەبىئىي ھالدا شۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەقىللىق، چېچەنرەك ئەمىرلەر بۇ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىپادە بىلدۈرۈشمەي بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشقانىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپنى قوللاپ ئىپادە بىلدۈرۈشكەن ئەمىرلەرمۇ بار ئىدى.

— ئاتا تەختىگە چوڭ خانزادىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەلتەنەت يوسۇنىدۇر، — دېدى ئىرازان بارىن قاپىقىنى تۈرۈپ، — جانابى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆز نەۋرىسى بولمىش كىچىك خانزادىنى تەختتە ئولتۇر-

غۇزۇش مۇددىئاسىدىن يېنىپ، ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز داۋاملاشتۇ-
رۇپ كېلىۋاتقان سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى بۇزماسلىقنى يەنە بىر
نۆۋەت تەۋسىيە قىلىمەن. چوڭ خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ
ئاتا تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئې-
لىشى قىل سىغماس ھەقىقەتتۇر، بول ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ،
جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك روھىنى قورۇندۇرۇپ
قويمىغايلا.

ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ئەزەلدىن سۆزگە ناقىس،
ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ ئىرازان بارىنغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي قى-
مىرلاپ قويدى ۋە مەدەت تىلىگەندەك جىيەنى سەيىدئەلى ئالپقا
قارىدى. كىچىك خانزادە ئىسان بۇغاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش
سەيىدئەلى ئالپنىڭ پىكرى ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ مۇددىئاسىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىلىنى مەھكەم باغلىغاندەك، ئۆزگە پى-
كىردىكىلەرگە قەتئىي يول قويمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئىرازان بارىن جانابلىرىنىڭ سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى زى-
يادە پەش قىلىشى بىھاجەتتۇر، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ تەم-
كىنلىك بىلەن، — جانابلىرىنىڭ بۈيۈك تەختگاھىمىزغا قەدەم
كەلتۈرگىنىگە تېخى ئەمدى ئۈچ كۈن بولدى، بىزلەر بولساق ئابا ـ
ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇشبۇ سەلتەنەتنىڭ قورۇقچىلىقىنى
قىلىپ، خان ـ سۇلتانلارغا مەھرەم بولۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇنىمۇ
سەمىلىرىگە سېلىپ قويماقچىمەنكى، ئاغىلىرى بولمىش ئەمىر
شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى جەننەتماكان خان ئالىيلىرىغا قېيىنئا-
تا بولغىلى ئاران ئون تۆت يىل بولدى. ئەمما بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋى-
لىرىمىزنىڭ ئۇشبۇ سەلتەنەت پاسىبانلىرى بىلەن قۇدا ـ باجا
بولۇشۇپ ئۆتكىنىگە نەچچە ئون يىل بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا،
مانا بىزلەر ئول جەننەتماكان سەلتەنەت پاسىبانلىرى بىلەن قان ـ
قېرىنداشمىز. ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان
سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى جانابلىرىدىن پىششىقراق بىلۇرمىز.
ئۇشبۇ مەجلىسكە جەم بولغان بارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئېسىدە بولسا

كېرەك، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئەمىرلەرگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، — ئەينى يىلى چوڭ خانزادە تەۋەللۇت قىلغاندا، مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرى ئۇ تۇنجى پەرزەنتىگە ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان بابائى بۇزرۇكلىرىدىن ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك ئىسىم ـ شەرىپىنى قويۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق خانىش ئالىيلىرىنىڭ تەكلىپىگە يۈز كېلەلمەي ئۇل ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغانىدى. كېيىن ئىككىنچى خانزادە تەۋەللۇت قىلغاندا پەرزەنتىگە بابائى بۇزرۇكلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇش ئارزۇسىغا يېتىپ، تولىمۇ خۇرسەن بولغانلىقىغا شاھىتمىز. گەرچە يۇنۇسخان چوڭ خانزادە بولسىمۇ، ۋالىدەسى ھەم ئىسىم ـ شەرىپى ياتتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇل خانزادىنىڭ سەلتەنەتكە پاسىبانلىق قىلىش سالاھىيىتى ھەم يوقتۇر. ئەمما، كىچىك خانزادىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىدىنلا ئۇنىڭ ئۇشبۇ سەلتەنەتكە پاسىبان بولۇشقا ئەڭ لايىق كېلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. خانزادە ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى تەختتە ئولتۇرسا جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ روھى قورۇنۇش ئەمەس، تېخىمۇ شادلانغۇسى، بىزلەركىم ئەمىرلىرىدىنمۇ ھەم رازى بولغۇسى.

ئىرازان بارىن مەسخىرە ئارىلاش خىرىلداپ كۈلدى:

— ئىسىم ـ شەرىپىگە قاراپ تەخت ۋارىسى بەلگىلەش دېگەن يوسۇننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىز، نېمىدېگەن بىمەنە گەپ بۇ؟ بۇيۈك موغۇلىستان ئوردىسىنى دانىشمەن، پازىل، ئەقىلدارلارنىڭ دەرگاھى دەپ ئاڭلىۋېدىم، ئەمما، مۇشۇنداق مەنتىقسىز سۆھبەتكە داخىل بولۇپ ھەيران قېلىۋاتىمەن.

سەييىدئەلى ئالپنىڭ چىرايى سۇس تاتاردى.

— راست ئېيتتىڭلا جانابلىرى، موغۇلىستان ئوردىسى ھەقىقەتەنمۇ دانىشمەن، پازىل، پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ دەرگاھىدۇر. ئۇل دەرگاھتىكى ئەمىرلەرنىڭ باشقىلارنى ئارىلاشتۇرمايمۇ سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچىلىكى ھەم باردۇر. بايىتىن بېرى ئۆزلەنى ئەزىز مېھمان دەپ بىلىپ ئىززەت كۆرسەت-

تۇق. ئەڭ ياخشىسى سەلتەنەت ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسۇنلار.

ــ يېڭىلىشتىلا ئەمىر كەبىر جانابلىرى، گەرچە بىز مېھمان بولساقمۇ، موغۇلىستان ئوردىسىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بولمىساقمۇ، ئەمما چوڭ خانىش ئالىيلىرىنىڭ تاغىسىمىز، ئۇشبۇ مەجلىسكە چوڭ خانىش ئالىيلىرىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن قاتنىشىۋاتىمىز. شۇڭا سىلىنىڭ بىزنى ئۇشبۇ مەجلىستىن قوغلاش ھەققىلىرى يوقتۇر. بىز پەقەت چوڭ خانىش ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىمىز.

ئىرازان بارىنىڭ ھە دېگەندە «چوڭ خانىش» دېگەن سۆزنى ئۇرغۇ بىلەن تىلغا ئېلىپ، تەھدىت ئارىلاش چوڭ سۆزلىشى سەييىدئەلى ئالىپنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغانىدى. ئۇ يالت ئېتىپ خانىش ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدى، ئارىلىقنى يىپەك پەردە توسۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرەلمىدى. سەييىدئەلى ئالىپ ئەزەلدىن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنى چوڭ بىلەتتى، ئەينى يىلى ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن سۇلتان ئۇۋەيسخانغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شۇنچە قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماي ياتلىق بولغان بۇ جاسارەتلىك مەلىكىگە بەكمۇ قايىل ئىدى. ئەمما بۇگۈنكىدەك تەخت ۋارىسى بەلگىلەيدىغان چوڭ ئىشتا ھېسسىياتقا بېرىلسە بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇ تاپتا دۆلەتسۇلتان خانىش ئۆز ئوغلىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇرۇۋالسا، رايىغا باقماي ئامال يوق ئىدى. چۈنكى، خانىشنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغىنى بىلەن نوپۇزى بار ئىدى. ئەمما ئۇلۇسبېگىلىك، ئەمىر كەبىرلىكتىن ئىبارەت يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن خانىشنىڭ نوپۇزىنى چەكلىگىلىمۇ بولاتتى، گەپ خانىشقا قانداق ئۇسۇلدا تاقابىل تۇرۇشتا ئىدى.

ــ بىزمۇ ھەم خانىش ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىمىز، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئىرازان بارىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، ــ ئەمما خانىش ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتنىڭ مۇ-

ئۇيغۇر كىتابلىرى تور بېكىتى
www.uygurkitap.com

ھەم، چوڭ ئىشلىرىغا نوقۇل تۇغقاندارچىلىقنى ھېسابقا ئېلىپ ياتلارنى ئارىلاشتۇرۇۋالمايدىغانلىقىغا، ياتلارنىڭ كېيىنگە كىرىپ نىزا ـ ئاداۋەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىغا ھەم ئىشىنىمىز. سەلتەنەتنىڭ چوڭ، مۇھىم ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلتاي ئارقىلىق قارار قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمايدىكەن، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى خانىش ئالىيلىرىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى، بىزلەر ئۇشبۇ سەلتەنەتنىڭ قانۇنلۇق ئەمىرلىرىمىز. خانىش ئالىيلىرىنى بىزلەركىم ئەمىرلىرىنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ھەم قوللايدۇ دېگەن ئۈمىدتىمىز.

پەردىنىڭ ئارقىسىدىن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ يەڭگىل يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ تاپتا بارلىق ئەمىرلەرنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى. خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە قاتتىق تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. ئەلۋەتتە ئۇمۇ ئۆز ئوغلىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىنى چىن يۈرىكىدىن ئارزۇ قىلاتتى. تېخى تۇنۇگۈن كەچ تاغىسى ئىرازان بارىن بىلەن كۆرۈشكەندە: «گەرچە مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ يەنە بىر خانزادىسى بولسىمۇ، لېكىن ئوغلۇم يۇنۇسخان چوڭ خانزادىدۇر، شۇڭا تەختكە ئەلۋەتتە يۇنۇسخان ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمىرلەرنىڭمۇ بۇنىڭغا باشقىچە پىكىردە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس...» دەپ مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىغان ھەمدە تاغىسىنىڭ: «مەنچىمۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، ئەمما تەخت ۋارىسى بەلگىلەش ئىشىدا باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق مەقسەت ـ مۇددىئالىرى بولۇشى مۇمكىن. كىچىك خانزادىمۇ بار ئەمەسمۇ؟ مەيلى باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، سىلى خانزادىلىرىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئىشىدا ھەرقانداق مەسلىھەت ـ كېڭەشكە ئورۇن بەرمىسىلە. گەرچە قوللىرىدا ئەمەلىي ھوقۇق بولمىسىمۇ، چوڭ خانىشلىق مەرتىۋىلىرى بار. سىلىلا بەل قويۇۋەتمىسىلە، باشقىلارنىڭ باشقىچە ئوي ـ خىياللىرى بولسىمۇ يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەنمۇ شەھەر سىرتىدىكى قارارگاھتا تۇرۇۋاتقان بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكىرىم بىلەن ھەمدەمدە بولىمەن»

دېگەن مەسلىھەتكە ئويلانمايلا ماقۇل بولغانىدى. ئەمما بۈگۈنكى ئوردا كېڭىشىدە ئەھۋال ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كىچىك خانزادە ئىسان بۇغاخاننىڭ تەرىپىنى ئالغىنىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئەجەبلەندى. كېيىن ئۇلارنىڭ كىچىك خانىش كۈنتۇرا ئاغىچىنىڭ دادىسى بىلەن نەۋرە ئاكىسى ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئوردىدا ھە-قىقەتەن يالغۇز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. تاغىسى ئىرازان بارىن بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلەشكەن سەييىدئەلى ئالىپنىڭ «گەرچە يۇ-نۇسخان ئالىيلىرى چوڭ خانزادە بولسىمۇ، ۋالىدەسى ھەم ئىد-سىم ـ شەرىپى ياتتۇر...» دېگەن سۆزلىرى يۈرىكىگە خەنجەر بو-لۇپ ئۇرۇلدى. شۇ دەقىقىدە خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ ئوغ-لى يۇنۇسخاننى ئاتا تەختىگە ئولتۇرغۇزۇش ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىققانىدى، يېنىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان ئول-تۇرغان كۈنتۇرا خانىشقا قاراپ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا يىغا ئولاشتى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يىغا بىلەن ھېچ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ھو-قۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئىككى ئەمىرنىڭ بىرى كىچىك خانزا-دىنىڭ بوۋىسى، يەنە بىرى نەۋرە تاغىسى ئىدى. ئۇلار بىلەن قار-شىلىشىش سەييىدئەلى ئالىپ ئېيتقاندەك بىھۇدە قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولاتتى. بابا سەييىدئەلى ئالىپ بۇ گەپنى ئۇنى ئاگاھلاندۇ-رۇپ ئېيتقانىدى. تاغىسى ئىرازان بارىننىڭ قول ئاستىدىكى بىر تۈمەن تۈركىستان لەشكىرى بىلەن نەچچە تۈمەن موغۇلىستان لەشكەرلىرىگە تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. ئىش يامىنىغا تارتىپ قالسا بىھۇدە قان تۆكۈلگەننى ئاز دەپ، ئوغلىنىڭ جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتى. خانىشنىڭ نوپۇزىغا قاتتىق ئىشەنگەن ئىرازان بارىن ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خانىشنى قوللايدۇ، چوڭ خانزادىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشى قىل سىغمايدىغان ھەقى-قەت، دەپ چوتنى خاتا سوقۇپ، ھەم قولىدىكى بىر تۈمەن لەش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

كەرگە ئىشىنىپ ئاشۇنداق چوڭ سۆزلىگەن، ئىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغانىدى.

سەييىدئەلى ئالپنى ھەققانىيەتچى، ھەرقانچە بولسىمۇ چوڭ خانزادىنى قايرىپ قويۇپ، كىچىك خانزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش تەكلىپىنى قوللىمايدۇ، دەپ ئويلىغان خانىش قاتتىق خاتالاشقانلىقىنى، شۇ تاپتا ۋەزىيەتنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولسا تاغىسى ئىرازان بارىن سەييىدئەلى ئالپقا ھەرگىز يول قويمايتتى، ئۇ چاغدا كېڭەش بۇزۇلۇپ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈز بېرەتتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تولىمۇ قىيىن ئىدى. پۈتكۈل خانلىقنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان سەييىدئەلى ئالپقا باشقا ئەمىرلەرنىڭ ھە دېگەندە قارشى چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا چوڭ خانزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزالىغان تەقدىردىمۇ تېخى ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ئۆسمۈرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى ناتايىن ئىدى، يەنىلا ئۇلۇسبېگى بىلەن ئەمىر كەبىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالاتتى. ناۋادا چوڭ خانزادىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتسە، تالاشقان تاجۇ تەخت يەنىلا تەبىئىي ھالدا كىچىك خانزادىگە قالاتتى. خانىشنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ئوغلىنى ئېھتىماللىقى زور بولغان سۇيىقەست، خېيىم ــ خەتەردىن قوغداپ قالالىشى ھەم ناتايىن ئىدى. تاغىسى ئىرازان بارىننىڭ بىر تۈمەن لەشكىرىنىڭ موغۇلىستان زېمىنىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشى ھەمدە بۇ ئانا ــ بالىنى ئۇزاققىچە قوغدىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ھەسرەتلىك ئۇھسىنىدى.

ــ بولدى تالاشماڭلار، ــ دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ كىرپىكىگە تېخى تۇپا قونار ــ قونمايلا تەخت غوۋغاسى قىلىشقاق سەت ئەمەسمۇ؟ ھەر ئىككى خانزادە مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز پۇشتىدۇر، قايسىسى تەختتە ئولتۇرسا ئوخشاش. ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى بىلەن ئەمىر

كەبىر جانابلىرى كىچىك خانزادىنى مۇۋاپىق كۆرگەن بولسا، سەلتەنەتكە شۇ پاسىبان بولۇپ، ئاتىسىنىڭ تاجۇ تەختىگە ۋارىسلىق قىلسۇن. بۇنىڭلىق بىلەن چوڭ خانزادە تەخت ـ سەلتەنەتسىز قالماس، ئەمدى بۇ ئىشلار توغرۇلۇق غوۋغا كۆتۈرمىگەيسىلەر.

خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە گېپىنى دەپ بولۇپ تاققىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، تەختنىڭ يېنىدىكى يان ئىشىك بىلەن شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى. خانىشنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەن لاسىدە بوشاشتى، ئەمدى ئۇلارنىڭ سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن يەنە قارشىلىشىشقا يولى قالمىغاندى.

ــ يۇرسىلە سەركەردە، بىزمۇ چىقىپ كېتەيلى، ــ دېدى ئىرازان بارىن مىرەك تۈركمەنگە قاراپ باشقىلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ، ــ قولىدىكى ھوقۇق ـ مەرتىۋىسىگە تايىنىپ ئاجىزلارغا زومىگەرلىك قىلىشنى راۋا كۆرگەن، ئەدلى ـ ئادالەت پايخان بولغان بول دەرگاھتا ئەمدى بىر دەقىقە تۇرۇشقىمۇ تاقىتىمىز يوقتۇر. ياراتقان ئىگىسى ئادالەتكە ئۆزى ھامىي بولغاي!

سەييىدئەلى ئالىپ لام ـ جىم دېمىدى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا تولۇق يەتكەن بولسىمۇ غالىبلىقىغا تەنتەنە قىلىپ كۈلەلمىدى. ۋىجدان، غۇرۇرىنىڭ ئالدىدا بىچارىلەرچە سوراققا تارتىلىۋاتقان بۇ سەركەردىنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا كاۋاپتەك پىژىلداۋاتاتتى، چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئىككىنچى خانزادىسى ــ ئون ئىككى ياشلىق ئىسان بۇغاخان بۈيۈك موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە باشچىلىقىدا يولغا چىققان غايەت زور كارۋان تۇرپان شەھىرىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھېچكىم ئۈزىتىپ چىقمىدى. تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مەھمىل[1]

① مەھمىل ــ ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىش ئۈچۈن تۆگە ئۈستىگە ئورنىتىلغان كاجۇۋا.

www.uyghurkitap.com

دە ئۆلتۈرغان خانىش ئاب ـ ھاۋاسىغا ئوخشاش مېھرى ئىسسىق بۇ شەھەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك ئەتراپقا تويماي قارايتتى. قېنىق سۇرۇلگەن سۇرمىسى يىغىدىن ئېششىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىكى مۇڭ ـ ھەسرەتنى ياپالمىغانىدى. ئېگىسىل قارا ئارغىماققا مىنىۋالغان خانزادە يۇنۇسخان بولسا پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. مەھكەم تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرى ئاستىدىكى چىرايلىق كۆزلىرى تولىمۇ خىيالچان كۆرۈنەتتى، بالىلىقى چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن نېمە ئۈچۈن كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ تۇپراقنى تاشلاپ كەتمەكچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، لېكىن نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەك قىيىن ئىدى.

كىچىك خانزادە ئىسان بۇغاخاننىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىغا قايىل بولمىغان بىر قىسىم ئەمىرلەرمۇ ئۇلارغا ئەگەشكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ پۈتۈن جەددى ـ جەمەتىنى بىللە ئېلىپ ماڭغانىدى. ھەئە، بۇ غايەت زور كارۋاننى ئىمرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەننىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇنى قوغداپ ماڭغانىدى.

## 27

مىلادىيە 1430 ـ يىل، كۆكلەم پەسلى.

ھاۋانىڭ ئىللىشىغا ئەگىشىپ قەشقەر شەھىرىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلانغان تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىغا ئەگىز سۈيى كېلىشكە باشلىغانىدى. دېھقانلار ئاللىقاچان ئەتىيازلىق تېرىلغۇسىنى باشلىۋەتكەن، ئېتىز ـ قىرلاردا كۆك تېرىۋاتقان بالىلار، قىز ـ جۇۋانلار ماڭدامدا بىر ئۇچرايتتى. شەھەرگە سەپ تارتىپ كىرىۋاتقان كارۋان تۆگىلىرىنىڭ كولدۇرمىلىرى تىنىم-

سىز جىرىڭلاپ، قىشتىن بېرى خىلىلا جىمىپ قالغان بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ رەستىلىرىنى قايتىدىن ئاۋاتلاشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئەزەلدىن ھۈنەر ـ كەسىپ، سودا ـ تىجارەتكە ماھىر قەشقەر خەلقى بامدات نامىزىدىن كېيىنلا كوچا ـ رەستىلەرنى، ھويلا ـ دۇكانلىرىنىڭ ئالدىنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك مەشغۇلاتىنى باشلىۋەتكەنىدى.

مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەرىي ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەمىر سەييىدئەھمەد مىرزىنى قوغلاپ چىقىرىپ، قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە قوش قوللاپ سۇنغاندىن بېرى، مىرزا ئۇلۇغبەگ تەرىپىدىن قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن سۇلتان مەلىك دوغلاتقا قارشى بىر قانچە قېتىملىق توپىلاڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەشقەر شەھىرىدە چوڭراق جەڭگى ـ جېدەل، ئۇرۇش ـ قىرغىنچىلىق يۈز بەرمىدى. ئەمما قەشقەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى، بەگ ـ تۆرىلىرى بىلەن سەمەرقەنتتىن كەلگەن سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئارىسىدا سۈركىلىش پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. قەشقەرنىڭ مەمۇرىي ۋە لەشكىرىي ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان سۇلتان مەلىك دوغلات يەرلىكلەرگە نىسبەتەن قاتتىق باشقۇرۇش، قەشقەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرىگە نىسبەتەن ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش، رايىغا بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى. قەشقەرنى كونترول قىلىپ تۇرغان بىر تۈمەندىن ئارتۇق سەمەرقەنت لەشكەرلىرى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئۆزى خالىغان باھادا سېتىۋالاتتى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ مېلىغا باھا قويۇش، باھا تالىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن قىز ـ جۇۋانلارغا خالىغانچە بەتقىلىقلىق قىلاتتى. شۇ سەۋەبلىك قىز ـ جۇۋانلار يۈرەكلىك ھالدا كوچا ـ رەستىلەرگە چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەپتە ئارىلاپ دېگۈدەك سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىلەن يەرلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش يۈز

بېرەتتى، ئەمما بۇ ماجىرالار يەرلىكلەرنىڭ زىيان تارتىشى بەدى-
لىگە بېسىقتۇرۇلاتتى. بۇ تەڭسىزلىككە چىدىمىغان قەشقەر خەلقى
سەمەرقەنتتىكى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھۇزۇرىغا توختىماي ئەرزنامە
ئەۋەتەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ قەشقەر خەلقىنى خاتىرجەم قىلىش
ئۈچۈن سۇلتان مەلىك دوغلاتنى سەمەرقەنتكە قايتۇرۇپ كېلىپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنى قەشقەرگە ئەمىر
قىلىپ ئەۋەتتى. پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قەشقەرگە كەلگەن-
دىن كېيىن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى خې-
لىلا كۈچەيتتى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئەرز ـ دادىنى ئادىللىق بى-
لەن سورىدى. بۇ مەزگىلدە سۇلتان ئۇۋەيسخان موڭغۇللارغا قارشى
جەڭ قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا
لەشكەر ئەۋەتەلمىدى. شۇ سەۋەبلىك قەشقەر خەلقىنىڭ سەمەرقەنت
سەلتەنەتىنىڭ ئىستىبلاچىلىقىغا قارشى ھەرىكەتلىرى خېلىلا
پەسكويىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىسسىقكۆل ۋادىسىدىكى جەڭدە سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ قى-
لىچىدىن مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ قالغان مىرزا ساتۇقخان ئەندىجانغا
بېكىنىۋالغاندىن كېيىن ياۋ ئەھۋالىنى تىڭ ـ تىڭلاش ئۈچۈن ئە-
ۋەتكەن ئايغاقچىلىرىدىن سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ قازا قىلغانلىقى
سەۋەبلىك سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنگەنلىك خەۋىرىنى
ئاڭلاپ، رەقىبىدىن زىيادە ئېھتىيات قىلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ
ئەندىجانغا بېكىنىۋېلىپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا
تولىمۇ ئۆكۈندى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەھۋالدىن مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەي-
نەن مەلۇمات يەتكۈزسە جازاغا تارتىلاتتى. شۇڭا مىرزا ئۇلۇغبەگ-
كە: «سۇلتان ئۇۋەيسخانىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ، موغۇلىس-
تان لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلدىم» دەپ مەلۇمات يوللى-
دى. بۇ مەلۇماتقا ئىشەنگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ موغۇلىستان سەر-
كەردىلىرىنىڭ خانىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى
توپلاپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ساتۇقخانغا دەر-

ھال قەشقەرنى مۇداپىئە قىلىش پەرمانى چۈشۈردى. پەرمانىنى تاپ ـ شۇرۇۋالغان ساتۇقخان باش باھاردا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ ـ نىڭ بىلەن سۇلتان ئۇۋەيسخاننى مىرزا ساتۇقخاننىڭ ئۆلتۈرگەن ـ لىكى ھەققىدىكى خەۋەر پۈتكۈل قەشقەرگە پۇر كەتتى. ئەسلىدە سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئىسسىقكۆل ۋادىسىدا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەركەردە، لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقانلىقىدىن خەۋەر تاپ ـ قان قەشقەر خەلقى پات يېقىندا ئۇنىڭ قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ئىستىبلاچىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ، زور ئۈمىدتە بولغانىدى. كۈتمىگەندە يەنە بىر تۇ ـ مەندىن ئارتۇق سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كې ـ لىشى بىلەن تەڭ تارقالغان بۇ شۇم خەۋەر ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئۇ ـ مىدلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ـــ ئاڭلاشتىلىمۇ، سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى قازا قىپتۇ.

ـــ ئىسسىقكۆلدىكى جەڭدە سەمەرقەنت لەشكەرلىرىدىن قات ـ تىق يېڭىلىپ قاپتىمىش.

ـــ ئۇلۇشكۇن شەھەرگە كىرگەنلەر خان لەشكەرلىرىنى يې ـ ڭىۋالغان غالىبلارمىش.

ـــ ئاھ خۇدا، بېشىمىزغا يەنە قانداق ئېغىر كۈنلەر كېلەر ئەمدى!

ـــ شۇنى دېسىلە، نەچچە يىلدىن بېرى سەمەرقەنت لەشكەر ـ لىرىنى بېقىۋاتقىنىمىز ئاز كەلگەندەك يەنە بىر پاتمان لەشكەر كەلدى ئەينا.

ـــ تاپشۇرىدىغان ئالۋان ـ سېلىقلىرىمىز كۆپىيىدىغان بولدى.

ـــ جان باقماق تەسكە چۈشىدىغان ئوخشايدۇ.

ـــ سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى تولىمۇ ئادالەتلىك پادى ـ شاھ ئىكەنمىش.

ـــ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي.

ـــ ياراتقان ئاللاھ ئىگەم سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ زۇلمىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىيكىي تادارىسى

ئۆزى قۇتۇلدۇرغاي.
ــ جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنى سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ سا-تۇقخان ئاتلىق سەركەردىسى ئۆلتۈرۈپتىمىش.
ــ خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر ئول ساتۇقخاننىڭ.
ــ ماڭا قايىلسىلا مەخسۇم، خۇدادىن تىلەپلا يۈرەمدۇق مۇ-شۇنداق؟
ــ ئەمىسە بىزنىڭ قولىمىزدىن نىمە كېلەتتى؟
ــ شۇنى دېسىلە، خان ئالىيلىرىمۇ تەڭ كېلەلمىگەن تۇرسا!
ــ قاراقۇل ئەھمەد مىرزا بولغان بولسىمۇ بىر ئىش تەۋرە-تەتتى.
ــ راست، قاراقۇل ئەھمەد مىرزا غايىب بولۇپ كەتتىيا ئە-جەب؟
ــ سەمەرقەنتكە كېتىپتىمىش.
ــ ياق، مەككىگە كېتىپتىمىش. پىرھاجى مۇھەممەد شا-يەستە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش يوللۇق تۇتۇپ ھەج سەپىرىگە ماڭغۇزۇپتىمىش.
ــ توۋا، قاراقۇل ئەھمەد مىرزىدەك باھادىر كىشى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە سېتىلغان بولسا بىزدە ئۈمىد قالماپتۇ.
ــ خەقنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشەنمىسىلە ھاجىم. قارا-قۇل ئەھمەد مىرزا ئالتۇن ـ كۈمۈشكە سېتىلىدىغان ئادەم ئە-مەس.
ــ قانداقلىقىنى بىر ئالالاھ بىلىدۇ.
ــ سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ زۇلمى يەنە كۆپىيىدىغان بولدى.
ــ ھەرھالدا خاتۇن ـ قىزلىرىمىزغا ھېزى بولايلى.
ــ بىر ياخشىلىق بولۇپ قالار.
ــ ئالالاھ ئىگەم بەندىسىگە زۇلۇمنى بىر ئۆمۈر راۋا كۆر-مەس.

— شۇنداق، ئاللاھنىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ.

— ......

ساتۇقخاننىڭ قەشقەرگە كېلىشى بىلەن باشلانغان بۇ باش ـ ئاخىرى يوق پاراڭلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ قالدى. ئەمما كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى ۋەھىمە، كۆز ـ لىرىدىكى تەشۋىش يوقالمىغانىدى، قەشقەر خەلقى تېخىمۇ ئېھتى ـ ياتچان بولۇپ قالغانىدى.

※ ※ ※

گۇگۇم مەزگىلى، تۇمەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان كوزىچى يارېشى مەھەللىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھويلىلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان قورۇنىڭ ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان مېھمانخانى ـ سىدا بىر ـ بىرىدىن بەستلىك كەلگەن ئالتە يىگىت ئوتتۇرىغا سېلىنغان داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. داستىخاندا بىر ـ نەچچە تەخسە قۇرۇق يەل ـ يېمىشتىن باشقا، بىر مىس لېگەندە قوي گۆشى، يەنە بىر ياغاچ تاۋاقتا توخۇ گۆشى بار ئىدى. مېھ ـ مانلارنىڭ غىزاغا تازا تاۋى يوقمۇ، تۇزۇك يېيىلمىگەن گۆشلەر ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغانىدى. ئۇلار قىلىشىدىغان پارىڭى تۈگەپ قالدىمۇ ياكى يەنە بىرەر ھەمراھىنى ساقلاۋاتقانمۇ ئەيتاۋۇر ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى، مېھمانخاننى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق باسقانىدى. شۇ ئەسنادا ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىد ـ كى قارامۇتۇق، دوغىلاق كەلگەن بىر كىشى پەتنۇستا ئىككى ھې ـ جىر[①] ئۇگرە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ـ دە، پەتنۇسنى ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىكى مېھمانغا تۇتتى.

— قېنى ئالسىلا، بىر قوشۇقتىن ئۇگرە ئىچكەچ تۇرايلى.

---

① ھېجىر ــ يەرلىك ئۇسۇلدا ئاددىي قىلىپ ياسىلىپ پىشۇرۇلغان، ئىچ تەرىپى سىرلانغان ساپال قاچا.

مېھمانلار ئۇگرە ئۇسۇلغان ھېجىرنى ئىككى قوللاپ ئاۋايلاپ
ئېلىپ داستىخانغا قويدى. دوغىلاق كىشى چىقىپ كېتىپ ھايال
ئۆتمەي پەتنۇستا يەنە ئىككى ھېجىر ئۇگرە كۆتۈرۈپ كىرىپ يەنە
ئىككى مېھمانغا ھۆرمەت بىلەن تۇتتى. شۇ يوسۇندا مېھمانلارنىڭ
ئالدىغا بىر ھېجىردىن ئۇگرە كەلتۈرۈلدى. گۆشنىڭ شورپىسىغا
چامغۇر، سەۋزە، يۇمغاقسۇت سېلىپ چاچتەك كېسىپ ئېتىلگەن
ئۇگرە تولىمۇ ئوخشىغانىدى. مېھمانلار «ئالسىلا، باقسىلا» دې-
يىشكەندىن كېيىن ھېجىرنى قوللىرىغا ئېلىپ ئۇگرىنى ياغاچ
قوشۇق بىلەن ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزد-
گىمۇ بىر ھېجىر ئاش كۆتۈرۈپ كىرگەن ساھىبخانا ئاستا كې-
لىپ پەگادا ــ سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى ۋە چىرايلىرىدىن ئال-
لىقانداق تەقەززالىق چىقىپ تۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ ئېغىز
ئاچتى:

ــ مىرزا ئەجەب كېچىكىپ قالدىغۇ ـ تاڭ، ئۇلگۇرۇپ كەل-
گەن بولسا بىر چىنە ئىسسىق ئاش ئىچىۋالاتتى.

ــ كېلىپ قالار، ــ دېدى تۆردە ئولتۇرغان تۇمارچە بۇرۇت
قويۇۋالغان يىگىت، ــ بىرەر ئىش بىلەن ھايال بولۇپ قالغان
چېغى.

ئۇلار تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر ھېجىر ئۇگرىنى ئىچىپ تۈگەت-
كەن ۋاقىتتا ئىشىك تۈۋىدە قىرىق ـ ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى
قوشۇما قاشلىق، قاڭشارلىق، كۆكۈچ كۆزلىرى تولىمۇ ئۆتكۈر،
شاپ بۇرۇتلىرى مىس رەڭ چىرايىغا خويمۇ ياراشقان بەستلىك،
تەمبەل كەلگەن بىر كىشى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە پەيدا
بولدى. ئاۋۋال ساھىبخانا، ئاندىن كېيىن مېھمان يىگىتلەر دۇر-
رىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشكىنىچە
سالامنى ئىلىك ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

بۇ يىگىت مىرزا ساتۇقخان لەشكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە
كەلگەندە قەشقەر خەلقى ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، دېرىكىنى قى-
لىشقان قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئىدى.

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئاۋۋال ساھىبخانا بىلەن، كېيىن مېھمان يىگىتلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئەھۋال سوراشتى. يىگىتلەر ئۇنى تەكلىپ قىلىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇشتى. ئۇ تۆرگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ پاتىھە ئوقۇدى، ئاندىن ئولتۇرغانلاردىن قايتىدىن ئامانلىق سورىدى. شۇ ئارىدا ساھىبخانا چىقىپ كېتىپ پەتنۇستا بىر ھېجىر ئۇگرە كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئالسىلا مىرزام، شۇغىنىسى ئاش ئازراق سۇ يەپ قاپتۇ، — دېدى پەتنۇسنى تەڭلەپ.

— رەھمەت، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ، — ئەتىگەن ئاتىلا① بىلەن ناشتا قىلغانچە، قورسىقىم خويمۇ ئاچقانىدى. خوش، ئاشقا كېلىلى.

— خوش، باقسىلا، — دېيىشتى مېھمانلار.

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئاشنى ئىچىپ بولغىچە ھېچكىم گەپ قىلمىدى.

— بۇياقتا ماڭاي دەپ تۇرسام ئاستانىگە ماڭغۇزغان ئايغاقچى قايتىپ كەلدى، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا قۇرۇق ھېجىرنى داستىخانغا قويۇپ تۇرۇپ.

— يەنە بىر قوشۇق ئاش ئەكىرەي، — دېدى ساھىبخانا قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— رەھمەت، ئەمدى ئاش ئەكىرمىسۇنلار، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا يوغان ئالىقانلىرى بىلەن ھېجىرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ تۇرۇپ.

ساھىبخانا قايتا زورلىمىدى.

— ئەمىسە گۆشكە ئېغىز تەگسىلە. سوغۇق گۆش يېيىشلىك بولىدۇ. ۋاي، قوللىرىغا سۇ بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەن.

ساھىبخانا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىدىكى ئاپتۇۋا ـ

① ئاتىلا — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي تائاملىرىدىن بىرى. ئاق ئۇننى قوي مېيى بىلەن قورۇپ ئېتىلىدىغان سۇيۇق تاماق.

www.uygurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىلاپچىنى ئېلىپ قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ قولىغا سۇ بەردى. قولىنى چايقىۋالغان قاراقۇل ئەھمەد مىرزا لېگەندىن بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ تۇرۇپ ھەمراھلىرىغا يۈزلەندى.

ــ ئىككىنچى خانزادە ئىسان بۇغاخان مەرھۇم خان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ سۇلتانلىق تاجىنى كىيىپتۇ...

ــ ئەجەب ئىش، تەختكە چوڭ خانزادە ئولتۇرماي كىچىك خانزادە ئولتۇرۇپتىيا؟ ــ دېدى ئاق سېرىق كەلگەن يىگىت مىرزىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

ــ مەن كىچىك خانزادىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى ئالدىنئالا پەملىگەن، ــ دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا بىر لوقما گۆشنى چايناپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، ــ چۈنكى، كىچىك خانزادە ئىسان بۇغاخان ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرىگە نەۋرە، ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپقا جىيەن كېلىدۇ. چوڭ خانزادە يۇنۇسبەگ سۇلتاننىڭ بولسا ئوردىدا خانىش ۋالىدەسىدىن باشقا بىرمۇ يۆلەنچۈكى يوق. بوۋىسى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى بولسا يىراق تۈركىستاندىدۇر. ھە راست، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىغا كۆمەكلىشىش ئۈچۈن ئىنىسى مىرزا ئىرازان بارىن بىلەن سەركەردىسى مىرەك تۈركمەننى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئىسسىقكۆل ۋادىسىغا ئەۋەتكەنىكەن، خان ئالىيلىرى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئاستانىگە بارغان ئوخشايدۇ. ئوردىدىكى كېڭەشتە تەخت ۋارىسىنى بەلگىلەش ئىشىدا ئۇلار غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرى بىلەن ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپقا خېلىلا تاپا ـ تەنە قىلغانلىقى مەلۇم. ئاخىرقى ھېسابتا خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە كىچىك خانزادىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا يول قويۇپ، غوۋغانى بېسىقتۇرۇپتۇ ھەمدە چوڭ خانزادىنى ئېلىپ تۇرپاندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ــ خانىشنىڭ نەگە كەتكەنلىكىدىن مەلۇمات بارمۇ؟

ــ بۇنىسى تېخى نامەلۇم. بەزىلەر خانىشنى تۈركىستانغا ئا-

تىسىنىڭ دەرگاھىغا كېتىپتۇ دېيىشىۋاتقۇدەك. يەنە بەزىلەر ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەن خانزادە يۇنۇسبەگ سۇلتا-نى ئېلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەرز قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە كېتىپتۇ دېيىشىۋاتقۇدەك.

— بۇ ئىش مىرزا ئۇلۇغبەگكە باھانە بولۇپ بەرمىسە بولات-تى.

— قانداق دەيدىلا؟

— مىرزا ئۇلۇغبەگ چوڭ خانزادىگە تەختنى ئېلىپ بېرىش-نى باھانە قىلىپ تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ قالارمىكىن دەيمەنا، — دېدى كوسا چىراي، ياپما قاپاق يىگىت.

— مۇشۇنداقمۇ قىلارمۇ — سورىدى ئاق پىشماق، يۇزىدە تا-تۇقى بار يىگىت.

— بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، — دېدى كوسا چىراي يىگىت، — ئاڭلىشىمچە، ئىرازان بارىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭ خانزادىسى ئابدۇللەتىپ مىرزىغا قىزىنى بەرگەنىكەن. مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ قۇدىسىنىڭ يۇزىنى قىلمىغاندىمۇ ئوغلىنىڭ تەلىپىنى يەردە قوي-ماس دەيمەن. ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمدارلار تەسەررۇپ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قوشنىلارنىڭ زېمىنىنى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن باھا-نە ئىزدەيدۇ ئەمەسمۇ، چوڭ خانزادە يۇنۇسبەگ سۇلتاننىڭ ئۇ ياقلارغا بېرىشى ئۇنىڭغا خويمۇ بەلەن باھانە بولۇپ بېرىشى مۇم-كىن.

— ناتايىن، — دېدى قاراقول ئەھمەد مىرزا ئويلانغان ھالدا، — پەمىمچە، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئون ئۈچ ياشلىق بىر گۆدەك خانزادىنى دەپ ھەرگىز تەۋەككۇل قىلمايدۇ. ھازىرچە قەشقەرنى تەسەررۇپىغا ئالغىنىغا قانائەت قىلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭسىزمۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلى تازا خاتىرجەم ئەمەسمىش. سەمەرقەنت ئۆلىمالىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ فەلەكىييات ئىلمى[1]غا زىيادە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھقا شەك كەلتۈرگەن دەھرىيلىككە

① فەلەكىييات ئىلمى — ئاسترونومىيە.

نارازى ئىكەن.

— ئاڭلىشىمچە، مىرزا ئۇلۇغبەگ كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۇستۇرلاپ① دەيدىغان بىر ئەسۋاب بىلەن ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلارنى كۆزىتەرمىش. ئوردىسىغىمۇ ساپلا ئۆزىگە ئوخشاش دەھرىيلەرنى يىغىۋالغانمىش.

— يا پەرۋەردىگار، سېپى ئۆزىدىن مۇرتەدلىكقۇ بۇ، — دېدى ساھىبخانا ياقىسىنى تۇتۇپ.

— ئول دەھرىي سۇلتاننىڭ ئىشىنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئولتۇرغانلارغا تەكشى نەزەر تاشلاپ، — ھەممىڭلارگە مەلۇم، مۇناپىق خوجا شەرىپ مىرزا ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەرنى سەمەرقەنت تەختگاھىغا تەۋە قىلغاندىن بېرى غۇرۇرىمىز پايخان بولۇپ، دەرد ـ ھەسرەت ئىلكىدە ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ئاۋام ـ رەئىيەت بۇ قارا كۈنلەردىن قۇتۇلۇشقا تەشنا بولماقتا. گەرچە ئول تاجاۋۇزچىلارغا قارشى بىرنەچچە نۆۋەت كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولساقمۇ، مۇنتىزىم ماھارەت تەربىيەسى كۆرگەن لەشكەرلىرىمىز بولمىغاچقا، سەمەرقەنت لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي، سۇلتان مەلىك دوغلاتنىڭ قاتتىق باستۇرۇپ قىرغىن قىلىشىغا دۇچار بولدۇق. يەنە تېخى ئۆز يۇرتىمىزدا ئاشكارا يۈرەلمەي، تەقىب ئاستىدا مۆكۈنۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆتۈرەلمەسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، مىرزا ساتۇقخان يەنە بىر تۈمەن لەشكەر باشلاپ كەلدى، ئۇلار سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنى شېھىت قىلغانىنى ئاز دەپ، تەپ تارتماي كۆرەڭلەۋاتىدۇ. ئەمدى بۇ قان قىساسقا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرسەك، بۇ خورلۇققا بېشىمىزنى ئېچىمىزگە تىقىپ چىداۋەرسەك يىگىتلىكىمىزگە زىنھار خوپ كەلمەس. ھەربىرلىرىنى ئۆزۈڭدىن بېرى مۇشكۈلاتلاردا سىنالغان بۇرادەرلىرىم، شۇنداقلا ئانىسى ئۇجۇكىگە شۇمەك سېلىپ باققان ھەقىقىي ئوغۇلبالا — ئەركەك دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن

① ئۇستۇرلاپ — ئاي، يۇلتۇز، ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان ئەسۋاب.

بول داستىخانغا ئالاھىدە جەم قىلدىم. گەپنى ئوچۇقلا دەۋېرەي: مەن مىرزا ساتۇقخاننى ئۆلتۈرۈپ، مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى ھەمدە ئول باسقۇنچىلارغا قەشقەر يىگىتلىرىنىڭمۇ ئۇنچە ياۋاش، سەۋرچان ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى. بىلمىدىم، ھەربىرلىرىنىڭ كەمىنە بىلەن كۆمەكلىششىكە جۈرئىتى بارمىكىن؟

چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان يىگىتلەر دەرھال يۈكۈنۈپ، قەددىنى رۇسلاپ جاۋاب بېرىشتى.

— مىرزا جانابلىرىنىڭ بىزگە شۇنچىلىك ئىشەنگىنىگە رەھمەت. خان ئالىيلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش، ئەل - يۇرتنىڭ ئار - نومۇسىنى ئاقلاش ئۇچۇن جېنىمىز پىدا.

— جانابى باھادىرلارنىڭ جاسارىتىگە تەسەننا، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا مەمنۇنلۇق بىلەن، — مىرزا ساتۇقخان قەشقەرگە لەشكەر باشلاپ كەلگەندىن بېرى ئەمىر پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بىلەن ئوتتۇرىسىدا خېلىلا چوڭ ئىختىلاپ يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم. پەمىمچە، مىرزا ساتۇقخان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يارلىقىغا بىنائەن قەشقەرنى قوغداشقا كەلدىم، دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتقان بولۇشى، ئەمىر پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بولسا ئۆزىنى قەشقەرنىڭ ئەمىرىمەن دەپ يول قويمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇل بائىستىن بولسا كېرەك، يېقىندىن بېرى شەھەردە خۇپىيە - پايلاقچىلارنىڭ تەقىبى خېلىلا بوشاپ قالدى. لەشكەرگاھلاردىمۇ مەيخورلۇق، بەزمە، قىمارۋازلىق ئەۋجىگە چىقتى. پەمىمچە ئۇلار خۇدىنى يوقىتىپ، بىخۇد ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ قول سېلىشىمىزغا تولىمۇ پايدىلىق. مەن مىرزا ساتۇقخاننىڭ لەشكەرگاھىدىكى تۇرالغۇسىنى ئېنىقلاپ چىقتىم. ئەتە تۈن تەڭ بىلەن قول سالايلى.

— تايىنلىق قول سالغاندىكىن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىمۇ بىراقلا جايلىۋەتمەيمىزمۇ مىرزام؟ — دېدى كۆك كۆزلۈك يىگىت.

www.uyghurkitap.com

— ئەگەر شۇنداق قىلساققۇ، ئول ئىككى سەركەردىنىڭ بېشىنى بىراقلا تېنىدىن جۇدا قىلىپ، لەشكەرلىرىنى يولباشچىسىز قالدۇرۇپ قوياتتۇق، — دېدى ئاق سېرىق كەلگەن يىگىت ھەمراھىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — سەركەردىلىرىدىن ئايرىلغان لەشكەرلەر ئۆزلۈكىدىنلا قەشقەرنى تاشلاپ سەمەرقەنتكە كېتەتتى.

— ئىككى ئىشقا بىراقلا تەۋەككۇل قىلساق ياخشى بولماس، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا سوغۇققانلىق بىلەن، — ناۋادا ئىشىمىز ئەپلەشمەي قالسا، ھېچقايسى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي داغدا قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى سەركەردىگە تەڭ قول سېلىش ئۈچۈن بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئول چاغدا يېتىشەلمەي قالىمىز. ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى بۇ ئىشقا شېرىك قىلساق قامالاشماس. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە تۈلكىدەك ھىيلىگەر، توشقاندەك ئېھتىياتچان ئادەم، ئۇنىڭغا قول سېلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، ئاۋۋال مىرزا ساتۇقخاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلايلى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننى ئۆلتۈردۈم دەپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئول مىرزا شۇ كۈنلەردە تولىمۇ بىغەمدۇر. پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەگىمۇ نۆۋەت كېلىپ قالار.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋېلىشقاندىن كېيىن خۇپتەن نامىزىنى بىرلىكتە ئوقۇۋېلىپ تارقاپ كېتىشتى.



بۈگۈن پېشىن مەزگىل بىلەن تۇتۇلغان ھاۋا قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. «بۈگۈن ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدىغان ئوخشايدۇ. ھاۋا تۇتۇلغاندا كېچە تېخىمۇ قاراڭغۇ

بولىدۇ، بۇ ھەرىكەت قىلىشىمىزغا تېخىمۇ پايدىلىق» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ تۇتۇلغان ھاۋاغا قاراپ. ئەپسۇس، شام ۋاقتى بىلەن ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ، قەشقەر ئاسمىنىدا پەيدا بولغان تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار خۇددى تاماشا كۆرمەكچى بولغاندەك چاراقلاپ يېنىپ كەتتى. بۇنى ئاز كۆرگەندەك ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايمۇ چۈمپەردىسىنى پۈتۈنلەي قايرىۋەتكەنىدى. ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەل بىلەن لەشكەرگاھنىڭ ئارقا تېمىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بولغان قاراقۇل ئەھمەد مىرزا زېمىننى سۈتتەك يورۇتۇۋەتكەن ئاي بىلەن يۇلتۇزلارغا ئۆچلۈكى كېلىپ قاراپ قويدى ـ دە، ھەمراھلىرىنى ساقلىغاچ ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى.

لەشكەرگاھنىڭ ئارقا تەرىپى تۇمەن دەرياسىنىڭ بويىغا بارغۇچە بېدىلىك ئىدى. تېخى ئەتىياز مەزگىلى بولغاچقا، ئېتىزلىقتىكى بېدىلەر تېخى غېرىچچىمۇ كەلمەيتتى. «ياز پەسلى بولغان بولسا بولۇق ئۆسكەن بېدىلىك ئارىسىدا ھەرىكەت قىلماق ئاسان ئىدى، ئورامغا كەلگەن بېدىلەر ئوبدانلا دالدا بولاتتى. قاتتىق ئېھتىيات قىلمىساق بۇ يەردە ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالغۇدەكمىز. لېكىن لەشكەرگاھقا كىرىشتە بۇ يەردىنمۇ ئەپلىك جاي يوق...»

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا خىيال سۈرگەچ ئەتراپقا قارىدى، شۇ تاپتا بۇ يەردە ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى. قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئادەم چۆككىدەك بىر ئازگالغا كىرىۋېلىپ، لەشكەرگاھ قورۇق تېمىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچتىن ياسالغان قۇببە شەكىللىك بۇرج[①]قا نەزەر تاشلىدى. لەشكەرگاھنىڭ مۇھاپىزىتى ئانچە چىڭ ئەمەستەك قىلاتتى. تامنىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن قاراۋۇللار كۆرۈنمەيتتى. تۇيۇقسىز يۆتەلگەن ئاۋاز قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى سەگەكلەشتۈردى. «بۇرجدا قاراۋۇل بار ئىكەن» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى مىرزا ۋە ئاستا ئازگالدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، بېدىلىكنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئىككى تۇپ قېرى سۆگەتنى

① بۇرج ـــ كۆزىتىش مۇنارى. بۇنىڭدا لەشكەرلەر كۆزەتتە تۇرغاچ قار ـ يامغۇردىن دالدىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

نىشانلاپ بېدىلىكىنىڭ ئارىسىدىكى ئېرىق بىلەن ئۆمىلەپ ماڭدى، ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇچراشماقچى بولغانىدى.

«ئەجەب كېچىكىپ قالدىغۇ ئۇلار؟ ياكى مەن بالدۇر كېلىۋالدىممۇ ـ يا...»

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا غىلىپى تېقىمىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان يېڭىسار خەنجىرىنى سىلاپ قويغاچ لەشكەرگاھنىڭ سېپىلدىن قىلىشقۇسىز ئېگىز تاملىرىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى.

«ئارقا تامنىڭ ئۇ تەرىپى ئاختىخانا، سامانلىق، ياراغخانا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ سولغا بۇرۇلساق پىيادە لەشكەرلەرنىڭ تۇرالغۇسى. پىيادىلەر بىلەن ئاتلىق لەشكەرلەر تۇرالغۇسىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆرۈكلۈك باغ بار ئىدى، باغ ۋەيران بولۇپ كەتمىگەندۇ بەلكىم. باغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆلدىن ئايلىنىپ ئۆتسەك كۆكساراي، مىرزا ساتۇقخاننىڭ ئاشۇ سارايغا چۈشكۈن قىلغانلىقى مەلۇم. لەشكەرگاھتىكى ئەڭ ئېسىل تۇرالغۇمۇ شۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىق خوجا شەرىپ مىرزىمۇ شۇ سارايدا تۇراتتى. مىرزا ساتۇقخان ناۋادا كۆكسارايدا تۇرمىسا، چوقۇم تەسكەيدىكى ئەنجۈرلۈك كۆشك[1]تە، لېكىن ئەنجۈرلۈك كۆشك ياتىشلار[2]نىڭ تۇرالغۇسىغا بەكلا يېقىن... مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن ئاۋۋال لەشكەرگاھقا كىرەي، لەشكەرگاھنىڭ ئىچى ماڭا بەش قولدەك ئايان، لەشكەرگاھنىڭ ئىچىدىلا بولسا تاپماي قويمايمەن.. ئەستاغپۇرۇللا، بۈگۈن قېرىشقاندەك ئەجەب ئايدىڭ بولدى دېسە. ھاۋا ئېچىلمىغان بولسىدى...»

ھەئە، ئۆز ۋاقتىدا قەشقەر ئەمىرى مەرھۇم سەييىد ئەھمەد مىرزىنىڭ قول ئاستىدا ھەزارىبېگى[3] بولۇپ تۇرغان قاراقۇل ئەھمەد مىرزا لەشكەرگاھنىڭ ئۆي ـ دۆڭنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلەتتى، ئۇ ئاشۇ كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئېغىر ئۇھ تارتتى...

ئەسلى تاشمىلىقلىق دېھقاننىڭ پەرزەنتى بولغان بۇ يىگىت

① كۆشك ـــ داچا، قەسىر.

② ياتىشلار ـــ كېچىلىك چارلىغۇچىلار.

③ ھەزارىبېگى ـــ مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ سەركەردىسى.

قەشقەر ئەمىرىگە ئۆزى خالاپ لەشكەر بولغانىدى. كىچىكىدىن ئۇۋچىلىققا، جانبازلىققا ھەۋىسى بولغاچقىمۇ، لەشكىرىي ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. باشقا لەشكەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماھارىتى، قورقۇمسىزلىقى، پەم ـ پاراسىتى، زېرەكلىكى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئەمىر لەشكەر خوجا شەرىپ مىرزىنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىدى، بىرنەچچە يىل خوجا شەرىپ مىرزىغا خاس نۆكەر بولدى. كېيىنچە خوجا شەرىپ مىرزا ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۆستۈرۈپ ھەزارىبېگىلىك مەرتىۋىسى بەرگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ خوجا شەرىپ مىرزىنى بەكلا ھۆرمەتلەيتتى، ھەرقانداق بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇناتتى. خوجا شەرىپ ئەمىر سەييىدئەھمەد مىرزىنى كېكەچ، پاڭقاي دەپ ياراتماي، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ناباب ئەمىرنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ، ئوردىنىڭ نەزەرىگە ئىلىنالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەنگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغانىدى. كېيىن خوجا شەرىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، سەييىدئەھمەد مىرزىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. قاراقۇل ئەھمەد مىرزا بولسا خوجا شەرىپنى قوللاپ، بۇيرۇقىنى بىجانىدىللىق بىلەن ئورۇندىدى. ئۇ، خوجا شەرىپنىڭ ئوردىدىن يۇز ئۆرۈپ سەمەرقەنت تەختگاھىغا بېيئەت قىلىشىنى، ئۆزىنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قۇچىقىغا ئېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئازغىنە ۋاقىت ئۆتمەي سۇلتان مەلىك دوغلات سەمەرقەنتتىن كېلىپ قەشقەرگە ئەمىر بولدى. خوجا شەرىپ بولسا سەمەرقەنتكە ــ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئوردىسىغا كەتتى. قەشقەر موغۇلىستاننىڭ تەۋەلىكىدىن تولۇق چىقىپ كەتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئۆزىنىڭ خاتالىشىپ مۇناپىق خوجا شەرىپكە ھەمدەم بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەل ـ يۇرتنى ئۆزگە ئەلگە قارام قىلىپ بەرگەنلىكى ئۇچۇن ۋىجدان ئازابى تارتتى. سۇلتان مەلىك دوغلات خوجا شەرىپنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئۇنى قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىكىگە تەيىنلەپ مەنسىپىنى ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان نومۇس تۇيغۇ-

سىدىن قۇتۇلالمىدى. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، سەمەرقەنت
لەشكەرلىرى بىلەن قەشقەر لەشكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن
چوڭ ـ كىچىك سۈركىلىشلەر ئۇنى ئوبدانلا قورساق كۆپۈكى قى-
لىپ قويغانىدى. ھەئە، ھەرقانداق ئىشتا سەمەرقەنت لەشكەرلىرى
قەشقەر لەشكەرلىرىنى بوزەك قىلاتتى، كەمسىتەتتى، خىزمىتىگە
سالاتتى، كۆزىگە ئىلمايتتى، ھەتتا ئۇراتتى؛ سەركەردىلەرنىڭ مۇ-
ئامىلىسىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئەمىر سۇلتان مەلىك دوغلات بولسا
قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ ئەرز ـ دادىغا قۇلاق سالمايتتى. قاراقۇل
ئەھمەد مىرزا ئاخىرى بۇ تەڭسىزلىككە چىدىمىدى، بۇ خورلۇققا
سۈكۈت قىلىپ ياشاشقا غۇرۇرى يول قويمىغانىدى. بىرقانچە
ۋىجدانلىق سەركەردە ـ سەرۋاز[1]لار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خې-
لىلا ئەتراپلىق پىلانلاپ قوزغىغان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرى-
كىتى جاسارىتى سۇنغان، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغان
قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چى-
قىرالماسلىقى سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولدى. سۇلتان مەلىك دوغلات
ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بەش يۈز نەپەر قەشقەر لەشكىرىنىڭ كاللى-
سىنى ئالدى. بۇ ۋەھشىيانە جازادىن قاتتىق چۆچۈگەن قەشقەر لەش-
كەرلىرى سەمەرقەنت لەشكەرلىرىگە باش كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان،
تۈرلۈك خورلۇقلارغا ياۋاشلىق بىلەن سۈكۈت قىلىدىغان بولدى.
سەمەرقەنت سەركەردە ـ سەرۋازلىرى بەكلا بەتقىلىق ئىدى.
ئۇلار خوتۇن ـ بالىلىرىنى قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كەلمىگەنىدى.
شۇڭا كوچا ـ رەستىلەردە ياشراق ئاياللارنى ئۇچراتسا بۇلاپ لەش-
كەرگاھقا ئەكىرىپ ئاياغ ئاستى قىلاتتى. كېيىن قەشقەر خەلقى
قىز ـ ئاياللارنى كوچا ـ رەستىلەرگە چىقارمايدىغان بولدى، ھە
دېگەندە كوچا ـ رەستىلەردىن كۆڭۈل ئاچقۇدەك ئايال تاپالمىغان
سەركەردە ـ سەرۋازلار قۇترىغان جىنسىي ھەۋەسلىرىنى سەمەر-

① سەرۋاز ــ مىڭبېشىدىن تۆۋەن. سەپبېشى، يۈزبېشى، ئەللىكبېشى
مەنسىپىدىكى لەشكەر بېشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مىڭبېشىدىن يۇقىرىلىرى سەر-
كەردە دەپ ئاتىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

قەنتتىن بىللە ئېلىۋالغان چۆھرە[1]لىرى بىلەن قاندۇراتتى. ئۇلار بۇنداق خىزمەتكارلارنى كەمسىتىپ ھىز[2] دەپ ئاتايتتى. ھىز لەقەملىك بۇ چۆھرە يىگىتلەر جەڭگە يارىمايتتى، لەشكەرگاھتا كىر ـ قات يۇيۇش، چېدىر ـ ئوتاۋلارنى تازىلاش، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش، سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇش.. دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. سەمەرقەنت سەركەردىلىرى ئەللىكبېشىدىن يۇقىرى مەنسەپتىكى سەرۋازلارنىڭ قوربى يەتسە چۆھرە ئېلىپ يۈرۈشكە يول قويغانىدى. ئۇلار بۇنداق پاسىق ئىشلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن چۆھرە ئېلىپ كېلەلمىگەن سەرۋازلار قەشقەر لەشكەرلىرى ئارىسىدىكى ياۋاشىراق، يېشى كىچىكرەك لەشكەرلەرنى ئۆزىگە چۆھرە بولۇپ كۆڭلىنى ئېچىشقا زورلايدىغان بولدى. بۇ ئىش قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ قاتتىق غۇرۇرىغا تەگدى، ئۇلار بۇ تاپتىن چىققان خورلۇققا بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىلەن قەشقەر لەشكەرلىرى ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم قىرغىنچىلىق يۈز بەردى. قاتتىق غەزەپلەنگەن قەشقەر لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا سەرۋازلار جىقراق ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ قىرغىنچىلىقمۇ يەنىلا قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. سۇلتان مەلىك دوغلات ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن يەنە بەش يۈز نەپەر قەشقەر لەشكىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ جازالىدى. ئاچچىق ساۋاقنى يەكۈنلىگەن سۇلتان مەلىك دوغلات بارلىق قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنىلا ئەمەس، يېنىدىن تىغ چاغلىق نەرسە قالدۇرماي تولۇق يىغىۋېلىپ، تۇرالغۇسىنى ئايرىۋەتتى ۋە قاتتىق نەزەربەند ئاستىغا ئالدى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان قاراقۇل ئەھمەد مىرزا سۇلتان مەلىك دوغلات بىلەن خېلى قاتتىق زاكۇنلاشتى.

① چۆھرە ـــ ئوغۇل خىزمەتكار، بەچچە.
② ھىز ـــ ھەزىلەك، جىنسداش مەشۇق.

— شۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ ئىززەت كۆرسەتكىنىمىزگە شۇكۇر قىلىسىلا مىرزا، — دېدى سۇلتان مەلىك دوغلات قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى قاتتىق سىلكىپ، — سەرۋازلىرىم قەشقەرلىك بىرقانچە ھىز بىلەن كۆڭۈل ئاچسا نېمە بوپتۇ، ئۇلارنىڭ خاتۇنلىرى سەمەرقەنتتە قالغان، شۇنداق قىلماي ئامالى يوق، سەلتەنەتىمىزگە جېنىنى تىكىپ ساداقەت كۆرسىتىۋاتقان ئول سەرۋازلارنى ئاشۇنچىلىك جىما لەززىتىدىن مەھرۇم قىلساق بىزدىن دىلى رەنجىيدۇ، كۆڭلى سوۋۇيدۇ. بىزنى بىلمەيدۇ دېمىسىلە، لەشكەرگاھتىكى بىرقانچە قېتىملىق جەڭگى - جېدەلنىڭ باش سەۋەبكارى سىلى. ھېلىمۇ مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەريي جانابلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ يول قويۇپ كەلدۇك، غەزىپىمىزنى بېسىۋېلىپ كۆڭۈللىرىگە ئازار بەرمىدۇك. ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرىنى بىلىپ يۈرسىلە.

— سىلىمۇ بىلىپ قالسىلا ئەمىر جانابلىرى، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا سۇلتان مەلىك دوغلاتقا قەھرى بىلەن تىكىلىپ، — بىز ئەزەلدىن سەركەردە - سەرۋازلىرىمىزنىڭ لەشكەرگاھتا ھەرقانداق پاسىقلىق، بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا يول قويغان ئەمەسمىز، چۆھرە ساقلاشنى نومۇس دەپ بىلىمىز. بۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھلىق ئىشتۇر. جانابلىرىنىڭ ئول ئەتىۋارلىق سەرۋازلىرى ئىچ پۇشۇقى تارتىپ قالغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى چۆھرە ھىزلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچقاي!

سۇلتان مەلىك دوغلات قاراقۇل ئەھمەد مىرزىغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئۇنى ئەمىر مەھكىمىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

شۇ كېچىسى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا سەرۋاز - لەشكەرلىرىنى لەشكەرگاھتىن قېچىشقا تەشكىللىگەن بولسىمۇ، قاراۋۇللار تۇيۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن پەقەت ئاز ساندىكى لەشكەرلىرىلا قېچىپ كېتەلىگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۆكۈپ يۈرۈپ سۇلتان مەلىك دوغلاتقا قارشى يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ يۈردى، ئەمما سۇلتان مەلىك

دوغلاتقا قەست قىلىش مەقسىتىگە پەقەتلا يېتەلمىدى. قەشقەردە بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ قەشقەر خەلقى نامىدىن سەمەرقەنت ئوردىسىغا ئارقىمۇئارقا ئەرز يوللىدى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان مىرزا ئۇلۇغبەگ سۇلتان مەلىك دوغلاتنى سەمەر- قەنتكە قايتۇرۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پىرھاجى مۇھەممەد شا- يەستەنى ئەۋەتتى.

قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قارا- قۇل ئەھمەد مىرزىنى قەشقەر لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىكىگە قايتا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، قاراقۇل ئەھمەد مىرزا «مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىمەن» دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ بۇ تەك- لىپنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. ھەئە، ئۇ قەشقەرنى بېسىۋالغان سەمەرقەنتلىكلەرگە خىزمەت قىلىشنى نومۇس دەپ بىلگەنىدى. ئەمما تۇرپانغا بېرىپ سۇلتان ئۇۋەيسخاندىن لەشكەر ياردەم تەلەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۆز ۋاقتىدا خوجا شەرىپكە ھەمە- كارلاشقانلىقى ئۈچۈن سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ جازاغا تارتىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى.

— ھاۋ! ھاۋ! ھاۋ!...

بېدىلىكنىڭ ئۇ چېتىدىن ئىتنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئۈچ قې- تىم قاۋىغان ئاۋازى قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ خىياللىرىنى ئۈ- زۈپ قويدى. ئۇ شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلى- دى، خېلى نېرىدىن بىرقانچە كۆلەڭگىنى ئىلغا قىلدى ـ دە، ئىتنى دوراپ ئۈچ قېتىم قاۋىدى. ئۇ تونۇگۇن كوزىچى ياربېشى- دىكى قورۇدا ھەمراھلىرى بىلەن ئاشۇنداق بەلگە بېرىپ تېپى- شىشنى كېلىشىۋالغانىدى. ھايال ئۆتمەي ھېلىقى ئالتە نەپەر يى- گىت ئېرىق ـ قىرلارنىڭ دالدىسى بىلەن ئۆمىلەپ يېتىپ كەلدى. شۇ تاپتا بۇرجىكى قاراۋۇللار سېزىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى لالما ئىتلارمىكىن، دەپ قالاتتى.

— ھايال بولۇپ قالدىڭلارغۇ؟ — سورىدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا پىچىرلاپ.

ــ ئايدىڭدا پايلاقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويمايلى دەپ، بىر ئاز ھايال بولدۇق، ــ دېدى يىگىتلەردىن بىرى، ــ قىپ-ىرشقاندەك بۈگۈن ئەجەبمۇ ئايدىڭ بولدى ـ يا.

ــ قانداق قىلىمىز مىرزام؟ ــ دېدى يەنە بىر يىگىت ئاسمانىنى ئىشارە قىلىپ، ــ سېزىلىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

ــ ئىشىمىزنى باشلاۋېرەيلى، ــ دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا كەسكىنلىك بىلەن، ــ خۇدايىم بۇيرۇمىسا ئەتراپ ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، ھەتتا سۇلايمان قالپىقى[1] كىيىۋالساقمۇ سېزىلىپ قېلىۋېرىمىز. يۈرۈڭلار، تەۋەككۇل قىلايلى، ياراتقان ئىگەم ئاسانلىق بېرىپ ئۆز پاناھىدا ساقلار.

ئۇلار شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ، پەم بىلەن ئۆمىلەپ قورۇق تامنىڭ تۈۋىگە كەلدى، ئاندىن بىرىنىڭ مۈرىسىگە بىرى دەسسەپ تامنى بېغىرلىغىنىچە ئۆرە بولۇشقا باشلىدى. يەتتە ئادەمدىن شەكىللەنگەن «شوتا» تامغا ئاران بويلاشقانىدى، قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئەڭ ئۈستىدە ئىدى، ئۇ بىر ئىرغىپلا تامنىڭ ئۈستىگە چىقتى ھەم ئاستىدىكى ھەمراھىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. قالغان يىگىتلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، قاراقۇل ئەھمەد مىرزا بېلىگە يۆگىۋالغان قىل ئارغامچا بىلەن يېنىدىكى يىگىتنىڭ بېلىدىكى قىل ئارغامچىنى ئۇلاپ پەسكە ساڭگىلاتتى ـ دە، تۆۋەندىكى يىگىتلەرنى بىر ـ بىرلەپ تارتىپ چىقىرىشقا باشلىدى. تامنىڭ ئۈستى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئىككى ئادەم بىمالال ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتەلەيتتى. ھەر ئىككى يۈز قەدەم ئارىلىقتا بىردىن بۇرج جايلاشقانىدى. ئۇلار ئىككى بۇرجنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى، بۇرجدىكى قاراۋۇللارنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تولىمۇ چەبدەس ئىدى. بىردەمدىلا ھەممىسى تامنىڭ ئۈستىگە چىد-

[1] سۇلايمان قالپىقى ــ رىۋايەتلەردىكى كىيىۋالغان ئادەمنى غايىب قىلىۋېتىدىغان قالپاق.

قىپ بولدى ۋە ئاشۇ چەبدەسلىكى بىلەن بىردەمدىلا لەشكەرگاھ-
نىڭ ئىچىگە ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشتى. ئەڭ كەينىدە
قالغان يىگىتنى «ئادەم شوتا» ئارقىلىق چۈشۈرۈۋالدى.

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا لەشكەرگاھ ئىچىنىڭ ئانچە بەك ئۆز-
گىرىپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. خېلى يىراقتىن ئاجىز تا-
قىلداق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ لەشكەرگاھتىكى جېسەكچىلەرنىڭ
بىر ـ بىرىگە تىنچ ـ ئامانلىقنى بىلدۈرۈپ بەرگەن بەلگىسى ئى-
دى. قاراقۇل ئەھمەد مىرزا تاقىلداق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، جې-
سەكچىلەرنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئاشۇ
جېسەكچىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتكۈل لەشكەرگاھ ئېغىر ئۇي-
قۇغا كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن شەپە چىقارماي
مېڭىپ ئاختىخانا، سامانلىق، ياراغخانىدىن ئۆتۈپ پىيادە لەشكەر-
لەر تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىدىن ئۆرۈكلۈك باغقا كېلىۋالدى. باغنىڭ
ئىچى ھەر ھالدا قاراڭغۇ ئىدى، ئەمدى قاراۋۇللاردىن ئانچە ئېھ-
تىيات قىلىپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. ئۇلار باغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى
كۆلنى نىشانغا ئېلىپ يۈگۈردى. كۆلگە لىق سۇ سېلىنغان بو-
لۇپ، ئايدىڭدا كۆل بېتى ئەينەكتەك پارقىرايتتى. ھەشەمەتلىك
سېلىنغان كۆكساراي كۆلنىڭ قارشى قىرغىقىدا كۆزگە ئالاھىدە
تاشلىنىپ تۇراتتى. كۆل بىلەن كۆكسارايىنىڭ ئارىلىقى خېلى
كەڭرى ئوچۇقچىلىق ئىدى، كۆكسارايغا كىرىش ئۈچۈن ئاشۇ ئو-
چۇقچىلىقتىن ئۆتمەي بولمايتتى، لەشكەرگاھنىڭ باشقا تەرىپىگە
قارىغاندا بۇ يەردە قاراۋۇللار كۆپرەك ئىدى. شۇ ئەسنادا ئىككى
قاراۋۇل كۆكسارايىنىڭ ئالدىدىن ئاستا ئۆتۈپ كەتتى.

— ماڭامدۇق مىرزام؟ — دېدى يىگىتلەر ئالدىراپ.

— يەنە بىردەم ساقلايلى، — دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا
پىچىرلاپ.

شۇ تاپتا ئۇ قاراۋۇللارنىڭ كۆكسارايىنىڭ ئەتراپىنى قانچە-
لىك ۋاقىتتا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەۋا-
تاتتى. ئالاھازەل بىر چىنە سۈيۇقئاش ئىچكىچىلىك ۋاقىتتا قارا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋۇللار ئوچۇقچىلىقتا يەنە پەيدا بولدى.
ــ يۈرۈڭلار، ــ دېدى مىرزا پىچىرلاپ، ــ ئاۋۋال كۆلنى ئايلىنىپ ئاۋۇ ئوچۇقچىلىققا يېقىنلىشايلى.
ئۇلار قاراۋۇللارغا تۇيدۇرماي مېڭىپ كۆلنىڭ ليۆندىكى بىر نەچچە تۇپ چىنارنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇندى.
ــ ئىلدام بولۇڭلار، ــ دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا قاراۋۇللار سارايىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىشى ھامان، ــ ئابدۇساتتار بىلەن ياقۇپخان ئىككىڭلار سارايىنىڭ ئاۋۇ قاڭشىرىدا تەييار بولۇپ تۇرۇڭلار، ناۋادا سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بولغىچە قاراۋۇللار كېلىپ قالسا، زۇۋانىنى چىقارماي جايلىۋېتىڭلار.
ئۇلار يۈگۈرگەن پېتى سارايىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلدى. قوش قاناتلىق، نەقىشلىك ئىشىك ئىچىدىن تاقالغانىدى. ئىشىكنىڭ ئىچىدىن لوكا بىلەن تاقىلىدىغانلىقىنى مىرزا ئوبدان بىلەتتى، ئۇ ئويلىنىپ تۇرمايلا يېنىدىكى خەنجىرىنى ئېلىپ ئىشىكنىڭ قوش قانىتىنىڭ يېرىقىغا تىقتى ـ دە، لوكىنى ئاستا ـ ئاستا سۈرۈشكە باشلىدى. جىددىيلىشىپ كەتكەن يىگىتلەر بىردە ئەتراپىغا، بىردە مىرزىغا قارايتتى. ناھايەت ئىشىك ئاخىر ئېچىلدى. ئۇلار چاققانلىق بىلەن سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىشىكنى يەم بىلەن يەنە تاقاپ قويدى. خىزمەتكار ـ مەھرەملەر قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن بولۇپ، قايسىبىر ھۇجرىدىن خورەك ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇلار دەھلىزدىن ئۆتۈپ گىلەم سېلىنغان چوڭ مېھمانخانىغا كىردى، ئايدىڭدا سارايىنىڭ ئىچى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. مېھمانخانىنىڭ سول يان تەرىپىدە يەنە بىر دەھلىز بار ئىدى، قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئاشۇ دەھلىزنىڭ بېشىدا خاس ھۇجرا بارلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئۇلار ئىككىنچى دەھلىزدىن ئۆتۈپ، ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان مەھرەم يىگىتكە دۈچ كەلدى. ئاللىقانداق بىر شەپىدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلگەن مەھرەم يىگىت بىر ـ بىرىدىن بەستلىك كەلگەن كۆلەڭگىلەرنى كۆرۈپ سۈر باسقىنىچە تۇرۇپ قالدى، قورقۇنچتىن تىلى كالۋالاشقانىدى.

مىرزا بىلەن ياندىشىپ كېلىۋاتقان كۆك كۆزلۈك يىگىت چاقماق تېزلىكىدە بېرىپ مەھرەم يىگىتنىڭ ئاغزىنى يوغان ئالىقانلىرى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋالدى ـ دە، قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— ساتۇقخان ھۇجرىسىدىمۇ؟

مەھرەم يىگىت «ھەئە» دېگەننى قىلىپ بېشىنى تەستە لىڭشىتتى. كۆك كۆزلۈك يىگىت بىر كوچەپلا مەھرەم يىگىتنىڭ يولىنى ئۈزۈۋەتتى. قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھۇجرىغا پەم بىلەن كىردى. ھۇجرىنى شامدانىدىكى كۆيۈپ تۈگەي دەپ قالغان بىر تال شام غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ھۇجرىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى نەقىشلىك كات سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى قات ـ قات سېلىنغان تۆشەكتە مىرزا ساتۇقخان ئۇخلىغان يوتقىنىچە خورەكنى دۆك تارتىۋاتاتتى. ئۇلار ساتۇقخانغا يولۋاستەك تاشلاندى. تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ساتۇقخان قىمىر قىلالمىدى. لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى ۋەھىمىدىن چەكچەيدى، يىگىتلەردىن بىرى ئۇنىڭ گېلىنى مەھكەم بوغۇۋالغانىدى.

— سى... سىلەر... كىم... بو... لىسىلەر؟ — دېدى گېلى قاتتىق سىقىلغان ساتۇقخان خىرقىراپ تۇرۇپ.

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى.

— بىز جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ ساداقەتمەن نۆكەرلىرى بولىمىز. دەرھال شاھادەت ئېيت، ئەجەللىڭ توشتى!

— سۇلتان... ئا... ئالىيلىرنى... مەن... ئۆلتۈرمىگەن، — دېدى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە جان تالىشىۋاتقان ساتۇقخان— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن باھادىرلار، مەن گۇناھسىز. سىلەر راستتىنلا سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ نۆكەرلىرىمۇ؟

— شۇنداق، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ كۆرۈۋال. قاراقۇل ئەھمەد مىرزا دەپ ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟

— شۇنداق... شۇنداق...

— مانا مەن ئاشۇ قاراقۇل ئەھمەد مىرزا بولىمەن.

قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى كۆرۈپ ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەن ساتۇقخاننىڭ ئۈمىد شامى ئاجىز پىلىلدىدى. ھەئە، ئۇ سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىش ئالدىدا خوجا شەرىپ مىرزا ئۇنىڭغا قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن. قەشقەر خەلقىنىڭ سەمەرقەنت ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى تىنچىتىش ئۈچۈن قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى تېپىپ ھەمكارلىشىشنى، يۇقىرى مەرتىۋە بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشنى ئالاھىدە تاپىلىغان، ھەتتا ئۆز قولى بىلەن مىرزىغا قارىتىپ مەكتۇپ يېزىپ بەرگەنىدى. ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەدىن قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى سۈرۈشتۈرگەن، كېيىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىپ ئىختىلاپ كۆرۈلدى. قەشقەردە ئىلگىرىكىدەك ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكەتلەر يۈز بەرمىدى. شۇ سەۋەبلىك ساتۇقخان قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى ئىزدەشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ــ خوجا... شەرىپ... مىرزا... جانابىي... سەركەردىگە...

ــ زۇۋانىڭنى يىغ مەلئۇن. ئول مۇناپىق توڭگۇزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالما! ــ دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا قىساس ئوتى يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ، ــ سەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق. شول تاپتا سەندىن مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ خۇن قىساسىنى ئالساملا بولدى!

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا گېپىنى تۈگىتىپ ساتۇقخاننىڭ سول كۆكسىگە گاچچىدە خەنجەر ئۇردى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ساتۇقخان قاتتىق نالە قىلدى. مىرزا رەقىبىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى ـ دە، ئۇنىڭ بوينىغا قارىتىپ ئىككىنچى خەنجەرنى ئۇردى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن قاتتىق تاقىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قاراۋۇللار ساتۇقخاننىڭ داد ـ پەريادىنى ئاڭلاپ قالغانىدى.

ــ ماڭايلى، ــ دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغان خەنجەر بىلەن ساتۇقخاننىڭ بېشىنى تېنىدىن ئۈزۈپ

تاشلىغاندىن كېيىن.
ئۇلار ھۇجرىدىن چىقىپ چوڭ مېھمانخانىدا ساتۇقخاننىڭ
خاس نۆكەرلىرىگە دۇچ كەلدى، نۆكەرلەر خېلىلا كۆپ ئىدى. قارا ـ
قۇل ئەھمەد مىرزا ھەمراھلىرى بىلەن نۆكەرلەرگە تاشلاندى.
ئۇلارنىڭ قولىدا خەنجەر، نۆكەرلەرنىڭ قولىدا قىلىچ بار ئىدى.
خەنجەر بىلەن قىلىچقا تاقابىل تۇرماق خېلىلا تەس ئىدى.
شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىرقانچە نۆكەرنى يەر
چىشلىتىپ، سارايدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىككە يې ـ
قىنلاشتى. نۆكەرلەر جانبازلىق ماھارىتى ئالاھىدە يۇقىرى بۇ يەت ـ
تە ئەزىمەتتىن خېلىلا ئېھتىيات قىلىپ قالغان بولۇپ، ھە دېگەن ـ
دە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە دۇمبى ـ
سىنى قىلىپ، نۆكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرگەچ چې ـ
كىنىپ، ئەمدىلا سارايىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىدىن چىقىشىغا
نەچچە يۈزلىگەن لەشكەرلەرگە دۇچ كەلدى. شۇ ئەسنادا لەشكەر ـ
گاھتا ناغرا چېلىنىپ، لەشكەرلەرگە ياۋدىن خەۋەر بېرىلدى.
قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ھەمراھلىرى بىلەن قاتمۇقات قورشاۋدا
قالغانىدى.
ـــ يا ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردان پىرىمدىن مەدەت!
قاراقۇل ئەھمەد مىرزا نەرە تارتقىنىچە نۆكەرلەرگە ئېتىل ـ
دى، باشقا يىگىتلەرمۇ دەمبەسقەدەم ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار ھايا ـ
تىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى، شۇ دەقىقىدە ئۆلۈپ كېتىپ بولغىچە
ياۋ لەشكىرىدىن بىرنى بولسىمۇ كۆپرەك يەر چىشلىتىشنى كۆڭ ـ
لىگە پۈككەنىدى. يىگىتلەر نۆكەرلەرنىڭ قىلىچىدا ئارقا ـ ئار ـ
قىدىن يەر چىشلىدى. نۆكەرلەرنى يېنىغا يېقىن يولاتماي جانپىدا ـ
لىق بىلەن ئېلىشىۋاتقان مىرزا ھېرىپ ئاستا ـ ئاستا ھالسىزلى ـ
نىشقا باشلىدى. ئۇ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەن نۆكەرگە خەنجەر ئۇ ـ
رۇپ تۇرۇشىغا، ئارقىسىدىن ئېتىلىپ كەلگەن ئون نەچچە نۆكەر
بىر يوپۇرۇلۇپلا ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالدى. ئەمدى مىرزىنىڭ قار ـ
شىلاشقۇدەك ماجالى قالمىغانىدى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە نۆ ـ

www.uyghurkitap.com

كەرلەر ئۇنى چەمبەرچاس باغلىۋالدى.

ــ نوچى بولساڭ مېنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋەت، نائەھلىلەر!
قاراقۇل ئەھمەد مىرزا جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرايتتى.

ــ سولاپ قويۇپ قاتتىق ساقلاڭلار، ــ دېدى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن ساتۇقخاننىڭ ئورۇنباسار سەركەردىسى.

※ ※ ※

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى ئەمىر پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە سوراق قىلدى. تاياق زەربىسىدىن مىرزىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەنىدى.

ــ مەن مەرھۇم جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ خۇن قىساسىنى ئالدىم، ــ دېدى قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئەمىرگە نەشتەردەك تىكىلىپ، ــ بۇ مېنىڭ مۇناپىق خوجا شەرىپكە كۆمەكلىشىپ، ئەل ـ يۇرتۇمغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھىمنى ئاز ـ تولا يۇغىنىم بولۇپ قالسا شۇنىڭغا رازىمەن، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق. مېنى ئاتاملا، چاپاملا، ئاساملا ئىختىيارلىرى. ئەڭ ياخشىسى ئەمدى مەندىن گەپ سوراپ ئاۋارە بولمىسىلا!

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە شۇ تاپتا تولىمۇ زىددىيەتلىك تۇيغۇغا ئەسىر بولغانىدى. ئۇنىڭ ساتۇقخاندىن ئىبارەت ھە دېگەندە ئۆزى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ئۇستۇنلۇك تالىشىپ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغان كۈشەندىسىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن سەمەرقەنت ئوردىسىغا، مىرزا ئۇلۇغبەگكە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ كەتكەنىدى. ساتۇقخاننىڭ ئۆلۈمى ئۇنى قاتتىق چۆچۇتكەنىدى.

ھەئە، ساتۇقخان بىلەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بىر ـ بىرىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىشىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەرز يېزىشقانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ساتۇقخاننىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپسا چوقۇم پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەدىن گۇمانلىناتتى. گۇ ـ

مانلانمىغان تەقدىردىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ـ بىرىڭلارغا يول قويۇپ، قەشقەرنى باشقۇرغان بولساڭلار ئوتتۇراڭلاردىكى زىددى- يەتتىن دۈشمەن پايدىلىنىپ كەتمەيتتى، دەپ ئەيىبلىشى، ھەتتا ئەمىرلىك مەنسىپىنى ئېلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ھازىر ساتۇقخاننىڭ ئۆلۈمىدىن خۇشال بولالمايۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە چوڭ بىر باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەنلىكىنى پە- رەز قىلدى.

— ھەج تاۋاپ قىلغىلى بارىمەن دېگەن ئىدىڭغۇ مىرزا؟ — دېدى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە تاتارغان ھالدا، — يوللىرىغا مېڭىۋەرمەي، چوڭ بىر بالانى تېرىدىڭلا مانا. ساتۇقخان بۇنداق قى- لىشلىرىغا ئەرزىمەيتتى. مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى- نىمۇ ئول توخۇ يۈرەك ئۆلتۈرمىگەن ئىكەن. بۇنى مەن يېقىندىلا بىلدىم.

— مەيلى ئۇ خان ئالىيلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرسۇن ياكى ئۆلتۈرمىسۇن، بەرىبىر بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبكارى ئاشۇ سا- تۇقخاندۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىن بۇ قىساسنى ئېلىشىم تامامەن ھەق- لىقتۇر. ئۇنىڭدىن ئالغان بۇ قىساسىم ھەج تاۋاپ قىلغىنىمنىڭ ساۋابىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. ئەل ـ يۇرتنى باسقۇنچىلارنىڭ تەئەررۇزىغا تاشلاپ بېرىپ قىلغان ھەج تاۋاپنىڭ جايىز بولمايدى- غانلىقىنى بەلكىم ئەمىر جانابلىرى بىلمىسە كېرەك. شۇنى بىلىپ قالسىلاكى، پەقەت ھۆر ئادەمگىلا ھەج تاۋاپ پەرھىز. سىلىمۇ ئاۋۇ باشلىرىغا ئاگاھ بولسىلا، قەشقەردە ماڭا ئوخشاش ئانىسى ئوتتۇز ئالتە ئاي تولۇق ئېمىتىپ، ئۇجۇكىگە شۇمەك سېلىپ باققان ئو- غۇلبالىلا كۆرمىڭ. بۇ سۆزۈمنى مىرزا ئۇلۇغبەگكىمۇ يەتكۈزۈپ قويغايلا!

قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ ئاخىرقى گېپى بىلەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ كاللىسىغا پاللىدە بىر ئەقىل كەلدى.

«توغرا، ئۇنى سەمەرقەنتكە، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتەي. ئۇ بۇ گېپىنى خان ئالىيلىرىغا ئۆز ئاغزى بىلە-

لەن دېسۇن. شۇندىلا ئالىيلىرى مېنى ساتۇقخان بىلەن ئەپ ئۆت-مىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ قازا يۈز بەردى، دەپ ئەيىبلىمەيدۇ. ساتۇق-خاننىڭ ئۆلۈمىنى مەندىن كۆرۈپ بەتگۈماندا بولغانلارنىڭ زۇۋانى-مۇ بېسىقىدۇ. ئۇنداق قىلمىسام سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى ئەغيار-لىرىم ھەر باب بىلەن مېنى قەستلەيدۇ، بولۇپمۇ ساتۇقخاننىڭ ئا-غىسى. قاراقۇل ئەھمەد مىرزا راست دەيدۇ، ساتۇقخاننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەت ئەتە ـ ئۆگۈن مېنىڭ بېشىمغىمۇ كېلىشى مۇمكىن. توۋا، بۇ قەشقەرلىكلەر نېمانچە قىساسخور خەقتۇ؟ قەش-قەر تۇرپان تەختگاھىغا تەۋە بولدى نېمە بولدى، سەمەرقەنت تەختگاھىغا تەۋە بولدى نېمە بولدى، تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ھەر ئىككى تەسەررۇپنىڭ پادىشاھلىرىدىن ئاۋام ـ رەئىيەتلىرى-گىچە بىر قوۋم ـ قېرىنداشلارغۇ، يات كىشىلەر ئەمەسقۇ؟ ئۇلار-نىڭ تىلى، دىنى بىرغۇ؟ سەمەرقەنتتىمۇ نۇرغۇن قەشقەرلىكلەر بارغۇ؟ تېگى ـ تەكتىنى ئاختۇرۇپ كەلسە، ھەممىسىنىڭ يىلتىزى بىر. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىمۇ قەشقەرگە نېمانچە يېپىشىۋا-لىدىكىن ـ تاڭ. تەسەررۇپىدا قەشقەردەك كاتتا شەھەر، ۋىلايەتلەر ئازدەك. ئەڭ ياخشىسى، مەنمۇ بۇ ھۇدۇدلۇقتىن بىر ئامال قىلىپ يەم بىلەن كېتىۋالاي. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى ئورنۇمغا كىم-نى ئەمىر قىلىپ ئەۋەتسە ئەۋەتسۇن. ئوردىدىن مەنسەپ بەرسە بې-رەر، بەرمىسە مەيلى، شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ قەشقەر-لىكلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلالمىدىم. «سۇغا سالسا سۇ كۆتۈر-مەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆ-ڭۈلنى» دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ...»

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ قاراقۇل ئەھمەد مىرزىغا قارىدى:

— ئەڭ ياخشىسى بۇ گەپلەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىغا ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن يەتكۈزگەيلا مىرزا.

قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئەمىرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى دە-ماللىققا چۈشىنەلمەي تېڭىرقىدى.

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە شۇ كۈنىلا قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى يۈز نەپەر خىللانغان نۆكەرگە تاپشۇرۇپ، تېزدىن سەمەرقەنتكە يالاپ ئاپىرىشقا پەرمان بەردى.

قەشقەر خەلقى بۇ باھادىر ئەزىمەتنى يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئاللاھتىن ئامانلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىپ ئۇزىتىپ قويدى.



تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن «بەلدەئى مەھفۇز»[1] دەپ تەرىپلەنگەن سەمەرقەنت شەھىرى ياز پەسلى باشلىنىشى بىلەن تەڭلا تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ، توزدەك ياسانغانىدى. شەھەرنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى باغى مەيدان، باغى دىلگۇشا، نەقشى جاھان، باغى چىنار، باغى شىمال، باغى بېھىش.. قاتارلىق مەشھۇر باغلاردىن تارقالغان تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈل ـ گىياھ، يەل ـ يېمىشلەرنىڭ خۇش ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، گويا پۈتكۈل شەھەرگە ئىپار ـ ئەنبەر چاچقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شەھەرنىڭ شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كۆھەك، ئابىرەھمەت، دەرغەم دەريالىرى شەھەر ئەتراپىدىكى كۆھەك ئېدىرلىقى، قولبە[2]، كانگىل[3]، خان يۇرتى، بۆدۈنە قورۇقى، كۆلى مەغەك.. قاتارلىق ئوتلاق ـ سەيلىگاھلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇ جايلارنى تۈرلۈك دالا گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن ياپيېشىل چىمەنگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە بارچە سەمەرقەنتلىكلەر ئىككى ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت مۇشۇ گۈزەل

① بەلدەئى مەھفۇز ــ بەختەر شەھەر.
② قولبە ــ «قولۇڭنى بەر» دېگەن مەنىدە.
③ كانگىل ــ كانى ئابگىل.

www.uyghurkitap.com

ئوتلاقلاردا ھاۋالىناتتى. ھەئە، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ئىچى ـ تېشى باغ، ئۆپچۆرىسى گۈزەل يايلاق ـ سەيلىگاھ ئىدى. ئوردىنىڭ مەركىزىگە سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك كۆكساراي، ئالـ ـھەنىن دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى ئازنا مەسچىتى، فىرۇزە دەرۋازىـ ـسىدىن ئۇدۇللا ئېلىنغان تېرەكلىك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى باغۇ دىلگۇشاغا سېلىنغان ھەشەمەتلىك كۆشك، ئەمىر تۆمۈر مەقبەـ ـرىسى جايلاشقان تاشقورغان قەبرىستانلىقى، تىللارەڭ گۇمبىزى كۆككە تاقاشقان مىرزا خانىقاسى، ئۇنىڭ يېنىدىكى كاتتا ئىلىم يۇرتى بولغان مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسەسى، تاپسىلىرى ھەرخىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن مىرزا ھاممامى، مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىـ ـسەسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان مەسچىتى مۇقەتتەئى، كۆـ ـھەك ئېدىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان باغى مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىـ ـدىكى قىرىق تۈۋرۈكلۈك، ئىككى قەۋەتلىك، تۆت مۇنارلىق قەلئە ۋە شەرق تەرەپتىكى چىنەخانا كۆشىكى، گۆرى ئەمىر مۇنارى، گۇمبىزىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا تەپسە «لەق ـ لەق» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان تولىمۇ سىرلىق مەسچىتى لەق ـ لەق... قاتارـ ـلىق ھەشەمەتلىك، كاتتا ئىمارەتلەر سەمەرقەنت شەھىرىنى تېخىـ ـمۇ كاتتا، تېخىمۇ سەلتەنەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى.

پېشىن ۋاقتى بىلەن كۆھەك ئېدىرلىقىدىن قايتىپ كەلگەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئادەتتە تەبەسسۇم كەتمەيدىغان يېقىشلىق چىرايى شۇ تاپتا غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا سوڭـ ـدىشىپ دېگۈدەك كۆكسارايغا كىرگەن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىدـ ـدىن، شەھەر ھاكىمى مىرانشاھ دورغا، لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىـ ـرى ئەمىر سۇلتان جاندار تارخان، مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەـ ـرىي... قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردا ئەركانلىرىمۇ خانغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي گۆشىيىپ تۇرۇشاتتى. چىرايلىرى ئېغىز ئېچىشى ھامانلا ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغاندەك تەشـ ـۋىشلىك ئىدى. ھودۇققان كۆزلەر ئوي ـ خىيالنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، خاننىڭ چىرايىنى يوشۇرۇنچە كۆزىتەتتى، قاتتىقراق

نەپەس ئېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىشاتتى. شۇ چاغقىچە مىرزا ئۇ-لۇغبەگنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق غەزەپكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باق-مىغان بۇ ئەمىرلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

ھەئە، بۇگۈن ئەتىگەنلىك قوبۇلدا شاھىنشىنىغا يىغىلغان بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر ئەمدىلا سالام ـ سەھەتنى بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇشىغا، رەسەتخانا قورۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىنغان مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى، داڭلىق مىمار مەۋلا-نە جالالىددىن باغدادى بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ قول باغلىغىنىچە بىرىنچى بولۇپ مەلۇمات يوللىدى:

— قۇدرەتلىك ئالەمپاناھ ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، رە-سەتخانىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇشقا ئامالسىزمىز...

ئالتۇن قۇببىلىرىگە دۇر ـ گۆھەردىن كۆز قويۇلغان ھەشە-مەتلىك تەختتە ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئى-لىك ئېلىپ ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگ غۇژژىدە قاپىقىنى تۈر-دى.

— نېمە دېدىلە مەۋلانە؟ نېمە ۋەجدىن رەسەتخانىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇشقا ئامالسىز قالغۇدەكلا؟

— ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن يانغان پىرى بۇزرۇك ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى مىڭلىغان مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ رەسەتخانىنىڭ ئۇلىنى ئىگىلىۋالدى، شول تاپتا دىلكا ئۇستىلار ئىش باشلاشقا ئامالسىزدۇر ھەزرىتىم.

ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ مىرزا ئۇلۇغبەگ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. لېكىن بايامقى غۇژژىدە كەلگەن غەزىپىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئول ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ مۇددىئاسى نېمىكەن مەۋلانە؟

— خانىقا سالدۇرماقچىكەن.

— رەسەتخانىنىڭ ئورنىغىمۇ؟

— شۇنداق ئانھەزرىتىم.

— ئول ئىشان ھەزرەتكە شۇنچە كەڭرى كۆھەك تۆپىلىكىدىن

uyghurkitap.com

خانىقا سالغۇدەك باشقا جاي تېپىلماپتىمۇ؟

مەۋلانە جالالىددىن باغدادى بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ پەيلى بەكمۇ يامان قىلىنغاچقا، ھېچكىمنى ئېغىز ئاچۇرمايۋاتىدۇ، يەنە تېخى جانابىي قىبلىگاھىمنى...

مەۋلانە جالالىددىن باغدادى گېپىنىڭ ئايغىنى يۇتۇۋەتتى.

ــ ھە، نېمە دېدى ؟ــ مىرزا ئۇلۇغبەگ مەۋلانىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

مەۋلانە جالالىددىن باغدادى لېۋىنى چىشلىگىنىچە زۇۋان سۈرمىدى. ئەمما مىرزا ئۇلۇغبەگ پۈتكۈل سەمەرقەنتتىكى تەرىقەت سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى بولغان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ ئۆزى ھەققىدە نېمىدەپ بىلجىرلىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى. شۇنداق، ئىشان بىلەن سۇلتان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ سۈركىلىش بۈگۈنلا پەيدا بولغان ئەمەس ئىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى قولىغا ئېلىپ تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى، بولۇپمۇ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن كۆرە ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆپرەك بېرىلىپ، شەھەر ـ شەھەرلەردىن كەلگەن ئىلىم پېشۋالىرىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسەسىگە توپلاپ، ئاشۇ ئالىم ـ ئۆلىمالار، تالىپى ئىلىملەر بىلەن كۆپرەك ھەمسۆھبەت بولغان، دىققەت ـ ئېتىبارىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىلمىي نۇجۇم، فەلەكىييات ئىلمىگە قاراتقاندىن بېرى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن ۋە خان بىلەن خېلى كەسكىن مۇنازىرە قىلىشقانىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگنى قايىل قىلالمىغان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئوردىدىن يامانلاپ چىقىپ كېتىپ، خانىنى دەھرىيلىكتە ئەيىبلەپ پىتنە ـ پاسات تارقاتقانىدى. شۇ تاپتا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشانىنىڭ خانىقا سېلىش باھانىسى بىلەن ئاددىي خەلقنى

قوتۇرۇپ، رەسەتخانا قورۇلۇشىنى توسۇماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.

— كۆھەك تۆپىلىكىگە بارايلى، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — بەگلەر ھەمراھ بولۇپ بىللە بارسۇن. ئىچكىيلەر[①] قېپقېلىپ ئۆز خىزمىتىگە مەشغۇل بولسۇن.

※ ※ ※

رەسەتخانا قورۇلۇشى ئۈچۈن پىلانلانغان كۆھەك يايلىقىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى تۆپىلىك ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش تۆپىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەرىپىگە تىكىلگەن سايىۋەنىنىڭ ئاستىدىكى قات ـ قات سېلىنغان كۆرپىنىڭ ئۈستىدە پەر ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ مەيدىسىگىچە چۈشكەن قاپقارا ساقاللىرى بىلەن بېشىغا ئورىۋالغان يوغان ئاق سەللىسى، ئۈچىسىدىكى خوتەن شايىسىدا تىكىلگەن ئاپئاق يەكتىكى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى. رەسەتخانا ئۇلىنىڭ ئىشانىنىڭ مىڭلىغان مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن بىردەمدىلا پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

ئۆتكەن يىلى كۈزدە رەسمىي ئىش باشلانغان رەسەتخانا قورۇلۇشى ئورنىغا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى. قەلئە شەكلىدە ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ سېلىش لايىھەلەنگەن رەسەتخانىنىڭ ئۇلى پۈتەي دەپ قالغانىدى. رەسەتخانىنىڭ ئۇل قىسمى ھېسابىدا يەر ئاستىغا سېلىنغان بىر قەۋەت ئۆيلەر ئۇرگۈت تاغلىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن تاشلارنى تاشچى ئۇستىلارنىڭ تاراشلىشى بىلەن چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈپ، بىرتال ـ بىر تالدىن جىپسىلاپ قوپۇرۇپ چىقىلغان بولۇپ، يەنە

① ئىچكىيلەر — مەرتىۋىسى بەگلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئوردا ئەمەلدارلىرى.

www.uyghurkitap.com

بىرەر ئايدا ئۇستى يېپىلىپ، رەسەتخانىنىڭ تاشقى گەۋدىسى — ئۇستۇنكى ئۈچ قەۋەت قىسمىغا ئىش باشلىغىلى بولاتتى. رەسەتخانىنىڭ پۈختا بولۇشىنى، دۇنيادا يېگانە دېگۈدەك بولىشىنى نازارەت قىلغان بۇ كاتتا ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قېلىشىنى، ئۆزىدىن كېيىنكى نەچچە ئەۋلاد ئىلىم ـ ئەھلىلىرىنىڭمۇ بىمالال پايدىلىنىشىنى كۆزلىگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ مىمارلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، رەسەتخانا ئۇلىنى ئەنە ئاشۇنداق پۈختا قوپۇرۇپ چىقىشنى قاتتىق تاپىلىغانىدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، نەچچە ئونلىغان مىمار ـ بىناكارلار يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ لايىھىلىگەن، يۇزلىگەن داڭلىق دىلكا، تاشچىلارنىڭ باشچىلىقىدا ھەر بىر پارچە تاش، ھەر بىر چاڭگال لېيى تۇجۇپىلەپ قويۇلغان، نەچچە يۈزلىگەن ئىمكار ئىشلەمچىلەرنىڭ قان ـ تەرى سىڭىپ پۈتەي دەپ قالغان رەسەتخانىنىڭ ئۇلى، يەر ئاستى ئۆيلىرى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ بىر ئېغىز پەرمانى بىلەن مىڭلىغان نادان مۇرىت ـ مۇخلىسلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى.

ھېچكىمنى نەزەرىگە ئىلماي، قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن ئولتۇرغان ئىشان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نەشتەردەك تىكىلىشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇرگۈت تاغلىرىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال شايى يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى، ھەر بىر تېلى خۇددى بويىغانىدەك پارقىراق، كۆكرىكىگە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا ساقاللىرىنى يەلپۈپ، ئىشانىنى خۇددى ھازىرلا قانات قېقىپ ئۇچىدىغانىدەك ئۇلۇغۋار قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. تۈۋەندە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان مىڭلىغان مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا شۇنداقلا نەزەر تاشلىغان ئىشانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەشۋىشلەر بىردىنلا غايىب بولدى ـ دە، يەنە تەكەببۇر قىياپىتىگە قايتتى. قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىنى سىيرىغىنىچە مۇرىتلىرىنى ئەيمەندۈرۈپ قاراشقا ئادەتلەنگەن ئۆتكۈردەك قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە

دادىل تىكتى. شۇ تاپتا پۈتكۈل سەمەرقەنت خەلقى «پىر ـ بۇز-رۇك»، «ئەۋلىيا ئەزەم»، «سۇلتانۇل مۇھەققىيىن» دەپ ئايىغىغا باش قويىدىغان، پېشىدە نامـاز ئوقۇيدىغان، تا ھازىرغىچە كۆزى چۈشكەنلىكى نەرسىگە ئېرىشىپ كەلگەن ئىشاننىڭ رەسەتخانا ئورنىغا خانىقا سالدۇرۇش ئىشەنچى بەكمۇ چوڭ ئىدى.

«ياخۇدا، نېمانچە تەكەببۇرلۇق بۇ. شۇ تاپتا ماۋەرائۇننەھرنىڭ سۇلتانى ئۇمۇ ياكى مەن مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ؟ ئازراق بولسىمۇ تەپ تارتاي دېمەيدۇ ـ يا؟ بوپتۇ، يەنىلا ئۆزۈمگە ھاي بېرەي.. ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۇرۇپ ئاتتىن چۈشۈپتىمەن تېخى. ئۇنىڭ بىلەن ئات ئۈستىدىلا سۆزلىشىدىغان ئىشكەندۇق، خەير...»

قاتتىق غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇۋالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشانغا سالام قىلماي تەئەددى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

ــ خوش ھەزرىتىم، ئۇشبۇ ۋەيرانچىلىقنىڭ ۋەجى نېمە-كىن؟

ــ ئىننەللاھۇ مۇئەسسابىرىن[1]، ــ دېدى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش سۆزلىرىگە سىرلىق تۈس بېرىشكە تىرى-شىپ، ــ سەۋر قىلىپ ئىككى كەلىمە سۆزۈمگە قۇلاق سالغايلا ئالىيلىرى، ــ ئىشان قەستەن مۇرىتلىرىغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى، ــ كېچىدىن ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت ئىگىسى بول-غان جانابى ئاللاھنىڭ جامالىغا سېغىنىپ تۈنىگەنىدىم، بامداتقا يېقىن قۇلىقىمغا غايىبتىن: «ئەي شەيخ نىزامىددىن، زېھنىڭ قويۇپ ئاڭلا، ئاگاھ بولغىنكى، سەن ۋەتەن قىلغان ئۇل بەلدەئى مەھفۇزدا بىر كۇپۇر دەرگاھ بىنا بولۇشقا يۈزلەندى. گەرچە بۇ سېنىڭ گۇ-ناھىڭ بولمىسىمۇ، تەرىقەت پېشۋاسى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئول گۇناھى كەبىر ئىشنى توسۇش مەجبۇرىيىتىڭ باردۇر. مۇگدەپ ئولتۇرماي ئورنۇڭدىن تۇر ـ دە، باقىيدا سەككىز جەننەتنىڭ ئاچ-قۇچىنى قولغا ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ پېشىڭغا ئېسىلغان، قول بېرىپ سېنى پىر تۇتقان تەرىقەت ئەھلى بولمىش مۇرىت ـ مۇخ-

[1] ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللەدۇر.

ـلىسلىرىڭنى ۋاقىپلاندۇر. ياتقان بولسا قوپسۇن، ئولتۇرغان بولسا ماڭسۇن ـ دە، ئول كۇپپۇر دەرگاھنى يەر يۈزىدىن يوقىتىپ، ئورنىغا ئاللاھنىڭ دەرگاھى بولمىش خانىقا مۇبارەك بىنا قىلسۇن» دېگەن ئاجايىپ يېقىملىق بىر سادا ئاڭلاندى. ھىدايەت ئەزەلىيدۇر، ئىنايەت ئەبەدىيدۇر. ھىدايەت غەيىبىكە ئىمان كەلتۈرمەكتىن ئىبارەتتۇر. مەگەركى، ئەزەلىي ھىدايەتنىڭ مەيىن شامىلى يەتسە كۆڭۈل گۈلىدىن ئىمان غۇنچىسى ئېچىلغۇسىدۇر. ئەمماكى ئىمانى سۇس بەندىنىڭ غەيىبىكە ئىشىنىشى قىيىندۇر. شول باـ ئىستىن ئۇشبۇ ۋەھيىنى ناماز بامداتتىن پارىغ بولۇپلا جانابى ھۆسنى مۇتىلەقنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا كاۋاپ بولغان، يۈرەك ـ باغرىنى ھىدايەت شامىلىدا ھەرقاچان سەگىتىپ تۇرغان مۇرىدىل ھىدايەتچىلىرىمگە يەتكۈزدۈم. ئەۋۋەل جانابى ئاللاھنىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەس مەدىتى بىلەن، ئاندىن قالسا جەننەتماكان پىر ـ بۇزرۇك، ئەۋلىيالارنىڭ دىلىمىزغا سالغان كەشپۇ كارامەتلىرىنىڭ رىغبىتى بىلەن بول كۇپپۇر دەرگاھنى گۇمران قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. تەڭرى: كۆڭلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان ئادەمگە ئەگەشمىگىن، دېگەن...

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ قۇتراتقۇ تۇسىنى ئالغان نۇتقىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— بولدى بەس، — دېدى غەزەپ بىلەن قولىنى سىلكىپ.

تۇكۇرۇكىنى چاچرىتىپ سۆزلەۋاتقان ئىشان چۆچۈپ توختىدى ـ دە، مىرزا ئۇلۇغبەگكە ھودۇقۇپ قارىدى.

— ئىشان ھەزرەتلىرى ئۇنتۇپ قالغان بولسا سەمىگە سېلىپ قوياي. شەرىئەت قانۇنلىرىدا تەڭرى ھېكمىتى ھەققىدە ئارتۇقچە پىكىرلەرنى قىلىش مەنئى قىلىنغاندۇر. چۇنكى، تەڭرى ھېكمەتىنى ئاشكارىلاش ئاددىي بەندىنىڭ قولىدىن زىنھار كەلمەس. شول بائىستىن بەندە رازىلىق ۋە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇلغان. گەرچە غەيىبىكە ئىشىنىش ئىمان جۈملىسىدىن بولسىمۇ، شەخسىي مۇدـ

دىئاسىغا يېتىش ئۇچۇن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ مالائىكىلىرىنى شىپى
كەلتۇرۇپ غەيىب ھەققىدە ئاغزىغا كەلگىنىچە جۆيلۇش ئېغىر
گۇناھدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم «ئىلىم
چىندا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار» دېگەن ئىكەن. بابا ئىشان ھەزرەتلى-
رى ئۇشبۇ ئاتالمىش كۇپۇر دەرگاھ ھەققىدە غەيىبنى شىپى
كەلتۇرۇپ سۆزلىدىلە. بىلىپ قالسىلا، قۇرۇلماقچى بولغان بۇ
ئىمارەت سىلى ئېيتقاندەك كۇپۇر دەرگاھى ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ
ئىرپان دەرگاھىدۇر. بىز پاسىبانلىق قىلىۋاتقان بول تەسەررۇپقا
ئەقىلنى نۇرلاندۇرغۇچى ئىلىم ۋاستىسى بىلەن ئاسايىشلىق يو-
لى تاپماي مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش مىرزا ئۇلۇغبەگكە گۆلەي-
دى. خاننىڭ «تەڭرى ھېكمىتىنى ئاشكارىلاش ئاددىي بەندىنىڭ
قولىدىن زىنھار كەلمەس...» دېگەن سۆزلىرى قاتتىق ئېغىر كەل-
گەندى. ھەئە، مىڭلىغان مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى «ئەۋلىيا ئە-
زەم»، «سۇلتانۇل مۇھەققىيىن» دەپ، ئايىغىدىن توزۇغان چاڭلارنى
كۆزىگە سۇرتۇپ تاۋاپ قىلىدىغان كاتتا پىر ـ بۇزرۇك ئەۋلىيانى
مىرزا ئۇلۇغبەگ مەنسىتمەي ئاددىي بەندە دەۋاتاتتى.

ــ بىتەۋپىق كىشىلەرگە جانابى ئاللاھنىڭ سىر ـ ھېكمەت-
لىرىنى بىلىش، كۆرۈش، ئاڭلاش زىنھار نېسىپ بولماس، ــ دېدى
ئىشان ئۆزىگە ئۇلۇغۋار سىن بېرىشكە تىرىشىپ، ــ چۈنكى،
ئۇلارنىڭ قۇلىقى گاستۇر، تىلى گاچىدۇر، كۆزى كوردۇر. پەقەت
تەرىقەت يولىنى تۇتۇپ، سۇلۇككە ئىرادەت قىلغانلارلا بۇنىڭدىن
مۇستەسنادۇر.

ــ ئۇنداقتا سۇلۇككە كىرىپ، ئىشان ھەزرەتلىرىنى پىر
تۇتمىساق بولمايدىكەن ـ دە، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ مەسخىرد-
لىك كۈلۈپ.

ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مەس-
خىرىسىنى چۈشەنمىگەندەك كىدىيىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ــ ھەق راست، پىرى يوقنىڭ پىرى شەيتاندۇر. توغرا يول

كۆرسەتكۈچى پىرغا مۇشەررەپ بولمىغانلار شەيتانى لەئىنگە ئال-
دىنىپ جاھىللىق پاتقىقىغا پاتۇر. قۇياش قارىغۇ كىشىگە كۆرۈن-
مىگەندەك، توغرا يول بەلگىلىرى جاھىللارغا زىنھار كۆرۈنمەس.
ئول توغرا يول بەلگىلىرىنى تونۇش پەقەت ئاقىللارغىلا خاستۇر.

مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ تەرسا، مۇتەئەسسىپ تەرىقەت پىشۋاسى
بىلەن ھەرقانچە زاكونلاشسىمۇ، خۇددى كاج ئىشەكنى كۆۋرۈكتىن
ئۆتكۈزگىلى بولمىغاندەك ھەرگىز قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى بى-
لىپ تۇرسىمۇ ئىختىيارسىز مۇنازىرە قاينىمىغا كىرىپ قالغان-
دى، شۇڭا ئىشانغا يول قويغۇسى كەلمەي سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ دانىشمەن بابائى بۇزرۇكلىرىمىزدىن ئەل فارابى ھەزرەت-
لىرى گۆھەردەك بىباھا ئۆگۈتلىرىدە: «ئۆز سۈپەتلىرىنى، پەزى-
لەتلىك پائالىيەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن يا-
كى ئۆزىنى رەزىل پائالىيەتلەردىن قاچۇرغان ئاقىل ــ پاراسەت-
لىك ئاقىلدۇر» دېگەنىكەن. ھەم شۇنىڭدەك «پەقەت دانىشمەن شۇ-
غۇللىنىدىغان بىلىملا شەرتسىز، مىغىزلىق، ئەڭ ياخشى بىلىم
ھېسابلىنۇر» دېگەنىكەن. ئەمماكى شول تاپتا ئىشان ھەزرەتلىرى-
نىڭ بايانىدىن سۇلۇكتىن مۇستەسنالار جاھىل، سۇلۇك ئەھلى
ئاقىل، دېگەن مەنانى چۈشەندۇك. ئۇنداقتا جاۋاب بەرسۇنلار: ئا-
قىللارنىڭ ئاقىللىقى ئىلىم بىلەن ئۆلچىنەمدۇ ياكى سۇلۇكى تە-
رىقەت بىلەنمۇ؟

ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ توغاچتەك مەڭزى بىر-
ئاز تاتاردى. شۇ تاپتا ئۇ مۇنازىرىدە يېڭىلىپ، مىڭلىغان مۇرىت-
لىرىنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن، ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن
ئەنسىرەپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى كاتتا ئىلىم ئىگىسى-
دەك تۇتۇشقا تىرىشىپ جاۋاب بەردى:

ــ ھەر نەرسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن بىر سەۋەب بولۇر.
سائادەتمەن سۇلۇكى تەرىقەت بولسا ئاقىللىق كوچىسىغا كىرمەك-
چى بولغان نادانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان ئوتقاشتۇر. ئاقىللىق
كوچىسى بولسا ئەلۋەتتە ئىلىم ـ ئىرپان دۇرلىرى بىلەن تولغان-

دۇر. ئەمما ئىلىمنىڭمۇ پەرقى باردۇر، ئانى تاللاپ ئۆگەنمەك ۋاجىپتۇر. ئاتەشپەرەسلەر، مەجۇسىيلارغا بېرىلگەن ئىلىمگە مەپ-تۇن بولغانلار بىتەۋپىق، دىيانەتسىز ئالىملاردۇر. ئۇلار ھەرقانچە ئىلىم تەھسىل قىلسىمۇ ئاقىللىق كوچىسىغا زىنھار كىرەلمەس، دەھرىيلىك كوچىسىدىكى پاتقاقتا پېتىپ قالۇر. پەقەت سۇلۇكى تەرىقەتلا ئەڭ يۈكسەك، كامالەتكە يەتكەن ئىلىمدۇر. ئۇنىڭغا ئې-رىشكەن ھەر بىر ئىنسان ئەڭ يۈكسەك ھۇزۇرغا مالىك بولۇر. ئا-لىيلىرى مىرزا مەدرىسەسىگە ھەريەر، ھەر دەرگاھلاردىن كېلىپ ئۆزىنى ئالىم ـ ئۆلىما، تالىپى ئىلىم دەپ ئاتىۋالغان دەھرىيلەر-نى جۇغلىۋالغانلىقلىرىنى ئاز دەپ، دەھرىيلىككە باشلىغۇچى كۇ-پۇر ئىلىمگە مەپتۇن بولۇپ قالدىلا. ھە دېسە ئۇلارنى يوقلاپ بې-رىپ، كېچىلىرى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئورنىغا يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ، ئەرشى مۇئەللەققە شەك كەلتۈردىلە. بۇ كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھدۇر!

ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ئىشاننى قوللاپ «ھەق ـ ھەق» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاددىي خەلق، بولۇپمۇ رە-سەتخانا قۇرۇلۇشىغا ئىشلەۋاتقان نىمكار، ئىشلەمچىلەرنىڭ چىرا-يىدا تەشۋىش پەيدا بولدى. ئىشان مۇشۇ سۆزلىرىم بىلەن خاننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايمەن، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا ئىشانغا دەل ۋاقتىدا رەددىيە قايتۇردى:

— مۇقەددەس دىنىي ئىسلامىمىز پەرھىزكار، تەقۋادار كىشىلەر بىلەن كامالەت تاپقىنىغا ئوخشاش، مەملىكەت ئۆز ئالىملىرى بىلەن ھۆسن ـ جامال تاپىدۇ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشاننىڭ سۆزلىرىگە پەرۋاسىز قاراپ، — ئۇشبۇ سەۋەبتىن ھۆكۈمدار ئاقىللارنىڭ يېقىنلىشىشىنى كۇتۇپ تۇرغاندىن كۆرە، ئاقىللار سۆھبىتىگە كۆپرەك داخىل بولغىنى ئەۋزەلدۇر. بىلىپ قويسىلا ھەزرەتلىرى، مىرزا مەدرىسەسىگە توپلاشقان ئول ئالىم ـ ئۆلىما، مۇدەررىس، تالىپى ئىلىملەر ھەرگىزمۇ دەھرىيلەر ئەمەس، بەلكى بۈيۈك تەسەررۇپىمىزنىڭ مۇبارەك ھۆسن ـ جامال-

www.uyghurkitap.com

دۇر. ئەنە شۇلار يۈرگەن كوچىلار ھەقىقىي ئاقىللار كوچىسىدۇر. ھە راست، ھەزرىتىم ۋاقىتنى قانداق مۆلچەرلەيدىكىن؟
مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن ئىشان ئالدىراپ ـ تېنەپ جاۋاب بەردى:
ــ مۇشۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ئالىيلىرى؟ ۋاقىتنى ئەلۋەتتە كۈندۈزى قۇياشقا، كېچىسى ئاي ـ يۇلتۇزغا قاراپ بەلگىلەيمىز ـ دە.
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشاندىن دەل مۇشۇ جاۋابنى كۈتكەنىدى.
ــ ئەجەبا ھەزرەتلىرى قۇياش، ئاي ـ يۇلتۇزلارغا قارىسىلا ھېچگەپ يوقۇ، بىز قارىساق دەھرىي سانىلىدىكەنمىز ـ دە.
ــ بۇ... بۇ...
ئىشاننىڭ تىلى بىرنەچچە دەقىقە تۇتۇلدى، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى. تادانلىق قىلىپ قاپقانغا دەسسىۋالغان تۈلكىدەك تېپىرلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئاسان بابلىنىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. يېڭىلگىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھۇجۇم نىشانىنى بۇرىۋەتمەكچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:
ــ نېمە دېسىلە مەيلى، سىلى دېگەن سەلتەنەت پاسىبانى، ئەلۋەتتە دۇر ـ گۆھەر تاقالغان تاج كىيسىلە بولىۋېرىدۇ. ئەمما سەللىنىمۇ تەرك ئەتمىسىلە ئالىيلىرى، سەللە دېگەن...
ئىشاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
ــ بېشىمدا ئەقىل ـ ئىدراك بولسا ماڭا شۇ كۇپايە ھەزرەتلىرى. سەللە بىلەن كاتتىلىق مەن ئۈچۈن بىھاجەتتۇر. مۇسۇلمانى كامىللىق سەللە بىلەن ساقالغىلا ھاجەت ئەمەس، مۆرتى كەلگەندە ساقال دېگەن قىرقىسا ئۆسۈپ تۇرىدىغان كوكات، سەللە دېگەن ئاق ماتا، خالاس.
ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش غەزەپتىن غالىلداپ تىترىدى، كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقاردى.
ــ ساقىلىم بىلەن سەللەمدىن پىتنە ـ قۇسۇر ئىزدىمەك.

چىمۇ سىلى؟

ــ ئۆزۈڭ توغرا بولساڭ پىتنە ـ قۇسۇردىن قورقما، دەپ ـ تىكەن. چۈنكى، دۇتارنىڭ ئۇنى پەدىگە ماس كەلسە، سازەندە ئۇنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ تۇرماس ھەزرىتىم. بولدى بەس، بۇ يەرگە سىلى بىلەن دەتالاش قىلغىلى كەلمىدىم، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىردىنلا ھۆكۈمدارلارغا خاس ـ سۈر ھەيۋىسى بىلەن ئىشانغا مىختەك تىكىلىپ، ــ ئېيتسىلا، رەسەتخانىنىڭ ئۇلىنى ۋەيران قىلىشتىكى مۇددىئالىرى زادى نېمە ؟

مىرزا ئۇلۇغبەگنى ھەرقانچە بولسىمۇ ئۆزىدەك يالغۇز سە ـ مەرقەنت خەلقىلا ئەمەس، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدىكى بار ـ چە خەلق ھۆرمەتلەيدىغان سۇلۇك پېشۋاسىدىن تەپ تارتىدۇ، قات ـ تىق گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، دەپ خام خىيال قىلغان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش مۇنازىرىدە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆزىگە قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلمىغىنىنى كۆرۈپ چوتنى خاتا سوق ـ قانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بىردىنلا غەزەپكە كەلگىنىنى كۆرۈپ ھازىرلا ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغاندەك تۇيغۇغا كې ـ لىپ، ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باستى، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە چەكسىز ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان مىڭلىغان مۇرىدلىرى ھىدايەتچىلىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇشقا تىرىشتى.

ــ بايا دېدىمغۇ ئالىيلىرى، جانابى ئاللاھنىڭ پاك دەرگاھى بولمىش خانىقائى مۇبارەك سېلىش.

ئىشانىنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولغان بولسا، مىرزا ئۇلۇغ ـ بەگ ئاللىقاچان ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، كاللىسىنى ئالغۇزۇپ بولغان بولاتتى. شۇ تاپتا قەھرى ـ غەزىپى چېكىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەتراپتىكى ئىشانىنى ئەۋلىيادەك كۆرۈدىغان مىڭلىغان مۇ ـ رىتلارغا قاراپ پەيلىدىن ياندى. ھەئە، شۇ تاپتا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىشاندىن قورقۇپ ئەمەس، خەلقتىن ھايا قىلىۋاتاتتى.

ــ خانىقائى مۇبارەكنى كۆھەك ئېدىرلىقنىڭ قانداق يېرى ـ

www.uyghurkitap.com

گە سالسىلا مەيلى، لېكىن رەسەتخانىنىڭ ئورنىغا تەگمىسىلە، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەر بىر ئېغىز گەپنى چىشلىرىنىڭ ئاردىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ، — بۇ تۆپىلىككە ئىككىنچى قەدەم باسمىسىلا ھەزرىتىم.

ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك قىياپەتتە تەسكەيگە قىيىلغان قۇياشقا شۇنداقلا بىر قارىۋېتىپ، يېنىدىكى خەلپىسىگە بۇرۇلدى:

— ناماز پېشىنىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. قازا بولۇپ كەتمىسۇن، مۇشۇ يەردىلا ئۆتۇۋالايلى.

مىرزا ئۇلۇغبەگكە گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن ئىشان پېشىن نامىزىنى باھانە قىلىپ مۇرىتلىرىنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولغانىدى.

ئىشانىنىڭ ئۆزىنى قەستەن كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزا ئۇلۇغبەگ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ھەئە، تا مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنچىلىك ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ باقمىغانىدى. ئەمما ناماز ئوقۇشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان ئىشانىنى جازالاشقا ئامالسىز ئىدى. سەللا ئالدىراقسانلىق قىلسا، مىرزا ئۇلۇغبەگ پىر ـ بۇزرۇك ئەۋلىيانى ناماز ئوقۇشتىن توسۇپتۇ، ئىبادەت قىلغىلى قويماي جازالاپتۇ، دېگەن بەتنامغا قالاتتى، شۇ دەقىقىدە ئىشانىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى.

خەلپە كىشىلەرنى پېشىن نامىزىغا چاقىرىپ ئەزان توۋلاشقا باشلىدى.

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر...

ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بايا سايىۋەن قىلغان يەردىكى كۆرپىدەك يۇمشاق چىملىققا ئالدىنى قىبلىگە قىلغىنىچە يۈكۈندى. شۇ ھامان كىشىلەر توپىدىن تاھارىتى بارلىرى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ سەپ تۈزدى، تاھارىتى يوقلىرى بەلنىڭ تۆۋىنىدىكى ئېقىندا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەگەر باشقا چاغ بولغان بولسا، ئىشانىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇغان بولاتتى، شۇ تاپتا ئىشانغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشقا كۆڭلى تارتمايۋاتاتتى.

«ئەڭ ياخشىسى پېشىن نامىزىنى شەھەرگە كىرىپ ئازنا مەسچىتتە ئوقۇي. ئۇنىڭغىچە پېشىنىنىڭ ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتمەس...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر سەكرەپلا ئالاپاچاق جەدە ئايغىرغا مىندى ـ دە، ئىشاندىن ئالالمىغان ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولغاندەك ئاتقا ئاچچىق قامچا سالدى.

※ ※ ※

غەزىپى تېخىچىلا بېسىلمىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ كۆكسارايغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي بوغۇلۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغان ئەمىرلەر بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئىجازەت بېرىلمىگەچكە كۆكسارايدىن چىقىپ كېتىشكە تېخى پېتىنالمايتتى.

— مەلۇم بولغاي!

ھۆدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى تىمتاسلىققا چۆمگەن شاھنىشىندا تولىمۇ جاراڭلىق ئاڭلاندى، تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغان ئەمىرلەر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. مىرزا ئۇلۇغبەگ «سۆزلە» دېگەننى قىلىپ ھۆدەيچى بەگكە قارىدى.

— قەشقەر ئەمىرى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ھۇزۇرىدىن جىددىي مەلۇمات كەلدى. سەركەردە مىرزا ساتۇقخان جانابلىرى قەشقەرلىك قاراقۇل ئەھمەد مىرزا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

ئەمىرلەر يالت ئېتىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە قارىدى. مەلۇمات خاننى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى، ھۆدەيچى مەلۇماتنى ئىككى قوللاپ خانغا سۇندى. مەلۇماتنى ئوقۇۋاتقان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپ باراتتى. قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ــ داد ئانھەزرىتىم، ئىنىمنىڭ قان قىساسىنى ئېلىپ بەرگەيلا!

ئەمىرلەر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان سەمەرقەنت شەھرىنىڭ ھاكىمى مىرانشاھ دورغا ئۆزىنى تاپىسىغا تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

ــ بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىمكان بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ــ ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا دورغا بېگىم، ئەلھۆكمىللىلا، ــ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمىرلەرگە يۈزلەندى، ــ سەركەردە ساتۇقخان ساداقەتمەن، ئىستېداتلىق ئەمىرىمىز ئەردى. قازايىقەدەر يۈرەك باغرىمىزنى تىلىپ تاشلىدى. مەرھۇم سەركەردىنىڭ روھى ئۈچۈن ئوردا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەي. سەلتەنەتىمىزگە كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسى ئۈچۈن تاشقورغان قەبرىستانلىقىدا كاتتا مەقبەرە ياسالغاي. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا مىڭ پاتمان يەر نەپىقە ھېسابىدا بېرىلگەي!

ــ ئادالەتپاناھىمىزنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر.

ــ ئەمىر پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئول قاتىلنى تۇتۇپ بىزنىڭ جازالىشىمىز ئۈچۈن دەرگاھىمىزغا ئەۋەتىپتۇ، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ، ــ ئول بەدرەك[1]نى دەرھال ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار!

ــ ئىنىمنىڭ ئۆلۈمىدە پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭمۇ قولى بار ئالىيلىرى، ــ دېدى مىرانشاھ دورغا، ــ ئىنىم قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئول ئەمىر قەشقەردىكى رەئىيەتكە: «سۇل-

[1] بەدرەك ــ يامانلىق قىلغۇچى، بۇزغۇنچى.

تانىڭلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىل كەلدى» دەپ پىتنە تارقىتىپ، كۆپ
دىشۋارچىلىقلار كەلتۈرگەنىكەن، بۇ ھەقتە ئىنىسىنىڭ يوللىغان
ئەرز ـ مەلۇماتلىرىدىن خەۋەرلىرى بار. بۇ ئىشنى ئوبدانراق تەھ ـ
قىقلەپ بەرگەيلا ئالىيلىرى.

— دورغا بېگىم، زىنھار بەتگۇماندا بولمىغايلا، ئەلۋەتتە بۇ
ۋاقىئەنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ، تەپتىش قىلغايمىز. سەۋر
قىلسۇنلار.

شۇ ئەسنادا ياساۋۇللار پۇت ـ قولىغا كىشەن سېلىنغان
قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى كۆكسارايغا ئېلىپ كىردى. مىرزا ئۇ ـ
لۇغبەگ سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈشكە پىتنىغان گۇناھكارغا غەزەپ
بىلەن نەزەر تاشلىدى. كۆكسارايىنىڭ بوسۇغىسى تۈۋىدە تۇرغان
قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، قەددىنى
رۇسلاشقا تىرىشىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزىگە مەغرۇر تىكىل ـ
دى. ھەئە، ئۆزىنى ئاقلىمىدى، تىزلىنىپ بىر قوشۇق قېنىنىمۇ
تىلىمىدى. قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ كۆزى تۈيۈقسىز خوجا شە ـ
رىپ كاشغەرىينىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قاراقۇل ئەھ ـ
مەد مىرزىنىڭ كۆزلىرىدىن كۈچلۈك مەسخىرە، ياراتماسلىق، غا ـ
لىبلىق، غۇرۇر بالقىيتتى. تاتىرىپ كەتكەن خوجا شەرىپ كۆزلى ـ
رىنى ئەپقاچتى، سېزىلەرلىك تىترەپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدى.

قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرىلىك كۈل ـ
كىنى كۆرۈپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغىسى قاينىدى. ئەسلىدە ئۇ ـ
نىڭ قەشقەردىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ قاتىلنى سوراق قىلىش خى ـ
يالى بار ئىدى، شۇ دەقىقىدە ئەتىگەنكى غەزىپى بىلەن ھازىرقى
نەپرىتى قوشۇلۇپ كۆڭلىگە پۈككەن ئوي ـ خىياللىرىنى كۈلدەك
توزۇتۇۋەتكەن، تاپىنىدىن كىرگەن بىر غەزەپ مېڭىسىگە تەپكەندى.

— مىرغەزەپ! — دەپ توۋلىدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

— لەببەي ئانھەزرىتىم.

— ئۇل بەدرەكنى ئېلىپ چىقىپ دەرھال ئىككى پارچە قىد ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىپ تاشلاڭلار!

جاللاتلار قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى قولتۇقىدىن تۇتقىنىچە دارقىرىتىپ سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئېخچە مىشىلداپ يىغلاۋاتقان مىرانشاھ دورغا ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ قول باغلىدى:

— مۇمكىن بولسا ئول تۇڭگۇزنىڭ تېنىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىسام ئالىيلىرى.

— ئىجازەت! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن خوجا شەرىپ كاشغەريي جان قايغۇسىدا قېلىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ئۇزۇن مەزگىل ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغان، ئۆز ۋاقتىدا سەيىيد ئەھمەد مىرزىنى قوغلاپ چىقىرىپ قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەقدىم قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ باھادىر سەركەردىسىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەشكە پېتىنالمىدى.

## 30

تۇرپان.

كۇز شەپىسى ئەمدىلا كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئېخشى ۋاقتى بولمايلا شەھەر تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. چىددىغۇسىز تىنچىق ھاۋا سىرتقا چىققان كىشىنىڭ دېمىنى سىقاتتى. يىراقتىن قارىغان كىشىگە يالقۇنتاغ خۇددى كۆيگەندەك كۆرۈنەتتى. ئاق قار بىلەن پۈركەنگەن بوغدا چوققىسىنىڭ سوغۇق ھاۋاسى بۇ ئويمانلىققا پەقەتلا تەسىرىنى كۆرسىتەلمىگەنىدى. ھەئە، قۇياش بارلىق نۇرلىرىنى پەقەت مۇشۇ چوڭقۇرلۇققىلا چېچىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى، خۇددى بىر تال چوغ تاشلىسا پۈتكۈل شە-

ھەرگە گۆررىدە ئوت كېتىدىغاندەك.

بۇنىڭ ئەكسىچە، شاھنىشىن تولىمۇ سالقىن ئىدى. ئوردا ئىچىگە ئېقىپ كىرگەن مۇزدەك كارىز سۇلىرى شاھنىشىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر كۆلچەككە مىس نوكەش بىلەن باشلانغان بولۇپ، كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئەتراپىدىن ئادەم بويى ئېگىز-لىكتە چاچراپ چىققان فونتان ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ رولىنى ئوي-ناپ، بۇ كاتتا سارايىنىڭ ئىچىنى باشقىچە سالقىنداتقانىدى.

بۈگۈن ئەتىگەنلىك قوبۇلغا چىققان، ئەمدىلا ئون ئىككى ياشتىن ئاشقان سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئورۇق، ۋىجىك گەۋ-دىسى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان شاھانە تەختكە چۆكۈپ كەتكەن بولۇپ، پۇتلىرى يەرگە تەگمەي قالغانىدى. تەختتە ئولتۇرغان بىرنەچچە ئايدىن بېرى سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى خېلى ئوبدان ئۆ-گىنىپ قالغان بۇ بالا سۇلتان پەرمان كۈتۈپ، قول باغلاپ تۇرۇش-قان ئەمىرلىرىگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن ئولتۇرۇشقا ئىجا-زەت بەردى:

ــ ئىجازەت، جاي ئالسۇنلار!

ئەمىرلەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى بويىچە ئۆز جايلىرىدا ئول-تۇرۇشتى. ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىر ئايدىن بېرى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، تەختنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قويۇلغان كۇرسى بوش ئىدى. ئۇنىڭ يېنىغا يەنە بىر كۇرسى قويۇلغان بو-لۇپ، سەيىدئەلى ئالپ ئاشۇ كۇرسىدا ئولتۇراتتى.

ــ ئۇسسۇلۇق كەلتۈرسۇنلار.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ پەرمانى بىلەن ئوردا بىكاۋۇل ئەمىرى مەھرەملەرنى شەربەت كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. مەھرەملەر ئىسان بۇغاخان بىلەن سەيىدئەلى ئالپقا ئالتۇن جامدا، باشقا ئە-مىرلەرگە قاشتېشى جامدا شەربەت تۇتتى. كارىزغا چىلاپ ساقلان-غان شەربەتلەر مۇزدەك سوغۇق ئىدى. شەربەتنى ئىچىپ ئۇسسۇز-لۇقى قانمىغان ئەمىرلەر تەمەگەرلىك بىلەن تىلىلىرىنى تامشى-تىشتى.

ئىسان بۇغاخان ھەركۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا رەسمىيەت ئۈچۈن بىر ۋاق ئوردىغا چىقىپ قوياتتى. سەلتەنەتنىڭ قالغان ئىشلىرىنى سەييىدئەلى ئالىپ بېجىرەتتى. نامدا ئىسان بۇغاخان سۇلتان بولغان بىلەن، ھوقۇق سەييىدئەلى ئالىپنىڭ قولىدا ئىدى.

— مەلۇمات بولسا ئېيتىڭلار، بولمىسا يېنىڭلار، — دېدى ئىسان بۇغاخان.

ئەمىرلەر كۆزلىرىنى سەييىدئەلى ئالىپقا تىكتى. چۈنكى، سەييىدئەلى ئالىپ ئورنىدىن تۇرمىسا ھېچكىم قوزغىلالمايتتى.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ يىل ئەتىياز ۋە يازدا يامغۇر - يېشىن كۆپ يېغىپ، بول ھۇدۇدلۇقىمىزنىڭ ئاب - ھاۋاسى ئوبدان بولۇپ بەرگەچكە، زەر - زىرائەتلەر ياخشى ئۈخشىدى. دېھقانلار خامانلىرىنى ئاساسەن ئېلىپ بولدى. ئاشلىق مەھكىمىسىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر ئاۋامدىن يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك غەللە - پاراقلارنى تولۇق يىغىپ بوپتۇ، ئەتىيازدىن ياركەنت ئەمىرىنىڭ خان ئاشلىقىغا خىيانەت قىلىش مەسىلىسى بىر ياقلىق قىلىنغاندىن بېرى بۇنداق مەسىلە باشقا ۋىلايەتلەردە بايقالمىدى، خان ئاشلىقى يىللاردىكىدىن كۆپ يىغىلدى. ئامبارلىرىمىزدا ئوزۇق - تۈلۈك زاپىسى خېلىلا كۆپەيدى. بول پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قولىمىزدىن كېتىپ قالغىنىغا ئون تۆت يىل بولغان، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىم تەختگاھى بولمىش قەشقەر شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغايمىز. ھېلىمۇ كۆپ سۈكۈت قىلدۇق، ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىنساپ قىلىدىغان ئەلپازى يوق. بۇ كاتتا شەھەر تەسەررۇپىمىزدىن مۇشۇنداقلا چىقىپ كەتسە، بىز ئۈچۈن ناھەقچىلىق ۋە ئار - نومۇس بولغۇسىدۇر. جەننەتماكان مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ پاك روھلىرىمۇ بىزنى ئەيىبلىگۈسىدۇر. مۆھتەرەم خان ئالىيلىرىنىڭ قەشقەرگە لەشكەر تارتىشىمىزغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمىز!

www.uyghurkitap.com

ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى رەت قىلمايتتى. شۇ سەۋەبتىن سەييىدئەلى ئالپ كۆڭلىگە پۈككەن ھەرقانداق ئىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا پۈتتۈرۈپ بولۇپ ئاندىن خانغا ئىلتىماس قىلاتتى.

تەختكە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىسان بۇغاخان قەددىنى رۇسلاپ سورىدى:

— ئول لەشكىري يۇرۇشنىڭ ھازىرلىقلىرى پۈتكەنمىدى ئەمىر جانابلىرى ؟

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ھازىرلىقلىرىمىز ئاساسەن پۈتۈپ قالدى.

— ياخشى بوپتۇ. ئۇنداقتا مەنمۇ ئەمىر جانابلىرى بىلەن بىللە قەشقەرگە لەشكەر تارتاي. شۇ باھانىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تەختگاھى بولمىش ئول شەھەرنى كۆرۈپ كېلەي.

لەشكىري يۇرۇشنىڭ جاپاسىنى، خېيىم ـ خەتىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان بالىلارچە قىزىقىش بىلەن قەشقەرگە بېرىشنى خالاپ قالغانىدى.

خاننىڭ بۇنداق جاۋاب بېرىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن سەييىدئەلى ئالپ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— قىبلىگاھىمنىڭ قەشقەر يۇرۇشىگە ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىشىنى ئىختىيار قىلغىنى تولىمۇ بەلەن ئىش، ئەلۋەتتە. ئالىيلىرى بول لەشكىري يۇرۇشتە بىللە بولسا، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ، كۈچىگە كۈچ قوشۇلاتتى، قەشقەرنى ئېلىش ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشاتتى. بىراق، بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنىڭ تەختگاھى قاراقسىز، بوش قالسا ياخشى بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكىري يۇرۇشنىڭ مۇشەققىتىمۇ ھېلىھەم بار. شول بائىستىن ئانھەزرىتىمنىڭ يەنىلا ئوردىدىن چىقماي، بىزنىڭ بول لەشكىري يۇرۇشىمىزگە رەھنەما بولۇپ بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئىسان بۇغاخان نارازىلىق بىلەن دومسايدى.

ــ تەخت بىرنەچچە گاخ بوش قېپقالسا ھېچنېمە بولماس؟

ــ ئۇغۇ شۇنداق، ــ دېدى تەكشىسلىقتا قالغان سەييىدئەلى ئالىپ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، ــ لېكىن تەخت دېمەكلىك ــ سەلتەنەت دېمەكلىكتۇر. ئالەمپاناھ پاسىبانىمىزنىڭ تەختتىن ئايرىلمىغىنى ئەۋزەلدۇر. تۇركىستانغا كەتكەن ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، سەركەردە ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۇركمەنلەر تۇركىستان ئەمىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، تەسەررۇپىمىزغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ تاجۇ تەختكە ئاغىلىرى خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ئولتۇرغۇزۇش قەستىدە بولۇۋېتىپتىمىش. ناۋادا تەختنىڭ بوش قالغانلىقىنى بىلىپ قالسا ئۇلارنىڭ بول غەرىزى تېخىمۇ قۇتراپ قېلىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىندۇر.

ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپقا گۇمان بىلەن تىكىلدى. چىرايىدىن ياكى تەشۋىشلەنگەنلىكىنى، ياكى ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ــ تۇركىستان چېگراسىنى ساقلاشقا سەركەردە پولات باھادىرنى بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئەۋەتكەن ئەمەسمىدۇق، ناۋادا ئۇلار تەسەررۇپىمىزغا قەدەم بېسىشقا پېتىنسا، پولات باھادىر بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قالۇر.

ــ شۇنداقتىمۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېھتىياتچان بولغىنىمىز ئەۋزەل ئالىيلىرى. شۇڭلاشقا ئاستانىدىن ئايرىلماسلىقلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

سەييىدئەلى ئالپ ئەمىرلەرگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئەمىرلەر ئىسان بۇغاخانغا ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى:

ــ ئارى، ئەركانى دۆلەت سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىنىڭ تەۋسىيەسى ئورۇنلۇق.

— ئۇردىدىن ئايرىلمىغايلا ئالىيلىرى.
— تاجۇ تەختتە ئولتۇرۇپ، لەشكىرىي يۇرۇشكە رەھنەما بولغايلا.
— ...

سەييىدئەلى ئالپنىڭ گۇمانى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە بىلەن خانزادە يۇنۇسخاننى ئېلىپ تۈركىستانغا كەتكەن سەركەردە ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەنلەرنىڭ ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ، تەختكە خانزادە يۇنۇسخاننى ئولتۇرغۇزۇشقا ھەدەپ كۈشكۈرتكەنلىكى ھەققىدە ئايغاقچىلار مەلۇمات ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى لەشكەر تارتىپ كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ناۋادا سۇلتان ئىسان بۇغاخان قەشقەرگە قىلىدىغان لەشكىرىي يۇرۇشكە بىللە چىقىپ قالسا، سەييىدئەلى ئالپنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. جەڭ قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئىسان بۇغاخان ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەييىدئەلى ئالپ بىللە ئېلىۋالغان بۇ بالا سۇلتاندىن چوڭ ـ كىچىك ئىشلاردا پەرمان ئېلىپ تۇرمىسا بولمايتتى. سەييىدئەلى ئالپ ئۈچۈن تۇمەنلىگەن لەشكەرلەرنى باشقۇرۇشتىن، بىللە سەپەرگە چىققان خاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش تولىمۇ تەسكە چۈشەتتى. شۇڭا ئۇ ئىسان بۇغاخاننىڭ قەشقەرگە بىللە يۇرۇش قىلىشىنى توسۇۋاتاتتى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ئەمىرلەرنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپ ئىرادىسى بوشاشقان ئىسان بۇغاخان كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا، — ئەپسۇس، قەشقەرگە بەكمۇ بارغۇم بار ئىدى.

— ئاللاھ خالىسا ئول ئەغيارلىرىمىزنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن قەشقەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ يەڭگىل نەپەس ئېلىپ.

كۆڭلىدە ئانچە قايىل بولمىغان ئىسان بۇغاخان ئۈندىمىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەييىدئەلى ئالپ ئەمىرلەرگە يۈزلەندى:
ــ ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا!
ــ لەببەي، ــ دېدى چاچ ـ ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، بىرئاز مۈكچىيىپ قالغان سۈپۈرگە مىرزا بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ.
ــ جانابلىرى قومۇلغا قايتماي، بىز قەشقەر يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگىچە خان ئالىيلىرىغا ھەمدەمدە بولۇپ ئاستانىدە تۇرغايلا.
ــ باش ئۈستىگە.
ھەممە ئىشلارنى ئالدىنئالا پىلانلىغان سەييىدئەلى ئالپ بۇ ساداقەتمەن پېشقەدەم ئەمىرنى قومۇلدىن ئوردىغا چاقىرتىپ كەلگەندى. ئەلەم ۋە قەلەم ماھارىتى كامالەتكە يەتكەن تەدبىرلىك سۈپۈرگە مىرزىنىڭ بالىلارچە خۇي ـ مىجەزىنى تاشلىمىغان بەگباش ئىسان بۇغاخاننى تىزگىنلەپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان تاسادىپىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قەشقەرگە يۈرۈش قىلىسىمۇ خاندىن ۋە ئوردىدىن خاتىرجەم بولالايتتى، ئۇلار ئالدىنقى كۈنى بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى.
سەييىدئەلى ئالپ ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەر يۈرۈشىگە ماڭىدىغان سەركەردە ـ سەرۋازلارغا دەرھال سەپەر تەييارلىقى كۆرۈشنى، خالىسا خوتۇن ـ بالىلىرىنى بىللە ئېلىۋالسا بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، قالغان ئەمىر ـ بەگلەرگە ئەمىر سۈپۈرگە مىرزىنىڭ بۇيرۇقىغا شەرتسىز بويسۇنۇپ، ئوردا ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشنى ئالاھىدە جېكىلىدى.
ــ ئاتھەزرىتىمنىڭ يەنە قانداق پەرمانى باركىن؟ ــ دېدى ھەممە ئىشلارنى بىر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان سەييىدئەلى ئالپ تەختتە بەخىرامان ئولتۇرغان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ.
ــ قايسى كۈنى يولغا چىقىشنى ئويلاشتىلا ئەمىر؟ ــ سورىدى ئىسان بۇغاخان.

— ئۆگۈنلۈككە كۈنگە جۈمە، قىبلىگاھىمىز ئىجازەت بەرسە، جۈمە نامىزىنى ئالىيلىرى بىلەن بىللە ئوقۇۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقايلىمىكىن دەيمەن.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن.

ئىسان بۇغاخان گەپ تۈگىدى دېگەننى قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي، — دېدى دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان ئەمىرلەر خاننى ئۇزىتىپ.

— ئەمدى ھەرقايسىلىرىمۇ قايتىشسىلا جانابى ئەمىرلەر، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئىسان بۇغاخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

※ ※ ※

سەييىدئەلى ئالپ قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇننىڭ ھۇزۇرىدىن يېنىپ چىققاندا تۇرپان شەھىرىگە تۈن پەردىسى پۈتۈنلەي يېيىلغانىدى.

سۇلتان خاتۇن ھېلىمۇ ئۈچ كۈۋرۈك مەھەللىسىدىكى كونا قەسرىدە تۇرۇۋاتاتتى. گەرچە قېرىپ چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا تىمەن ئىدى. كۆزىنىڭ ئەتراپى، جاۋغايلىرىغا چۈشكەن قورۇقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا جۇۋان ۋاقتىدىكى لاتاپىتىنى يوقاتمىغانىدى. ئوغلى ئۈۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەنە پات ـ پات ئوردىغا كىرىدىغان، نەۋرىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا سەلتەنەت ئىشلىرىغا دائىر تەربىيە قىلىدىغان، يول كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەئە، نەۋرىسىنى سەييىدئەلى ئالپنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا، سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتى. سەييىدئەلى ئالپقىمۇ بۇ بالا سۇلتاننى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ سەلتەنەت ئىشلىرىنى، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇشنى ئۆگىتىشنى جېكىلەپ تۇراتتى.

سەييىدئەلى ئالپ بۈگۈن قېيىنئانىسىنىڭ قېشىغا قەشقەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئوردا ئىشلىرىنى قومۇل ئەمىرى سۈپۈرگە مىرزىغا تاپشۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغاچ، قېيىنئانىسىنىڭ پات ـ پات ئوردىغا كىرىپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشىنى تاپىلىغىلى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كىرگەنىدى.

— ئوردا ئىشلىرىغا سۈپۈرگە مىرزىنى مۇئەككەل قىلىپ ياخشى قىپتىلا، — دېدى سۇلتان خاتۇن سەييىدئەلى ئالپىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئۇل قومۇل ئەمىرى تەدبىرلىك، تولىمۇ ساداقەتمەن ۋەزىرلەردىندۇر. خان ئالىيلىرى تېخى كىچىك، سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇشنى بىلمەيدۇ، ئالداشقا كىچىك بالا ياخشى، دەپ ئۆزلەنىڭ يوقلۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم ئەمىرلەر ياخشى كۆرۈنۈش، يېقىن ھەمدەمچىلىرىدىن بولۇۋېلىش ئۈچۈن خاننى ئويۇن ـ تاماشىغا مەلىكە قىلىپ يامان ئۆگىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئوردىدا خان ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا سۈپۈرگە مىرزا بولسا مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن. ۋەزىرلەر ساداقەتمەن، ديانەتلىك بولمىسا خان ھەرقانچە تەدبىرلىك، ئىستېداتلىق بولسىمۇ سەلتەنەت روناق تاپالمايدۇ. ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەممىدىن مۇھىم. سەلتەنەتنى بىر ئادەمگە تەققاسلىساق، ئوردا ئەركانلىرى ۋە ئاۋام ئۇل ئادەم تېنىنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت تادۇنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، شەمشەر ئەھلى، يەنى سەركەردە ـ لەشكەرلەردۇر، بۇلار بەئەينى ئوتقا ئوخشايدۇ. ئىككىنچىسى، قەلەم ئەھلى، يەنى كىتابدارلاردۇر، بۇلار بەئەينى ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئۈچىنچىسى، مۇئامىلە ئەھلى، يەنى سودىگەر ـ ھۈنەرۋەنلەردۇر، بۇلار بەئەينى سۇغا ئوخشايدۇ. تۆتىنچىسى، زىرائەت ئەھلى، يەنى دېھقانلاردۇر، بۇلار بەئەينى تۇپراققا ئوخشايدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى ئۇل تۆت تادۇنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن غالىب كېلىپ، تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلسا، خۇددى ئادەمنىڭ مىزاجى بۇزۇلۇپ كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىدەك، يۇقىرىقى تۆت

تائىپەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ بىر ـ بىرىدىن غا ـ
لىب كەلسە، سەلتەنەتمۇ خارابلىششقا يۈزلىنىدۇ. خان ئالىيلى ـ
رىنىڭ ئەقلى تېخى چولتا، سەلتەنەت مىزاجىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا
پاراسىتى يەتمەيدۇ. ئۇنى ئۆزلەگە ئوخشاش پاراسەت ئەھلى باشلاپ
تۇرۇشى كېرەك. گەرچە ياراتقان ئاللاھ ئىگەم سۆيۈنگەن ئوغلۇم ـ
دىن ۋاقىتسىز ئايرىغان بولسىمۇ، ئۆزلەدەك يەنە بىر ئوغۇلنى
نېسىپ قىلىپتۇ. مۇشۇلارنى ئويلىسام ياراتقان ئىگەمگە يۈزمىڭ
قەتلە شۈكۈر ئېيتىمەن. مەن ئۆزلەدىن تولىمۇ رازى، قەشقەرگە
لەشكەر تارتىشنى نىيەت قىلغان بولسىلا ئاق يوللۇق بولسىلا،
ئاللاھ ئىگەم غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلغاي. ئۆزىنى ئەلنىڭ
ئوغلانى، سەلتەنەتنىڭ قورۇقچىسى، نۆكىرى ھېسابلىغان باھا ـ
دىرلار ئۇچۇن پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن
باش تارتىپ بولمايدىغان بىردىنبىر ۋەزىپە ئەل ـ يۇرتنىڭ يۈز ـ
ئابرۇيىنى قوغداش، ئار ـ نومۇسىنى يۈيۈشتۇر. ھەر ۋاقىلىق نا ـ
مىزىمدا ئۆزلەگە سالامەتلىك ۋە نۇسرەت تىلەيمەن ئوغلۇم.

سۇلتان خاتۇن مېڭىشقا تەمشەلگەن سەييىدئەلى ئالپنى
توختىتىۋېلىپ، پەتنۇستا بىرجۈپ پايپاق بىلەن بىر كۆڭلەك كۆ ـ
تۈرۈپ چىقتى. ياۋا تۆگىنىڭ يۇڭىدا توقۇلغان پايپاق بىلەن كۆڭ ـ
لەك ھەم يۇمشاق، ھەم سىپتا ئىدى. بۇنى سۇلتان خاتۇن ياۋا تۆ ـ
گىنىڭ يۇڭىدا ئۆز قولى بىلەن يىپ ئېگىرىپ توقۇپ چىققانىدى.
ھەئە، ئۇ ئىلگىرى مەرھۇم ئوغلى سۇلتان ئۇۋەيسخانغىمۇ ئۆز قو ـ
لى بىلەن توقۇغان مۇشۇنداق كىيىملەرنى سوۋغا قىلاتتى، بۇ ئار ـ
قىلىق ئوغلىنى ھەشەمەتچىلىككە بېرىلمەي، ئاددىي ـ ساددا يا ـ
شاشقا ئاگاھلاندۇراتتى.

— ئاددىي بولسىمۇ بۇ كۆڭلەك بىلەن پايپاقنى كىيىۋالسىلا
ئوغلۇم، — دېدى سۇلتان خاتۇن، — لەشكىرىي يۈرۈشتە كۆپىن ـ
چە ئايدالادا يېتىپ ـ قوپۇشقا توغرا كېلىدۇ. يامغۇر ـ يېشىن،
سوغۇقتا دالىدا بولسا ئەجەب ئەمەس.

— بۇزرۇكۋارىمنىڭ ھىممىتىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى

سەييىدئەلى ئالىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ.

قىيىنئانىسى بىلەن خوشلىشىپ چىققان سەييىدئەلى ئالىپ ئانىسى بىلەن ئەتە ئەتىگەن خوشلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆز قەسرىگە قاراپ ماڭدى. يول بويى مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخاننى ئەسلەپ قەلبى ئېغىر ھەسرەتكە تولدى، ئۇ سۇلتان ئۇۋەيسخاننى تېخىچە ئۇنتۇيالمىغاندى. ھەر قېتىم مەرھۇم خاننى ئېسىگە ئالسا، خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ چوڭ خانزادىنى ئېلىپ تۈركىستانغا كەتكىنىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتى. بۇ ئىشلار ئۇ. چۇن ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلايتتى، خۇددى كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك خىجىل بولاتتى، ئىككى خانزادىنى شىرىك خان قىلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزمىغىنىغا ئۆكۈنەتتى. ئۆز جەمەتى. نىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ شەخسىيەتچىلىك، ئادالەتسىزلىك، نا. مەردلىك قىلغىنىغا پۇشايمان يەيتتى. مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيس. خاندىن، خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىدىن، خانزادە يۈنۈسخاندىن غايىۋانە ئەپۇ سورايتتى. ھەئە، ئۇ چوڭ خانزادە يۈنۈسخاننى تۇر. پانغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەنمۇ بولدى، لېكىن ئەلچىلەر قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ئەلچىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپتۇ، ھېچكىمنى ئەيىبلىمەپ. تۇ، دادىلماپتۇ، قېيىنئانىسىغا، سەييىدئەلى ئالىپقا، ئۆز سۇلتان مەلىكىگە سالام يوللاپتۇ. قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەردىن بۇ گەپلەر. نى ئاڭلىغان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ يۈرىكى ئوتتا كۆيگەندەك ئۆر. تەندى، نومۇستىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى.

ــ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئۆزلىرىنىمۇ زىنھار ئە. يىبلىمىسىلە، ــ دەپ تەسەللى بەرگەنىدى قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇن سەييىدئەلى ئالىپقا، ــ مەنمۇ ئۇل چوڭ نەۋرەمگە كىچىك نەۋرەمگە ئوخشاشلا مېھرىم بىلەن باقمەن. ئوغلۇمنىڭ نەسلى، پۇشتى دەپ ئىچ ـ ئىچىمدىن كۆيىمەن. لېكىن نەچارە، بىر قازاندا ئىككى كاللىنى قايناتقىلى بولغان بىلەن بىر تەختتە ئىكـ. كى پادىشاھنى ئولتۇرغۇزغىلى بولماس. شىرىك پادىشاھلىق سەل.

تەنەتنى خاراب قىلۇر، زىنھار روناق تاپقۇزماس، ئەل ـ يۇرتقا ئاسايىشلىق بەرمەس. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، مۇۋەپپەقىيەتكە يۈزلىنىشتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىللە تولۇق غەيرەتكە كېلىش، دۇچ كەلگەن توسالغۇلاردىن ئىككىلەنمەي ئۆتۈش لازىم. مانا بۇلار پىداكارلىق مەيدانىدا قىلىنغان شۇنداق بىر بەيگىكى، پەقەت جاسارەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلىيالىغانلارلا بۇ بەيگىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ ۋە ئۇتۇق قازىنالايدۇ. كۆڭۈلچەكلىك سەلتەنەت ئەھلى ئۈچۈن نۇقساندۇر. كۆڭۈللىرىنى ئازادە تۇتسىلا، ياراتقان ئىگەم تەقدىر ـ پېشانىسىگە پۈتكەن بولسا نەۋرە خانزادە يۇنۇسخانغىمۇ بىرەر ئەلنىڭ سەلتەنەتى نېسىپ بولۇپ قالۇر.

قېيىنئانىسى بىلەن ھەر قېتىم ھەمسۆھبەتتە بولغاندا سەييىدئەلى ئالىپ باشقىچە كۈچ ـ غەيرەتكە، ئەقىل ـ پاراسەتكە تولاتتى. شۇڭا سەلتەنەتنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىنى يوشۇرمايتتى، مەسلىھەتكە سالاتتى.

«خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە بىلەن خانزادە يۇنۇسخان ھازىر قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟... ئەلچىلەرگە سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلغان بىلەن مەندىن قاتتىق رەنجىدى، بولۇپمۇ خانىش مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. تۈركىستاندا دەسلەپ ئۇچراشقان ئاشۇ كۈنلەر قانداق گۈزەل چاغلار ئىدى ـ ھە. تەقدىر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، ئويلىمىغان قىسمەتلەر يۈز بېرىدىكەن، ئادەم بىلىپ ـ بىلمەي ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن...»

※ ※ ※

تەگسىز خىياللار قاينىمىغا ئەسىر بولغان سەييىدئەلى ئالىپ قەسىرنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلەلمەي قالدى، ئاتنى نۆكەرلىرىگە بېرىپ ئىچكىرىكى سارايغا قاراپ ماڭدى.

www.uyghurkitap.com

ــ ھارمىغايلا، سالامەت كەلدىلىمۇ ھەزرىتىم؟

سەييىدئەلى ئالىپ خىيالدىن باش كۆتۈردى. ئالدىدا تەۋازۇ بىلەن قول باغلاپ تۇرغان جۇۋانغا ــ تېخى بىر ئاي بۇرۇن نىكاھىغا ئالغان كىچىك ئائىچىسىغا مېھرى بىلەن قارىدى. قامەتلىك تال چىۋىقنى ئەسلىتىدىغان، خۇمارلىق كۆزلىرى ئەتراپىدىكى قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان گۈل يۈزلۈك بۇ جۇۋان ھەقىقەتەن پەرىزاتتەك گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن بۇ بىر ئايدىن بېرى سەييىدئەلى ئالىپ ئۆزىنى قايتىدىن يىگىرمە ياشلىق يىگىت ھالىتىگە قايتىپ قالغاندەك سېزەتتى. شۇ تاپتا كىچىك ئائىچىسىنى كۆرۈش بىلەن تومۇرلىرىدىكى يىگىتلىك قانلىرى قايناشقا باشلىغانىدى، لېكىن ئۆزىنى دەرھال تۇتۇۋېلىپ، ھاياجىنىنى زورىغا باستى. سارايىنىڭ تۆرىدىكى چوڭ ئائىچىسى ئۈز سۇلتان خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا ھۆرمەت بىلەن نەزەر تاشلىدى.

ــ چوڭ ئائىچا ھۇجرىسىدىمۇ؟ ــ سورىدى سەييىدئەلى ئالىپ.

ــ ئۆزلىرىنى ساقلاۋاتىدۇ ھەزرىتىم، ــ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى كىچىك ئائىچا.

سەييىدئەلى ئالىپ تۆردىكى ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى.

ــ ھارمىغايلا، ــ دېدى ئۈز سۇلتان خېنىم سەييىدئەلى ئالىپنى كۆرۈپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ.

سەييىدئەلى ئالىپ كاتسۇپىدىكى قوشلاپ سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇردى.

ــ ھەزرىتىمنىڭ ئۇسسۇلۇققا تاۋى بارمىكىن؟

ــ ئۇسسىمىدىم.

ــ غىزانى كىچىك ئائىچىنىڭ ھۇجرىسىدا راسلاپ قويغان، ــ دېدى ئۈز سۇلتان خېنىم.

سەييىدئەلى ئالىپ چوڭ ئائىچىسىغا مېھرى بىلەن قارىدى:

ــ غىزانى مەشەگە ئەكىرىپ بەرگەي، ئۆزلە بىلەن بىللە

غىزالانغۇم بار.

مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىم قېنىق سۈرمە سۈرگەن چىرايلىق بادام قاپىقىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۈزدى.

— كىچىك ئاغىچا كۆڭۈللىرىنى رەنجىتىپ قويمىغاندۇ ھەزرىتىم؟

— ياقەي.

— ئۇنىڭدىن كۆڭۈللىرى سوۋۇپ قالدىمۇ ـ يا؟

سەييىدئەلى ئالپ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئو ـ ڭايسىزلاندى. راست گەپ قىلسا مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىمنىڭ كۆڭلى رەنجىيتتى، يالغان جاۋاب بېرىشكە تىلى بارمايتتى.

سەييىدئەلى ئالپ گەدىنىنى قاشلىغىنىچە جاۋاب بەردى:

— بۈگۈن كۆڭلۈم ئۆزلەنى تارتىپ...

— يالغان گەپنى قاملاشتۇرالمىغاندىكىن دېمەيلا قويسىلا، — دېدى مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىم پىسسىڭىدە كۈلۈپ، — كىشى ـ لەر يېڭى كوزىنىڭ سۈيى سوغۇق، دېيىشىدىكەن. قىزىپ تۇرغان يۈرەكلىرىنى مەن سەگىتەلمەيمەن.

— ماڭا ئىشەنسىلە، ئالدىمىدىم، كۆڭلۈم راستىنلا ئۆزلەنى تارتىپ...

— كىچىك ئاغىچىنى نىكاھلىرىغا ئالغانلىرىغا ئەمدى يىـ ـ گىرمە توققۇز كۈن بولدى، — دېدى ئۇز سۇلتان خېنىم سەييىد ـ ئەلى ئالپنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇنىڭ بىلەن تولۇق قىرىق كۈننى ئۆتكۈزمەي مېنىڭ ھۇجرامغا چىقىۋالسىلا، قەسىردىكىلەر ـ نىڭ ئالدىدا سەت تۇرماسمۇ؟ كىچىك ئاغىچا قانداق يۈزىنى كۆتۈ ـ رۈپ يۈرىدۇ؟ ياكى چوڭ ئاغىچا چىدىماسلىق قىلىپ، ھەزرىتىمنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋاپتۇ، دېگەن پىتنىگە قالسۇن دەملا مېنى؟ قويسىلا، ھازىرلا چىقىپ كەتسىلە.

مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىم نازلىق كۈلگىنىچە سەييىدئەلى ئالپنىڭ تۆگە تاپىنىدەك يوغان ئالىقانلىرىدىن تۇتۇپ تارتتى. بىراق سەييىدئەلى ئالپ چاققانلىق بىلەن ئۇز سۇلتان خېنىمنى

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

قۇچىقىدا ئۇلتۇرغۇزۇۋالدى.

ــ مېنى قوغلىمىسىلا، ــ دېدى سەيپىدىنئەلى ئالپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ــ ئۆزلەگە دەيدىغان گېپىم بار.

ــ ئەمىسە چاققان دېسىلە، ــ دېدى ئۇز سۇلتان مەلىكە ئېرىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ كېتىشكە يۇلقۇنۇپ.

ــ ئۆگۈنلۈككە قەشقەرگە لەشكەر تارتىدىغان بولدۇم.

ئۇز سۇلتان مەلىكە تېپىرلاشتىن توختاپ، ئېرىنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قارىدى.

ــ راستمۇ؟

ــ راست. جۈمەدىن يېنىپ يولغا چىقىمىز، قەشقەرگە ئۆزلەنى ھەمراھ قىلىپ بارغۇم بار.

مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىم سەيپىدىنئەلى ئالپنىڭ كۆزىگە چەكسىز بىر مېھىر بىلەن قارىدى. شۇ تاپتا بىر ئايدىن بېرى رەشك ئازابىدا ئۆرتەنگەن يۈرىكى تاتلىق بىر ھاياجاندىن دۈپۈرلەۋاتاتتى. ھەئە، چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋۇجۇدى بەختىيارلىققا تولغانىدى. ئۇ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ مۇشۇنچىلىك تارتىشقانلىرىغا رەھمەت ھەزرىتىم. مېنىڭ ھازىر سەپەر ئازابىغا چىدىغۇچىلىكىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدا ئۆزلەگە جاپا سېلىپ قويىمەن. ئەڭ ياخشىسى كىچىك ئاغىچىنى ھەمراھ قىلىۋالسىلا، ئۇ ياش بولغاندىكىن جاپاغا چىدايدۇ.

مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىمنىڭ سەيپىدىنئەلى ئالپتىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلغۇسى، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بارسىمۇ ھەمراھ بولۇپ بىللە بارغۇسى بار ئىدى. ئەمما ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇپ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا جاۋاب بېرىۋاتاتتى.

ــ ھەرقانداق جاپالىرىنى كۆتۈرۈشكە رازىمەن مەلىكە، ــ دېدى سەيپىدىنئەلى ئالپ ھاياجانلانغان ھالدا، ــ ئاشۇ مۇشكۇل سەپەردە ئۆزلەنىڭ ھەمراھ بولۇشلىرىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرەر يىلغىچە كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، ئۆزلەردىن بىر يىل ئەمەس، بىر كۈن ئايرىلىپ ياشاشقىمۇ تاقىتىم يوقتۇر.

سەييىدئەلى ئالپ ئايالىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— پەقەت بولمىسا كىچىك ئاغىچىنىمۇ بىللە ئېلىۋالايلى، خىزمەتلىرىنى قىلىدىغانغىمۇ ئادەم لازىمغۇ تايىنلىق.

سەييىدئەلى ئالپ بۇ گەپلەرنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ دەۋاتاتتى. ھاياجانلانغان ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ كۆزىگە غىلىلىدە ياش كەلدى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭمۇ ئۆزلەردىن پەقەت ئايرىلغۇم يوق ھەزرىتىم. ئەمە-ما كەچۈرسىلە، بۇ دورەم راستىتىنلا ھەمراھ بولالمايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچىك ئاغىچا بىلەن كۆپرەك بىللە بولسىلا، پەرزەنت-لىك بولۇش ئارزۇيىمىز تېزرەك ئەمەلگە ئېشىپ قالسا ئەجەب ئە-مەس.

سەييىدئەلى ئالپ غۇززىدە قاپىقىنى تۈردى:

— مەن ئۆزلەگە قاچان پەرزەنت غەلۋىسى قىلدىم مەلىكەم؟ مەسلىھەتىمگە سالماي، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي ئۇل كىچىك ئاغى-چىنى ئېلىپ بەردىلە، مانا ئەمدى تېزرەك بالىلىق بولسىلا، دەپ، مەندىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇۋاتىدىلا. بىلىپ قويسىلا مەلىكەم، بالا بولمىسا مەيلى، لېكىن ئۆزلە بولمىسىلا بولمايدۇ.

ئۇز سۇلتان مەلىكە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ يىغى-سىدا سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئۆزگەرمەس، چىن مۇھەببىتىگە بولغان خۇشاللىقىمۇ، توي قىلىپ تا مۇشۇ كەمگىچە قورساق كۆتۈرمى-گەنلىكى ئۈچۈن يۈرىكىنى ئازابلاپ كەلگەن ھەسرەت، نادامەتمۇ بار ئىدى. ھەئە، ئون تۆت ـ ئون بەش يىلدىن بېرى پەقەتلا قور-ساق كۆتۈرمىگەن مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىم ئاخىر سەييىدئەلى ئالپقا كىچىك خوتۇن ئېلىپ بېرىپ بالىلىق بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن، سەييىدئەلى ئالپنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماي، نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزلار ئارىسىدىن ئاشۇ قىزنى تاللاپ نىكاھلاپ قويغانىدى.
ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ سەييىدئەلى ئالىپ تەمتىرەپ قالدى.
ـــ يىغلىمىسىلا مەلىكەم، ئۆزلە يىغلىسىلا يۈرىكىم تىلىنىپ كېتىدىكەن.
ـــ ئەمىسە گېپىمگە ماقۇل بولسىلا، ـــ دېدى ئۇز سۇلتان مەلىكە ئۆكسۈپ تۇرۇپ.
ـــ ئەمىسە ئۆزلەمۇ بۇگۈن مېنى ھۇجرىلىرىدىن قوغلىمىغايلا، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ.
قاتتىق ھاياجانلانغان مەلىكە ئۇز سۇلتان خېنىم سەييىدئەلى ئالىپنىڭ بويىنىغا مەھكەم گىرە سالدى.

## 31

تۈركىستان.
ئەمىر شەيخ نۇرىددىن تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. ئۇ كۈيئوغلى، مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش باھانىسىدا ئەندىجانغا لەشكەر تارتىپ كەلگىنىدە ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن ھەمدەم بولۇپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تەھلىكىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتىشنى خىيال قىلغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن سۇلتان ئۇۋەيسخان قازا قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ خىيالى كۆپۈككە ئايلاندى. كۆپۈككە ئايلاندىلا ئەمەس، قايتىدىن غەمدە، ۋەھىمىدە قالدى. ئۇنىڭغا مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقىلى خېلى يىللار بولغان، بۇ مەزگىلدە ئۇ سەمەرقەنت تەختگاھىغا ئەۋەتىشكە تېگىشلىك ئولپانلارنى پەقەتلا ئەۋەتمىگەنىدى. نېمە سەۋەبتىندۇر مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى ئولپان تاپشۇرۇشقا ئالدىراتمىغان، ھەتتا

ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئەلچىمۇ ئەۋەتمىگەنىدى. گەرچە ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بۇ ئىشتىن تازا خاتىرجەم بولالمىغان، ھەرزامان مىرزا ئۇلۇغبەگ سەلتەنەتىدىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، قوشنا ئەل موغۇلىستان سۇلتانى بىلەن قېيىنئاتا ـ كۆيئوغۇللۇق مۇناسىۋەتكە ئىشىنىپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كەلگەنىدى. غەم قىلغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، مىرزا ئۇلۇغبەگ سەركەردىسى ساتۇقخاننى بىر تۈمەن كىشىلىك خىللانغان لەشكەر بىلەن تۈركىستانغا ئەۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، كۆيئوغۇل سۇلتان ئۇۋەيسخان ھەم قېيىنئاتىسىغا بولۇشۇش، ھەم مىرزا ئۇلۇغبەگدىن قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش مۇددىئاسىدا لەشكەر تارتىپ كېلىپ ساتۇقخاننىڭ ئالدىنى توسۇپ، قېيىنئاتىسىنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپىتىدىن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. ناۋادا كۆيئوغلى سۇلتان ئۇۋەيسخان ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىنى تولۇق ئىستېلا قىلالمىسىمۇ ئەندىجاننى تەسەررۇپىغا ئالالىغان بولسا، مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاكىمىيىتىدىن كېلىدىغان ۋەھىمىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. ئەپسۇس، ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئەمەلگە ئاشمىدىلا ئەمەس، كۆيئوغلىنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىدىكى ۋەھىمىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى.

«نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆيۈ ئوغلۇم ئۇۋەيسخاندىن ئېھتىيات قىلىپ، ئىتائەتتىن چىققىنىمنى سۈرۈشتە قىلمىغان بولغىيدى، ئەمدى ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ. سەركەردىلەرنى تۈركىستانغا قايتىدىن لەشكەر تارتىشقا بۇيرۇشى مۇمكىن.. بىراق، كۆيۈ ئوغلۇم قازا قىلغان بىلەن نەۋرەم بار، نەۋرەم دېگەن چوڭ خانزادە، چوقۇم ئاتا تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، موغۇلىستان سەلتەنىتىگە سۇلتان بولىدۇ. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى كېلىپ قالسا، نەۋرەم يۇنۇسخان قاراپ تۇرمايدۇ. ھەئە، قىزىم دۆلەتسۇلتان مەلىكە ئۇنىڭغا دەرھال سەركەردە ـ لەشكەر ئەۋەتىپ،

بوۋاڭنى ياۋنىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلدۇر، دەيدۇ...»

شۇنداق، ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد شامى پۈتۈنلەي ئۆچمىگەنىدى، نەۋرىسى يۇنۇسخان ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاشۇ ئۈمىد شامىنى ئاجىز پىلىلدىتىپ تۇراتتى. قىزى دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ قاراپ تۇرمايدىغانلىقىغا، ئۆزىگە ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەئە، قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە كىچىككىنە تۈركىستان ئېلىنىڭلا ئەمەس، نەۋرىسى تەختتە ئولتۇرغان بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭمۇ خاقانى بولۇش خىيالى بار ئىدى. چۈنكى، نەۋرىسىنىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشىنى، ئۆزىنى بۈيۈك خاقان، دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

كۈتمىگەندە ئىنىسى ئىرازان بارىن بىلەن سەركەردىسى مىرەك تۈركمەنىنىڭ قىزى دۆلەتسۇلتان خانىش بىلەن نەۋرىسى يۇنۇسخاننى ئېلىپ تۈركىستانغا قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ بۇ شېرىن چۈشىنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋەتتى. ئۇ تۇرپان تەختگاھىدىكى ئەمىرلەرنىڭ چوڭ خانزادىنى قايرىپ قويۇپ كىچىك خانزادىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ، تەختتە ئولتۇرغۇزۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— ئۇل موغۇلىستان ئەمىرلىرىنىڭ بۇ قىلغىنى يولسىزلىق. سەلتەنەت يوسۇنىغا خىلاپ، — دېدى غەزىپىنى بېسىۋالالمىغان ئەمىر شەيخ نۇرىددىن چىچاڭشىپ، — نەدىمۇ چوڭىنى قايرىپ قويۇپ كىچىكىنى تەختتە ئولتۇرغۇزىدىغان ئىش بار ئىكەن؟!

گەرچە ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئاق ـ قارىنى ئوبدانلا پەرق ئېتىپ قالغان خانزادە يۇنۇسخان تۇرپاندىكى ئەمىرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىنىسىنى ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەرھالدا يامان ئەمەس بىلىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئانىسىنىڭ ھەسرىتىنىمۇ، بوۋىسىنىڭ غەزىپىنىمۇ چۈشىنەتتى.

— مېنىڭ تەختتە ئولتۇرغۇم، سۇلتان بولغۇم يوق، — دېدى

ئۇ چىرايىنى يۇرۇشتۇرۇپ.

ئاچچىقىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلەلمىگەن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن نەۋرىسىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى:

— نېمىشقا؟ نېمىشقا سۇلتان بولغىلىرى يوق خانزادەم؟ بەلىپ قويسىلا، سىلى دېگەن موغۇلىستان سۇلتانىنىڭ چوڭ خانزادىسى، موغۇلىستان تەسەررۇپى دېگەن سىلىنىڭ قانۇنلۇق ئاتا مىراس زېمىنلىرى. ئول تۇرپان تەختگاھىدا ئولتۇرۇش نۆۋىتى سىلىدىن ئاشسا ئاندىن باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك قائىدە بويىچە.

— خانزادە تېخى كىچىك، سەلتەنەت ئىشلىرىنى چۈشەنگۈچىلىكى يوق ئاتا، — دېدى دۆلەتسۇلتان خانىش كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — ئۇنى بۇنداق ئەيىبلىمىسىلە، ھېلىمۇ شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ ھېرىپ كەتتى.

— سىلى ئارىلاشمىسۇنلا! — دېدى ئەمىر قىزىنى سىلكىپ، — ئەسلىدە خاننىڭ يەنە بىر خانىشىدىن خانزادىسى بارلىقىنى بىلگەندىكىن، ئەقىللىرىنى جورۇپ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خانزادىلىرى ئۈچۈن ۋەلىئەھدلىك يارلىقىنى يازدۇرۇۋالماقلىرى كېرەك ئىدى. ئۇزا يىلى تۈركىستانغا كەلگەنلىرىدە بۇ ئىشنى سەمىلىرىگە سېلىپ ئالاھىدە تاپىلىغانمەن. خوپ بولدىمۇ ئەمدى، ئاتا نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىسا قانداق بولىدىكەن؟

دۆلەتسۇلتان خانىش دادىسىغا جاۋاب ياندۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۈمەللەپ ـ ئۆمەللەپ توختاپ قالدى. ئوغلى يۇنۇسخانغا بىرنەچچە دەقىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىككى قىزىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ھەرەمگە — ئانىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان يۇنۇسخانغا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن كايىدى:

— سىلى قېپقالسىلا خانزادەم. چوپچوڭ يىگىت تۇرۇقلۇق ۋالىدەلىرىنىڭ پېشىغا ئېسىلىۋېلىپ يۇرۇشتىن نومۇس قىلسىلا!

يۇنۇسخان پەرۋا قىلماي ئانىسىنى سارايىنىڭ ئىشكى تۈۋ-

گىچە ئۈزنىتىپ چىقتى، ئاندىن يېنىپ كېلىپ بوۋىسىنىڭ ئۇدۇ-
لىغا كېلىپ توختىدى.

ــ خانىش ئانامنى ئارتۇقچە ئەيىبلىمىدىلە ئالىيلىرى، ــ دېدى يۇنۇسخان سالماقلىق بىلەن ئەمىرنى«بوۋا» دەپ ئاتىماي كۈز-لىرىگە قاراپ تۇرۇپ، ــ ئۆزلە ئۇ كۈنى تۇرپان ئوردىسىدا بولغان قۇرۇلتاينى بىلمەيدىلا، خانىش ئانام تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ خەۋپتە قېلىشىدىن ئەنسە-رەپ ئۇل ئەمىرلەرنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كىمنىڭ ئاتا تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇسى يوق دەيدىلا؟ راست، ئۇل تاجۇ تەخت مېنىڭكى، مەن تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئولتۇرۇش سالاھىيىتى ئەسلا يوق ئىدى. بايا ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئايىغانلى-قىم، يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشماي، دې-گەنلىكىم ئۈچۈن ئاشۇنداق دەپ قويدۇم. ئۆزلەگە ۋەدە بېرەي: ئالالاھ خالىسا ئاتامنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى قولۇمغا ئالماي قويمايمەن.

نەۋرىسىنىڭ سۆزلىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىنغا ئازراق تە-سەللى بولدى، ئۇنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى. نەزەرىنى تاپسىدا قول باغلاپ تۇرغان ئىنىسى بىلەن سەركەر-دىسىگە يۆتكىدى:

ــ خوش، ئىككىلىرىنىڭ قوللىرىدا بىر تۈمەن ئاتلىق چە-ۋەندازلار تۇرۇقلۇق، ئۇل موغۇلىستان ئەمىرلىرىنىڭ قارارىغا خوش ـ خوش ئېتىپ، ھېچقانداق ئىش تەۋرەتمەيلا خانىش بىلەن خانزادىنى ئېلىپ يېنىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ باقسام بولامدۇ؟

ــ بىز بىخەستەلىك قىلىپتۇق ئالىيلىرى، ــ دېدى ئىرازان بارىن، ــ ئۇل ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپىنىڭ سۇيىقەستىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەپتىمىز. چوڭ خانزادىنىڭ ئاتا تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ دەپ، تولىمۇ يۈزە ئويلاپتۇق.

ــ ئۇلارنىڭ سۈيقەستى ئاشكارا بولغاندا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ يەنىلا ئامالسىز قالدۇق، ــ دېدى مىرەك تۈركمەن، ــ ئۇل چاغدا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز سىرتتا، بىز ئوردىدا بولغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىش بىلەن خانزادىنىڭ ھاياتىدىن ۋايىم يېگەنلىكىمىز ئۈچۈن قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدۇق. بىھۇدە قىرغىنچىلىققا سەۋەب بولۇپ، خانىش بىلەن خانزادىنى بالاغا تىقىپ قويۇپ، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزدىن كۆرە، تىنچ ـ ئامان تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئالىيلىرى بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلايلى دېدۇق.

ئورۇنلۇق سەۋەب ئالدىدا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن لام ـ جىم دېيەلمىدى، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇلارنى ئەيىبلەشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى.

ــ شۇنداق قىلىپ، ئەمدى بۇ ئىشلارنى بولدى قىلىدىكەنمىز ـ دە، ــ دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ھەسرەتلەنگەن ھالدا، ــ بىلەمسىلەر، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنى بىزنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، تۈركىستان سەلتەنەتىگە قىلىنغان ھاقارەت. سۈكۈت قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ.

ــ ئەلۋەتتە بىزمۇ سۈكۈت قىلالمايمىز، ــ دېدى ئىمرازان بارىن، ــ بارلىق تۈركىستان لەشكەرلىرىنى ئىختىيارىمغا تاپشۇرسىلا ئالىيلىرى. موغۇلىستانغا رەسمىي لەشكەر تارتايلى، ئۇل ئىنسابسىزلاردىن خانزادىنىڭ تەختىنى سويۇپ ئالايلى.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن يالت ئېتىپ ئىنىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

ــ شول تاپتا، ــ دېدى ئىمرازان بارىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ تۇرپان تەختگاھى بىزدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەمدۇر. ئەمىر كەبىر سەيىدئەلى ئالپىنىڭ ئەس ـ يادى قەشقەرنى قايتۇرۇپ ئېلىشتا، بىزنىڭ لەشكەر تارتىپ بېرىشىمىزنى ئۇلار زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ لەشكەر تارتىپ بارساق، تۇرپان تەختگاھىنى قولىمىزغا ئالالمىغان تەقدىردىمۇ موغۇلىستان تەسەررۇپىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ خانزادىگە تەۋە قىلالىشىمىزدا گەپ يوق، ــ دېدى مىرەك تۈركمەن لەشكەر تارتىشنى قوللاپ، ــ ناۋادا بۇ مۇددىئايىمىزدىن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۈرسەك، ئۇزۇندىن بېرى زېمىن دەۋاسى قىلىپ كەلگەن رەقىبلەرنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىزنى قوللىشى، ھەتتا قەشقەرنى ساقلاپ ياتقان سەر ـ كەردە ـ لەشكەرلەرنى بىز بىلەن كۆمەكلىشىشكە بۇيرۇشى مۇمـ ـكىن.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئەمىر شەيخ نۇرىد ـ دىننىڭ كالللىسىغا پاللىدە بىر ئەقىل كەلدى. ھەئە، شۇ تاپتا مو ـ غۇلىستانغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ نۇسرەت قازىنىشقا ئۇنىڭ ئىـ ـشەنچى يوق ئىدى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن دۈشمەننى ئىككى قىلىۋې ـ لىشنى، قۇدرەتلىك ئىككى خانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپسىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ تاجۇ تەختى ياكى ماۋەرائۇننەھر ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن، ياكى بۈيۈك موغۇلىستان ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىناتتى. ھەر ئىككى ئەلگە تەڭ تاقابىل تۇرۇشقا ئۇنىڭ ماغدۇرى يەتمەيتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ موغۇلىستانغا لەشكەر تارتقىنىنى بىلىپ قالسا، دەرھال تۈركىستانغا لەشكەر تارتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىـ ـدى. نەچچە يىلدىن بېرى ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۇلپان تاپشۇرمىغانلىقى سەۋەبلىك مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك رەقىب ئىدى. ھازىرقى ئەڭ ئەپلىك چارە ــ ئاشۇ كۈچلۈك ئىككى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىش، ئۇ ـ رۇش ئوتىنى ئۇلارغا تۇتاشتۇرۇپ ئارىدىن نەپ ئېلىش ئىدى. چۈنكى، قايسى تەرەپ غەلىبە قىلسا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئوخ ـ شاشلا پايدا ئالاتتى. ناۋادا مىرزا ئۇلۇغبەگ غەلىبە قىلسا، ئىس ـ تىپلاسىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن موغۇلىستان تەختىگە چوقۇم خانزادە يۇنۇسخاننى ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. بۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەۋەلىك بىلدۇرۇپ ۋاقتى ـ قەرەلىـ
ـدە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرسىلا بولاتتى. ناۋادا موغۇلىستان تەرەپ
غەلىبە قىلىپ قالسا، ئۇلاردىن نەۋرىسىگە تەسەررۇپ زېمىن بېـ
ـرىشنى بىمالال تەلەپ قىلالايتتى. ئۇ چاغدا موغۇلىستانلىقلارنىڭ
مەرھۇم خانىنىڭ بۇ چوڭ خانزادىسىنى ھاكىمىيەتسىز قالدۇرۇشقا
يۈزى چىدىمايتتى ـ دە، تەبىئىي ھالدا نەۋرىسى خانزادە يۇنۇسـ
خانغا ماۋەرائۇننەھرنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇش نېسىپ بولاتتى، ئۆزى
بولسا پەقەتلا زىيان تارتمايتتى.

مۇشۇلارنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمىر
شەيخ نۇرىددىن چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن ئادەم بىر ھېجىر سوغۇق
سۇغا ئېرىشكەندەك روھلاندى، ئىككى سەركەردىسىگە ئويلىغانلىـ
ـرىنى مېغىزلىق قىلىپ چۈشەندۈردى.

— راستىنلا مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ياردەم تەلەپ قىلىمىزمۇ
ئالىيلىرى؟ — سورىدى ئىرازان بارىن تازا ئىشەنچ قىلالماي.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۆزىگە ئىشەنـ
ـگەن ھالدا، — ئول ئىككى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون نەچچە يىلـ
ـدىن بېرى قەشقەرنى تالىشىپ بىرنەچچە قېتىم ياغى بولدى. مەرـ
ھۇم جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن
بۇ ئاداۋەت تېخىمۇ كۈچەيدى. پەممىچە، مىرزا ئۇلۇغبەگ موغۇـ
ـلىستانغا لەشكەر تارتقۇسى بولسىمۇ، بىرەر ئورۇنلۇق باھانە تاپالـ
ـماي تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. خانزادە يۇنۇسخان سەمەرـ
قەنتكە بېرىپ، ئاتىسىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئېلىپ بېرىشنى
ئىلتىماس قىلسا، مىرزا ئۇلۇغبەگ قاراپ تۇرماسلىقى مۇمكىن.
ئۇنىڭسىزمۇ ھازىر ئۇنىڭ قەشقەردە ئىككى تۈمەن لەشكىرى بار.
سەمەرقەنتتىن لەشكەر يۆتكىمەيمۇ بۇ لەشكىري يۇرۇشنىڭ ھۆدـ
ـدىسىدىن چىقالايدۇ. بۇ باھانە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۈچۈنمۇ تېپىلغۇـ
ـسىز پۇرسەت، — ئەمىر نەۋرىسى يۇنۇسخانغا قاراپ سورىدى، —
قانداق خانزادەم، سەمەرقەنتكە بېرىپ مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ياردەم
سوراشقا رىغبەتلىرى بارمۇ؟

باياتىن بىرى ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى بىر چەتتە جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان يۇنۇسخان ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بەردى:

— بۇنىڭدىن بۆلەك ياخشىراق ئامالمۇ يوقتەك قىلىدۇ. مەيدلى، ئۇرۇنۇپ كۆرەي، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ قالسام ئەجەب ئەمەس.

خانزادە يۇنۇسخانغا ئاغزىدىن چىقارماي، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي تۇرغان بىلەن، ئاتىسىنىڭ تاجۇ تەختىگە ئىنىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى قاتتىق ھار كەلگەندى. بولۇپمۇ تۇرپاندىن تۇركىستانغا كەلگىچە ئانىسىنىڭ ئۈنسىز ياش تۆكۈشى، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشى ئۇنىڭ سەبىي يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن، تاجۇ تەختنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغاندى. ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىغانلىقى، ۋەتىنىدىن، تاجۇ تەختىدىن ناھەق ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، ئاتىسىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنىڭ يولسىزلىقى، يۈزسىزلىكى غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەندى. گەرچە يول بويى ئانىسى بىلەن بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمىغان بولسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە موغۇلىستانغا قايتىپ بېرىپ، تاجۇ تەختنى قولىغا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. ئۇنىڭ سەبىي يۈرىكىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان تاجۇ تەخت ۋەسۋەسىسى ئاداۋەت، قىساسخورلۇق ئوتلىرىغا تۇترۇق بولۇۋاتاتتى، ئىرادىسىنى كۈچەيتىۋاتاتتى.

شۇنداق، يەتتە ـ سەككىز ياش ۋاقتىدىن تارتىپ جانبازلىق ماھارىتىنىلا ئەمەس، ھېساب، تىل ـ ئەدەبىيات، قانۇن، لەشكەرىي ئىشلار، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، ئىلمىي رىيازەت ۋە ئىلمى تەجۋىد[1]... قاتارلىق ئىلىملەرنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن خانزادە يۇنۇسخاننىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر، قاراشلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغاندى. ئۇ ئاتىسىغا، سەيىدئەلى ئالپقا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. چوڭ بولغاندا چوقۇم ئاشۇلاردەك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇس، ئاتىسى سۇلتان ئۇۋەيسخان ۋاقىتسىز

① ئىلمى تەجۋىد ـــ قىرائەت ئىلمى.

قازا قىلىپ كەتتى. ئەڭ ئىشەنگەن، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى
سەيىيدئەلى ئالپ بولسا قاراپ تۇرۇپلا يۈزسىزلىك قىلدى. ئۇ
سەيىيدئەلى ئالپنىڭ يۈزسىزلىكىنى كۆڭلىگە پەقەتلا سىغدۇرال-
مىدى. تەقدىرنىڭ ئاچچىق، رەھىمسىز بۇ چاقچىقىدىن تېگىرقى-
دى، ھەسرەتلەندى. ئىنسان خاراكتېرىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى، ئەڭ
يېقىن كىشىلىرىنىڭمۇ پايدا ـ مەنپەئەت، ھوقۇق ـ مەرتىۋە ئال-
دىدا ئاينىپ كېتىدىغانلىقىنى، ۋاپا ـ ساداقەتنى يوقىتىدىغانلى-
قىنى، ھاياتنىڭ تولىمۇ رەھىمسىزلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس
قىلدى. ئەنە ئاشۇ ھېس ـ تۇيغۇلار ئۇنى ھەم جىمغۇر، ھەم غەيى-
رەتلىك قىلىپ قويغانىدى. يول بويى ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ بول-
سىمۇ موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولغا ئېلىشقا قەسەم قىلغانىدى.

— يېقىنقى سەككىز ـ ئون يىلدىن بېرى سەمەرقەنت
تەختگاھىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئولپاننى تاپشۇرماي كەل-
دۇق، — دېدى مىرەك تۇركمەن كۆڭلىدىن كەچكەن گۇماننى يو-
شۇرماي، — ئەمدىلىكتە خانزادە ئالىيلىرىنى ياردەم تەلەپ قى-
لىشقا ئەۋەتسەك مىرزا ئۇلۇغبەگ نېمىدەپ قالۇر؟

كاللىسىغا كەلگەن ئەقىلدىن ۋاز كەچكۇسى كەلمىگەن ئە-
مىر شەيخ نۇرىددىن سەركەردىسىنىڭ بۇ گېپىگە ئانچە ئېتىبار
قىلىپ كەتمىدى.

— خانزادە ئول دەرگاھقا ھازىرچە ئىككى يىللىق ئولپان
بىلەن سوۋغا ـ پىشكەشلەرنى ئېلىپ بارغاي. قالغىنىغا مىرزا ئۇ-
لۇغبەگ ئالىيلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن مەكتۇپ پۈتۈپ بېرىمەن.
بۇنىڭدىن باشقا، مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا قۇدا ـ با-
جىلىق مۇناسىۋەت بار، — ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئىنىسى ئىرازان
بارىنىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇزا يە-
لى مەلىكىلىرىنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭ خانزادىسى ئابدۇللە-
تىپ مىرزىغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىرىدە ئورۇنسىز كايىغان ئىكەنمەن،
ئەمدى بۇ ئىشمۇ ياخشىلىققا تەۋسىپ تېپىپ قالسا ئەجەب ئە-
مەس. مەلىكە نېمىلا بولمىسۇن خانزادىگە ئىگىچى بولىدۇ. سىلى

www.uyghurkitap.com

خانزادىنى بىللە ئېلىپ بارسىلا مىرزا ئۇلۇغبەگ يۇزلىرىنى قىلماي قالماس، ئاللاھ خالىسا مەقسەت ـ مۇددىئايىمىزغا كەمكۇتسىز يەتكەيمىز.

ئىرازان بارىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىدىمۇ ياكى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭ خانزادىسى بولغان كۇيۇئوغلىغا يالۋۇرۇشنى ھار ئالدىمۇ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ـــ ئەڭ ياخشىسى، يەنىلا موغۇلىستانغا لەشكەر تارتقىنىمىز تۈزۈك ئىدى ئالىيلىرى.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئىنىسى ئىرازان بارىننى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى:

ـــ گەپ بىر، قۇلاق ئىككى، ئەمدى زىنھار ئارسالدى بولمىسۇنلار!

شاھنىشىننى سوغۇق تىمتاسلىق باستى.

خانزادە يۇنۇسخاننىڭ ئىرازان مىرزىنى قوللىغۇسى، ۋەتەنگە لەشكەر تارتىپ بارغۇسى، تاجۇ تەختنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قولى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ جاسارىتىگە تايىنىپ مەردلىك بىلەن تارتىۋالغۇسى بار ئىدى. ئەمما بوۋىسىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ يېلىنغۇسى كەلمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنىسىنىڭ قولىدىن تاجۇ تەختنى تېزرەك تارتىۋېلىش ئارزۇسىلا ھۆكۈمران ئىدى، خۇددى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغان ئويۇنچۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئالدىرىغان كىچىك بالىدەك. ئۇنىڭدىن چوڭقۇرلاپ ئويلىغۇدەك ھەپىسىلىسى يوق ئىدى.

※ ※ ※

ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن خانزادە يۇنۇسخان بوۋىسى ۋە ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەننىڭ ھەمراھلىقىدا، تۇرپاندىن ئايرىلغان چاغدا ئۆزىگە ئەگەشكەن ئۈچ مىڭغا يېقىن ۋەتەندىشىنى ئەگەشتۈرۈپ سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا

چىقتى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بۇ ئۈچ مىڭ ئادەمنىڭ ھەممىسى ئوردىدىكى تەخت ۋارىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا خانزادە يۇنۇسخاننىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللاپ، سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن بىرنەچچە ئەمىرنىڭ نۆكەرلىرى، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن مىرزا ئۇلۇغبەگنى تەسىرلەندۇرۇپ، ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن بۇ مۇساپىرلارنى خانزادە يۇنۇسخان بىلەن سەمەرقەنتكە بىللە بېرىشقا بۇيرۇغانىدى.

ئۇلارنىڭ تۈركىستاندىن ئايرىلىپ ماۋەرائۇننەھر تەۋەسىگە رەسمىي قەدەم باسقاندىن كېيىن يول يۈرۈشى تولىمۇ ئاستا بولدى. چۈنكى، ئۇلار يول ئۈستىدىكى تۈمەن دەرىجىلىك بەگلەر بىلەن، شەھەر ـ ۋىلايەت ئەمىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سەمەرقەنتكە بېرىش مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ، يول خېتىگە تامغا باستۇرۇپ مېڭىشى شەرت ئىدى. ئەلۋەتتە يول خېتىگە ھەر بىر تامغا باستۇرغاندا ئاز ـ تولىدىن رەسمىيەت ھەققى، سوۋغا ـ پېشكەش تاپشۇرماي بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئېلىۋالغان يول خىراجىتى يېرىم يولدىلا پۈتۈنلەي تۈگىدى، سەپەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى ئۇلار ئۆز بىساتىدىكى مال ـ مۈلۈكلىرىنى خىراجەت قىلىپ داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. نەچچە ئونلىغان قېچىر ـ تۆگىلەرگە ئارتىلغان، مىرزا ئۇلۇغبەگ ھۇزۇرىغا ئېلىپ مېڭىلغان ئولپانلارغا چېقىلغىلى بولمايتتى. رەخت، تېرىلەر تايلىرى بىلەن، ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىراتلار قاچىلانغان ساندۇقلار قۇلۇپلىرى بىلەن پېچەتلىۋېتىلگەنىدى. ئۈچ مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ ئۈچ ۋاقىتلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ھەل قىلىش تولىمۇ قىيىنغا چۈشۈۋاتاتتى.

سەمەرقەنتكە بېرىشنى خالاپ كەتمىگەن ئىرازان بارىن بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانىدى.

— سىلىنىڭ نەۋرە ئىنىچىلىرى بولمىش قىزىمنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭ خانزادىسىگە ياتلىق قىلغىنىم بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئاغىچىلىق سالاھىيىتى يوقتۇر، — دېيىتتى ئىرازان بارىن يۇنۇسخانغا ھال دادلاپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆيئوغۇل بولمىش

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللەتىپ مىرزا خۇي ـ پەيلىنىڭ تايىنى يوق بىر خانزادىدۇر. قىزىمنىڭ بۇ توي ئىشى ئاغىچام سەمەرقەنتكە تۇغقان يوقلاپ بارغان چېغىدا ئابدۇللەتىپ مىرزىنىڭ قىزىمغا كۆزى چۈشۈپ قېلىشى بىلەن مەجبۇرەن ۋۇجۇدقا چىققان. تا ھازىرغىچە مىرزا ئۇلۇغبەگ بىزنى قۇدا ئورنىدا كۆرۈپ باقمىدى. بەلكىم بۇ دورەم كۆرۈشسەكمۇ قۇدىلىق مۇناسىۋىتىمىزگە ئانچە رىئايە قىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن.

يۇنۇسخان لام ـ جىم دېمەيتتى. ھەئە، ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ئانا تەرەپ تاغىسى ئىرازان بارىندىن چوڭ ئۈمىد كۈتمەيتتى، پەقەت موغۇلىستان تەختىنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا بۇ كاتتا ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇڭا مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ بىلەن قانداق يوسۇندا كۆرۈشۈش، قانداق تەرزدە سۆزلىشىش، نېمە دېيىش ھەققىدە باش قاتۇراتتى، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى كۆڭلىدە پىشۇرۇۋېلىشقا تىرىشاتتى.

يۇنۇسخان ھەمراھلىرى بىلەن ئەنە ئاشۇنداق جاپالىق يول بېسىپ، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا بىر تۇغرام نانغا زار بولغان ھالەتتە ئاران يېتىپ كەلدى.



شۇ كۈنلەردە خانىقا سېلىش باھانىسى بىلەن رەسەتخانا قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش بىلەن قاتتىق ئارازلىشىپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە ئىدى. گەرچە سەلتەنەت سۈرگە تايىنىپ رەسەت-

خانا قۇرۇلۇشى ئورنىنى ئىگىلىۋالغان مۇرىدىل ھىدايەتچىلەرنى قوغلىۋەتكەن، جاھىللىق قىلغان، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى تۆ- تۈپ زىندانغا تاشلاپ، ئۇلارنى رەسەتخانا قۇرۇلۇشىغا قايتا تۇس- قۇنلۇق قىلالمايدىغان قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىش سە- مەرقەنت شەھىرىدە يامان تەسىر پەيدا قىلغانىدى. خان بىلەن تەڭ تۇرۇشقا پېتىنالمىغان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش غايىبتىن ئاڭلىغان ۋەھىي، چۈشىدە ئايان بولغان بېشارەت، ئېتىكاپخانىدا كۆرگەن كەشپۇ كارامەتلىرىنى تەرغىب قىلىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگ- نى دەھرىي، مۇرتەدلىكتە ئەيىبلەپ، رەسەتخانىدىن ئىبارەت كۇ- پۇر دەرگاھىنىڭ سەمەرقەنت خەلقىگە كەلتۈرىدىغان بالا ـ قازا- لىرىنى شەرھلەپ، بولۇشىغا پىتنە ـ پاسات تارقاتقانىدى. ئىشان- نىڭ جۇلدۇر كىيىم، قەلەندەر سىياق دەرۋىش ـ سوپىلىرىنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شەھەر ئاھا- لىسى بۇ پىتنە پاساتلارغا ئىشىنىپ قالغان، ئوردىغا مۆتىۋەر، ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن ۋەكىل ئەۋەتىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگدىن رە- سەتخانا قۇرۇلۇشىنى توختىتىپ خانىقا سېلىشقا ئىجازەت بېرىش- نى تەلەپ قىلىشقانىدى. شۇ سەۋەبلىك رەسەتخانىنىڭ بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئۇلىنى قايتىدىن ياساش تەسكە توختاۋاتات- تى. بۇ خاپىچىلىق ئاز كەلگەندەك، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ھا- كىمى مىرانشاھ دورغا ھە دېسە قەشقەر ئەمىرى پىرھاجى مۇھەم- مەد شايەستە ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بېشىنى ئاغرىتاتتى.

مانا بۈگۈن ئەتىگەنلىك قوبۇلدىمۇ تەختنىڭ پايىسىنى قۇ- چاقلاپ ياتقان مىرانشاھ دورغا پوتلا ـ ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغ- لىغىنىچە دادخورلۇق قىلىۋاتاتتى:

— ئادالەتلىرىگە سېغىنماقتىن باشقا ئىلاجىم يوقتۇر ئالى- ھەزرىتىم، بىزگە ئىگە بولغايلا. ئول پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئىنىم ساتۇقخاننىڭ موغۇلىستان خانى ئۇۋەيسخاننى ئۆلتۈرۈپ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسىگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ، خان يار-

لىقى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ئىنىمنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىنى چەكلەش، ئوردىدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قەشقەرلىكلەر بىلەن ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىنىمنىڭ ھاياتىغا قەست قىلغان...

— ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا جانابىي ئەمىر، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىزارلىق بىلەن، — يەنىلا ئۇل ئىشلارنى تەھقىقلەش ئۈچۈن قەشقەرگە ئەۋەتكەن خانلىق مۇپەتتىشنىڭ مەلۇماتىنى ساقلايلى. دەلىل ـ ئىسپاتسىز ئەرز، غوۋغا بىھاجەتتۇر.

— دەلىل ـ ئىسپات مانا، مۇبارەك نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزگەيلا، — دېدى مىرانشاھ دورغا قوينىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، — بۇ مەرھۇم جەننەتماكان ئىنىم سەركەردە ساتۇقخاننىڭ كەمىنە ئاغىنىسىغا يوللىغان شەخسىي مەكتۇپىدۇر. مەكتۇپتا يېزىلىشىچە، پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قەشقەرلىك قاتىل قاراقۇل ئەھمەد مىرزىغا ھەج سەپىرىگە خىراجەت قىلىش باھانىسى بىلەن خەزىنىدىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بەرگەنىكەن. ئەمدى بىلدۇقكى، بۇ ھەرگىزمۇ ھەج خىراجىتى ئەمەستۇر، پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئوچۇق ـ ئاشكارا قاتىل ياللىغان. ئۇل بەتبەخت قاتىل پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بەرگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئالغاندىن كېيىن مەككىگە سەپەر قىلمىغان، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي لەشكەرگاھقا يوشۇرۇن كىرىپ ئىنىمنىڭ جېنىغا قەست قىلغان. ئۇيلاپ باقسۇنلا ئالىيلىرى، پىرھاجى مۇھەممەدتەك كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بولمىسا ئاشۇنداق قىلىشقا پېتىنالارمىدى؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاشۇ چاغدا سەمەرقەنتكە يالاپ كېلىنگەن قاتىل قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى سوئال ـ سوراق قىلماي ئۆلۈمگە بۇيرۇغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. بىراق ساتۇقخاننىڭ قەشقەر ئەمىرى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يازغان بۇ شەخسىي مەكتۇپى بىلەنلا، بۇ قاتىللىقنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش، پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنى جازالاش



www.uyghurkitap.com

ئۇنچە ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى. ھەئە، شۇ چاغلاردا مىرزا ئۇلۇغ-
بەگ ھەر ئىككى ئەمىرىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت
قىلىپ يازغان ئەرزلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىدى. ھەر ئىككىلىسى-
نىڭ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ كۆرسەتكەن ئورۇنلۇق سەۋەبلىرى
بار ئىدى. ئۇ چاغدا مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇنى ئىككى ئەمىرنىڭ ئوت-
تۇرىسىدا يۈز بەرگەن كىچىككىنە سۈركىلىش دەپ، ئانچە پەرۋا
قىلىپ كەتمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئەس ـ يادى رەسەتخانا قۇرۇلۇ-
شىدا قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ قاتىللىقنى شەخسەن تەھقىق-
لەپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ئۇ قەشقەرگە
ئەۋەتكەن ئوردا مۇپەتتىشىنىڭ تەكشۈرۈپ چىقارغان يەكۈنىنى
كۈتۈشنى، شۇنىڭغا قاراپ ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىشنى كۆڭلىگە
پۈككەنىدى. بىراق، مىرانشاھ دورغا ئىككى كۈندە بىر غوۋغا كۆ-
تۈرۈپ، يىغلاپ دەرد تۆكۈپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلىنى پارا-
كەندە قىلاتتى. ئەلۋەتتە، مىرزا ئۇلۇغبەگ مىرانشاھ دورغىنى ئە-
يىبلىمەيتتى، سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشقا مەجبۇر
بولاتتى. قەشقەر مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يەنە بىر باش ئاغرىقى بولۇپ
قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ قەشقەردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيتتى.
قەشقەردىن ئىبارەت بۇ كاتتا شەھەرنى تەسەررۇپىغا ئىلىپ ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىش خانلىق سەلتەنەتنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆ-
تۈرىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. ھەر قېتىم ھىراتتىكى دادىسى شاھ-
رۇخ مىرزىنىڭ ئوردىسىغا بارغىنىدا، ھىرات ئەمىرلىرى ئالدىدا
قەشقەرنى تەسەررۇپىغا ئالغىنىدىن ماختىناتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ
نەزەرىدە دۇنيادىكى يېگانە دېگۈدەك ئابىدە قۇرۇلۇشى ھېسابلىنى-
دىغان رەسەتخانا بىنا قىلىشمۇ ئىلىم ئەھلىلىرى ئالدىدا ماختا-
غۇدەك كاتتا ئىش ھېسابلىناتتى. ئەمما مىرزا ئۇلۇغبەگ رەسەتخا-
نىنى ماختىنىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان، پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن سالدۇرۇۋاتاتتى.

رەسەتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ھە دېگەندە توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى،
ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ

www.uyghurkitap.com

ئاۋامنى قۇترىتىشى، مۇنۇ مىرانشاھ دورغىنىڭ بولسا خاننىڭ غېمىنى يەڭگىللەتمەكتە يوق، ھە دېسە قەشقەردىكى پىرھاجى مۇ- ھەممەد شايەستە ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى ئۇنىڭ قاتتىق ئە- چىنى پۇشۇرغانىدى. شۇ تاپتا مىرزا ئۇلۇغبەگ مىرانشاھ دورغىنى سىلكىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— ئالەمپاناھىمىزغا مەلۇم بولغاي!

شاھنىشىنغا كىرىپ كەلگەن ھۆدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى. ئۇ نەزەرىنى مىرانشاھ دورغىدىن ھۆدەيچى بەگكە ئاغدۇردى:

— نېمىش؟

— ئۆزىنى موغۇلىستان خانى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ خانزادىسى دەپ ئاتىۋالغان يۇنۇسبەگ ئىسىملىك بىر يىگىتچاق ئالىيلىرىغا ئېيتىدىغان ئەرزىم بار، دەپ شەھەر سىرتىدا ساقلاۋې- تىپتۇ.

«مانا ئەرزخوردىن يەنە بىرى پەيدا بولدى. ئۇ شۇنچە يىراق تۇرپان شەھىرىدىن نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەرز قىلىپ كەلگەنمىدۇ ـ يا؟ راستىنىلا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ خانزادىسى بولسا قوبۇل قىلماي بولمايدۇ...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ھۆدەيچى بەگكە قا- رىدى:

— ئۆزى يالغۇزمىكەن؟

— يوقسۇ قىبلىگاھىم، يېنىدا ئىككى ـ ئۈچ مىڭچە ئادىمى بار. ھەممىسى موغۇلىستانلىقتەك قىلىدۇ. يەنە تېخى تۈركىستان ئەمىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ ئىككى ئەلچىسىمۇ بىللە كەپ- تۇ. ئۇلار ئالەمپاناھىمىزنىڭ تەختگاھىنى سېغىنىپ ئولپان ئې- لىپ كەلگەنىش.

«نەچچە يىلدىن بېرى بىزگە ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇشتىن باش تارتقان تۈركىستان ئەمىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئولپان تاپشۇرغى- سى كېلىپ قاپتۇ ـ يا؟ ھە راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، كۈيئوغلى

بولمىش ئۇل سۇلتان ئۇۋەيسخان قازا قىلغاندىن كېيىن يۆلەنچۈ-كىدىن ئايرىلىپ، بىز بىلەن قايتىدىن ئارنى ياخشىلىماقچى بوپتۇ ـ دە، ئۇلپان تاپشۇرۇشتىن باشقا مۇددىئاسىمۇ باردۇر بەل-كىم...»

— ئۇل تۈركىستان ئەلچىلىرى ئوردىغا كىرىپ ساراي سىر-تىدا ساقلاپ تۇرغاي. موغۇلىستان خانزادىسى يۇنۇسبەگنى ھۇزۇ-رۇمغا باشلاپ كىرسۇنلار! — دەپ ئەمىر قىلدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

— موغۇلىستان خانزادىسىنىڭ ئوردىغا قەدەم بېسىشى ياخ-شىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەستۇر ئالىيلىرى، — دېدى مىرانشاھ دورغا ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قەشقەرلىك-لەرگە، خۇسۇسەن بارلىق موغۇلىستانلىقلارغا قاتتىق ئاداۋەت تۇت-قانىدى، — ئۇنى قوبۇل قىلمايلا تەسەررۇپىمىزدىن قوغلاپ چى-قارغانلىرى ئەۋزەل ئىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوي ـ پىكرىنى بىلىپ باقماقچى بولغانلىك باشقا ئەمىرلەرگە قاراپ قويدى. شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن كۆ-زىنى يېرىم يۇمغىنىچە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىر كەبىرى ئەمىر سۇلتان جاندار گەپ قىلىش ئۇ-چۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ يەنە توختىۋالدى. قارا دىۋانبېگى، ئىد-شىكئاغىسى، ئوردا ياساۋۇللار ئەمىرى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجى-لىك ئەمىرلەرنىڭ چىرايىدىن مىرانشاھ دورغىنىڭ سۆزىنى قۇۋ-ۋەتلەيدىغاندەك بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. ئادەتتە تولىمۇ سۆزمەن، خاندىن باشقىلارغا ئالدىراپ گەپ بەرمەيدىغان خوجا شە-رىپ كاشغەرىينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ھەئە، موغۇلىس-تانغا ئائىت ھەرقانداق خەۋەر ئۇنى ئەنە ئاشۇنداق ۋەھىمە، تەش-ۋىشكە سېلىپ قوياتتى.

— مېنىڭچە ھاكىمبەگ جانابلىرىنىڭ تەۋسىيەسى ئورۇن-لۇق، — دېدى خوجا شەرىپ كاشغەرىي كالتە يۆتىلىپ قويۇپ سۆز باشلاپ، — پەمىمچە، سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ خانزادىسىنىڭ ئۇشبۇ مۇبارەك دەرگاھقا كېلىش مۇددىئاسى پەقەت بىرلا: ئۇ

www.uyghurkitap.com

دادىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن دەۋا قىلماقچى. جانابى قىبلىگاھىمىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئېتىبار قىلمىغىنى ئەۋزەل.

خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىر تەرەپتىن مىرانشاھ دورغىنى قوللاپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خانزادە يۇنۇسخان بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى.

ــ دەرگاھىمىزنى سېغىنىپ كەلگەن ھەرقانداق تائىپە ئەلەددامام① ئادالىتىمىزدىن نېسىۋە ئالغاي، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبارسىز قاراپ، ــ شۇنچە يىراقتىن ئەرز قىلىپ كەلگۈچىنىڭ ئىككى قوۋۇز كېپىنى ئاڭلاپ باقمايلا يۈزىگە ئىشىك ياپساق ئادالىتىمىزگە خوپ كەلمەس. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانلار: «قاراڭلار، مىرزا ئۇلۇغبەگدەك كاتتا ھۆكۈمدار ئۆزگە ئەلنىڭ خانزادىسى بىلەن روبىرو كېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر پىيالە چېيىنى ئاياپتۇ» دەپ پىتنە قىلىشۇر. ئاۋۋال نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىپ باقايلى.

مىرانشاھ دورغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ تۈمشۈق سوزدى، لېكىن يەنە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى.

بىر چۈگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە خانزادە يۇنۇسخان ھۆدەيچى بەگكە ئەگىشىپ سارايغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ھەشەمەتلىك تەختتە ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ سالامنى ئولتۇرغان پېتىچىلا ئىلىك ئېلىپ. ئۇ يۇنۇسخاننىڭ قول باغلىماي ئەركىن ـ ئازادە تۇرغىنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

ــ كەمىنەلىرى بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىنىڭ خاقانى مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ چوڭ خانزادىسى يۇنۇسخان ئادالەتپاناھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىلىرىغا ئې-

① ئەلەددامام ــ ھەردائىم، ھەر زامان.

سەنئىتى، بۈيۈك سەلتەنەتكە ئاسايىشلىق تىلەيمەن.

ئەمدىلا ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان كىـ-چىككىنە يىگىتنىڭ سالماقلىقى، ئىپسىلزادىلەرگە خاس سۆلكەتى ۋە تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرگە خاس ئەدەپلىك ئىبارىلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى. شۇ دەقىقىدە كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ چوڭ خانزادىسى ئابدۇللەتىپ مىرزا كەلدى. ھەئە، ئاب-دۇللەتىپ مىرزا يۇنۇسخاندىن بوي ـ بەستىتىمۇ، ياش ـ قۇرامدى-مۇ چوڭ ئىدى. ئەمما ئېخچە باللىقىنى، تەنتەكلىكىنى تاشلىـ-مىغان ئابدۇللەتىپ مىرزىغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزىنى تولىمۇ تەمە-كىن، سالماق تۇتۇپ تۇرغان يۇنۇسخان خۇددى چوڭ ئادەمنى كىـ-چىكلىتىپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ۋۇجۇ-دىنى بىر دىنلا ھەسەت چۇلغىۋالدى.

ـــ خوش، خانزادىنىڭ شۇنچە يىراق جايدىن ھەرەج تارتىپ دەرگاھىمىزغا كېلىشىنىڭ بائىسى نېمىكىن؟

ـــ گەرچە كەمىنەلىرى مەرتىۋىسىز خانزادە بولسامۇ، ئا-لىيلىرى ئىززەت كۆرسىتىپ بول دەرگاھقا قەدەم كەلتۈرۈشكە ئىجازەت بەرگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە ئولتۇرۇشقىمۇ جاي بېرىشى كېرەكقۇ دەيمەن. مېھمانغا جاي كۆرسىتىش ئۇشبۇ ئىززەتنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى ئالىيلىرىنىڭ ئېسىدىن چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.

مىرزا ئۇلۇغبەگ يۇنۇسخاننىڭ بۇنداق دېيىشىنى خىيالىغى-مۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ يۇنۇسخاننى ئادەتتىكى بىر ئەرز ـ داد ئېيتىپ كەلگۈچى ھېسابلاپ خاتالاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر كىچىك بالا بولسىمۇ، يەنىلا خانزادە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، خى-جىل بولدى. شۇ تاپتا يۇنۇسخان ئۆزىنىڭ مېھمان ئىكەنلىكىنى، مېھمانغا تۇشلۇق ئىززەتلىنىشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى.

«يا ھەزرەت، ئۇنى كىچىك كۆرۈپ بوش چاغلىمىسام بولغۇ-

دەك. دەرھەقىقەت سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ خانزادىسى، بۈيۈك قاغان
چىڭگىزنىڭ نەسلى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن. موغۇلىستانلىقلار-
نىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق جاسارەتلىكمىدۇ؟ ھەممىمىز بىر قوۋم-
قېرىنداش، يىلتىزداشمىزۇ نېمىشقا مېنىڭ پەرزەنتىم ئۇنداق ئە-
مەس؟ سەمەرقەنتتە ياشىغان بىلەن تۇرپان، قەشقەردە ياشىغاننىڭ
پەرقى شۇنداق چوڭ بولامدىغاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە گەپقۇ شەھەردە ئە-
مەس، تەربىيە ئېلىش باشقا ـ دە. پەرزەنتى بۇنداق بولغىنىغا قا-
رىغاندا، سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆزى قانداقراق كىشى بولغىيت-
تى؟ ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ماڭا قان ـ قېرىنداشلىقنى، نەسەبداش،
يىلتىزداشلىقنى سەمىمگە سېلىپ يازغان خېتىگە ئېتىبارسىز
قارىمىسام، كۆرۈشۈپ، دىدار ـ مۇلاقاتتا بولسام بوپتىكەن...»

ـــ خانزادىگە جاي راسلاڭلار، ـــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

خاننىڭ يۇنۇسخانغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىگە
نارازى بولغان مىرانشاھ دورغا تەتۈر قارىۋالدى، خوجا شەرىپ
كاشغەرىينىڭ بېشى بولسا مەيدىسىگە چۈشۈپ كەتكەندى.

ـــ ئادالەتپاناھ خان ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا.

يۇنۇسخان مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەۋازۇ بىلەن سالام بېرىۋەت-
كەندىن كېيىن، ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە قويۇلغان كۇرسىدا ئول-
تۇردى، ئاندىن دادىسى سۇلتان ئۇۋەيسخان قازا قىلغاندىن كېيىن
ئوردىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قىسقىچە بايان قىلدى.

ـــ ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم ۋە سەلتەنەت يو-
سۇنى بويىچە بولغاندا، ئول تۇرپان تەختگاھى ماڭا مەنسۇپ بولۇ-
شى كېرەك ئەردى، ـــ دېدى يۇنۇسخان مەقسەتكە كۆچۈپ، ـــ
بىراق جەننەتماكان خان ئاتامنىڭ يېقىن مەھرەملىرى بولمىش
ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن ئەمىر كەبىر سەيىدئەلى
ئالپ ئۆز جەمەتىدىن بولغان ئىنىم ئىسان بۇغاخاننى تەختتە ئول-
تۇرغۇزۇپ سەلتەنەت يوسۇنىنى بۇزدى. شول بائىستىن ۋەتەننى
تەرك ئېتىپ، جانابى ئالەمپاناھىنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ كەل-
دۇق. ئالىيلىرى ئادالەتنى ياقلاپ، تەختگاھىمنى قولۇمغا ئېلىد-

شىمغا ھەمدەمدە بولۇشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

مىرزا ئۇلۇغبەگ يۇنۇسخاننىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن دەۋا قىلىپ ئەمەس، ئىنىسىدىن تەخت تارتىۋېلىش ئۈچۈن ياردەم سوراپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ھە دېگەندە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئەلۋەتتە بۇ مۇنداقلا جاۋاب بېرىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، ئەتراپلىق ئويلانمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى يىلى ھىراتقا بېرىش يولىدا ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاسنى ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈرگەن سەييىدئەلى ئالپنى مىرزا ئۇلۇغبەگ پەقەتلا ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. سەييىدئەلى ئالپقا ئوخشاش دېۋىدەك بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر ھەم پاراسەتلىك رەقىبكە ئاسانلىقچە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇ دەقىقىدە يۇنۇسخان ئۇنىڭدىن ئاشۇ سەييىدئەلى ئالپقا قارشى لەشكەر تارتىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتاتتى.

— سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئەھۋالاتى ھەققىدە ئاز ـ تولا خەۋىرىمىز بار. بىراق ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ دېگىنى كىم بولىدۇ؟ سەييىدئەلى ئالپ بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن شۇنداق يېقىنمۇ؟ — سورىدى مىرزا ئۇلۇغبەگ موغۇلىستان ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن.

— مىرمۇھەممەدشاھ ئىنىم ئىسان بۇغاخاننىڭ ۋالىدەسى كۇنتۇرا خانىشنىڭ ئاتىسىدۇر. سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئاتىسى بولسا مەرھۇم سەييىد ئەھمەد مىرزا بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قەشقەرگە ئەمىر بولغانىكەن. مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن سەييىد ئەھمەد مىرزا ئاغا ـ ئىنى بولۇپ، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. مىرمۇھەممەدشاھ سەييىدئەلى ئالپقا تاغا كېلىدۇ.

— ھە، ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئويچانلىق بىلەن.

شۇ دەقىقىدە مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل مۇقەددەم ھەج سەپىرىگە ماڭغان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بىلەن كۆرۈشكىنىنى ئېسىگە ئالدى.

※ ※ ※

شۇ يىلى ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا ھەج سەپىرىگە ماڭغان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد سەمەرقەنتتىن ئۆتۈشىدە بىرنەچچە كۈن توختىغانىدى. نامى موغۇلىستاندىلا ئەمەس، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە، ھەتتا خۇراسان ۋادىسىغىمۇ مەشھۇر بولغان بۇ پىشقەدەم سەركەردىنىڭ سەمەرقەنتكە كەلگەنلىك خەۋىرى ئەتىسىلا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ لەشكىرىي ئىشلاردا بۈزرۈكۋار بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاندىن قالسا ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا ئالاھىدە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئۇستازلىرىدىن، پىشقەدەم سەركەردىلەردىن ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ساداقەتمەن، مەرد ئادەم ئىكەنلىكىنى، چىڭگىزخان دەۋرىدىكى قانۇن ـ ياساقلارنى ئىنتايىن پىششىق بىلىدىغانلىقىنى، جەڭبازلىق ماھارىتىگىلا ئەمەس، لەشكىرىي يۈرۈشلەردىكى سەپ تۈزۈش، قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇش، قارارگاھ جايلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ۋە تۈرلۈك لەشكىرىي تەدبىرلەرگە تولىمۇ پۇختا ئىكەنلىكىنى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغان ۋاقىتتا تاغىسى ئەمىر قەمىرىددىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئون سەككىز خانزادىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسيان قىلغاندا، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەڭ كىچىك خانزادىسى خىزىر خوجاخاننى قۇتۇلدۇرۇپ تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە، چۆل ـ جەزىرىلەردە ئون ئىككى يىل يوشۇرۇپ، ئەمىر قەمىرىددىن ئۆلگەندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزغانلىقىنى، شۇ يوسۇندا تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىدىن سۇلتان ئۇۋەيسخانغا كەلگىچە ئالتە خانزادىنى پەرۋىش قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزغانلىقى، ئۆزى بولسا ئۇلارغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ياخشى تەرىپىنى، پەزىلىتىنى ئاڭلىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلۇسبېگى خۇدايداد



www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆرۈشۈپ دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى. ئۇ ئەمىر خۇدايدادنىڭ سەمەرقەنتكە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال ئۇلۇسبېگى چۈشكۈن قىلغان سارايغا بېرىپ سالام بەردى، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ئوردىغا تەكلىپ قىلدى.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆزىگە بۇ دەرد-جىدە كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا يۈز كېلەلمەي ئوردىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. بارلىق ئوردا ئەركانلىرى ئەمىر خۇدايداد-نىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئاشۇ ئە-مىرلەرنىڭ ئارىسىدا خوجا شەرىپ كاشغەرىيمۇ بار ئىدى. ئۇ تا-تارغان، ھودۇققان، تەمتىرىگەن ھالدا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگە-نىچە كېلىپ ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا قول تەڭلىدى. لېكىن خۇدايداد ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول بەرمىدى.

— كەچۈرسىلە ئەمىر، گەرچە مۇسۇلمانلارچىلىقتا سالام بېرىش پەرز، ئېلىك ئېلىش قەرز بولسىمۇ، ئۆزلەنىڭ بەرگەن سالاملىرىنى زىنھار ئېلىك ئالالماسمەن. شول تاپتا ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتى بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىگە دۈشمەن تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارىدىن تارتىپ ئەمىرلىرىگىچە بەرگەن سالامىنى ئېلىك ئالىلىيۇ، نېمىشقا مېنىڭ سالامىمنى ئېلىك ئالمايدىلا؟ دەپ ئويلاۋاتقانلىرى چوقۇم. شۇنى بىلىپ قالسىلاكى، ئۆز ۋەتە-نىنى ئۆزگىلەرگە مۇنقەرز قىلىپ بەرگەن مۇناپىق، ساتقىندىن رەقىبىمۇ مىڭ ھەسسە ياخشىدۇر. مەن ئىككى ھەرەمنى تاۋاپ قىد-لىش ئۈچۈن سەلتەنەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەنمەن. شول با-ئىستىن ئۆزلەگە بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز قىلىش يولۇم يوقتۇر. ئەڭ ياخشىسى ئىززەتلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرسۇنلار.

خوجا شەرىپ كاشغەرىي پوكاندەك قىزارغىنىچە زۇۋان سۇ-رەلمىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالدى. يۇقىرى دەرىجىلىك بىرقانچە ئەمىرلە-

ـرىنى ۋە مىرزا مەدرىسەسىدىكى ئالىم ـ ئۆلىمالارنى قاتناشتۇ. رۇپ، خۇدايدادنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ئۆت. كەن خان ـ پادىشاھلار ھەققىدە، بىرنەچچە قېتىملىق مەشھۇر لەشكىرىي يۈرۈشلەر ھەققىدە كەڭ ـ كۇشادە سۆھبەتلەشتى، كۆز قاراشلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنى قەشقەر ھەققىدە ئېغىز ئاچىدۇ دەپ پەرەز قىلغان، ئېغىز ئېچىپ قالسا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە تەييارلىق كۆرۈپمۇ قويغانىدى. لېكىن ئۇ. لۇسبېگى خۇدايداد قەشقەر ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى. ھەتتا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆز ئاچ. قاندا: «كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، كەمىنەلىرى ئىككى ھەرەمنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەلتەنەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەنمەن. بىلگىلە. رى بولسا تۇرپان تەختگاھىغا ئەلچى ئەۋەتكەيلا» دەپ گەپنى ئۈزۈ. ۋەتتى.

زىياپەت تېخى ئاخىرلاشمايلا ئۇلۇسبېگى خۇدايداد مېڭىشقا ئالدىرىدى، لېكىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۇنى ئالدىراپ قويۇۋەت. كىسى يوق ئىدى. خۇدايدادنىڭ قەتئىيلىكى چىقىپ تۇرغان كۆز. لىرىگە قاراپ نائىلاج بىرەر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن دېيىشنى كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى:

ـــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىدىن ئۆتۈنىدىغان كىچىككىنە ئىلتىماسىم بار ئىدى، ـــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ تەۋازۇ بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ـــ بىلمىدىم، ھەزرەتلىرى قوبۇل كۆرەرمى. كىن؟

ـــ قۇلىقىم ئۆزلەدە، ـــ دېدى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد دەرگۇ. ماندا بولۇپ.

مىرزا ئۇلۇغبەگ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

ـــ بابائى بۇزرۇكىمىز بولمىش بۈيۈك قاغان چىڭگىزخاننىڭ تۆرە ـ قائىدىسىنى، ئۇردا ئەھكاملىرىنى، سەلتەنەت قانۇنلىرىنى

ھېچكىم سىلىدەك ياخشى بىلمەيدۇ. مۇمكىن بولسا ھەزرەتلىرى سەمەرقەنتتە بىرنەچچە ۋاق تۇرۇپ، ئۇل قائىدە ـ ئەھكاملاردىن بىزگە تەلىم بەرگەن بولسىلا.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئالىيلىرى بابائى بۇزرۇكلىرى بولمىش جەننەتماكان ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ھەزرەتلىرىنىڭ تۈزۈكلىرىنى ئۆگەنمەپمىدىلە؟

— ئەمىر تۆمۈر تۈزۈكلىرىنى ئەلۋەتتە ئۆگەنگەن، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىرئاز خىجىل بولۇپ، — بىراق چىڭگىزنىڭ تۆرە ـ قائىدىلىرىنى، ئەھكاملىرىنىمۇ ئۆگىنەي دېگەنىدىم. چۈنكى، ئۇل قائىدە ـ ئەھكاملارمۇ سەلتەنەت ئىشلىرىمىزدا زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد كەسكىنلا جاۋاب بەردى:

— ئەمەلىيەتتە چىڭگىزنىڭ تۆرە ـ قائىدىلىرى ئەمىر تۆمۈرنىڭ تۈزۈكلىرىگە يەتمەيدۇ. چۈنكى، ئەمىر تۆمۈر تۈزۈكلىرىگە مۇقەددەس دىنىي ئىسلامنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. مېنىڭچە، ئالىيلىرى يەنىلا ئەمىر تۆمۈر تۈزۈكلىرىنى پۇختا مۇتائىلە قىلغىنى ئەۋزەل. مەن بولسام چىڭگىزنىڭ تۆرە ـ قائىدىلىرىنى يامان كۆرۈپ، رەسۇلۇللانىڭ شەرىئىتىگە كىرگەنمەن، — ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بىرئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى، — ئالىيلىرىنى يالغۇز شەرىئەت ئىلمىدىلا ئەمەس، باشقا تۈرلۈك ئىلىملاردىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئالىم، دانىشمەن، پازىل كىشى دەپ بىلىمەن. مەگەركى ئالىيلىرى تەكلىپىمنى قوبۇل كۆرمەي، يەنىلا چىڭگىزنىڭ تۆرە ـ قائىدىسىگە مەپتۇن بولسىلا، بوپتۇ، ئانى ئۆگىتىپ قويسام قوياي. لېكىن ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن ھەجگە بارماي، كەينىمگە يېنىپ كېتىمەن. چۈنكى، كەمىنەلىرى ئىككى ھەرەمنى تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىدا سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت ئالمايلا يولغا چىققاند-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن. شەرىئەت ئەھكاملىرىغا يات بولغان چىڭگىزنىڭ تۆرە ـ قا ـ ئىدىلىرىنى تەرغىب قىلىپ تۇرۇپ قىلغان ھەج تاۋاپىنى جانابى ھەقنىڭ مەقبۇل كۆرۈشى ناتايىن.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى، دېگەن گې ـ پىگە پۇشايمان قىلدى. كۆڭلىدە ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزى ـ تىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى..

※ ※ ※

خانزادە يۇنۇسخان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭقۇر خىيالغا پې ـ تىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، خىيالىنى چالغىتىش ئۈچۈن يەڭگىل يۆتىلىپ قويدى.

ـــ ئادالەتپاناھ يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا ماقۇل بولسا، كەمىنە ـ لىرى موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ خانزادىسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن ۋەتىنىمدىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تەخت ـ سەلتەنەتنى قولۇمغا ئېلىشقا بەل باغلىغان بولاتتىم. چۈنكى، ئاتىلىرىنىڭ رىغبىتى بىز ئۈچۈن چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر.

مىرزا ئۇلۇغبەگ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ خانزادە يۇنۇسخان ـ غا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. بۇرۇتلىرى ئەمدى مايسا بولۇشقا باشلىغان يىگىت خۇددى ئۇزۇن مەزگىل سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئا ـ رىلاشقان ئادەمدەك سۆزلەيتتى.

ـــ بىلىشىمچە، تۈركىستان ئەمىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن جانابلىرى خانزادەمگە ئانا تەرەپ بابائى بۇزرۇك بولىدىغۇ دەيمەن؟

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ سوئالىنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن يۇ ـ نۇسخان قىسقىلا جاۋاب بەردى:

ـــ شۇنداق ئاتىلىرى.

ـــ ئەجەبا خانزادەم ياردەمنى بابائى بۇزرۇكلىرى بولمىش

ئۇل تۈركىستان ئەمىرىدىن سورىماي، شۇنچە يول مېڭىپ كېلىپ بىزدىن سوراپ قاپلىغۇ؟

يۇنۇسخاننىڭ كاللىسىدىن تۈركىستان ئوردىسىدا بوۋىسىنىڭ قىلغان گەپلىرى لاپپىدە كەچتى. ئۇنىڭغا مىرزا ئۇلۇغبەگ بوۋىسىنىڭ ئىككى ئەلنى يېغىلىقتا سېلىپ قويۇپ ئاردىن پايدا ئېلىش ھىيلىسىنى بىلىپ قالغانىدەك تۇيۇلۇپ سەل ھودۇقتى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ جاۋاب بەردى:

— ئۇل بابائى بۇزرۇكتىن ياردەم سورىغان ئىدىم. ئەمما ئۇ ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ ياردەم ـ مەدىتىسىز بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دەرگاھىنى تەۋسىيە قىلدى. ھە راست، — يۇنۇسخان دەرھال قوينىدىن بوۋىسى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى ئېلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەڭلىدى، — مانا بۇ تۈركىستان ئەمىرىنىڭ ئالىيلىرىغا يېزىپ بەرگەن مەكتۇپى، مۇبارەك نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزگەيلا.

ھۆدەيچى بەگ يۇنۇسخاننىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە يەتكۈزۇپ بەردى. مىرزا ئۇلۇغبەگ يۇنۇسخانغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ خەتنى تېزلا ئوقۇپ چىقتى.

شۇ تاپتا خانزادە يۇنۇسخاننىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈچلەر بىردىنلا يېشىلىپ كەتكەنىدى. ھەئە، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن مەكتۇپنى خېلىلا ئۇستاتلىق بىلەن يازغان بولسىمۇ، مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر ئوقۇپلا تۈركىستان ئەمىرىنىڭ مەقسىتىنى بىلىۋالغانىدى.

«... ھىيلىگەر تۈلكە، نەۋرىسى ئارقىلىق مېنى ئالدىماقچى بوپتۇ ـ دە، مەن نەۋرىسىنىڭ تاجۇ تەختىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن موغۇلىستانغا لەشكەر تارتسام، ئۆزى تۈركىستان جاڭگىلىدا ئېشەك باقامدىكەن؟ گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرمەمدىغان تېخى. ئىككى ئەلنى جەڭگى ـ جېدەلگە سېلىپ قويۇپ ئوتتۇرىدىن نەپ ئالماقچى بولغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ موغۇلىستانغا لەشكەر

تارتسامىمۇ، ئەڭ ئاۋۋال تۈركىستاننى قولۇمغا ئېلىۋېلىپ ئاندىن لەشكەر تارتىمەن. ھىراق ھازىر موغۇلىستانغا لەشكەر تارتىشنىڭ پەيتى ئەمەس، قەشقەرنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىمۇ يېتىپ ـ ئېشىپ تۇرۇپتۇ. سەمەرقەنتتە كۆتۈرۈلگەن رەسەتخانا غوۋغاسىچۇ تېخى، بۇ غوۋغانىمۇ ھەرگىز كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش بوش ئادەم ئەمەس، ھە دېسە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنى قوزغاپ قارشى چىقىش ئېھتىمالى ناھايىتىمۇ چوڭ. بۇمۇ سەلتەنەت ئۈچۈن يوشۇرۇن خەۋپ. قەشقەردە ئىككى تۈمەن لەشكەر تۇرغۇزۇپ، سەمەرقەنتنىڭ لەشكىري كۆچى خېلىلا ئاجىزلاپ كەتتى، يەڭگىلتەكلىك قىلمىغان تۈزۈك. ئاللاھ خالىسا رەسەتخانىنى پۈتتۈرۈۋالماي تۇرۇپ ھەرگىز لەشكىري يۈرۈش قىلمايمەن. ھىراق ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ نوخلىسىنى ئازراق ئېلىپ قويىدىغان ئىش ئىدى، بابا ھۆددىچى بەگ: ئەلچىلىرى ئارقىلىق ئولپان ئەۋەتىپتۇ، دەۋاتقان. قانچىلىك ئولپان ئەۋەتكەندۇ؟ ئول ھىيلىگەر ئەمىر ھەرگىزمۇ نەچچە يىللىق ئولپانلارنى بىراقلا تاپشۇرمايدۇ. ئازغىنە بىر نەرسە ئەۋەتىپ مېنى ئالدىماقچى، ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئىشەندۈرمەكچى، شۇ ئارقىلىق مېنى موغۇلىستانغا لەشكەر تارتىشقا كۆندۈرمەكچى. مەنمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، ئۇستاتلىق قىلغىنىغا تويغۇزايمىكىن. مۇنۇ نەۋرىسىنى يېنىمدا نەزەربەند قىلىپ، كەم قېپقالغان نەچچە يىللىق ئولپانلارنى تولۇق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلايمىكىن؟ شۇ چاغدا قانداق قىلىدىكىن قېنى، تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار، دېگەن مۇشۇ شۇ ـ دە...»

خىيالدىن باش كۆتۈرگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان خانزادە يۇنۇسخانغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى. شۇ ھامان يۇنۇسخاننىڭ بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى، ئەزايىنى سوغۇق تەر باستى، تۇيغۇسى ئالدىنقىداق بىر خەۋپنى سەزگەندى. شۇنداقتىمۇ ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.

ـــ خانزادەم سەمەرقەنتكە يالغۇز كەلدىمىكىن؟

ــ يوقسۇ ئالىيلىرى. ئۈچ مىڭغا يېقىن ھەمراھلىرىم بار، ــ جاۋاب بەردى يۇنۇسخان مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئۇمىد بىلەن قاراپ.

ــ ئۇلار خانزادەمنىڭ نۆكەرلىرىكەن ـ دە؟

ــ نۆكەرلىرىم ئاز، تەڭدىن تولىسى تۇرپاندىن كەمىنەلىرد. گە ئەگەشكەن رەئىيەتتۇر. ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز، خەج ـ خىراجە. تىمىز تۈگەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇ تاپتا ئۇلار بىر توغرام ناىغا تولىمۇ موھتاجدۇر ئالىيلىرى، مۇمكىن بولسا ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىلگەن بولسا...

ــ تولا ئوبدان، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئويلىنىپ تۇر. مايلا، ــ خانزادەم چىقىپ ئوردا تەكيىخانىسى[1]دا ئارام ئېلىپ تۇرغاي. قالدى ئىشلارنى مەسلىھەت قىلىپ جاۋابىنى بەرگەيمىز. بىللە كەلگەن ئول رەئىيەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ھەر بىر ئۆيلۈككە ئايرىم ـ ئايرىم تەمىنات تەيىن ئەتكەيمىز.

يۇنۇسخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

ــ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا.

يۇنۇسخان سارايىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان خاس نۆكىرىگە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ۋەدىسىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى شەھەرنىڭ سىر. تىدا ساقلاپ تۇرغان ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا بۇيرۇدى ـ دە، ئۆزى شىغاۋۇل ئەمىر[2]نىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردا تەكيىخان. سىغا قاراپ ماڭدى.

ــ ئەمىر توخماق بارلاس! ــ نىدىدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوردا ياساۋۇل ئەمىرىگە قاراپ.

ــ لەببەي ئالىيلىرى! ــ دەپ قەددىنى رۇسلىدى ئەمىر توخماق بارلاس.

ــ خانزادە يۇنۇسبەگ قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىنغاي. ئەمما سالامەتلىكى، بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنغاي، ئېھ. تىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىنغاي!

---

[1] ئوردا تەكيىخانىسى ــ ئوردا مېھمانخانىسى.

[2] شىغاۋۇل ئەمىر ــ چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈشكە مەسئۇل ئەمىر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ باش ئۇستىگە!

ئەمىر توخماق بارلاس پەرماننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ــ ئول تۈركىستان ئەلچىسى كىرگەي! ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

ھايال ئۆتمەي ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەن سارايغا كىرىپ كەلدى. باياتىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنى سارايىنىڭ سىرتىدا ساقلاتقانلىقىنى بىلەلمەي تەئەججۈپلەنگەن ئىككى ئەمىرنىڭ چىرايلىرى تەشۋىشلىك ئىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ دېدى ئۇلار مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئېگىلىپ سالام بېرىپ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ چىرايىنى ئاچماي سۇر كۆرسىتىپ.

ئىرازان بارىن ھەرقانچە بولسىمۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئۆزىگە ئوچۇق چىراي ئاچىدۇ، ئاغزىنىڭ ئۈچىدا بولسىمۇ ئەھۋال سورايدۇ، قۇدىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي قويمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ بىردىنلا روھى چۈشۈپ كەتتى، خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ ئېغىز ئاچتى:

ــ بىزلەركىم تۈركىستان ئەمىرلىرىدىن ئالەمپاناھ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي. مۇبارەك دەرگاھلىرىغا پاسىبانىمىز ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ بېھىساب سالامى بىلەن ئاز بولسىمۇ ئىككى يىللىق ئولپان ـ پىشكەشلەرنى ئېلىپ كەلدۇق.

ــ شۇنچە يىل يوقاپ كېتىپ، ئەمدى بولغاندا ئاران ئىككى يىللىق ئولپان ئېلىپ كېلىشتىلىمۇ جانابى ئەمىرلەر؟ ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلارغا قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي، ــ ئول پاسىبانلىرى گەدىنىدە ئاز دېگەندە ئون يىللىق ئولپان بارلىقىنى بىلمەمدىكەن؟

ئىككى ئەمىر تىترىگىنىچە تېخىمۇ بەك ئېگىلدى، يەنىلا ئىرازان بارىن ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— تەسەررۇپىمىزدا ئۇدا بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يايلاقلار قۇرۇپ، زەر ـ زىرائەتلەر ئوخشىمىدى. پاسىبانىمىز ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى بول ئەھۋالنى ئالەمپاناھقا چۈشەندۈرۈشىمىزنى، قالغان ئولپانلارنى كېلەر يىلنىڭ ئاخىردىغىچە قالدۇرماي تولۇق تاپشۇرىدىغانلىقىمىزنى يەتكۈزۈشىمىزنى تاپىلىغانىدى.

— بەس، ئارتۇقچە سەۋەب كۆرسىتىپ تىللىرىنى چايىنىمىسىلا، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ قولىنى سىلكىپ، — ئول ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ قورسىقىدا قانداق جىن بارلىقى بىزگە ئايان. بېرىپ سۆزىمىزنى يەتكۈزسۇنلار، تولا ئۇستاتلىق قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن. نەۋرىسى بولمىش يۇنۇسبەگنىڭ تاجۇ تەختىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىز موغۇلىستانغا لەشكەر تارتقۇدەكمىزۇ، ئەمما ئۆزى بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرگۇدەك. بۇ جاھاندا نەدىمۇ ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىش بار ئىكەن؟ مەن مىرزا ئۇلۇغبەگنى كىم چاغلاپ قاپتۇ؟ نەچچە يىلدىن بېرى كۆيۈ ئوغلى سۇلتان ئۇۋەيسخاننى ھىمات قىلىپ ھۆكمىمىزگە سەركەشلىك قىلدى، سەلتەنەتىمىزگە ئىتائەت گەدىنىنى سۇنۇشتىن باش تارتتى. مانا ئەمدى ئازغىنە ئولپان ـ پىشكەشلەرنى دەستەك قىلىپ دوستلۇق، ساداقەت، ۋاپا، ئەدلى ـ ئادالەتتىن سۆز ئېچىپتۇ. نەۋرىسىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى سويۇپ ئېلىپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈنۈپتۇ. مۇددىئاسى: ئىككى ئەلنى يېغىلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئارىدىن نەپ ئالماقچى. مەن بۇنداق سەنەمگە ئالدىراپ دەسسىمەيمەن. ئول ئەمىر شەيخ نۇرىددىن خەۋەرسىز قالمىسۇنكى، نەۋرىسى يۇنۇسبەگنى تۇرغاق ھېسابىدا تۇتۇپ قالدىم. نەۋرە لازىم بولسا دەرگاھىمغا ئۆزى كەلسۇن، يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قالسۇنكى، قېپقالغان ئولپانلارنى دەرھال ئەۋەتسۇن، بولمىسا ئۆزۈم بېرىپ ئېلىپ كېلىمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت نادىرىسى

تۈزگەن پىلانلىرىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئە-مىرلەر لام ـ جىم دېيەلمىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئۆزىنىڭ قودا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىرازان بارىن بۇ نىيىتىدىن دەرھال يالتايدى، «خوش ـ خوش» دېگىنىچە ياۋاشلىق بىلەن قول باغلىدى.

— ئېلىپ كەلگەن ئولپانلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئەلچىلەرنى ئۇزىتىپ قويۇڭلار، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۈركمەن ئىززەتسىز كىشىلەر قاتارىدا مۇئامىلىگە ئۇچراپ قوغلانغان بولسىمۇ، باشلىرىنىڭ ئا-مان قالغىنىغا خۇش بولۇشۇپ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەزىم قىلغى-نىچە چىقىپ كېتىشتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھۆكۈمىدىن رازى بولغان سەمەرقەنت شەھەر ھاكىمى مىرانشاھ دورغا مەمنۇنلۇق بىلەن ھىجايدى.

ھەئە، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىرازان بارىنغا قىلغان قاتتىق مۇ-ئامىلىسىدىن ئەمدىلىكتە بىرئاز خىجىل بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا تى-رىشىۋاتاتتى.

«ھېچقىسى يوق، ئىرازان بارىن دەرگاھىمغا قودا سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، ئاغىسى ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ ھۆكۈمەت ئەل-چىسى سالاھىيىتى بىلەن كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق مۇئا-مىلە قىلىشىم زۆرۈر. سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغ-قاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسام ياخشى بولمايـ-دۇ. ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەلچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى خاتا بول-غان. بەلكىم مەندىن قۇدىلىقنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىشىمنى تەمە قىلغان بولغىيدى، ئەمما ئىككىسى ئىككى ئىش. ھەر ئىش-نىڭ ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى، ئەقلى بولسا توغرا چۈشىنەر، ھېلىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلدىم. ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ قىلغان سەركەشلىكى ئۈچۈن ئەلچىلىرىنى كالتەكلىتىپ قوغلىسامىمۇ ھەق ئىدى...»

شۇ ئەسنادا كۆكسارايغا ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن ئاستانە ياتىش بېگى[1] مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ «مەلۇم بولغاي» دېگىنىچە قول باغلىدى.

— خوش، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

— بىر توپ سوپى - دەرۋىشلەر رەسەتخانا قۇرۇلۇشى ئورنىغا يەنە توپلىنىشىۋاپتۇ ئالىيلىرى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى. رەسەتخانا قۇرۇلۇشىغا قىلىنغان ھەرقانداق توسقۇنلۇق مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇ رەسەتخانا قۇرۇلۇشى ئورنىغا بېرىپ جاھىل سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ غوۋغاسىنى ئۆزى بىۋاستە بېسىقتۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

— شەھەر سىرتىدىكى ئول موغۇلىستانلىقلارنى قانداق قىلىمىز ئالىيلىرى؟ — سورىدى مىرانشاھ دورغا.

— سىلىچە قانداق قىلساق بولۇر؟

— مېنىڭچە ئۇلارغا بىكاردىن - بىكار تەمىنات تەيىن ئېتىپ گېلىنى باقساق، خانزادىسىنى نەزەربەندكە ئالغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا توپىلاڭ كۆتۈرەرمىكىن دەيمەن.

رەسەتخانا قۇرۇلۇشى ئورنىغا بېرىشقا ئالدىراپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئويلانمايلا جاۋاب بەردى:

— ئۆزلىرى بىلىپ بىرتەرەپ قىلسۇنلار.

مىرزا ئۇلۇغبەگ بىرقانچە ئەمىر - سىپاھلىرىنى باشلاپ كۆھەك تۆپىلىكىگە قاراپ ماڭدى.

كۆكسارايدا قېپقالغان مىرانشاھ دورغىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئىنىسى ساتۇقخاننىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك موغۇلىستاندىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمگە ئۆچمەنلىك قىلاتتى. شۇڭمۇ يېقىندىن بېرى موغۇلىستاندىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ سەمەرقەنتتە سودا - تىجارەت قىلمىقىلا ئەمەس، جان ساقلىمىقىمۇ تەس بولۇپ قالغانىدى.

---

① ئاستانە ياتىش بېگى — پايتەختنىڭ ساقچى باشلىقى.

مىرانشاھ دورغا لەشكەر باشلاپ چىقىپ، شەھەر سىرتىدىكى زور ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن ساقلاپ تۇرغان بىگۇناھ موغۇلىستانلىقلارنى ئائىلە ـ جەمەت بويىچە بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرلەپ شەھەرگە كىرىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن شەھەرگە كىرگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنى ئايرىپ قاماپ قىرىۋەتتى. ئاياللار ۋە بالىلارنى لەشكەرلىرىگە ئولجا ھېسابىدا ئۈلەشتۇرۇپ بەردى. بۇ مۇدھىش قىرغىنچىلىقتىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان مىرزا ئۇلۇغبەگ قاتتىق ئەپسۇسلاندى. گەرچە مىرانشاھ دورغىنى خېلىلا ئەيىبلىگەن، ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، جازاغا بۇيرۇمىدى.

※ ※ ※

مۇشۇ قىرغىنچىلىق سەۋەبلىك ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ نەزەربەند قىلىنغان خانزادە يۇنۇسخان بىلەن قايتا كۆرۈشۈشنى خالىمىدى. ۋۇجۇدىنى خىجىللىق تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغانىدى. ھەئە، تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا خانزادە يۇنۇسخان ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. ھەر قېتىم يۇنۇسخاننى ئېسىگە ئالسا، ئۇنىڭ سەبىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايى، ئەقىل ـ پاراسەت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، تەمكىنلىك، سالماقلىق چىقىپ تۇرغان قامىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ھىراتتىكى دادىسى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان چوڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپخاننى ئېسىگە سالاتتى. تەربىيىلىنىشىگە، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە، يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا قاتتىق تەلەپ قويغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ، ئوغلى سەمەرقەنتتە تۇرۇشنى خالىماي ھىراتقا ـــ بوۋىسىنىڭ قېشىغا بېرىۋالغانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ چوڭ ئوغلىنى سېغىناتتى. ئىستىقبالىدىن ۋايىم يەيتتى. ئۇنىڭ راۋۇرۇس تەربىيىلىنىپ، ھەرخىل ئىلىملەردە كامالەتكە يېتىپ، كەلگۈسىدە تاجۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئويۇن ـ تاماشىدىن باشقىغا ھەۋەسى يوق قۇرۇق سۆلەت بۇ خانزادىسىدىن قات-

تىق ئۈمىدسىزلىنەتتى. دادىسىغا پات ـ پات مەكتۇپ يوللاپ ئوغ-
لىنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. ئوغلىنى بىرنەچچە قېتىم سەمەر-
قەنتكە قايتۇرۇپ كەلمەكچىمۇ بولدى، لېكىن ھىراتقا ئەۋەتكەن
ئەمىرلىرى قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. ئوغلى ئابدۇللەتىپ مىرزا
دادىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىشنى قەتئىي رەت قىلغانىدى.
مۇشۇلارنى ئويلىسا پۈتكۈل بىر ئەلنى ئىدارە قىلىشقا قۇربى يەت-
كەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغلىنى باشقۇرۇشقا كۈچى يەتمەي يۈ-
رىكى ئېچىشاتتى، ھەسرەتلىنەتتى. دادىسىدىن، ۋەتىنىدىن ئاي-
رىلغان خانزادە يۇنۇسخاننىڭ ئەقىللىقلىقى، ئېغىر ـ بېسىقلى-
قى، پەم ـ پاراسەتلىكلىكى، قولىدىن كەتكەن تەخت ـ سەلتەنەت-
نىڭ غېمىنى يېيىشى يۈرىكىدىكى ھەسەت ئوتلىرىنى لاۋۇلدىتى-
ۋېتەتتى. ئۆز ئوغلى بىلەن يۇنۇسخاننى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرغان
مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر خىيال كەلدى.

«... ھە، شۇنداق قىلاي بولمىسا. خانزادە يۇنۇسبەگنى
ھىراتقا، ئاتامنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتەي. ئوغلۇم ئابدۇللەتىپ مىرزا
بىلەن بىللە تەربىيەلەنسۇن. داۋاملىق بىللە بولسا ئوغلۇم ئۇنىڭ-
دىن پەزىلەت ئۆگىنەر، تەسىرىنى قوبۇل قىلار. يۇنۇسبەگنى سە-
مەرقەنتتە تۇتۇپ قالغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ بۇ دەرگاھتا تۇرۇ-
ۋەرسە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولىدۇ، كۆرۈشسەم ھەمراھلىرى-
نىڭ بېشىغا كەلگەن قىرغىنچىلىق، ئاپەتنى قانداق چۈشەندۈرى-
مەن؟ كۆزۈمدىن نېرى تۇرسا مەنمۇ بۇ ۋىجدان ئازابىدىن ئاز ـ
تولا قۇتۇلۇپ قالغۇدەكمەن. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ يېشى تې-
خى كىچىك، بىر سەلتەنەتنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى مۇستەقىل تۇتۇپ
تۇرالمايدۇ. ئاۋۋال تەربىيەلەنگەچ سەل چوڭ بولسۇن. شۇ چاغدا
باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن موغۇلىستانغا يولغا
سالاي، تەلپۈنگەن تاجۇ تەختىنى ئېلىپ بېرەي...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ مۇددىئاسىنى يۇنۇسخانغا گەپ ئەگىتمەي
ئۇدۇللا بايان قىلدى.

يۇنۇسخان ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئۈچ مىڭغا يېقىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمراھلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتتىن خەۋەر تاپقانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلاپ، دەماللىققا جاۋاب بەرمەدى، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

«... مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تەكلىپىگە ياق دېسەم سەمەرقەنت ئوردىسىدا نەربەندتە تۇرسام بولىدۇ. بەلكىم مېنى نەزەربەندتىن ئازاد قىلىپ، ئەركىمنى ئىختىيارىمغىمۇ بېرەر، ئۇل چاغدا نەگىمۇ بارارمەن؟ تۈركىستانغا، ئانامنىڭ قېشىغا بارسام بىرەر چوڭ ئىش تەۋرىتەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىستان ئەمىرى بولمىش بابائى بۇزرۇكمۇ ئەمدى مىرزا ئۇلۇغبەگكە سەركەشلىك قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ موغۇلىستانغا لەشكەر تارتىپ تەخت ـ سەلتەنەتنى ئېلىپ بەرگۇدەك ماغدۇرىمۇ ھەم يوق. تەقدىر ـ قىسمەت مېنى بۇ دەرگاھقا ئەكەلگەن ئىكەن، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پېشىغا مەھكەم ئېسىلاي. ئۇ راست ئېيتىدۇ، يېشىم تېخى كىچىك. موغۇلىستان تەسەررۇپىنى ئىلكىمگە ئالغان تەقدىردىمۇ سەلتەنەت تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرالىشىم ناتايىن. ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپلا بولىدىكەن، ماڭا خاتىرجەملىك يوق. تۇرپان تەختگاھىدىكى باشقا ئەمىرلەرمۇ سەييىدئەلى ئالپتىن يۈز ئۆرۈپ مېنى قوللىشى ناتايىن، بىرنەچچە ۋاق پۇرسەت كۈتەي. ئۇنىڭغىچە چوڭ بولۇۋالىمەن. تۇرپان خانلىق مەدرىسەسىدىكى ئۇستازلىرىم ھىراتنى ئالىم ـ ئۆلىمالار جۇغلاشقان ئىلىم دەرگاھى دەپ تەرىپلىشەتتى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇل دەرگاھقا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلاي. تەخت ـ سەلتەنەتنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىلىم ئۆگەنمەي بولمايدۇ...»

خانزادە يۇنۇسخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگكە قارىدى:

ــ ۋەدىسىدە تۇرماي، تۇرلۇك باھانىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئادەم مەرد ـ ھىممەتلىك كىشىلەردىن سانالماس. ئەمما ئادالەتپاناھ ئالىيلىرىنى لەۋزىدە تۇرىدىغان، ھىممەت ئىگىسى دەپ بىلد-

مەن. ۋاقتى ـ قەرەلى كەلگەندە موغۇلىستان سەلتەنەتىنى ئىلكىمگە ئېلىشىم ئۈچۈن ھىممەتلىرىنى ئايىماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مىرزا ئۇلۇغبەگ يۇنۇسخاننىڭ ئۆزىدىن ۋەدە تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەنە بىر قېتىم ھاياجانلاندى.

«نېمانچە ئەقىللىق يىگىتتۇ بۇ، كەلگۈسىدە چوقۇم شانۇ شەۋكەتلىك سەلتەنەت ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىققۇدەك...»

— خاتىرجەم بولسىلا خانزادە، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ جاۋاب بېرىپ، — كىمكى كامىل ئادەم بولۇشنى خالىسا، ھەم ئالىم، ھەم ئامىل① ئادەم بولۇشنى كۆزلىمەكى كېرەكتۇر. ئاۋۋال ھىراتقا بېرىپ ئىلىم ئۆگەنسىلە، ۋاقتى كەلگەندە قۇربىمىنىڭ يېتىشىچە ياردىمىمنى ئايىمايمەن. بەلكىم بۇ ئىش تىلى، دىنى، يىلتىزى، قوۋمى بىر بولغان ئىككى ئەلنىڭ ئەبەدىلئەبەد دوستلۇقىغا سەۋەب بولسا ئەجەب ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگ خانزادە يۇنۇسخاننى ھىراتقا يولغا سالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن مەكتۇپ يېزىپ دادىسى شاھرۇخ مىرزىنى خەۋەرلەندۈردى.

شاھرۇخ مىرزا ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن قاتتىق نارازى بولدى، ئەيىبلىدى. يۇنۇسخانغا نەۋرىسى ئابدۇللەتىپ مىرزىغا قىلغىنىغا ئوخشاش ئاتىلارچە مۇئامىلە قىلدى ۋە ئۇنى ھىراتتىكى مەشھۇر ئالىم، تارىخچى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ تەربىيەسىگە تاپشۇردى. ئەسلىدىنلا ئىلىمخۇمار خانزادە يۇنۇسخان ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان تەخت ـ سەلتەنەت ۋەسۋەسىسىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ، پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

① ئامىل — ئەمەل قىلغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 33

جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ تۇرپاندىن يولغا چىققان سەييىدئەلى ئالپ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى كۆنچى ۋادىسىدا ئۈچ كۈن دەم ئالدۇردى، بۇ يەردىن يولغا چىقىپ كۇچارغا كەلگەندە يەنە ئۈچ كۈن دەم ئالدۇردى.

كۇچار ئەمىرى ئادىل مۆمىن مىرزا سەييىدئەلى ئالپنىڭ تەلىپى بويىچە خىللانغان مىڭ نەپەر ئاتلىق لەشكەر چىقىرىپ بەردى. ئاقسۇدا سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئاكىسى سەييىد مەھمۇد مىرزا ئەمىر ئىدى. سەييىدئەلى ئالپ لەشكىرىي يۈرۈشكە بىللە ئېلىپ چىققان كىچىك ئاغىچىسى بىبى ئايەتخېنىمنى ئاقسۇدا قالدۇرۇپ قويدى، ئاندىن ئاقسۇ ئەمىرى سەييىد مەھمۇد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىدىن تاللانغان مىڭ نەپەر ئاتلىق چەۋەندازنى لەشكەرلىرىگە قوشۇپ جەمئىي يەتتە مىڭ ئاتلىق سەركەردە ـ لەشكەر بىلەن قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇ چېگرىنى ساقلاۋاتقان سەركەردە پولات باھادىرنىڭ بىر تۈمەن لەشكىرىنىڭ يېرىمىنى قەشقەر يۈرۈشىگە ئىشلىتىشنى پىلانلاپ تۇرپاندىن بەش مىڭ نەپەر لەشكەر بىلەن يولغا چىققانىدى.

ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق سەييىدئەلى ئالپنىڭ جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئالغان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قەشقەردىكى يىگىرمە مىڭ سەمەرقەنت لەشكىرى، ئون مىڭ قەشقەر لەشكىرى بولۇپ جەمئىي ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن ياۋنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىدا قارارگاھ قۇرۇپ بولغانىدى.

ئالدىن ماڭغۇزغان چارلىغۇچىلىرى ئارقىلىق پىرھاجى مۇ ـ

ھەممەد شايەستەنىڭ ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سەييىدئەلى ئالپ پىلاننى ئۆزگەرتىپ ئاتۇشتا بىر كۈن توختاپ، لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرغاچ قايتىدىن تەرتىپكە سالدى.

«پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قارارگاھ قۇرۇپ ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ بولغان بولسا، قارامىلىق قىلماي پۇختىراق تەد- بىر تۈزەي. ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ئارتۇچتا[1] توختىغىنىمدىن خەۋەر تاپسا، كەينىدىن پىيادىلىرى كېلىۋاتقان بولسا، ئاساسلىق قوشۇننى ساقلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قالسۇن. ناۋادا ئاران يەتتە مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن كەلگىنىمنى بىلىپ قالسا جاسارىتى ئېشىپ، ئىشەنچى چوڭىيىپ كېتىدۇ. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئى- شەنچكە تولۇشى بىز ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنى ئەھۋالىمىزنى بىلدۈرمەي گۇمانغا سېلىش كېرەك.»

— سەركەردە تۆمۈربۇقا بەگ، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ يە- زەك[2] قوشۇننىڭ سەركەردىسىگە قاراپ.

— لەببەي، — دېدى تۆمۈربۇقا بەگ.

— ئۆزلە يەزەكلىرى ئارىسىدىن ئون سەرۋازنى تاللاپ يولغا سالسىلا، ئۇلار قەشقەرلىك ئاۋامىلار سىياقىدا جابدۇنۇپ، ياۋ قارارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي بىلىپ كەلسۇن. بولۇپمۇ ياۋ قارارگاھىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى پۇختا كۆزەتسۇن. قالغان لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ ياۋ قارار- گاھىغا ئالدى تەرەپتىن ئوچۇق ـ ئاشكارا يېقىنلاشسىلا، ئۇل پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە يەزەكلىرىمىزنى ئەھۋال تىڭ ـ تىڭ- لىغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالسۇن. ناۋادا ياۋنىڭ چاپاۋۇل[3] لىرى قارارگاھىدىن قوغلاپ چىقسا، جەڭ قىلماي دەرھال چې- كىنسىلە.

---

① ئارتۇچ — ئاتۇش.
② يەزەك — چارلىغۇچى.
③ چاپاۋۇل — زەربىدار ئەترەت.

ــ باش ئۈستىگە! ــ دېدى سەركەردە تۆمۈربۇقا بەگ.

ــ ھەرقايسىلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ باشقا سەر-كەردىلىرىگە قاراپ، ــ ئۆز لەشكەرگاھلىرىغا قايتىپ لەشكەرلەر-نى ئارام ئېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشسىلا. ئۇلار ھازىردىن باشلاپ ئۇبدان ئارام ئالغاي. خۇپتەندىن كېيىن يولغا چىقىپ، ئەتە ئەتىگەن ناماز بامداتتىن ئاگال ياۋ قارارگاھىغا يېقىنلىشىپ بارگاھ قۇرىمىز.

※ ※ ※

سەييىدئەلى ئالىپنىڭ قايمۇقتۇرۇش ھىيلىسى ئۇنۇم بەرگەندى، ياۋنىڭ چارلىغۇچى لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھ ئەتراپىدا پەيدا بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن تۇرشاۋۇل[1] قوشۇنىنىڭ سەركەردىسىگە پەرمان بەردى:

ــ ياۋنىڭ چارلىغۇچىلىرىنى ئىمكان بار تولۇق ئەسىر ئېلىڭلار، پەقەت بولمىسا بىرەر ـ ئىككى يۈز لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلسەڭلارمۇ ھېساب. ئۇلارغا ھەيۋىمىزنى راسا بىر كۆرسىتىپ قويايلى!

ھە دېگەندە ياۋنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئازغىنە چارلىغۇچىلارغا چاپاۋۇللىرىنى قايرىپ قويۇپ، تۇرشاۋۇل قوشۇنىنى ئاتلاندۇرغانىدى. بىراق تۇرشاۋۇل قوشۇن قارارگاھتىن چىقىپ بولغىچە چارلىغۇچىلار چېكىنىپ قۇيۇندەك قاچقىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى. بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى يەنە قوغلاشقا رايى بارماي، قارارگاھقا قايتىپ كەلدى. پېشىندىن كېيىن جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ چارلىغۇچىلىرى قارارگاھ ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى، ئەمما تۇرشاۋۇللارنىڭ قارىسىنى كۆرۈش بىلەنلا يەنە قېچىپ كەتتى. قارشى

[1] تۇرشاۋۇل ــ ئالدىن ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇن.

تەرەپنى بۆكتۈرمە ھىيلىسى ئىشلەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قاتتىق گۇمانلانغان تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى يەنە قوغلىمىدى.

سەيىدئەلى ئالپنىڭ نىمە خىيالى بارلىقىنى، قانداق ھىيلە ئىشلىتىشۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قاتتىق جىلە بولدى. ياۋنىڭ ئەھۋالىنى تىك ـ تىڭلاش ئۇچۇن ئايغاقچى ماڭغۇزدى. كىچىدە ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز شەبخۇن① ئۇرۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ قارارگاھىنىڭ مۇھاپىزىتىنى قاتتىق كۈچەيتتى. ئەلياتقۇ مەھەلدە قايتىپ كەلگەن ئايغاقچىلىرىدىن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئېخچىلا ئاتۇشتا مىدىرلىماي ياتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ ھەيران قالدى.

«سەيىدئەلى ئالپ شۇنچە يىراقتىن قارارگاھىمىزغا چارلىغۇچى ئەۋەتىپ نىمە قىلماقچىكىنە؟ ياكى ئۇلارنىڭ بۆكتۈرمە قويغان لەشكەرلىرىنى ئايغاقچىلار بايقىيالمىدىمۇ ـ يا؟ ئۇلار نىمە سەۋەبتىن ئارتۇچتا مىدىرلىماي يېتىۋالغاندۇ؟ ئايغاقچىلار ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى بەكلا ئاز ئىكەن، بەش ـ ئالتە مىڭدىن ئاشمايدىكەن دېيىشىۋاتىدۇ. تۇرپاندىن شۇنچە ھەشەم بىلەن جازا يۈرۈشى قىلىشقا كەلگەن ئادەم ئاشۇنچىلىك لەشكەر بىلەن كەلمەس ھەرقانچە بولسىمۇ؟ ھەئە، بىلدىم، ئۇلار ئاساسلىق قوشۇننى ساقلاۋاتقان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ ئالدىن ھۇجۇم قىلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ چارلىغۇچىلىرى ئارقىلىق يالغاندىن تېرە تاراقشىتقان گەپ. يا ھەزرەت، بۇ سەيىدئەلى ئالپ نېمىدېگەن ھىيلىگەر ـ ھە! ئىسىت، بايا تۇرشاۋۇللارنىلا ئەمەس، جەۋانغار② ـ بەرانغار③ قوشۇنلارنىمۇ بىراقلا چىقىرىپ ئول چارلىغۇچىلارنى قوغلىغان پېتى ئۇدۇل ئارتۇچقا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان گەپكەن. ئول بەش ـ ئالتە مىڭ ياۋ لەشكىرىنىڭ ئۇچتىن بېشى، ئالتىدىن قولى بولغان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرىمىزگە ھەرگىز

① شەبخۇن ـــ كېچىلىك ھۇجۇم.
② جەۋانغار ـــ ئوڭ قانات قوشۇن.
③ بەرانغار ـــ سول قانات قوشۇن.

تەڭ كېلەلمەيتتى. ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىپ قاپتىمەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى نەدىراق كېلىۋاتقان بولغىيدى؟ پىيادىلەر دېگەن ئاتلىقلارغا ئاسان يېتىشەلمەيدۇ. ئەتىگىچە يېتىپ كېلەلىسىمۇ چوڭ گەپ. يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ يول جاپاسىدا ھارىدۇ، ئا-چىدۇ، جەڭ قىلىشقا ماغدۇرى يەتمەيدۇ، بوپتۇ، بۈگۈن كېچە سەۋر قىلاي. ئەتە ناماز بامداتتىن كېيىنلا پۈتكۈل قوشۇن بىلەن ئارتۇقچا ئاتلىناي. ياۋنى شۇ يەردىلا تىرىپىرەن قىلىپ، قەشقەر تەرەپكە قارىيالماس قىلىۋېتەي...»

※ ※ ※

ئەتىسى ناماز بامداتتىن يېنىپ ئەمدىلا ناشتىغا ئولتۇرغان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنى بارگاھى ئالىيغا ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ كەلگەن ياتىش بېگى چۆچۈتۈۋەتتى:

ــ مەلۇم بولغاي!

ــ خوش، ــ دېدى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قاپىقىنى تۈرۈپ.

ــ يەزەكلىرىمىز ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىنى كۆرۈپتۇ!

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

ــ نەدە كۆرۈپتۇ. ئۇلار تۈنۈگۈن تېخى ئارتۇقچىتا ئەمەسمە-دى، خاتالاشمىغاندۇر ـ ھە؟

ــ يوقسۇ جانابلىرى. ياۋ قارارگاھىمىزدىن بىر پەرسەخ[1] يىراقلىقتا بارگاھ قۇرۇپتۇ.

ــ ئات تەييارلاڭلار!

ــ ناھا[2] قىلىۋالامدىلا جانابلىرى؟

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بىكاۋۇل بەگكە سەت بىرنى گۆلەيدى ـ دە، دەستارپىچ[3]قا ۋارقىرىدى:

① پەرسەخ ــ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. بىر پەرسەخ تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىرغا تەڭ.

②ناھا قىلماق ــ ناشتا قىلماق.

③دەستارپىچ ــ كىيىم ـ كېچەككە مەسئۇل خادىم.

— ھاڭۋېقىپ تۇرماي دۈبۈلغا ـ ساۋۇتۇمنى ئەپكەل بەتبەخت!

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ياۋ قارارگاھىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدى.

ئۈچ مىڭغا يېقىن ئاتلىق لەشكەرنىڭ ھىمايىسىدە قارارگاھىدىن چىققان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بىر كېچىدىلا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولۇپ قالغان ياۋ قارارگاھىنى يىراقتىن كۆرۈپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى، ۋۇجۇدىنى قاتتىق تەشۋىش چۇلغىۋالدى.

«ياخۇدا، بۇ سەييىدئەلى ئالپ زادى قانداقراق ئادەمدۇ؟ ئادەمزات نەسلىدىنمىدۇر ياكى جىن ـ شاياتۇن تائىپىسىدىنمىدۇر؟ بىر كېچىدىلا بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىلا پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان! ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاساسلىق قوشۇنى يېتىپ كەلگەن بولسا، كېچىلەپ يول يۈرۈپ بۇ يەردە قارارگاھ قۇرۇپتۇ ـ دە...»

— قايتايلى! — دېدى ياۋ قارارگاھىغا يەنىمۇ يېقىنلىشىشقا رايى بارمىغان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ.

«ھېلىمۇ كېچىدىن بېرى قارارگاھىمىزغا شەبخۇن ئۇرماپتۇ بۇ بەدرەكلەر. بەلكىم قارامىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندۇر. كېچىدىن يول يۈرگەن بولسا، ھازىر ئارام ئېلىپ يېتىۋاتقاندۇر تايىنلىق، ئەمدى ئۇلارغا ئارام ئېلىشقا پۇرسەت بەرمەسلىك، ياۋنى دەرھال جەڭگە ئۈندەش كېرەك. ئاشۇنداق قىلسام سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنىڭ جاسارىتى، ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشىدۇ...»

ئۆز قارارگاھىغا قايتىپ كېتىۋاتقان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ناشتا قىلىۋېلىپلا جەڭگە چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

※ ※ ※

ھەممە ئىشنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنىدەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سەييىدئەلى ئالپ ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگە ئۈندەپ

چالغان ناغرا ـ دۇمباقلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. سەر-كەردىلىرىگە ئالدىراپ كىرىپ قالغان دۈشمەننىڭ قانچە نەرسە ئالاي دەپ تىكىلدى. ئۇنىڭ تېخمۇ بەك بىتاقەت بولۇشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

«جەڭگە ئۈندىسەڭ ئۈندەۋەر، سەن قانچە بىتاقەت بولساڭ، مەن ئۇچۇن شۇنچە ياخشى. بىزنى قورقتى، جەڭگە چىقىشقا پېتىنالمىدى، دەپ قالساڭ تېخمۇ بەلەن ئىش بولىدۇ. خورىكىڭ ئۆسۈپ بىخۇدلىشىسەن. مەن سەندىن شۇنى كۈتۈۋاتىمەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە...»

موغۇلىستان لەشكەرلىرى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك بەخىرامان غىزالىنىۋاتاتتى. ناشتىدىن كېيىنلا قارارگاھىدىن چىققان سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ قورسىقى قايتىدىن ئېچىشقا باشلىغانىدى. ھەئە، ۋاقىت چاشگاھقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ياۋغا چۇشلۇك غىزا يېيىشكە پۇرسەت بەرمەي ئاچ قورساق جەڭ قىلىشقا مەجبۇرلاشمۇ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن يەنە بىر تەدبىرى ئىدى.

— لەشكەرلەر غىزالىنىپ بولدى سەركەردە، — دېدى بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلگەن بىكاۋۇل ئەمىر.

— ئۇنداق بولسا جەڭگە ھازىرلانسۇن! — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

قەشقەرنىڭ كۈز ھاۋاسى تولىمۇ يېقىشلىق بولىدۇ. بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ئىدى، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال ئادەمگە راھەت بېغىشلايتتى. كۆك قەھرىدە ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتقان قۇياشنىڭ تەپتى ئادەمگە تولىمۇ خۇشياقاتتى. موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرى خېلىدىن بېرى چېلىنىشتىن زېرىككەن ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى قايتىدىن چېلىپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىشقا باشلىدى. موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئۇلار بىلەن ئۇچ ئوق يېتىم ئارىلىق قالدۇرۇپ سەپ تۈزدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر پەس نەرە تارتىشتى.

سەپنىڭ ئالـدىدا تۇرغان پـىرھاجى مـۇھەممەد شـايەستە يـاۋ قارارگاھىدىن پەقەت ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭلا چىققانلىقىنى بىلىپ يەنە تېڭىرقىدى.

«بۇ سەيىيدئەلى ئالپ زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟ نېمىشقا پىيا-دىلىرىنى جەڭگە چىقارمايدىغاندۇ؟ ئۇلارنى ھاردۇق ئېلىۋالسۇن دېدىمۇ ـ يا؟ بېشىدا ياۋ لەشكەرلىرى قىلىچ تەڭلەپ تۇرسا، لەش-كەرلىرىنى ئارام ئالدۇرىدىغان ئەخمەق ئەمەستۇر؟ ئەجەب بىر چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئادەمكىنا بۇ؟ ئىشقىلىپ جەڭگە چىققىنى ياخشى بولدى. باياتىن بېرى جىم تۇرۇۋالسا، جەڭگە چىقماسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. بەلكىم سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا جەڭگە چىقماي يېتىۋېلىشتىن نومۇس قىلغاندۇ، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقىنىغا تويىدۇ تېخى...»

سەيىيدئەلى ئالپ پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ئالدىغا، پىيادە لەشكەرلىرىنى ئاتلىق لەشكەرلىرى-نىڭ ئوڭ ـ سول ۋە ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ سەپ تۈزگە-نىنى كۆرۈپ، ياراتمىغان قىياپەتتە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

«پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنى خېلى پىشقان، تەدبىرلىك، جەڭ تەجرىبىسى بار سەركەردىمىكىن دېسەم تايىنلىق ئوخشىما-دۇ، نەدىمۇ بۇنداق سەپ تۈزگەن بار. ئاتلىق لەشكەرلىرى شۇنداقلا چېكىنىپ پېتىرايدىغان بولسا، ئۈچ تەرىپىدە تۇرغان پىيادىلىرى-نى دەسسەپ، چەيلىمەمدۇ. ئاللاھ ئىگەمگە شۈكۈر، بۇ جەڭنىڭ نۇسرىتىنى ماڭا بۇيرۇغان ئوخشايدۇ...»

سەيىيدئەلى ئالپ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئېتىنى يەڭگىل بېقىنىدى، چىلانتورۇق ئارغىماق شۇ ھامان ئالدىغا قاراپ يور-غىلاشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپتىكى سەككىز سەركەردىسى بىلەن ئارقىسىدىكى بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ــ نۆكەرلەرنىڭ ئەللىكىدىن ئارتۇقى ئارتۇق، ــ دېدى سەيىيدئەلى ئالپ كەينىدىكى نۆكەر بېشىغا قاراپ.

نۆكەر بېشى ئەللىك نۆكەرنىڭ سەركەردىگە ئەگىشىپ، قال-

غانلارنىڭ سەپكە قايتىپ كىتىشىگە بۇيرۇق بەردى.

سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئازغىنا سەركەردە ـ نۆكەرلىرى بىلەن كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئون نەپەر سەركەردىسى بىلەن يۈز نەپەر قورۇقچىسىنى ئېلىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار تەخمىنەن ئىككى يۈز قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختاشتى.

سەييىدئەلى ئالپنى ناھايىتىمۇ ئېگىز ئادەم دەپ ئاڭلىغان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بىر قاراپلا تونۇۋالدى. بويىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ ھەمراھلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان تۇغچى نۆكەرنىڭ قولىدىكى بايراق بېشىغا تىگەر ـ تەگمەي لەپىلدەپ تۇراتتى. شۇنداقلا قارىغان كىشىگە بايراق خادىغا ئەمەس، سەييىدئەلى ئالپنىڭ بېشىغا قاداپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى.

«ياراتقان ئىگىسى بوي ـ بەستىنى ئايىماي بەرگەن ئادەمكىنا بۇ. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام يىراقتىن ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ دەپ قالاركەنمەن. ئادەم بالىسىمۇ مۇشۇنداق بويلۇق بولىدىكەن، ئەينى يىلى ئۇنى ھىراتقا بىللە ئېلىپ ماڭغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ ئېھتىيات قىلغىنى بىكار ئەمەسكەن. ھەئە، يالغۇز جېنى بىلەن يولۋاس ئۆلتۈرگىنى راست ئىكەن...»

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەمىر جانابلىرى!

سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ بەرگەن سالامى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

تۇرقىدىن تېپىك سەرمەرقەنتلىكلەرگە خاس سىپايىلىك چىقىپ تۇرغان، جەڭگە ئەمەس، خۇددى باراۋەتكە ماڭغاندەك سۆلەتلىك كىيىنىۋالغان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە سەييىدئەلى ئالپقا يېقىملىق، ئەمما سۆلەتۋاز ھەم بىرئاز ھاكاۋۇر كىشىدەك

تۇيغۇ بەردى.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ شەھىرى قەشقەردىن شۇنچە ھەرەج تارتىپ چىقىپ دەرگاھ قۇرغىنىنى، كەمىنە بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ ئەمىر كەبىرىگە ئىستىقبال بەجا كەلتۈرگىنى دەپ چۈشەنسەك بولۇرمۇ ياكى نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى ئىگىلىۋالغان يۇرت ـ ماكانىنى ھەقدارىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆز دەرگاھىغا جۆ ـ نەش ئۈچۈن ئالايىتەن خوشلاشقىلى چىققىنى دەپ چۈشەنسەك بو ـ لۇرمۇ؟

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە مەسخىرىلىك كۈلدى.

— گەپكە راستىنلا ئۇستىكەنلا جانابى ئەمىر. بىراق ئۇخ ـ لىماي چۈشەكەپ قاپتىلا، سىلى بىزلەركىم بۈيۈك ماۋەرائۇننەھىر سەلتەنەتىنىڭ ئەمىرۇل ئۇمەراسىنىڭ ئىستىقبال بەجا كەلتۈرۈ ـ شىگە زىنھار ئەرزىمەيدىلا. ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرىنى بىلىپ، گە ـ دەنكەشلىك قىلماي ئاتتىن چۈشۈپ گۇناھلىرىنى تىلىسۇنلار.

— گۇناھىنى تىلەش، تەۋبە قىلىش ساۋابتۇر، پەقەت يېگانە ئاللاھ ئالدىدا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ مەغرۇرلۇق بىلەن، — جانابلىرىنىڭ تۇرقىغا قاراپ تولىمۇ زىل ئادەم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىۋىدىم، ئەپسۇس، خاتالاشقاندەك قىلىمەن. بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۈزلىرى قىزارماي ئەمىرۇل ئۇمەرالىق مەرتىۋىسىدىن سۆز ئې ـ چىشقا قانداقمۇ تىللىرى بارغاندۇ؟ ئول ماۋەرائۇننەھرنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى بولمىش ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئالىيلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان خاقانىمىز تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولغان نۆكەرلەردىن ئىكەنلىكىنى ئەسلە ـ رىدىن چىقىرىپ قويغان ئوخشىمامدىلا؟ ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۇشبۇ نۆكەرنىڭ پۇشتى بولمىش مىرزا ئۇلۇغبەگكە مۇلازىملىق قىلىۋاتقان ئۆزلەدەك ئاددىي بىر نۆكەرنىڭ توپچاق ئات ئۈستىدە شاھانە خىلئەتلەرگە ئورىنىۋېلىپ گىدىيىشى بىزلەركىم ئالەم خوجىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ ساداقەتمەن، باھادىر ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ئالدىدا تەپ تارتماستىن چوڭ سۆزلىشى

بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ ئۆزلەمۇ ئىززەتلىرىنى بىلىپ ھەددىلىرىدىن ئاشمىسۇنلار! گۇناھ تىلىگىلىرى بولسا قېنىنى خوش، ئۆزلەدىن كەلسۇن، ھېلىمۇ ئۇلگۇرىدىلا. ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ دەپتىكەن. رەھىمىمىز كېلىپ قالسا ياسالىمىزغا① نۆكەر قىلىۋالغايمىز، تېخى نۆكەر بولۇشقا لاياقەتلىرى بولسا!

ھەم سىپايە، ھەم نازۇك تەبىئەتلىك پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەگە سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بۇ تەنىسى تولىمۇ ئېغىر كەلدى. چىرايى تاتىرىپ، غەزىپى مېڭىسىگە تەپتى. سەركەردىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشكەندەك بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى ــ دە، بىردىنلا ئاغزىنى بۇزدى:

ــ ئەي داڭگال غاجاپ چوڭ بولغان سەھرالىق، ئول تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قاي زاماندىكى جۇلدۇر كېپەن بولۇپ كەتكەن تونىدا تەرلەشتىن نومۇس قىلساڭچۇ؟ ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ؟ سەن بىزگە نۆكەر ئەمەس، چۆھرە بولۇشقىمۇ يارىمايسەن. ناۋادا ئۇشبۇ چۆھرىلىكتىن تەمەيىڭ بولسا ئاتتىن چۈش ــ دە، تامبىلىڭنى سېلىپ تىزلان. چۆھرىلىككە يارامسەن ــ يوق، كۆرۈپ باقاي. رەھىمىم كېلىپ قالسا لەشكەرلىرىمگە چۆھرە قىلىپ بېرۈرمەن!

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ بۇ تىل ــ ھاقارىتى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ، جان ــ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ چاندۇرماسلىققا، تەمكىن بولۇشقا تىرىشتى. شۇنداقتىمۇ چىرايى سېزىلەرلىك تاتىرىپ كەتتى.

ــ بىز چۆھرىلىككە ئەلۋەتتە يارىمايمىز، ــ دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ، ــ تامبال سېلىپ تىزلانمىسىلىمۇ تۇرقلىرىدىن ئۆزلەنىڭ چۆھرە ئىكەنلىكلىرى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئاللاھ خالىسا ھېلىغىچە لەشكەرلىرىمگە تامباللىرىنى سېلىپ بېرەرلا، ناۋادا لەشكەرلىرىم ياراتماي تۈكۈرۈپ قويسا، زىنھار كۆڭۈللىرىگە ئالمىسۇنلار!

① ياسالىمىزغا ــ سېپىمىزگە.

www.uyghurkitap.com

ـــ تامبالنى كىمنىڭ سالىدىغانلىقىنى ھېلى كۆرۈمىز، ـــ دېدى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بەقەمدەك قىزىرىپ، ـــ ئۆز ـ لىرىنىمۇ باھادىرلىرىم ھېلىغىچە داڭگال قاساتسا زىنھار كۆڭۈل ـ لىرىگە ئالمىسۇنلا!

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بىلەن مۇنازىرىلىشىۋەرسە تې ـ خىمۇ سەت گەپنىڭ چىقىشىنى پەملىگەن سەييىدئەلى ئالپ گەپنى بۇرىۋەتتى:

ـــ كىمنىڭ ھەقىقىي ئوغۇل بالا ـ ئەركەكلىكىنى ياغى ئاي ـ رىغاي. ئەمىر جانابلىرىنىڭ مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئىتى بارمى ـ كىن، شول تاپتا ئۆزلە بىلەن بىر قەپەس يەكمۇيەك ئېلىشىپ باقسام دەيمەن.

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە بىرنەچچە دەقىقە زۇۋان سۈر ـ مىدى، شۇ دەقىقىدە ئۇ يەكمۇيەك چۈشسە سەييىدئەلى ئالپقا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى.

ـــ باھادىرلىرىمنىڭ قىلىچى ئاللىقاچان يالىڭاچلىنىپ بولغان، ـــ دېدى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە يەكمۇيەك جەڭگە چۈشۈشتىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ـــ جاپا تارتساقمۇ يەرلىكلىرىنى ئالدىرىماي كولىۋالىمىز. ئەندىشە قىلمىغايلا، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ جەسىتى ھەرگىز يەرلىكسىز قالمايدۇ.

نېمىلا بولمىسۇن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ بىر قو ـ شۇننىڭ ئەمىرى ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بوي ـ بەستى جە ـ ھەتتە ئۆزىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى يەكمۇ ـ يەك جەڭگە چۈشۈشكە يەنە دەۋەت قىلسا نامەردلىك بولىدىغانلىقى ـ نى، باشقىلار بوي ـ بەستىگە ئىشىنىپ يوغانچىلىق قىلدى، دەپ مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان سەييىدئەلى ئالپ ئۇنى يەكمۇيەك جەڭگە چۈشۈشكە زورلىمىدى.

ـــ بوپتۇ، ئۇنداق بولسا بىزمۇ قىلىچ يالىڭاچلاپ كەلگەن ـ مىز. سەركەردە جانابلىرى ياغىنىڭ شەكلىنى ئۆزى تاللىۋالغاي.

www.uyghurkitap.com

سەركەردەئى ماھارەتمۇ ياكى لەشكىرىي قىر ـ چاپمۇ؟[1]

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە پۈتۈن سەپ بويىچە قىر ـ چاپ قىلىپ جەڭ قىلىشنى خالايتتى. ھەئە، ئۇ ئاشۇ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرنىڭ كەلكۈندەك باستۇرۇپ بېرىپ ياۋنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەلىشىگە قاتتىق ئىشىنەتتى.

ـــ لەشكىرىي قىر ـ چاپ بولسۇن! ـــ دېدى ئېغىر تەڭلىكتىن قۇتۇلغان پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئالدىراپ ـ تېنەپ جاۋاب بېرىپ.

ـــ كېلىشتۇق ئەمسە، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، ـــ كاللىلىرىغا ھېزى بولسىلا ئەمىر.

ـــ سىلىمۇ ھەم شۇ، ـــ دېدى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە، ـــ باھادىرلىرىمنىڭ قىلىچى ئەمىر بىلەن لەشكەرنىڭ بويىنىنى ئايرىپ كەتمەيدۇ!

ھەر ئىككى ئەمىر ئۆز سەپلىرىگە قاراپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشتى.

ھايال ئۆتمەي ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭ سىپىدىن ئاۋۋال ناغرا ـ دۇمباق ئاۋازى، ئاندىن لەشكەرلەرنىڭ تارتقان نەرىسى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا سەمەرقەنت لەشكەرلىرى چۇقان ـ سۈرەن بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىراق موغۇلىستان لەشكەرلىرى مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى. ياۋنىڭ ھەرىكەتسىز تۇرغىنىنى كۆرگەن سەمەرقەنت سەركەردىلىرى رەقىبلىرىنى سۈر باسقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، نەرە تارتقىنىچە باستۇرۇپ كېلىۋەردى. بىر ئوق يېتىم ئارىلىق قالغاندا موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ سىپىدىن ئېتىلغان مىڭلىغان يا ئوقلىرى سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. كۈتۈلمىگەن بۇ زەربىدىن سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىردىنلا گاڭگىرىدى. بۇنى

[1] بۇ بىرخىل جەڭ شەكلى بولۇپ، سەركەردەئى ماھارەت دېگەندە، ھەر ئىككى تەرەپتىن بىردىن سەركەردە مەيدانغا چۈشۈپ، جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىشنى ئايرىيدۇ. لەشكىرىي قىر ـ چاپ دېگەندە، پۈتكۈل سەپ بويىچە جەڭگە چۈشىدۇ.

ئاز كۆرگەندەك يۇزلىگەن پالاخمان[1]لاردىن شىددەت بىلەن ئېتىلـ-
غان قوش مۇشتەك، ئادەم بېشىدەك تاشلار يا ئوقىدىن دەھشەتـ-
لىكرەك تالاپەت يەتكۈزۈۋاتاتتى. سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ئىلگىـ-
رىلەشكە ئامالسىز قالدى، يامغۇردەك يېغىۋاتقان يا ئوقى بىلەن
تاشلار ئات ئۈستىدىكى سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنى مۆلدۈر سوققان
ئۈجمىدەك تۆكۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ جەڭ سېپى بۇزۇلدى. لەشكەرلەر
ئۆزلىرىنى ئوق ـ تاشلارنىڭ زەربىسىدىن مۇداپىئە قىلىش غېمىـ-
دە قالغانىدى. ئوق ـ تاشلاردىن زەربە يېگەن لەشكەرلەر ئېچىـ-
نىشلىق ئىڭرايتتى، ئاتلار ۋەھىملىك كىشنەيتتى. سەيىدئەلى
ئالپىنىڭ بۇ تەدبىرى ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇركۈپ كەتكەن
ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ئوق ئېتىشقا
ئامالسىز ئىدى، ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە ـ تەشۋىش چۇلغىۋالغان لەشـ-
كەرلەر چېكىنىشكە باشلىدى.

ياۋنىڭ چېكىنگىنىنى كۆرگەن سەيىدئەلى ئالپ ئوقيا،
پالاخمان ئېتىشنى توختىتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش پەرمانى بەردى.
بىردەمدىلا خېلى كۆپ ھەمراھلىرىدىن ئايرىلغان سەمەرقەنت
لەشكەرلىرى جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىرىغا جان ـ جەھـ-
لى بىلەن ئاچچىق قامچا سالاتتى. پۈتۈن سەپ بويىچە قىر ـ چاپقا
ئۆتۈپ، ياۋ لەشكەرلىرىنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن تىرىپىرەن قىلىشـ-
نى كۆزلىگەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئاتلىق لەشكەرلىرد-
گىلا ئەمەس، پىيادە لەشكەرلىرىگىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈش پەرمانى
بەرگەنىدى. شۇڭا پىيادىلەر ئاتلىقلارغا ئەگىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەـ-
نىدى. موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئوقيا ـ پالاخمانلىرىنىڭ
زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاتلىق لەشكەرلەر چېكىنىش
بىلەنلا ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگەن تۇمەنلىگەن پىيادە
لەشكەرلەرگە دۈچ كەلدى. جان قايغۇسىدا قالغان ئاتلىقلارنىڭ
توختاشقا ھەپىسلىسى يوق ئىدى، خۇددى قىرغاقتا زەرب بىلەن
ئۇرۇلۇپ ئارقىسىغا شىددەت بىلەن چېكىنگەن دەريا دولقۇنىدەك

① پالاخمان ـــ تاش ئېتىش قورالى.

www.uyghurkitap.com

يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئاتلىقلار پىيادە لەشكەرلەرنى ئاتلىرىغا دەس-
سىتىپ، پىتىقلاشقا باشلىدى. بۇ مالىمانچىلىقنى كۆرۈپ تۇرغان
پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا داڭقىتىپ
تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي ئارقىسىغا چې-
كىنگەن ئاتلىق لەشكەرلىرىنى توختىتىشقىمۇ، ئاتلارنىڭ ئايى-
غىدا دەسسىلىپ كېتىپ بارغان پىيادە لەشكەرلىرىنى قۇتۇلدۇرۇ-
ۋېلىشقىمۇ ئامالسىز ئىدى. سەييىدئەلى ئالپىنىڭ نەچچە مىڭلىغان
چەۋەندازلىرى بولسا ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ياۋ لەشكەرلىرىنى قى-
لىچلاۋاتاتتى.

«سەمەرقەنتتىكى ۋاقتىمدا ئوردىدىكى بىر قىسىم سىپاھلار
سەييىدئەلى ئالپىنى بوۋىسى — ئۇلۇسبېگى خۇدايىدادقا ئوخشاش
ھىيلىگەر، تەدبىرلىك ئادەم دېسە ئىشەنمەپتىكەنمەن. نامى بىكار-
غا تارقالماپتىكەن ئەمەسمۇ؟ دەرھال قارارگاھقا چېكىنىش كې-
رەك...»

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ناغرا چالدۇرۇپ سەركەردە ـ
لەشكەرلىرىگە چېكىنىش بۇيرۇقى بەردى ـ دە، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى
قارارگاھقا قاراپ ئات سالدى. قارارگاھقا يېقىنلىشىپ كەلگەن
پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئاغدى، ھودۇق-
قان كۆزلىرى چەكچەيدى. قارارگاھتىن ئاسمان ـ پەلەك ئوت كۆ-
تۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزايىنى شۈرۈردە قارا تەر باستى.

«قارارگاھقا كىم ئوت قويغاندۇ؟ ئاھ خۇدا، بەتبەخت سەييىد-
ئەلى ئالپىنىڭ لەشكەرلىرى قارارگاھىمىزنىمۇ بوش قويماپتۇ ئەمەس-
مۇ؟ ئۇلار قارارگاھقا قانداق تېگىش قىلغاندۇ...»

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئېتىنىڭ بېشىنى قەشقەر شە-
ھىرى تەرەپكە قاراپ بۇرىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى
شەھەردە قالغانىدى.

ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ياۋ قارارگاھىنىڭ ئەھۋالىنى تەپ-
سىلىي ئىگىلىگەن سەييىدئەلى ئالپ سەركەردىسى ئالچىنبەگكە
مىڭ لەشكەر بىلەن كېچىلەپ ياۋ قارارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە

تۇيدۇرماي ئۆتۈۋېلىشنى ۋە جەڭ دۇمبىقى چېلىنىشى بىلەن تەڭ قارارگاھقا تېگىش قىلىشنى، ئامال بار ئوت قويۇپ، ياۋ لەشكەر ـ لىرىنى ساراسىمىگە سېلىشنى قاتتىق جېكىلىگەندى.

يېڭىلگەن، جان قايغۇسىدا قالغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى جان ـ جەھلى بىلەن قەشقەرگە قاراپ قېچىۋاتاتتى. جەڭدىن ئاۋۋال سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئوت ـ تۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان موغۇلىستان سەركەردىلىرى قاچقان رەقىبلىرىنى مەسخىرە قىد ـ لىپ «تامبىلىڭنى سال!» دەپ چۇقان سالاتتى. بۇ گەپنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز سەرۋاز ـ لەشكەرلەرمۇ سەر ـ كەردىلەرنى دوراپ ياۋنى قوغلىغىنىچە سۈرەن سېلىشقا باشلىدى:

ـ تامبىلىڭنى سال!

جان قايغۇسىدا قالغان بىچارە سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ بولسا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلغۇدەك، تېگىگە يەتكۇدەك ھەپىلىسى يوق ئىدى. بەلكىم موغۇلىستان لەشكەرلىرى مۇ ـ شۇنداق نەرە تارتسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى ۋە ھاياتىنى قۇتۇلدۇ ـ رۇپ قېلىش ئۈچۈن «خوش، سالاي بېگىم»دەپ نالە ـ زار قىلىد ـ شاتتى...

جەڭ ئاخىرلاشقاندا موغۇلىستان لەشكەرلىرى قىزىقچىلىق قىلىشىپ بۇ قېتىمقى جەڭگە « سالاي بېگىم» جېڭى، دەپ نام قو ـ يۇۋېلىشتى. كېيىنچە بۇ «سالاي بېگىم» جېڭى لەشكەرلەرنىڭ ئاغزىدىن مەدداھ، ۋائىزلارنىڭ ئاغزىغا كۆچۈپ ئەل ئارىسىغا كەڭرى تارقالدى ۋە تارىختىكى مەشھۇر جەڭلەردىن بولۇپ قالدى.

ھەئە، سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمى مىڭ تەستە قەش ـ قەر شەھىرىگە قېچىپ كىرىۋالدى، قالغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كەتتى ياكى ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا پېتىقلىنىپ كەت ـ تى، ئاز بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشتى. قوغلاپ كەلگەن موغۇلىس ـ تان لەشكەرلىرى قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىلى بەكمۇ مۇستەھكەم ئىدى.

پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قەشقەرگە ئەمىر بولۇپ كەلگەندىن بىرى شەھەر سېپىلىنى سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئوخ- شاش قىلىپ قايتا بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرغان، خەندەكلەرنى چاپتۇرۇپ، قوختا، بۇرج، مۇنارلارنى كۆپەيتىپ مۇستەھكەملىگە- نىدى.

سەييىدئەلى ئالىپ بىر ئاي قورشاپمۇ قەشقەر شەھىرىنى ئالالمىدى. پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە سېپىلنى قاتتىق مۇداپى- ئە قىلىپ، جەڭگە چىقماي يېتىۋالدى. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ مەسخىرە قىلىپ ئەۋەتكەن ئايال كىشىنىڭ قىزىل تاۋار ئىشتىنى بىلەن ئەتلەس كۆڭلىكىمۇ، جەڭگە ئۈندەپ، غۇرۇرىغا تېگىپ ياز- غان تۈركىي تىلدا ئىپادىلەشكە بولىدىغان ئەڭ ھاقارەتلىك، ئەڭ سېسىق سۆزلەردىن پۈتۈلگەن خېتىمۇ كار قىلمىدى. پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە شەھەرگە ھېسابسىز ئاشلىق جۇغلىۋالغان بو- لۇپ، لەشكەرلەرنىڭ بىر يىل بىمالال يېيىشىگە يېتەتتى، شۇڭا ئۇ- نىڭ شەھەر سېپىلىنى مەھكەم ساقلاشتىن باشقا غېمى يوق ئىدى.

سەييىدئەلى ئالىپ شەھەرنى قورشىغان بىر ئاي ئىچىدە ھەر- خىل تەدبىرلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. شۇ كۈنلەردە توختام سۇلاردا قەغەزدەك نېپىز مۇز توڭلاپ، قىشنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىغان، موغۇلىستان لەش- كەرلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ قالاي دېگەنىدى. چۈنكى، «سالاي بېگىم» جېڭىدىن بىر ھەپتە كېيىن پولات باھادىر ئىس- سىقكۆلدىكى چېگرىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلىرىدىن بەش مىڭنى ئېلىپ يېتىپ كەلگەنىدى. گەرچە ياركەنت، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك يۆتكەش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، سەييىدئەلى ئالىپنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن لەشكەرنى قارا قىشتا چىدىر تىكىپ ياتقۇزۇپ قىينىغۇسى كەلمىدى. ئاخىرى مۇھاسىرىنى بىكار قى- لىپ، پولات باھادىرنى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئىسسىقكۆلگە قاي- تۇرۇۋەتتى، ئۆزى قالغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئاق- سۇغا قايتتى.

## 34

گەرچە جەڭدە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ قەشقەر شەھىرىنى ئالالماي قاتتىق مەيۇسلەنگەن سەييىدئەلى ئالپ ئاقسۇدا ئۆزىنى ئاجايىپ كاتتا بىر خۇشاللىقنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى پەقەتلا خىيا-لىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ھەئە، سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارمىنى ئەمەلگە ئېشىپ، كىچىك ئاغىچىسى بىبى ئايەتخېنىم قورساق كۆتۈرگەن، ھامىلە ئۈچ ئايلىق بولغانىدى.

سەييىدئەلى ئالپ تۇنجى ئايالى ئۇز سۇلتان مەلىكە بىلەن تويى بولغان كۈنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھاياتىدا بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ باققىنىنى ئەسلىيەلمىدى.

ھاياجانلانغان سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى، پۈتكۈل جاھانغا ئۆزىنىڭ ئاتا بولغانلىقىنى جاكارلاشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. ھەم تارتىنىش، ھەم خۇشاللىق ئىلكىدە تۇرغان بىبى ئايەتخېنىمنى دەس كۆتۈرگىنىچە باغرىغا باستى. سەگىتېرەكتەك بەستلىك سەييىدئەلى ئالپنىڭ قۇچىقىدا خۇددى كىچىك بالىدەك كۆرۈنىدىغان بىبى ئايەتخېنىمنىڭ پۇتلىرى پىل-تىڭلايتتى.

— ئۇنداق كۆتۈرۈۋالمىسىلا ھەزرىتىم، خىجىل بولىدىكەن-مەن.

بىبى ئايەتخېنىمنىڭ نازلىق پىچىرلاشلىرى سەييىدئەلى ئالپنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

— ئۆزلەدىن پەخىرلىنىمەن، بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا رازىمەن.

ھاياجىنى تېخىچە بېسىلمىغان سەييىدئەلى ئالىپ ئەنە ئاشۇنداق پىچىرلىغاچ بىبى ئايەتخېنىمنىڭ بويىنىغا، مەڭزىگە، لەۋلىرىگە سۆيەتتى. تېخىچىلا سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشقا ئادەتلەنمىگەن بىبى ئايەتخېنىم خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە چۈشۈش ئۈچۈن تىپىرلايتتى، ئەمما خۇشاللىقتىن چىرايلىق قوي كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەندى.

سەييىدئەلى ئالىپ ئۇنىڭغا چوڭ ئاغىچىسى ئۇز سۇلتان مەلىكە بىلەن ئوخشاش قىلىپ خىزمەتكار، كېنىزەك بەلگىلەپ بەردى. ئەمەلىيەتتە بۇ كىچىك ئاغىچىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرگەنلىكى ئىدى. چوڭ ئاغىچا ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن دېدىمۇ ئەيتاۋۇر، بۇ خۇش خەۋەرنى تۇرپانغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىمىدى.

شۇ كۈنلەردە بىبى ئايەتخېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالغان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ باشقا ھەرقانداق ئىشقا مەيلى تارتمايتتى، ئەس ـ يادى كىچىك ئاغىچىنىڭ قورسىقىدىكى بالىدا قالغانىدى. ھەرۋاقىلىق نامىزىدا بالىسىنىڭ ئامان ـ ئېسەن تۇغۇلۇپ، بۇ دۇنياغا ساق ـ سالامەت كۆز ئېچىشىنى تىلەيتتى، پەرزەنت جامالىنى كۆرۈش تەقەززالىقى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. مەيلى ئاقسۇ ئەمىرى سەييىد مەھمۇد مىرزا بولسۇن، مەيلى ئاقسۇدىكى باشقا ئەمىر ـ سەركەردە، باي ـ زەردارلار بولسۇن قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان بەزمە ـ مەشرەپلىرىگە ئىمكان بار قاتناشمايتتى، قاتناشسىمۇ قايتىشقا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ كىچىك ئاغىچىدىن، قورساقتىكى بالىدىن پەقەتلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. قىش كۈنلىرىنى شىكارسىز، بەزمە ـ مەشرەپسىز ئۆتكۈزمەيدىغان سەييىدئەلى ئالىپ شۇ كۈنلەردە بۇ ئىشلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى.

ــ ئەمىر كەبىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئاستانىدىن مەكتۇپ كەپتۇ!

بىبى ئايەتخېنىم بىلەن سەندەلگە پۇتىنى تىقىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقان سەييىدئەلى ئالپ خىزمەتكار ئايال ئۇزاتقان پەتنۇستىكى نەقىشلىك كۆن قاپنى ئېلىپ ئالدىراپ ئاغزىنى ئاچتى، شۇ ھامان دىمىقىغا كۇچلۇك ئەنبەر پۇرىقى ئۇرۇلدى.

«چوڭ ئاغىچا مەكتۇپ يوللاپتۇ ـ دە...»

ئۇز سۇلتان مەلىكە مەكتۇپ ئەۋەتسە كۆن قاپنىڭ ئىچىگە ئەنبەر سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى. شۇ دەقىقىدە سەييىدئەلى ئالپ خېلىدىن بېرى چوڭ ئاغىچىسى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلمىغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ بىر ئاز خىجىل بولدى، يېقىندىن بېرى ئۇ راستىنلا ئۇز سۇلتان مەلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندى. ئۇ مەلىكىنىڭ سۇت رەڭلىك خوتەن قەغىزىدىكى چىرايلىق خېتىگە نەزەر تاشلىدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*كۆڭۈل مەملىكىتىمنىڭ يېگانە تاجدارى، كۆز يېشىم ئارقىلىق سۇغىرىپ ئەھيا قىلغان گۈزەللىك بېغىمنىڭ سەرۋىسى، بەخت ئاسمىنىمنىڭ نۇرلۇق قۇياشى، يۆلەنگەن تېغىم، غۇرۇرۇم ھەم ئىپتىخارىم، ئىشقى ـ پىراقى يالقۇنداغ مىسالى ئاتەشلىك جانابى باھادىر ھەزرىتىمگە بىھېساب سالام يوللاش بىلەن بىرلە، ئەزىز تەنلىرىگە سالامەتلىك، ھەممە ئىشلىرىغا نۇسرەت تىلەيمەن.*

*ئۇزۇن بولدى، خەستە دىلىمغا ئارام بېغىشلىغۇچى مۇبارەك خەت ـ خەۋەرلىرىنى ئالالمىدىم. ئەھۋاللىرى ياخشىدۇ؟ ئول قەشقەر يۇرۇشىدە غەلىبە ـ نۇسرەتكە يۈزلەنگەن بولسىلىمۇ، شەھىرى قەشقەرنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. مەيۇسلەنمىگەيلا، ياراتقان ئاللاھ ئىگەم خالىسا قاناتلىرى بولمىش تۇلپارلىرى ئول ئەزىزانە شەھەردە ھامان بىر كۈنى مەغرۇرلۇق بىلەن كىشنىگۈسى. ئول مەقسەت ـ مۇددىئالىرىغا*

ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

*يېتىشكە ئاللاھ ئىگەم ئۆزى مەدەت قىلغاي!*

*ئەسلىي مەقسەتكە كەلسەم، ئۇشبۇ كۈنلەردە ھەزرەتىمنى ئالەمچە بىر خۇشاللىقتىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، جانابىي ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ھىممىتى بائىسىدىن نېسىپ بولغان بىھېساب بەختىنىڭ ھۇزۇرىنى تەڭ سۈرۈشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، ئارىلىق يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش پەسلى يېتىپ كەلگەچكە، ئامالسىزلىقتىن ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ھاياجاندىن تىترەۋاتقان قوللىرىم بىلەن ئۇشبۇ مەكتۇپنى پۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن.*

*مۇبارەك بولسۇن! جانابىي ئاللاھ مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلىپ، ھەزرىتىمنى ئاتا بولۇش شەرىپىگە ئاخىر نائىل قىلدى. دېمەكچىمەنكى، كەمىنە مەزلۇملىرى ئىككىقاتىمەن. بۇ خۇشاللىقنى سەزگىنىمدە كۆز ياشلىرىم سەل بولۇپ ئاقتى...»*

سەييىدئەلى ئالپ خەتنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھاياجاندىن ئولتۇرالماي قالدى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆز سۇلتان مەلىكە قۇلىقىغا ئۆز ئاغزى بىلەن شىۋىرلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، قانلىرى تومۇر ـ تومۇرلىرىدا قىيان ياسىدى. بەخىرامان ئولتۇرغان كىچىك ئاغىچىسى بىبى ئايەتخېنىمغا لاپپىدە بىر قارىۋېلىپ خەتنىڭ داۋامىغا كۆز يۈگۈرتتى.

*«... شۇل تاپتا قانتىم بولغان بولسا قاشلىرىغا ئۇچۇپ بېرىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆز ئاغزىم بىلەن يەتكۈزگەن بولسام، نەچچە يىلدىن بېرى پەرزەنت پىراقىدا ئۆرتەنگەن يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشلىرىغا قۇلىقىمنى يېقىپ، مېھىرلىك كۆزلىرىگە قېنىپ ـ قېنىپ قارىۋالغان بولسام ئارمىنىم يوق ئىدى. نەچارە، ئاقسۇ بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقىنى يېقىن قىلىش، كېلىۋاتقان قىش پەسلىنى باھارغا*

*ئالماشتۇرۇش قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ قولىدىن كەلمىسە، ئاجىز بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن.*

*ھېلىمۇ مىڭ قەتلە شۈكۈركىم، مۇبارەك ۋۇجۇدلىرىدىن ئاپىرىدە بولۇپ، پۇشتلىرىدىن تامغان جان پەرزەنتىمىز تېنىمگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن خۇددى مۇبارەك تەنلىرىنى قۇچاقلىغاندەك، سېغىنىشلىرىم تەسەللىگە ئېرىشكەندەك بولۇپ، ئۆزۈمنى بەختىيار سەزمەكتىمەن. گەرچە مۇبارەك جاماللىرىنى كۆرۈشنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتسەممۇ، سېغىنىش پىراقى يۈرەك باغرىمنى گۈلخان كەبى ئۆرتەپ تۇرسىمۇ، خان يارلىقى بىلەن قەشقەر يۇرۇشىگە ئاتلانغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلەنى يېنىمغا چىللاشقا ئامالسىزمەن. مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللاھ ئىگەم ئامان ـ ئېسەن دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلغاي.*

*سالامەتلىكلىرىنى كۆپ ئاسرىسىلا، مەندىن بىبى ئايەتخېنىمغا سالام دېسىلە.*

*مۇبارەك جاماللىرىغا كېچە ـ كۈندۈز تەشنا بولۇپ، غەلىبە ـ نۇسرەتلىرى ئۈچۈن ھەرقاچان دۇئا گويلۇق قىلىپ تۇرغان ئاجىز زەئىپەلىرىدىن دەپ بىلۇرلا!*

*نامە تامام ۋەسسالام.»*

چۈش كۆرگەندەك تۈيغۇغا كېلىپ قالغان سەيپىدىئەلى ئالپ خەتكە تىكىلگىنىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. ھەئە، جىسمى ئاقسۇدا ئولتۇرغىنى بىلەن ئوي ـ خىيالى ئاللىقاچان تۇرپانغا، سۆيۈملۈك ئاغىچىسى ئۆز سۇلتان مەلىكىنىڭ قېشىغا كېتىپ بولغانىدى. خىيالىدا مەلىكىنى قۇچاقلايتتى، سۆيەتتى، ئەركىلەتەتتى، رەھمەت ـ تەسەننالىسىنى بىلدۈرەتتى.

«ئىھ! ياراتقان قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم. ھىممىتىڭگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر. بەخت ـ ئامەتىمنى قوش قىلىپ، قوشلاپ پەرزەنت ئاتا قىلغىنىڭغا تەشەككۈر. ھىممەت ـ ئىنايىتىڭدىن ھەرقاچان

ئۈمىدۋارمەن. بىر ئۆمۈر ساڭا قۇلچىلىق قىلىپ ئۆتكەيمەن...»

ــ ئاغىچا خېنىم تىنچلىقمىكەن ھەزرىتىم؟

بىبى ئايەتخېنىمنىڭ سوئالى بىلەن سەييىدئەلى ئالپنىڭ خىيالى بۆلۈندى، كۆزلىرىگە مېھرى بىلەن قاراپ جاۋاب بەردى:

ــ تىنچلىقكەن، ئۆزلەرگە سالام ئېيتىپتۇ. بىزگە ئۆزىنىڭ ئىككىقات ئىكەنلىكىدىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

كىچىك ئاغىچا ھەيرانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى سەييىدئەلى ئالپقا تىكتى:

ــ نېمە ؟ ئاغىچا خېنىممۇ ئىككىقاتمىكەن؟

ــ ھەئە، ــ دېدى خۇشاللىقتىن تېخىچىلا ئاغزى يۇمۇلماي قالغان سەييىدئەلى ئالپ قولىدىكى خەتنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ــ ئۆزلىرى ئوقۇپ چىقسىلا.

بىبى ئايەتخېنىم خەتنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان ئىنچىكە، نازۇك بارماقلىرى سېزىلەرلىك تىترەيتتى، ئوخشاپ پىشقان توغاچنى ئەسلەتىدىغان مەڭزى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، چىرايلىق قوي كۆزلىرىدە ھەسەت بالقىيتتى. تېخىچە ھاياجىنى بېسىلمىغان سەييىدئەلى ئالپنىڭ بولسا كىچىك ئاغىچىسىنىڭ چىرايىدىكى بۇ ئىپادىنى سېزىۋالغۇدەك ھەپىسلىسى يوق ئىدى.

«... خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللاپ، ئاستانىگە قايتىشقا ئىجازەت سورىساممىكىن؟ خان ئالىيلىرىغۇ ئىجازەت بېرەر. بىراق ئوردىدىكى ئەمىرلەر نېمدەپ قالۇر؟ قاراڭلار، ئەمىر كەبىر جانابلىرى شۇنچە ھەشەم تارتىپ قەشقەرگە كېتىپ باراتتى، سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ مويىنىمۇ تەۋرىتەلمەي لەشكەر چېكىندۇرۇپ يەنە قايتىپ كەپتۇ، دەپ مەسخىرە قىلىشماسمۇ؟ كەينىمدىن كۇلمەسمۇ؟ نۇسرەتسىز لەشكىرىي يۈرۈشكە خەزىنىنى ئارتۇقچە چىقىمدار قىلدى دەپ پىتنە قىلىشماسمۇ؟ ھېلىمۇ ئۇلار مېنى گۆدەك خاننىڭ بۇرنىدىن يېتىلىۋالدى، خاننى ئاتاقىغا ئىگە قىلىپ

قويۇپ، سەلتەنەتنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇۋالدى، دەپ غەيۋەت قىلىشىپ يۈرەتتى. مۇشۇنداق چاغدا ئاستانىگە قايتسام يەنە نىمە پىتنىلەرنى تېرىشماس؟ ياكى چوڭ ئاغىچىنى قېشىمغا ئالدۇرۇپ كەلسەممىكىن؟ بىراق، شول كۆللەردە قار يېغىپ يوللار خەتەرلىك بولۇپ قالدى. ئاقسۇ بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقىدا نۇرغۇن تاغ ـ داۋان، چۆل ـ جەزىرىلەر بار، ئايلاپ يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەلىكە يول ئازابى تارتىپ قالىدۇ، سوغۇقتا قىينىلىپ قالىدۇ. بۇ قورساقتىكى بالىغا ياخشى ئەمەس، يەنىلا ئاستانىدە تۇرغىنى ئەۋ ـ زەلدەك قىلىدۇ. بوپتۇ، بۇ ھىجران ئازابىغا چىداي، ياراتقان ئىگـ ـ گەمنىڭ ھىممىتىگە شۈكۈر. يېنىمدا كىچىك ئاغىچا بار، ئۇمۇ مەلىكىنىڭ ئۈمىدى ئىدىغۇ؟ مەلىكىنىڭ كەڭ قورساقلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، مېھرىبانلىقىغا ئاللاھنىڭ رەھمى كەلگەن چېغى، ھەر ئىككىلىسى تەڭ قورساق كۆتۈردى مانا. قايسىسى بۇرۇنراق قورساق كۆتۈرگەندۇ؟ چوقۇم كىچىك ئاغىچا بۇرۇن قورساق كۆ ـ تۈردى. قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا چوڭ ئاغىچا بىلەن ئىككى ئاخ ـ شام بىللە بولغانىدىم. ھەئە، تويدىن كېيىنكى ئەڭ لەززەتلىك ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزگەنىدىم، ئاللاھ ئىگەم ئاشۇ ئىككى ئاخ ـ شامنىڭ بىرىدە پەرزەنت نېسىپ قىلىپتۇ. تەگرىم ھەر ئىككى ئا ـ غىچىنى ئامان ـ ئېسەن يەڭگىشكە نېسىپ قىلسا، ئىككى پەرزەن ـ تىم قوش كېزەكتەك تەڭ چوڭ بولغۇدەك... سەۋر قىلاي. قىش ئاخىرلىشىپ كۆكلەم كەلسە، قەشقەرگە قايتا يۈرۈش قىلاي. ئاللاھ ئىگەم پەرزەنت نېسىپ قىلغىنىغا ئوخشاش، قەشقەر نۇس ـ رىتىنىمۇ نېسىپ قىلىپ قالۇر. مەيلى، نىمە ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، قەشقەرنى قولۇمغا ئالماي تۇرۇپ تۇرپانغا قايتماي ـ مەن...»

— كاغەز① ـ قەلەم كەلتۈرۈڭلار، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ.

① كاغەز — قەغەز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باياتىن بېرى خەتكە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان بىبى ئا-يەتخېنىم چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

ـــ مۇبارەك بولسۇن ھەزرىتىم، ـــ دېدى ئۇ سەييىدئەلى ئالپنى تېخىچە مۇبارەكلىمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشىپ.

ـــ بىرگە بولسۇن، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ خۇشخۇيلۇق بىلەن، ـــ مەلىكىگە جاۋاب خەت يېزىۋېتەي دەيمەن.

ـــ شۇنداق قىلسىلا، ئاغىچا خېنىمغا مەندىن سالام يوللاپ قويسىلا.

يۈرىكىنى رەشك ئازابى قىيناۋاتقان بىبى ئايەتخېنىم دەرھال باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

## 35

ئۆرۈك ئالا بولغان مەزگىل.

ئاقسۇدىن ئىككىنچى قېتىم لەشكەر تارتىپ كەلگەن سەييىد-ئەلى ئالپنىڭ قەشقەر شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغىنىغا بىر ئاي بولاي دەپ قالغانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ سە-مەرقەنتكە چاپارمەن ماڭغۇزۇۋەتكەن پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە جەڭگە چىققىلى ئۇنىماي، چاشقاندەك ئىنىغا كىرىۋالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە سەييىدئەلى ئالپنىڭ سەۋر - تاقىتى چېكىگە يەتكەنىدى. رەقىبىنىڭ جەڭگە چىقماي يېتىۋالغانلىقىدىن، قەش-قەرنى تېخىچىلا ئالالمىغانلىقىدىن جىلە بولاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى-نىڭ بىر بېغىشى ئاقسۇغا، بىر بېغىشى تۇرپانغا تەلپۈنەتتى. ھە-ئە، تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بولاي دەپ قالغان ئاقسۇ-دىكى ئەمىرزادىسى سانىز مىرزىنى سېغىناتتى، كۆرگۈسى كېلەتـ-

تى. ئاقسۇغا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بېرىپ ئوغلىنى باغرىغا باسقۇسى، يۇمران مەڭزىگە ساقاللىرىنى سۈركىگۈسى كېلەتتى. تۇرپاندىكى چوڭ ئاغىچىسى ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ ئەھۋالىدىن كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. «مەلىكەم تىنچ ـ ئامان يەڭگىگەن-مىدۇ؟ بالام ئوغۇلمىدۇ ـ قىزمىدۇ؟ ئانا ـ بالا سالامەتمىدۇ؟...» دېگەندەك مۇدھىش سوئاللار يۈرىكىنى ئارامسىز قىينايتتى. تۇرپان تەرەپتىن خەۋەر كېلىپ قالارمىكىن دەپ كۈندە نەچچە ۋاق يولغا تەلمۈرەتتى. ئاشۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، گاھىدا قەشقەر شەھىرىگە كۈندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قوزغايتتى، گاھىدا بىرەر ھەپتە جىمجىت بولۇپ كېتەتتى. ئىچ پۇشۇقىنى بېسىش ئۈچۈن كۈن ـ كۈنلەپ شارابخورلۇق قىلاتتى، سازەندىلەرنى چا-قىرتىپ ناخشا ئاڭلايتتى.

بۈگۈن بارگاھى ئالىيغا سەركەردىلەرنىمۇ، سازەندىلەرنىمۇ يېقىن يولاتماي ئۆزى يالغۇز شارابخورلۇق قىلىپ ئولتۇرغان سەي-يىدئەلى ئالپ بىردەمدىلا كەيپ بولۇپ قالدى ـ دە، ئىچ پۇشۇقىنى بېسىش ئۈچۈن، ئېسىپ قويغان نەقىشلىك دۇتارنى ئېلىپ چالا ـ بۇلا ئۆگىنىۋالغان پەدىگە تىرىڭلىتىپ ناخشا ئوقۇشقا باشلىدى:

*باردىم دەريا كەچكەلى،*
*ئولتۇردۇم سۇ ئىچكەلى.*
*كەلسە يارىمدىن خەۋەر،*
*قاناتىم يوقكەن ئۇچقالى.*
...........................

سىرتتىن بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلگەن خاس مەھرەم ئاستا ئەمىرنىڭ قېشىغا كېلىپ قول باغلىدى:

— مەلۇم بولغاي!

سەيىيدئەلى ئالپ پەرۋاسىز ھالدا ناخشا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

بىردەم كۈتۈپ تۇرغان مەھرەم يىگىت بىتاقەتلىك بىلەن يە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نە ئىغىز ئاچتى:
ــ تۇرپاندىن خەۋەرچى كەلدى جانابلىرى...
قۇلىقىغا «تۇرپان» دېگەن سۆز چالا ـ بۇلا كىرىپ قالغان سەييىدئەلى ئالپ بىردىنلا دۇتار چېلىشتىن توختاپ، مەھرەمگە جىددىي نەزەرىنى ئاغدۇردى:
ــ نېمىدېدىڭ؟
ــ تۇرپاندىن چاپارمەن كەلدى ئالىيلىرى!
سەييىدئەلى ئالپنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈرلەپ كەتتى. «چاپارمەننى خان ئالىيلىرى ئەۋەتكەنمىدۇ ياكى مەلىكەم ئەۋەتكەنمىدۇ؟»
ــ ھاڭۋېقىپ تۇرماي، دەرھال باشلاپ كىرسۇنلار!
چۆچۈپ كەتكەن مەھرەم يىگىت دەرھال كەينىگە ياندى.
چەكسىز تەقەززالىق بىلەن بارگاھى ئالىينىڭ ئىشىكىگە تىكىلگەن سەييىدئەلى ئالپقا ھەر بىر دەقىقە ۋاقىت گويا بىر يىلدەك بىلىنىپ كېتىپ باراتتى، ناھايەت مەھرەم يىگىت چاپارمەننى باشلاپ كىردى.
ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم...
ــ بولدى ـ بولدى، تولا ھۆسلە قىلماي نەق گەپنى قىل، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئورىدا يوسۇنى بويىچە سالام بېرىشكە تەمشەلگەن چاپارمەن يىگىتنى سىلكىشلەپ.
ــ ئەمىر كەبىر جانابلىرىغا خۇش خەۋەر، چوڭ ئاغىچا ئۈز سۇلتان مەلىكە كۆزەيدى![1]
سەييىدئەلى ئالپ خۇشاللىقتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
سەييىدئەلى ئالپ خۇددى چۆل ـ جەزىرىدە تەشنالىق تارتقان ئادەم تۈيۈقسىز بۇلاققا ئۇچرىغاندەك شادلىققا چۆمۈلدى.
سەييىدئەلى ئالپنىڭ نەزەرىدە بارگاھى ئالىي، ياق، پۈتكۈل ئالەم گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەندى.
سەييىدئەلى ئالپ شۇ دەقىقىدە يېگىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان

---
[1] كۆزەيدى ــ كۆزى يورۇماق.

پەرزەنتىنىڭ ئىگەلەپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

— تۆلكىمۇ، بۆرىمۇ؟ — سورىدى سەييىدئەلى ئالپ تەقەززالىق بىلەن.

— ئاللاھ ئىگەم جانابلىرىغا بۆرە نېسىپ قىلدى!

— ئاغزىڭغا ناۋات، — دېدى ھاياجانلانغان سەييىدئەلى ئالپ، ئاندىن مەھرەمگە قاراپ بۇيرۇدى، — چاپارمەنگە دەرھال بىر ياقىلىق شاھانە سەرپاي بىلەن بىر چوكا ئالتۇن سۆيۈنچە بېرىلسۇن!

— ئەمىر كەبىر جانابلىرىنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت، — دېدى چاپارمەن يىگىت ۋە بايامقى جىددىيچىلىكتە ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى بېرىشنى ئۇنتۇغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، — ئېسىم قۇرۇسۇن، — دېدى ئۇ خەت ـ چەك تەللىسىدىن نەقىشلىك كۆن قاپنى ئېلىپ، — ئاغىچا خېنىمنىڭ مەكتۇپىنى بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەن، گۇناھىمنى كەچۈرگەيلا ئەمىر كەبىر جانابلىرى.

سەييىدئەلى ئالپ كۆن قاپنى ئېلىپ، تونۇش ئەنبەر ھىدىنى پۇرىدى. شۇ ھامان تومۇر ـ تومۇرلىرىغا كۈچلۈك سېغىنىش ھېسلىرى تارىدى. خەتنى ئالدىراش ئوقۇپ چىقتى.

خەتكە ئۇز سۇلتان مەلىكە بالىنىڭ تۇغۇلغان ئاي ـ كۈنىنى ئالاھىدە پۈتۈپ قويغان بولۇپ، سەييىدئەلى ئالپقا بالىغا ئىسىم قويۇپ بېرىشنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

خەتنى يېنىشلاپ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىققان سەييىدئەلى ئالپ چاپارمەن يىگىتكە نەزەرىنى ئاغدۇردى:

— تۇرپانغا بۈگۈنلا يېنىشقا رىغبىتىڭ بارمۇ؟

— پېقىر ئەمىر كەبىر جانابلىرىنىڭ ئاتقان ئوقىدۇرمەن!

— بارىكاللا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ مەمنۇنلۇق بىلەن، — ھازىرچە چىقىپ غىزالىنىپ، ئارام ئالغاچ تۇر، ھېلىغىچە چاقىرتىمەن.

— باش ئۈستىگە!

چاپارمەن يىگىت ئاستا كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى.

سەييىدئەلى ئالپ مەھرىمىگە قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۈرۈپ، ئۇز سۇلتان مەلىكىگە ئالدىراش خەت يېزىشقا تۇتۇندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
دۇنيادا مەن ئۇچۇن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان، دىلخانەمنىڭ نۇرلۇق چىرىغى، ھايات بېغىمنىڭ يېگانە تۇزۇماس گۈلى، خەستە دىلىمنىڭ شادلىقى بولمىش كۆيۈمچان رەپىقەمگە بىھېساب سالاملار بولغاي!
ئىشق ـ پىراقلىرىدا ئۆرتىنىپ كاۋاپ بولغان يۈرەكىمگە راھەت بېغىشلىغۇچى مۇبارەك سالامنامىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، مېنى ئاتا بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغانلىقلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنمەكتىمەن، شۇنداقلا ئۆزلىنىڭمۇ ئانا بولغانلىق شەرەپلىرىنى قۇتلۇقلايمەن.
مۇبارەك بولسۇن!
شۇ تۇرقىدا ئۆزلەنىڭ ھەم ئول سۆيۈملۈك پەرزەنتىمىزنىڭ ئاي جامالىغا تەشنا بولساممۇ، قاشلىرىغا ئۇچۇپ بېرىشقا ئامالسىزمەن. مۇمكىن بولسا ئىدى، ھازىرلا يولغا چىقىشقا جابدۇنار ئىدىم. ئەپسۇسكى، زىممەمگە سەلتەنەت ئىشلىرى يۈكلەنگەنلىكى ھەم ئول ئىشلارنى تېخى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانلىقىم ئۇچۇن باشباشتاقلىق قىلىشقا پېتىنالمىدىم. قۇدرىتى چەكسىز كارامەتلىك ئاللاھ ئىگەم ساق ـ سالامەت دىدارلىشىشقا نېسىپ قىلغۇر. مەن ئۇچۇن ئول پەرزەنتىمىزنىڭ پېشانىسىدىن يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيگەيلا. قۇلىقىغا ئاتىلىرى ئۆزلەنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ، ئۆزلە ئاتىلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى دەپ پىچىرلىغايلا.
سۆيۈملۈك رەپىقەم، شول كۈنلەردە سالامەتلىكلىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. ئاچچىق تولغاق يەۋاتقان ۋاقىتلىرىدا يانلىرىدا تۇرالمىغانلىقىمدىن، بوشانغان ۋاقىتلىرىدا مۇبارەكلەپ، ئىسسەنلىك سورىيالمىغانلىقىمدىن، ئۆز قولۇم بىلەن ئىسسىققىنە بىر پىيالە چاي سۇنالمىغانلىقىمدىن كۆپ خىجىلمەن.
ئول يۇرەك پارىمىزگە ئىسىم قويۇپ بېرىشىمنى تاپىلىغان ئىكەنلا، پەرزەنتىمىزگە جانابى رەسۇلۇللاغا بولغان

*چەكسىز سېغىنىشىمىزنى ئىپادىلەپ «مۇھەممەد» دەپ ئـىـ-سىم قويايلى. چوڭ بولغاندا ئارسلان سۈپەت يىگىت بولۇشى-نى تىلەپ «ھەيدەر» نى ئول مۇبارەك ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئۇلايلى، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ھەيدەر بولسۇن.*

*ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا قەشقەرنى قولۇمغا ئېلىپ ئاستانىگە نۇسرەت بىلەن يانغايمەن. شول چاغدا ئۆزلەگە ھەمراھ بولۇپ يانلىرىدىن ئايرىلمىغايمەن. ئۆزلەگە ئاتاپ ئاقسۇ زەرگەرلىرىگە بىر تال ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈ-زۈك سوقتۇرغانىدىم، ھازىرچە شۇنى كۆرۈملۈك قىلاي، ئاددىي بولسىمۇ كۆڭلۈمنى قوبۇل ئەتكەيلا!*

*ئاللاھ ئىگەمدىن ئۆزلەگە ھەم پەرزەنتىمىزگە سالا-مەتلىك تىلەپ تۇرغۇچى كۈيئولىرىدىن دەپ بىلۇرلا.*

*نامە تامام ۋەسسالام!»*

سەييىدئەلى ئالپ چاپارمەن يىگىتكە يەنە بەش نەپەر چە-ۋەندازنى قوشۇپ تۇرپانغا دەرھال ئاتلىنىشقا پەرمان بەردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشۇ خەت بىلەن بىللە تۇرپانغا كەتكەنىدى.

※ ※ ※

سەييىدئەلى ئالپ قايتىدىن روھلاندى. ئىككىنچى ئوغلىنىڭ تۇغۇلغانلىق شەرىپىنى قۇتلۇقلاپ پۈتكۈل سەركەردە ـ لەشكەر-لىرىگە زىياپەت بەردى. ئىلگىرىكىدەك قارارگاھقا سولىنىپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرماي، تالا ـ تۈزگە چىقىدىغان بولدى.

شۇ كۈنلەردە ئۆرۈك پىشىپ، بۇغدايلار سېرىقتال بولۇشقا باشلىغانىدى. گەرچە ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئەنئەنىسىدە ياز كۈنى شىكار قىلىش چەكلەنگەن بولسىمۇ، بىر قىشنى شىكارسىز ئۆت-كۈزگەن سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا شىكار ھەۋىسى چۈشكەنىدى.

«جان ـ جانىۋارلارنى ئۈۋلىمىساممۇ قوغلاپ يۈرۈپ كۆڭۈل

ئاچساممۇ ھېساب، شول باھانىدا قىشتىن بېرى كۆڭلۈمدە پەيدا بولغان ئىچ پۇشۇقۇم بېسىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...»

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سەييىدئەلى ئالىپ سەركەردىلىرىگە قامالنى بوشاشتۇرماسلىقنى، قىلچىلىك بىخەستەلىك قىلماسلىقنى تاپىلاپ، يۈز نەپەر خاس نۆكىرى بىلەن شىكار بېگىنى ئېلىپ ئاتۇش تاغلىرىغا ئوۋغا چىقتى.

ھەئە، بىر ھەپتىدىن بېرى سەييىدئەلى ئالىپ تاغ - ئېدىرلاردا ئات چاپتۇراتتى. ئالدىغا ئۇچرىغان كېيىك، جەرەن، توشقان، قىرغاۋۇللارنى قورشاۋغا ئالاتتى، قوغلايتتى، لېكىن ئوق ئېتىپ زەرەر يەتكۈزمەيتتى، تۇتمايتتى، تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغانلىرىنىمۇ قاچۇرۇۋېتەتتى. ئۇ نۆكەرلىرىگىمۇ ھەرقانداق ئوۋنى، ھەتتا يىرتقۇچلار بولسىمۇ زەخمىلەندۈرمەسلىككە پەرمان بەرگەنىدى. ھەركۈنى ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتاتتى. چېدىرگاھتا قالغان شىكار ئەمىرى ئەتراپتىكى دېھقان - چارۋىچىلاردىن مال - چارۋا، توخۇ - ئۆردەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ مۇلازىملارغا غىزا تەييارلاتقۇزاتتى.

بۈگۈن ئوۋدىن بۇرۇنراق قايتقان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئالدىنى بارگاھقا يېقىنلاشقاندا بىر ئايال توستى.

— دادا! ئەمىر جانابلىرىغا ئەرزىم بار، — دېدى ئايال ئاستا يورغىلاپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

سەييىدئەلى ئالىپ ئاتتىن شاققىدە سەكرەپ چۈشتى - دە، ئايالنىڭ ئۇستىبېشىغا تېزلا نەزەر تاشلىدى. ئايالنىڭ كىيىملىرى خېلىلا كونا ئىدى، ۋاقىتسىز قورۇق چۈشكەن چىرايىدىن جاپاكەشلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— خوش، ئەرزلىرىنى تارتىنماي بايان ئەيلىسىلە! — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئايالغا ھېسداشلىق قىلغان ھالدا.

— مەن ئاۋۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇل خوتۇنمەن، — دېدى ئايال تەسكەي تەرەپتىكى تاغ باغرىدا قارىيىپ تۇرغان تېرەكلىك مەھەللىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مۇرەببىم بۇندىن ئۈچ يىل مۇقەددەم كېسەل بىلەن تۈگەپ كەتكەن، بەش بالام بار، بالد-

لىرىمنىڭ چوڭىنىڭ قولى تېخى ئىشقا تەگمىدى. ھال ـ كۈنۈم موھتاجلىقتا ئۆتتى. ئەمىر جانابلىرى بۇ ئەتراپقا شىكار قىلغىلى كېلىپ بۇ يەرگە چۈشكۈن قىلغاندىن بېرى شىكار بېگى مېنى ئىزدەپ كېلىپ نان يېقىپ بەرسىلە، ئالتە نان ياقسىلا ئىش ھەق-قىلىرىغە بىر نان بېرىمەن دېگەنىدى. مانا بۈگۈنگىچە نان يېقىپ بېرىپ كەلدىم. شىكار بېگى ھازىرغىچە ياققان نانلىرىغا ئىش ھەققى ھېسابلاپ نان ئايرىۋالماي تۇرسىلا، شىكار تۆگمەندە بىراقلا ھې-سابلىشايلى، نانىنىڭ ئورنىغا ئۇن ـ ياغ بېرەي دېۋىدى، مەنمۇ ما-قۇل بولغانىدىم. بىراق بۈگۈن ئۆيدە باللىرىمغا تاماق ئېتىپ بەر-گىدەك ئۇنمۇ قالماپتۇ. ئەتىگەن سۈپىرىنى قېقىشتۇرۇپ يۇرۇپ بىر قازان ئاش ئېتىپ بېرىپ، نان ياققىلى يېنىپ كەلگەنىدىم. بايا ناننى يېقىپ بولۇپ، ئىش ھەققىمگە ھېسابلاپ ئازراق بىر نەرسە بەرگەچ تۇرسىلا، باللىرىم ئاچ قالمىسۇن دېسەم، شىكار بېگى ئۇن، ئوتۇن، تۇز، ياغنىڭ ھەممىسى بىزدىن بولدى، سىلى پەقەت پىشۇرۇپلا بەردىلە، بۇ ناننى يالغۇز مەنلا يېمەيمەن، بىز دېگەن قەش-قەرنى سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى كەلگەن، رەئىيەتنىڭ ئانچە ـ مۇنچە خىزمىتىمىزنى قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، ئاشۇنچىلىك چاغلىق خىزمەتلىرىگە ئىش ھەققى سورىمىسىلە-مۇ بولۇر، دەپ بارگاھتىن ھەيدەپ چىقاردى. شۇڭا جانابلىرىنىڭ ئادالىتىگە سېغىنىپ ئەرز قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇردۇم. ئۆيدە با-لىلىرىمغا تاماق ئېتىپ بەرگۈدەك بىر نەرسە بولغان بولسا ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەدەپسىزلىك قىلمايتتىم...

ئايال گەپتىن توختاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

شۇ تاپتا بۇ ناھەقچىلىكقا قاتتىق غەزىپى كەلگەن سەييىدئە-لى ئالپىنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت مېڭىسىدىن چىق-قانىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاددىي خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ غورىگىل ئۆتىدىغانلىقىنى، پىرھا-جى مۇھەممەد شايەستە سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنى بېقىش باھانى-سى بىلەن ئالۋان ـ سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىل-گەندىن كېيىن، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە دېھقانلارنىڭ نەرسە-

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

سىنى ھەق بەرمەي ئالماسلىقتا، ھەتتا بىر تال ئالا غورا چاغلىق نەرسىگىمۇ خالىغانچە چېقىلماسلىقتا قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. ئۆتكەن يىلى قەشقەرگە يۈرۈش قىلغاندا، بىر باغۋەننىڭ ئانارلىق بېغىغا كىرىپ، باغۋەننىڭ رۇخسىتىسىز ئون تال ئانار ئۈزۈپ چىققان ئىككى لەشكەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جازالاپ پۈتكۈل قوشۇنغا ئىبرەت قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپتىكى دېھقانلار سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ كەلمىگەنىدى.

— يۈرسىلە بارگاھقا كىرەيلى، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ.

ھېلىقى ئايالنىڭ ئەمىر كەبىر بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەندىلىكىنى كۆرگەن شىكار بېگى تاتىرىپ كەتتى.

— مۇنۇ مەزلۇمنىڭ ئىش ھەققىنى قانداق بېرىشكە دېيىشكەن ئىدىلە شىكار بېگى؟ — سورىدى سەييىدئەلى ئالىپ قاپىقىنى تۈرۈپ.

شىكار بېگىنى بىردىنلا تىترەك باستى، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئەمىر كەبىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئالتە نان يېقىپ بەرسە ئىش ھەققىگە بىر نان بېرىدىغان بولغان.

— ئىش ھەققىنى بەردىلەمۇ؟

زوۋانى تۇتۇلغان شىكار بېگى يەرگە قارىۋالدى.

سەييىدئەلى ئالىپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— گەپ قىلسۇنلار!

بېشىدا ئۆلۈم كۆلەڭگىسى سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان شىكار بېگى دۇدۇقلىغىنىچە سەۋەب كۆرسىتىشكە كىرىشتى:

— بارگاھتا ئۇن قالماپتىكەن...

سەييىدئەلى ئالىپ شىكار بېگىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— باھانە كۆرسەتمىسۇنلار!

شىكار بېگى پۈككىدە تىزلاندى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ئەمىر جانابلىرى.

— دېمەك، ئۇل مەزلۇمنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمىگەنلىرى راست ئىكەن ـ دە؟

بىر چەتتە سوئال ـ سوراق ئەھۋالىغا نەزەر تاشلاپ تۇرغان
ئايال سەيپىدئەلى ئالپنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ئىمە-
نىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ سەيپىدئەلى
ئالپنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېلىندى:
— سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ئەمىر جانابلىرى، شىكار بېگ-
نى كەچۈرۈۋەتسىلە، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۇنىڭ جېنى زاۋال تاپ-
مىسۇن. مەن بۇ خۇن ـ قىساسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، —
ئايال ئەمدى ئۆزىنى ئەيىبلەپ يىغلاشقا باشلىدى، — ئاھ خۇدا،
ئىمىشقىمۇ بىرنەچچە ناننىڭ غەلۋىسىنى قىلغاندىمەن، بىرەر ۋاق
تاماق يېمىگەنگە بالىلىرىم ئۆلۈپ قالماستى. ئەمىر جانابلىرى،
نەچچە كۈندىن بېرى يېقىپ بەرگەن ناننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ
ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلسىلا، ئەرزىمنى قايتۇرۇۋالدىم. شىكار
بېگنىڭ جېنى ئامان قالسۇن!
سەيپىدئەلى ئالپ ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن شىكار بېگ-
نىڭ كۆزىگە نەشتەردەك تىكىلدى:
— ئاڭلىدىڭمۇ شىكار بېگى، ئۆزلە تۆت ناننى ئايىغانلىرى
بىلەن مۇنۇ مەزلۇم جانلىرىنى تىلەۋاتىدۇ.
شىكار بېگى ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.
— مەن ئېزىپتىمەن، پوق يەپتىمەن، شەپقەت قىلغايلا ھەزرىتىم.
— بوپتۇ، مۇنۇ مەزلۇمنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر قوشۇق قان-
لىرىدىن كەچسەم كېچەي، — سەيپىدئەلى ئالپ يېنىدىكى نۆكەر
بېشىغا يۈزلەندى، — بارگاھتا ئامبۇر بولسا ئېلىپ چىقسۇنلار!
— بارگاھتا ئامبۇر يوق جانابلىرى، — دېدى نۆكەر بېشى، —
بىراق ئاۋۇ مەھەللىدە تۆمۈرچى باردەك قىلىدۇ.
— دەرھال ئەپكەلسۇنلار!
نۆكەر بېشى ئېتىغا مىنىپ قۇيۇندەك چېپىپ چىقىپ
كەتتى ـ دە، ھايال قالماي بىر تال ئامبۇر تېپىپ كەلدى.
— مۇنۇ قارا كۆڭۈل، نائىنساپ شىكار بېگىنىڭ بىرتال ئې-
زىق چىشىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ بېشىغا قېقىڭلار، — دېدى سەي-
پىدئەلى ئالپ، — ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن كىشىنىڭ ھەققىگە قارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

سانىمايدىغان، يەۋالمايدىغان بولسۇن ھەم بۇ ئاچچىق ساۋاقنى كاللىسىدا مەھكەم ساقلىسۇن!

ئېزىق چىشىنى تارتىۋاتقاندا ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ كەتكەن شىكار بېگى يۇلۇنغان ئېزىق چىشىنى بولقا بىلەن بېشىغا قېقىۋاتقان چاغدا داد ـ پەرياد كۆتۈرۈشكە ماجالى يەتمەي ھوشىدىن كەتتى.

سەييىدئەلى ئالپ نۆكەرلىرىگە بۇيرۇپ بىر تاغار ئۇن بىلەن بىر قاپاق ياغنى ئاتقا جايلاشتۇرغۇزدى، ئاندىن ئەللىك سەر كۈمۈش ئەپچىقتۇرۇپ ئايالغا تەڭلىدى.

ـــ مەسىلە، بۇنى خىراجەت قىلىپ باللىرىنى ئوبدان باقسىلا. شىكار بېگىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆزلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن.

ھاياجانلانغان ئايالنىڭ كۆزىدىن ياش يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى.

ـــ رەھمەت ئەمىر جانابلىرى، ئۇن بىلەن ياغنى ئالاي، لېكىن بۇ كۈمۈشنى ئالالمايمەن. بۇ ئىش ھەققىمگە ئارتۇق كېتىدۇ.

ـــ ئالسىلا، بۇنى ئىش ھەققىلىرى ئۈچۈن ئەمەس، باللىرى ئۈچۈن بەردىم.

ئايال يەنە تىرەجەپ تۇرۇۋالسا ئەمىرنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ كۈمۈشكە ئاۋايلاپ قول ئۇزاتتى.

ـــ رەھمەت، ئەمىر جانابلىرى. ياراتقان ئاللاھ ئىگەم دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلغاي، مۇرادلىرى ھاسىل بولغاي، ئاتنى ئوغلۇمدىن ھازىرلا ئەۋەتىپ بېرىمەن.

ـــ ھاجەتسىز، ئاتنىمۇ سىلىگە بەردىم، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ.

ئايال يېنىش ـ يېنىشلاپ رەھمەت ـ تەشەككۈر بىلدۈرگىنىچە ئاتنى يېتىلەپ بارگاھتىن چىقىپ كەتتى.

ـــ بارگاھنى چۇۋۇڭلار، قارارگاھقا قايتىمىز! ـــ دېدى شىكاردىن كۆڭلى قالغان سەييىدئەلى ئالپ نۆكەرلىرىگە قاراپ.

نۆكەرلەر چېدىرلارنى چۇۋۇپ، يۈك ـ تاقلارنى تېڭىپ تۇرۇشىغا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئاتقا ياۋىداق

مىڭگىنىچە يېتىپ كەلدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ سەيىدئەلى ئالپقا سالام بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئانام ئەمىر جانابلىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت، ئات جەڭگە لازىم بولىدۇ، ئەمىر جانابلىرىغا ئاپىرىپ بەرگىن دېگەنىدى.

سەييىدئەلى ئالپ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ۋالىدەڭگە رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن ئوغلۇم، ئۇ-كىلىرىڭنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال.

بالا سەييىدئەلى ئالپقا سالام بېرىپ ئۆتۈپ خوشلاشتى. شۇ تاپ-تا قارارگاھقا قايتىپ كېتىۋاتقان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كۆز ئال-دىغا بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقىلى ئۇزۇن بولمىغان ئىككى ئوغلى كې-لىۋالغانىدى.

«ئېھ! پەرزەنتلىرىم، سىلەرنى شۇنداق سېغىندىم، سىلەرنى تېزرەك كۆرسەم، باغرىمغا باسسام...»

※ ※ ※

قەشقەر شەھىرىنى قامال قىلىپ يېتىۋېرىپ سەيىدئەلى ئالپلا ئەمەس، سەركەردە ـ لەشكەرلەرمۇ زېرىككەنىدى.

بۈگۈن ھەرقايسى قارارگاھلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېتىۋات-قان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كاللىسىغا پىششىقا باشلىغان بۇغدايلار-نى كۆرۈپ تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلدى. تېخى تۇنۇگۈنلا ياراغ-بەردار[1] بەگ لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنىڭ تۈگەي دەپ قال-غانلىقىنى مەلۇم قىلغانىدى.

«توغرا، لەشكەرلەر بىكار تۇرغىچە بۇغدايلارنى ئورۇسۇن، بۇنداق قىلساق، بىرىنچىدىن، قوشۇنىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ھەل قىلغىلى، ئىككىنچىدىن، ئاقسۇ، ياركەنتتىكى خانئاشلىقىنى ئېقتىساد قىلغىلى، ئۈچىنچىدىن، قەشقەر شەھىرىدىكى سەمەر-قەنت لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلى-

① ياراغبەردار — قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈككە مەسئۇل كىشى.

www.uyghurkitap.com

غىلى بولىدۇ. ئېتىزلىقتا بىر تال دان قالمىسا، پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قانداق قىلىدىكىن قېنى، شۇ چاغدا شەھەردىن چىقمىغىنىنى بىر كۆرەي...»

قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا مەخسۇس لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن تېرىلغان بۇغدايلار بار ئىدى. سەييىدئەلى ئالپ بۇ بۇغدايلاردىن باشقا ئۇ تەرىپى توققۇزاق، ئوپال، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق، بارىن، سۇلۇق، ياندۇرما، بۇ تەرىپى دۆلەتباغ، بېشكېرەم، ئاقتاش ھەتتا تازغۇن، ئاقتۇ، ياپچانلارغىچە بېرىپ تۇتۇن بېگىدىن يۇقىرى يۇرت ئاقساقاللىرى، بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ بۇغدايلىرىنىمۇ تولۇق يىغىۋالدى. يېرى يوق ئورتاقچى، يىللىقچىلارغا مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ئۇلەشتۈرۈپ بەرگەندىن باشقا، بارلىق ئاشلىقلارنى ئاقسۇغا يولغا سالدى، ھەتتا سامىنىنىمۇ قالدۇرمىدى.

قەشقەرنىڭ كۆز پەسلى ھەقىقەتەن مەمۇرچىلىق بولىدۇ. ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت، شاپتۇل، قوغۇن ـ تاۋۇزلار پىشىپ تۆكمە بولىدۇ. مېۋە ـ چېۋىلەرنى تولا يېگەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر، لەشكەرلەرنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتكەنىدى. سەييىدئەلى ئالپ بۇ ئەھۋالغا دەسلىپىدە ئانچە ئېرەڭشىمىدى، لېكىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئىچى سۈرگەن لەشكەرلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

— ئەمىر كەبىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى بارگاھى ئالىيغا جىددىيلەشكەن ھالدا كىرىپ كەلگەن باش ھەكىم، — لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ چاتاق، ئۇلارنىڭ ئىچ سۈرۈكىنى توختىتىشقا پەقەتلا ئامال بولمايۋاتىدۇ. ھازىر ئون لەشكەردىن تۆت ـ بەشىنىڭ ئىچى سۈرۈپ كېتىپ بارىدۇ، ئىچى سۈرگەنلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

— لەشكەرلەرگە مېۋە ـ چېۋىدىن پەرھىز تۇتۇش ھەققىدە پەرمان بەرگەن ئىدۇققۇ؟ — دېدى سەييىدئەلى ئالپ، — ئەجەبا بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتقانمىدۇ؟ ھەكىم ـ تېۋىپلار ھەرقايسى لەشكەرگاھلاردا دورا قايىنىتىۋاتاتتىغۇ؟

— ئۇ دورىلارنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ، — دېدى باش ھە-
كىم خىجىللىق بىلەن، — لەشكەرلەر ئارىسىدا ئىچ سۈرۈك كې-
سەللى خۇددى ۋابادەك يامراۋاتىدۇ. شول تاپتا بىر قىسىم لەشكەر-
لەرنىڭ ئورنىدىن تۇرغىدەك ماجالى يوق.

ئەينى يىلى سەمەرقەنتتە تۇتقۇن بولۇپ تۇرغاندا ئىچ سۈرۈك كېسىلىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان سەييىدئەلى ئالىپ بىردىنلا جىددىيلەشتى، شۇ تاپتا ئاشۇ چاغدىكى ئازابلىرى ئېسىگە كېلىپ قالغاندى.

— دەرھال بىر ئامالىنى قىلسۇنلار. ياركەنت، خوتەندىن دورا، تېۋىپ ئەپكەلدۈرەمدۇق - يا؟

— ئەيىبكە بۇيرۇسىلىمۇ راست گەپنى قىلاي ھەزرىتىم. ياركەنت، خوتەندىن دورا، تېۋىپ ئەكەلدۈرۈپ بولغىچە لەشكەرلەر-
نىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئىچى سۈرگەنلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇلارنى ئايرىۋېتىپ ئەملەش كېرەك.

باش ھەكىمنىڭ چىرايىدىكى تەشۋىش سەييىدئەلى ئالىپقا دەرھال تەسىر قىلدى.

«لەشكەرلەرنىڭ ئىچ سۈرۈكى مېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ئىچ سۈرۈكىمگە ئوخشامدىغاندۇ؟ شۇ چاغدا ماڭىمۇ تېۋىپنىڭ دورىسى كار قىلماي، ئاخىرى كۆكلۈم تارتىپ ئىچكەن بىرنەچچە ئاپقۇر قىمىز سەۋەب بولۇپ شىپا تاپقانىدىم. لەشكەرلەرگىمۇ قىمىز ئە-
چۈرسەك قانداق بولۇر؟ ھازىر قىمىزنىڭ تازا پىشىدىغان ۋاقتى، ئارتۇچنىڭ تاغلىرىغا چاپارمەن ئەۋەتسەم چارۋىچى قوۋملاردىن قىمىز تېپىپ كەلسۇنمىكىن...»

سەييىدئەلى ئالىپ ئوي - خىيالىنى ھەكىمگە دېيىشكە ئال-
دىرىماي، لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باق-
ماقچى بولدى. پۈتۈن قارارگاھلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كېسەل-
لەرنى يوقلاپ چىقىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. لەشكەرلەرنىڭ يې-
رىمى دېگۈدەك ئىچ سۈرۈكى بىلەن ئاغرىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ

جەڭگە چىققۇدەكلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەكمۇ ماجالى يوق ئىدى. ناۋادا پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە شەھەردىن چىقىپ جەڭگە ئۈندەپ قالسا، بۇ ئەھۋالدا ساق قالغان لەشكەرلەر بىلەن تاقابىل تۇرماق تەس ئىدى.

«قىمىز ئەپكەلدۈرىدىغان ئىش ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەھۋال سىرتقا يېيىلىپ كېتىپ بولغىچە، لەشكەرلەرنى دەرھال چېكىندۈرۈش كېرەك. ھېلىمۇ ياخشى بۇغدايلارنى ۋاقتىدا ئورۇ-تۇۋالغان ئىكەنمەن...»

سەييىدئەلى ئالىپ ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى، سەر-كەردىلىرىگە لەشكەرلەرنى دەرھال ئاقسۇغا چېكىندۈرۈشكە پەرمان بەردى:

— دەرھال ھارۋا تەييارلاڭلار، بىمارلار ئاۋال چېكىنسۇن. قارارگاھتا كېسەل تارقالغانلىقىنى ئاشكارىلىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ!

قىش كىرىپ بولغىچە قەشقەرنى ئېلىش ئۈمىدى يەنە ئۈزۈل-گەن سەييىدئەلى ئالىپ بۇ يىل تۇرپانغا قايتالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ۋۇجۇدىنى ئېغىر ھەسرەت چىرمىۋالدى. ئۇز سۇلتان مە-لىكىنى، ئېخى چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەرنى سېغىنىش ئازابى يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلايتتى. لېكىن ئۇنىڭ تۇرپانغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، قەشقەرنى ئالماي تۇرۇپ تۇرپانغا قايتىشقا غۇرۇرى يول قويمايتتى.

«بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام مەلىكە بىلەن ئوغلۇمنى ئېلىپ كېلىشكە بالدۇرراق چاپارمەن ئەۋەتەركەنمەن. ئۇلارنى يول ئازابى تارتقۇزغىچە، قىش كىرىشتىن ئاۋۋال قەشقەرنى ئېلىپ تۇرپانغا قايتارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ھوناق ھوناقتا كەلمەي قوي-دى ـ دە، كاساپەت. يەنە ساقلىساق سوغۇق چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۇ-نىڭغىچە ئۇلارنى بالدۇرراق يېنىمغا ئەكەلدۈرۈۋالاي...»

سەييىدئەلى ئالىپ ئۇز سۇلتان مەلىكە بىلەن ئوغلىنى تۇر-پاندىن ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىشكە چاپارمەن ماڭغۇزدى.

## 36

سەمەرقەنت.

رەسەتخانا قۇرۇلۇشى ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كۆكسارايغا قايتىپ كەلگەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ چاغ ئىدى. شۇ كۈنلەردە شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئىشاننىڭ رەسەتخانا ئورنىغا خانىقا سېلىش غوۋغاسى خېلىلا بېسىقىپ قالغان بولۇپ، مۇرىدىل ھىدايەتچىلەر، سوپى ـ دەرۋىشلەر قۇرۇلۇش ئورنىغا توپلىشىۋېلىپ چاتاق چىقارمايدىغان بولغانىدى. بىر مەزگىل توختاپ قالغان رەسەتخانا قۇرۇلۇشى قايتىدىن باشلانغان بولۇپ، مىمارلار، دىلكارلار، تاشچىلار، نىمكار ـ ئىشلەمچىلەر بۇ كاتتا ئىمارەتكە جىددىي ئىشلەۋاتاتتى.

يېقىندىن بېرى كەيپى خېلىلا چاغ بولۇپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قەشقەردىن باشقا باش ئاغرىقى قالمىغاندەك قىلاتتى. سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمى مىرانشاھ دورغا پات ـ پات پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ تۇراتتى. ئىنىسى مىرزا ساتۇقخاننىڭ ئۆلۈمى ۋەقەسىنى سۈرۈشتە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەمۇ قەشقەرنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە توختىماي مەلۇمات يوللاپ، قەشقەرنىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى، ئەمىر كەبىر سەيىدئەلى ئالپنىڭ قەشقەر تەۋەسىدىكى بارلىق بۇغدايلارنى ئورۇپ، ھەتتا سامانلىرىغىچە ئاقسۇغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ لەشكىرىي ياردەم، ئوزۇق ـ تۈلۈك تەلەپ قىلاتتى. گەرچە پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە سەيىدئەلى ئالپ بىلەن بولغان جەڭنى پەردازلاپ، يېڭىلىپ قالغىنىنى يوشۇرۇپ، موغۇلىستان لەشكەر-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

لىرىنىڭ قەشقەردىكى ئاشلىق ـ زىرائەتلەرنى بۇلاپ ـ تالىغانلى-
قىنى زىيادە كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، مىرزا ئۇلۇغبەگ
ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق، نەچچە مىڭلىغان سەمەرقەنت لەشكەرلى-
رىنىڭ جىنىغا زامىن بولغان «سالاي بېگىم» جېڭىنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان ۋە بۇ جەڭدىكى مەغلۇبىيەتتىن
غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەندەك تۇيغۇغا كەلگەنىدى. ھەر قېتىم سەي-
يىدئەلى ئالپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئەينى يىلى ئۇنى
ھىراتقا بىللە ئېلىپ بارماقچى بولغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان
قىلاتتى، نەزەربەندتىن بوشاتقىنىغا، ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىگە ئەپ-
سۇسلىناتتى. ئوردىدا سەيىيدئەلى ئالپتەك تەدبىرلىك، باھادىر
سەركەردىلەرنىڭ كەملىكىدىن ھەسرەتلىنەتتى. پىرھاجى مۇھەم-
مەد شايەستەنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئاغرىناتتى، قەشقەرگە
لەشكەر ئەۋەتمەيمۇ سەيىيدئەلى ئالپىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش
ھەققىدە باش قاتۇراتتى. پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنى قەشقەر-
دىن قايتۇرۇپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئورنىغا ئە-
ۋەتىدىغان مۇۋاپىق بىر ئادەمنى دىتلىيالمايۋاتقان مىرزا ئۇلۇغبەگ
ئەمىرلىرىنى بىرمۇ بىر نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى.

خاننىڭ كەيپىياتىنىڭ چاغلىقىنى، قاپىقىنى تۈرۈۋالماي
كۈلۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەمىرلەر خېلى ئازادە ئولتۇرۇشات-
تى. ئادەتتە بۇنداق ۋاقىتلاردا ئانچە ـ مۇنچە چاقچاقمۇ بولۇپ
قالاتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بىرەر ئېغىز چاقچاق باشلاپ بەرسىلا
ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ماسلىشاتتى، تارتىنىپ كەتمەيتتى، بىر ـ بى-
رىنى گەپتە چۇشۇرۇشۇپ، خاننىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا ھەرىكەت
قىلىشاتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزى قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىدىن قاي-
تۇرۇپ كەلگەن سۇلتان مەلىك دوغلاتقا چۈشۈشى بىلەن ئۆزىنى
تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. سۇلتان مەلىك دوغلاتنىڭ يې-
نىدا خوجا شەرىپ كاشغەرىي ئولتۇرغانىدى، بۇ ئىككى ئەمىرنىڭ
باشقىچە يېقىنلىقىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوبدان بىلەتتى. شۇ تاپتا

بىر ـ بىرىگە يېقىن ئولتۇرغان بۇ ئىككى ئەمىرنى كۆرۈپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئېسىگە سۇلتان مەلىك دوغلات قەشقەرگە ئەمىر بولغان مەزگىلدە سەمەرقەنت سەرۋازلىرىنىڭ قەشقەر لەشكەرلەرىنى ئۆزلىرىگە چۆھرە بولۇشقا مەجبۇرلىغانلىقى كېلىپ قالغانىدى. ئادەتتىمۇ مەيلى مىرزا ئۇلۇغبەگ، مەيلى باشقا ئەمىرلەر بولسۇن سۇلتان مەلىك دوغلاتقا ئاشۇ چۆھرە ۋەقەسىنى تىلغا ئېلىپ چاقچاق قىلىشاتتى. سۇلتان مەلىك دوغلاتنىڭ ھەرىمىدە چۆھرە ساقلايدىغان يامان ئادىتى بار ئىدى، بۇنى مىرزا ئۇلۇغبەگدىن تارتىپ ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. خاننىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ سۇلتان مەلىك دوغلات بىرئاز ئوڭايسىزلاندى، چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى. خاننىڭ كەيپى چاغ ۋاقىتلاردا داۋاملىق قەشقەردىكى ئاشۇ چۆھرە ۋەقەسىنى تىلغا ئېلىپ چاقچاق قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان سۇلتان مەلىك دوغلات شۇ دەقىقىدە خاننىڭ كۈلكىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قالغانىدى. ئادەتتە ئەرلەر ئۈچۈن چۆھرە ساقلاش، بەچچىۋازلىق قىلىش ئەيىبلىك ئىش سانىلاتتى. باشقىلار ئۇنداق ئادەمنى پاسىق دەپ زاڭلىق قىلاتتى، كۆزگە ئىلمايتتى، شۇ سەۋەبتىن ئەمىرلەر چۆھرە ساقلىسا باشقىلاردىن مەخپىي تۇتاتتى. ئاشۇ چۆھرە ۋەقەسى سەۋەبلىك، ھەرىمىدە چۆھرە ساقلىغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان سۇلتان مەلىك دوغلات ئوردىدا باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالغانىدى. ئەمىرلەر داۋاملىق ئاشۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇنى چاقچاق نىشانى قىلاتتى، تېرىكتۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ خاننىڭ كۈلگىنىنى كۆرۈپ قاتتىق خۇدۇكسىرەپ تۇرسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ھىجىيىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئىككىلىرى ئەجەب يېقىن ئولتۇرۇشۇۋاپتىلىغۇ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ كۈلكىسىنى توختىتىپ تۇرۇپ، — بۇنداق ئولتۇرۇۋالسىلا قايسىلىرى قايسىلىرىنىڭ چۆھرىسىدە ئىكەنلىكىنى تازا ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدىكەن.

ئەمىرلەر مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ «چۆرىسىدە» دېگەن سۆزنى قەستەن «چۆھرىسىدە» دەپ تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق سۆز ئويۇنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئەمىر سۇلتان جاندار چاقچاقنى تېخىمۇ ئاۋۇتۇپ، — كەمىنەلىرىنىڭ ھېس قىلىشىچە، مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەرىي جانابلىرى سۇلتان مەلىك دوغلات جانابلىرىنىڭ چۆھرىسىدە.

ساراي ئىچىنى يەنە گۈرۈلدە كۈلكە قاپلىدى. ئەمىرلەر تۇش-مۇ تۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ چاقچاقنى ئەۋجىگە چىقاردى.

— ياق، خاتالاشتىلا، — دېدى ئوردا ياساۋۇل ئەمىرى، — سۇلتان مەلىك دوغلات جانابلىرى مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەرىي جانابلىرىنىڭ چۆھرىسىدە.

— يوقسۇ، ھەر ئىككىلىرى خاتالاشتىلا. بۇ ئىككىيلەن بىر-بىرىنىڭ چۆھرىسىدە.

— ھە ئەمدى بىلدىم. نېمانچە يېقىنچىلىق قىلىشىدىكىن دېسەم، ئۆتنە قىلىشىدىكەن ـ دە!

— سارايدىمۇ كۆن ئارىلاپ ئالدى ـ كەينى ئولتۇرۇشىدۇ بولمىسا.

مىرزا ئۇلۇغبەگ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ كۈلەتتى. ئەمىرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاقنى توختاتماي ئەۋجىگە چىقىراتتى. چاقچاقنىڭ نىشانى بولۇپ قالغان ئىككى ئەمىر دە-ماللىققا جاۋاب قايتۇرالماي، كۈلكىگە قوشۇلۇپ ھىجىيىشاتتى. «چۆھرە» دېگەن سۆز بىلەنلا ئۇجۇقۇپ كەتكەن سۇلتان مەلىك دوغلاتنىڭ بۇ چاقچاقلارغا جاۋاب قايتۇرغىدەك ماجالى قالمىغانىدى. ئەمما مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەرىي خېلىلا ھازىر جاۋاب، گەپدان ئادەم ئىدى. ئادەتتىمۇ چاقچاق سورۇنىدا باشقىلارغا ئال-دىراپ گەپ بەرمەيتتى، چاقچاقتا يېڭىلىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى تولىمۇ ئاز بولاتتى.

— شۇنداق، — دېدى خوجا شەرىپ كاشغەرىي «گاھىدا ئال-

دى ـ كەينى ئولتۇرۇشىدۇ» دەپ چاقچاق قىلغان ئەمىرگە قاراپ، ــ گاھى ـ گاھىدا جانابلىرىنىڭ كەينىدىمۇ ئولتۇرىمەن.

ــ كەلدى ـ كەلدى، نەق جايىغا كەلدى، ــ دېدى خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ ھازىر جاۋابلىقىغا قايىل بولغان مىرزا ئۇلۇغبەگ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ كۈلگىنىچە.

خاننىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن خوجا شەرىپ كاشغەرىي مەغرۇرلۇق بىلەن گىدەيدى.

ــ ئۇنداقتا بىزمۇ جانابلىرىنىڭ كەينىدە گاھ ـ گاھ ئولتۇرساق بولغۇدەك، ــ دېدى ھېلىقى ئەمىر قايتىلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ.

خوجا شەرىپ كاشغەرىي دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

ــ ئېھتىيات قىلىپراق ئولتۇرسۇنلار. ئارقىلىرىغا ئۇچۇپ كەتسىلە ئىككى پۇتلىرىدىن كۆتۈرۈۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سارايدا كۆتۈرۈلگەن كۈلكە خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى.

ــ ئاڭلىسام قەشقەردە ھىز تولا دەيدۇ، راستمۇ؟ ــ سورىدى مىرزا ئۇلۇغبەگ خىرىلداپ كۈلگىنىچە خوجا شەرىپ كاشغەرىيگە چاقچاق قىلىپ.

ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى يالت ئېتىپ خوجا شەرىپ كاشغەرىيگە قارىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ چاقچاققا يۆلەپ جاۋاب بەرمەك ناھايىتىمۇ قىيىن بىر سوئالنى سورىغانىدى. ئۇ بۇ سوئالى ئارقىلىق خوجا شەرىپ كاشغەرىينىمۇ، توختىماي باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىۋاتقان قەشقەرلىكلەرنىمۇ مەسخىرە قىلىش مۇددىئاسىغا تولۇق يەتكەنىدى. ئادەتتە پۇرسەت تاپسىلا خانغا خوش ـ خوش ئېتىپ، خۇشامەت قىلىپ تۇرىدىغان خوجا شەرىپ كاشغەرىي كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە ھىجىيىپ قاراپ تۇرغۇسى، «شۇنداق ئالىيلىرى» دەپ خاننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغۇسى كەلمىدى. ئەگەر «راست، شۇنداق» دەپلا قويسا ئەمىرلەرنىڭ مۇشۇ گەپكە ئېسىلىۋېلىپ ئۆزىگە ئارام بەرمەيدىغانلىقىنىمۇ دەرھال ھېس قىلدى. ئۇ سارايدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئۆزد ـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گە مەسخىرىلىك تىكىلگەن كۆزلىرىگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى:

ــ راست ئېيتىدىلا ئانھەزرىتىم، قەشقەرگە سەمەرقەنتلىك-لەر كەلگەندىن بېرى ھېز تولا بولۇپ قالدى.

خوجا شەرىپ كاشغەرىيدىن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە شىپپىدە ئۆچتى، ئەمىرلەرنىڭ نەپەس ئېلىشى بىردىنلا تېزلەشتى ۋە ھودۇقۇپ مىرزا ئۇلۇغبەگ-كە قاراشتى.

ــ ئەدەپسىز، ــ دېدى باياتىن بېرى چاقچاققا ئارىلاشماي كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان شەيخۇل-ئىسلام بۇرھانىددىن قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ مۇشۇنداقمۇ گەپ قىلامدىغان، قىبلىگاھىمىزدىن دەرھال شەپقەت تىلىسىلە!

شۇ دەقىقىدە خوجا شەرىپ كاشغەرىينىمۇ سۈر باسقان، ئال-دىراپ قىلغان گېپىگە قاتتىق پۇشايمان قىلغان، ۋۇجۇدىنى ۋە-ھىمە چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ تاتارغان ھالدا مىرزا ئۇلۇغبەگكە قاراپ دۇدۇقلىدى:

ــ مە... مە... مەن...

ــ ھاجەتسىز، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ كونىلار گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە ئاتاڭ-دىنمۇ يانما، دەپتىكەن، خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ بۇ چاقچىقىنى گۇناھقا جورۇساق ياخشى بولماس.

خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ پۇت ـ قولىغا قايتىدىن جان كىردى، چوڭقۇر يارنىڭ لېۋىدىن يانغاندەك يەڭگىل نەپەس ئالدى ـ دە، مىرزا ئۇلۇغبەگكە قاراپ بېشىنى ئەگدى.

ــ ئالىيلىرى دانادۇر. شۈپۈك ئېغىزلىق قىلىپ، ئەدەپتىن چىقىپ، ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغىنىمغا مىڭ مەرتە ئەپۇ سورايمەن!

مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ چاقچاق قىلدىم دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قەشقەرنى، قەشقەرلىكلەرنى مەسخىرە قىلىپ چوڭ خاتالىققا يول

قويغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ كۆز-
ـمىگەن يەردىن بەرگەن جاۋابى ئۇنى خېلىلا سەگىتكەنىدى.

— پوقتا چالما ئاتسا يۈزىگە چاچراپتۇ دېگىنى شۇ ـ دە، — دېدى مىرانشاھ دورغا ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىپ، — قىبىلىگاھىـ
ـمىزنىڭ ئول چاقچىقىنى كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتسىلە نېمە بولىدۇ؟ قەشقەرلىك دېگەنغۇ زادى قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان تومپاي خەق.

— كەچۈرسىلە ھاكىمبەگ جانابلىرى، — دېدى بايىقى ۋە-
ھىمىدىن خېلىلا يەڭگىللەپ قالغان خوجا شەرىپ كاشغەرىي، — تومپايلىقىمدىن بىلمەي قاپتىمەن، پۈرستى بولۇپ قالسا ئۆزلى-
ـرىنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆتكۈزەرمەن.

خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ كېلىشتۈرۈپ قىلغان بۇ چاق-
چىقى سارايدىكى ئېغىر كەيپىياتنى قايتىدىن جانلاندۇردى. مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەگىشىپ ھەممىسى قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

— بۈگۈن چاقچاق چۆھرىنى ئەگىپ كېتەلمەيدىغۇ زادى، ھەممىلىرى سارايدىن يانغاندا غۇسلى قىلىشىۋالارلا، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ تېلىقىپ كۈلگىنىچە. ئۇنىڭغا مىرانشاھ دورغى-
ـنىڭ دەماللىققا جاۋاب قايتۇرالماي تېرىكىپ قېلىشى تېخىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى، — چاقچاقنى بولدى قىلايلى ئەمدى، سەلتەنەت ئىشلىرىغا شەيتان ئارىلاشمىسۇن. ئەمەلىيەتتە مەيلى سەمەرقەنت، مەيلى قەشقەر بولسۇن ھەر ئىككىسى ئابا ـ ئەجداد-
ـلىرىمىزنىڭ ۋەتەنلىرىدۇر. ھەر ئىككى يۇرتتىكى ئەل ـ رەئىيەت قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىزدۇر. مەيلى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئىككى دەريا① ۋادىسىدىكىلەر بولسۇن ھەممىسى بىر قوۋمدۇر، — مىرزا ئۇلۇغبەگ قەددىنى رۇسلىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئەسلى مەقسەتكە كېلەيلى. ئول قەشقەر ئەمىرى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتىدىن ھەممىلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار. شول كۈنلەردە قەشقەر ئېغىر

① ئىككى دەريا — ئامۇ، چۇ دەرياسىنى دېمەكچى.

تەھلىكە ئاستىدىدۇر، بۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن تەدبىر
كۆرسەتسۇنلار.
ئەمىرلەر بىر ـ بىرىگە قاراپ جىم بولۇشتى.
ــ ئۇل پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە قەشقەرنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقالمىدى ئالىيلىرى، ــ دېدى مىرانشاھ دورغا، ــ مې-
نىڭچە قەشقەرگە ئىستېپداتلىق ئەمىردىن بىرنى تەيىن ئەتكەيمىز.
مىرانشاھ دورغىنىڭ ئاداۋەت يۈزىسىدىن بەرگەن تەكلىپى
مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي ـ خىيالى بىلەن بىر يەردىن
چىقىپ قالغانىدى.
ــ خوش، پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنى قايتۇرۇپ كەل-
سەك كېلەيلى، لېكىن ئورنىغا كىمنى ئەۋەتسەك بولۇر؟
ئەمىرلەر يەنە بىر قېتىم بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئەلۋەتتە،
ئوردىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەرنىڭ قەشقەرگە بارغۇسى
يوق ئىدى. مەنسەپ تەمەسىدە تۇرغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەر-
نىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئەمىرلەرگە نەزەر تاشلاپ ئولتۇر-
غان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزى خوجا شەرىپ كاشغەرىيگە چۈشۇ-
شى بىلەن كاللىسىغا پاللىدە بىر خىيال كەلدى.
ــ ئۇل قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە يەنىلا خوجا شەرىپ كاش-
غەرىي جانابلىرىنى ئەۋەتەيلى، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ، ــ دەر-
گاھىمىزدا قەشقەرنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى، قەشقەرلىكلەرنىڭ خۇي ـ
پەيلىنى ئۇنىڭدەك پىششىق بىلىدىغان ئادەم يوقتەك قىلىدۇ.
ئەمىرلەر يالت ئېتىپ خوجا شەرىپ كاشغەرىيگە قارىدى.
خاننىڭ قەشقەرگە ئۆزىنى بۇيرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر خاتىرجەم بولۇپ، يەڭگىل بىر نە-
پەس ئالدى. مەنسەپ تەمەسىدە قەشقەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىشقان
تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسەت ئۇچقۇندىدى،
كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇھ تارتىشتى. خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ
ۋۇجۇدىنى بولسا زىددىيەتلىك خىياللار چىرمىۋالغانىدى. ئۇ سە-
مەرقەنتكە كەلگەندىن بېرى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭغا ئەمىرلىك

مەرتىۋىسىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىرەر دىۋاننىڭ ئەمىرلى-كىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ھوقۇقنى بەرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەمىرلىك مەرتىۋىسى نامدىلا بار، ئېتى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق مەنسەپ ئىدى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ خېلىلا قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. شۇ تاپتا قەشقەرنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپى قولىقىغا ياغدەك خۇشياققان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا قەشقەرگە بېرىشنى خالىمايتتى. ئۇ قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆزىنى مۇ-ناپىق، ساتقىن، تۇزكور دەپ ھاقارەتلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ-نىڭسىزمۇ ئەشەددىي رەقىبى سەييىدئەلى ئالىپ قەشقەرنىڭ بوسۇ-غىسىغا كېلىپ قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇراتتى. ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇ-ۋېرىشكە پېتىنالمىغان خوجا شەرىپ كاشغەرىي ئورنىدىن تۇرۇپ، خانغا رەھمەت ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— ئادالەتپاناھىمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقالالا!

— مىرزا خوجا شەرىپ كاشغەرىي جانابلىرىنى قەشقەرگە يالغۇز يولغا سېلىپ قويساق ياخشى بولماس، — دېدى باياتىن بې-رى كۆڭلىگە كەچكەن خىيالىنى دەيمۇ ـ دېمەيمۇ دەپ ئىككى تا-يىن بولۇپ تۇرغان شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن تەۋازۇ بىلەن ئې-گىلىپ تۇرۇپ، — لەشكىرىي دىۋاننىڭ ياندىش ئەمىرى پىرمۇ-ھەممەد بارلاسنى قەشقەرنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىگە تەيىن قىلىپ خوجا شەرىپ كاشغەرىي جانابلىرىغا ھەمراھ قىلايلى. چۈنكى، ھا-زىر قەشقەر تىنچ ئەمەس، موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ تەھلىكى-سىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىر سەركەردىنىڭ بىللە بېرىشى قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق.

پىرمۇھەممەد بارلاس شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىننىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇ لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىرى ئەمىر سۇلتان جاندار بى-لەن چىقىشالمايتتى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت باشقا ئوردا ئەھلىگىمۇ ئايان ئىدى. بابا شەيخۇلئىسلام جىيەنىنى قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىگە تەۋسىيە قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ھەدېسىلا ئە-مىر سۇلتان جاندارنىڭ ئۈستىدىن دادخورلۇق قىلىپ يۈرگەن

www.uyghurkitap.com

جىيەنىنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىدا ئانچە ئېتىبارى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ بىرئاز ئېككىلىنىپ قالغانىدى، ئەمەلىيەتتە قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكى بىلەن لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىنىڭ دەرىجىسى تەڭ ئىدى.

«لەشكىرىي دىۋاندا ئەمىر سۇلتان جاندار بىلەن چىقىشالماي زىتلىشىپ ئۆتكىنىدىن، يىراقتا كېتىپ قالسىمۇ، مەنسىپىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ قەشقەرنىڭ ئەمىر لەشكەرلىك مەنسىپىنى تۇتقىنى ئەۋزەل. مۇنۇ خوجا شەرىپ كاشغەريي قەشقەردە ھەرگىز ئۇزاق تۇرالمايدۇ، ھامىنى سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىدۇ. ناۋادا ئۇ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلسە، قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىمۇ پىرمۇھەممەد بارلاسقا قالىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ دادخورلۇقىدىن، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىمەن. ئوردىدا تۇرۇۋەرسە مەنسىپى ھەرگىز ئۆسمەيدۇ...»

— مېنىڭچىمۇ سەركەردە پىرمۇھەممەد بارلاس قەشقەرنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىگە ئەڭ مۇۋاپىق، — دېدى ئەمىر سۇلتان جاندار شەيخۇلئىسلام بۇرھاندىننىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

ھەئە، شۇ تاپتا ئەمىر سۇلتان جاندارمۇ بۇ كۆشەندىسىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا شەيخۇلئىسلام بۇرھاندىننىڭ تەكلىپىنى قوللاۋاتاتتى.

بىردەمدىلا قەشقەرنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىنىڭ باشقىلارغا ئايرىپ بېرىلگەنلىكىگە نارازى بولغان خوجا شەرىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە قاراپ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلدى:

— قىبلىگاھىمغا ماقۇل كەلسە، كەمىنەلىرى يەنىلا قەشقەرگە بارمىساممىكىن، پىرمۇھەممەد بارلاس جانابلىرى قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنىمۇ زىممىسىگە ئالسا.

خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ ئوي ـ خىيالىنى سەزگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ قاپىقىنى تۈردى:

— پەرمانغا سەركەشلىك قىلمىسۇنلا!

— ھەددىم ئەمەس، — دېدى خوجا شەرىپ كاشغەريي قول

باغلاپ تۇرۇپ، ـــ بابا شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن جانابلىرى ئېيتقاندەك، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ خەتەر ئىچىدىدۇر. قەشقەرگە تەھلىكە سېلىپ تۇرغان موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، پۇختا، ئەتراپلىق تەدبىر كۆرۈش تولىمۇ زۆرۈردۇر. ئالىيلىرى چوڭ ئىشەنچ بىلەن زىممىمىزگە يۈكلىگەن بۇ ۋەزىپىنى جان ـ دىلىمىز بىلەن ئورۇنداشقا ئەلۋەتتە ئىشەنچىمىز باردۇر. بىراق، ناۋادا كېرەك ھۆكۈمىمىز لەشكىرىي دىۋانغا ئۆتمىسە ياكى تەدبىر ـ مۇددىئايىمىز لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى بولمىش پىرمۇھەممەد بارلاس جانابلىرىنىڭ كۆڭلىگە خوپ كەلمىسە، ئىشلار يۇرۇشمەي ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ، كەمىنەلىرىنىڭ ئەندىشىسى ھەم مۇددىئاسى مانا مۇشۇ.

خوجاشەرىپ كاشغەرىي كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا دەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ـــ پىرمۇھەممەد بارلاس قەشقەر لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىن ئېتىلگەي، ئەمما لەشكىرىي دىۋان يەنىلا ئەمىر خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ جوڭقۇرىشىدا بولغاي، ھەر ئىككىلىرى ئوبدان كۆمەكلەشكەيلا!

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مۇشۇنداق پەرمان جاكارلىشىنى ئارزۇ قىلغان خوجا شەرىپ كاشغەرىي خېلىلا خاتىرجەم بولدى.

ـــ پەرمانبەردارمەن! ـــ دېدى ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ.

مەنسىپىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىپ تۇرغان پىرمۇھەممەد بارلاس، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدى، لېكىن نارازىلىقىنى ئىپادىلەشكە پېتىنالمىدى.

ـــ پەرمانبەردارمەن! ـــ دېدى پىرمۇھەممەد بارلاس بوشقىنە.

مىرزا ئۇلۇغبەگ پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويماي يەنە پەرمان جاكارلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ ئۇل پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپى ئېلىپ تاشلىنىپ، سەمەرقەنتكە قايتۇرۇپ كېلىنگەي!

ــ ئالىيلىرى دانادۇر، ــ دېدى پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەنىڭ مەنسىپى ئېلىپ تاشلانغانلىقىدىن خۇش بولغان مىرانشاھ دورغا.

ــ ئەمىرلەرگە ئىجازەت، سارايدىن يانسۇنلار! ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

ــ ئانھەزرىتىم ئامان بولغايلا!

ئەمىرلەر مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆكسارايدىن چىقىپ كېتىپ بولغىچە قول باغلاشقىنىچە ئېگىلىپ تۇرۇشتى.

خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىلەن پىرمۇھەممەد بارلاس ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

## 37

«قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان بولسا كېرەك. بۇ يىل ئەتىياز قەشقەردە سوغۇق باشقىچە قاتتىق بولدى. گەرچە نورۇز بايرىمى يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا جۇدۇنلۇق ئىدى. ئاسماننىڭ ئۆگزىسى تېشىلىپ كەتكەندەك توختىماي يامغۇر يېغىۋاتاتتى، يامغۇرغا ئارىلىشىپ ئاندىچە ـ مۇنچە قارمۇ ئۇچقۇنداپ قوياتتى. كوچا ـ رەستىلەر پاتقاقتا مىچىلداپ كەتكەنىدى.

قەشقەرگە زور ئۈمىد بىلەن كەلگەن خوجا شەرىپ كاشغەرىينى غەم بېسىۋالغانىدى. ئۇ دەسلەپتە سەمەرقەنتتىن بىللە كەلگەن پىرمۇھەممەد بارلاسنى ئەمىر لەشكەرلىك مەرتىۋىسىنى پەش قىلىپ ئۆزىگە ئانچە ئىتائەت قىلماسلىقىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

دى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ گەرچە سىپاھ بولسىمۇ، لەشكىرىي
ئىشلارغا ئانچە زوقى يوقلۇقىنى، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئۆزىنى
كۆرسىتىشكە ئامراقلىقىنى، باي ـ زەردارلاردەك سۆلەتلىك كى ـ
يىنىپ، بىر توپ ئالىقاناتلار بىلەن سازەندە ـ رەققاسلارنى ئەترا ـ
پىغا جۇغلىۋېلىپ مەي ـ شاراب، بەزمە ـ مەشرەپلەرگە بېرىلىپ
كەتكەنلىكىنى، مال ـ دۇنيا جۇغلاشقا ئالاھىدە ھېرىسمەنلىكىنى
ھېس قىلىپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى. قەشقەر خەلقى «پىرھاجى
مۇھەممەد بىلەن پىرمۇھەممەد» دېگەن ئىسمىنىڭ پەرقى يوق
دەپ، ئۇنىڭغا «پىرمۇھەممەد يېگى» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى.
پىرمۇھەممەد بارلاس مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قى ـ
لىشنى ئويلىدىمۇ ياكى قەشقەرنىڭ ئىشلىرىنى خوجا شەرىپ
كاشغەرىيگە ئوڭچە تاشلاپ بېرىپ، بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتمەك ـ
چى بولدىمۇ ئەيتاۋۇر، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىۋال ـ
مايتتى. خوجا شەرىپ كاشغەرىي تاغدەك غەم ئاستىدا بىر قولىنى
ئون قىلالماي يۈرگىنى بىلەن، ئۇ بۇ ئىشلارغا ئازراقمۇ باش قاتۇ ـ
رۇپ كەتمەيتتى، پەرۋايى پەلەك ھالدا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ـ
نىڭ ئاۋارىچىلىقىدا يۈرەتتى.

ئامبارلاردا ئاشلىقنىڭ كەمچىللىكى خوجا شەرىپ كاشغە ـ
رىينىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. ئالدىنقى يىلى سەييىدئەلى ئالپ قەش ـ
قەر تەۋەسىدىكى بۇغدايلارنى ئورۇپ ئەپكەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىس ـ
كىلاتقا ئاشلىق كىرىم بولمىغانىدى. پىرھاجى مۇھەممەد شايەستە
بولسا سەييىدئەلى ئالپ قامالنى بوشىتىپ ئاقسۇغا كەتكەندىن
كېيىنمۇ شەھەردىن چىقىشقا پېتىنالماي، ئاشلىق يىغىشقا كۆ ـ
ڭۈلشىمىگەن، ئامباردىكى بار ئاشلىقنى يەپ ياتقانىدى. خوجا شە ـ
رىپ كاشغەرىي مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ئاشلىق تەلەپ قىلىپ مەلۇمات
يوللىغان بولسىمۇ تېخىچىلا خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى. ئاشلىق مەسى ـ
لىسىنى ھەل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن قەشقەر تەۋەسىدىكى خەلقتىن
بىر تۈمەن لەشكەر ئېلىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى. چۈنكى ئامبار ـ
دىكى بار ئاشلىق بىلەن قولىدىكى لەشكەرلەرنى بۇغداي ئورۇمىغا

ئۇلاشتۇرماقمۇ خېلىلا تەس ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ خېلىلا ئەندىشىسى بار ئىدى، چۈنكى، ھاۋا ـ جاھاننىڭ ئىلىلىشىغا ئەگىشىپ ئاقسۇدا بارگاھ قۇرۇپ ياتقان سەيىدئەلى ئالىپنى قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى، شۇڭا قاتتىق ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆردى. شەھەر دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇللارنى كۆپەيتىپ، كىرىپ ـ چىققۇچىلارنى قاتتىق تەكشۈردى. ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلارغا لەشكەر چىقارتىپ، يۇقىرىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرغۇزۇپ ئاشلىق يىغقۇزدى، ئاشلىق يىغىشقا قارشى چىققان خەلقنى قاتتىق جازالىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر خەلقىنىڭ خوجا شەرىپكە بولغان نارازىلىقى قايتىدىن كۈچەيدى. ھەئە، ئاقسۇغا بېرىپ سەيىيدئەلى ئالپقا ئەرز قىلغۇچىلارمۇ، ئۇنى قەشقەرگە تېزرەك لەشكەر تارتىپ كېلىشكە ئۈندىگۈچىلەرمۇ بولدى.

— سەمەرقەنتكە ماڭدۇرغان چاپارمەنلەردىن تېخىچە خەۋەر يوق، — دېدى خوجا شەرىپ كاشغەرىي پىرمۇھەممەد بارلاسقا قاراپ، — يەنە بىرەر ئاي ئىچىدە ئامباردىكى ئاشلىقىمىز پۈتۈنلەي ئۆكسۈيدۇ. خان ئالىيلىرى ئەندىجان، تاشكەنت ئەمىرلىرىگە يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئەۋەتىپ بەرسە بولاتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ يىغقان ئاشلىقتا تۆت تاغارمۇ تۇزۇك تولمايۋاتىدۇ.

پىرمۇھەممەد بارلاس بۇ گەپلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىسى يوقتەك، چىلىمچىسى ئوت يېقىپ ئۇزاتقان چىلىمنى خورىلدىتىپ شورىغىنىچە بەخىرامان ئولتۇراتتى. خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىرئاز ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بولمىسا ئەمىر لەشكەر جانابلىرى سەمەرقەنتكە بېرىپ ئەھۋالىمىزنى خان ئالىيلىرىغا ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن مەلۇم قىلىپ باقاملىكى.

پىرمۇھەممەد بارلاس چىلىمنى چىلىمچىسىگە ئۇزىتىپ تۇرۇپ خوجا شەرىپ كاشغەرىيگە تەئەددى بىلەن قارىدى:

— گەپلىرىچە كەمىنەلىرى چاپارمەن بولغۇدەكمەن ـ دە.

— يوقسۇ، مۇددىئايىمنى خاتا چۈشىنىۋالمىسىلا، چاپارمەنلىرىمىزنىڭ مەلۇماتى خان ئالىيلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان چېغى، شۇڭا سىلىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكەچ بېرىپ كېلەمدىكىن دېگەن.

— بىز قەشقەرگە مېڭىش ئالدىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ بەرگەن پەرمانى يادىلىرىدا باردۇر جانابىي ئەمىر. مەن پەقەت لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئىشلىرىغىلا باش قاتۇرىمەن، قالدى ئىشلار بىلەن كارىم يوق، بۇ ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ئىشلار، مېنى ئارىلاشتۇرىمەن دېمىسىلە! موغۇلىستان لەشكەرلىرى كەلسە جەڭ قىلىپ ئالدىنى توسۇش، شەھەرنى قوغداش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىقلاردىن خان ئالىيلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، سەمەرقەنتكە ئۆزلىرى بېرىپ كەلسىلە، ئۇنىڭغىچە ئەمىر مەھكىمىسىگە مەن قارانچۇق بولۇپ تۇراي!

خوجا شەرىپ كاشغەرىي يەنە گەپ قىلسا پىرمۇھەممەد بارلاس بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاچچىقىغا ھاي بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

«خەپ، بۇ قىيىنچىلىقلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ۋاقتى كەلگەندە بىر تېپىك بىلەن سەمەرقەنتكە ھەيدىۋەتمىسەم خوجا شەرىپ كاشغەرىي بولماي كېتەي...»

— خوش، ئەمىر جانابلىرى، باشقا ئىش بولمىسا مەن قايتاي!

خوجا شەرىپ كاشغەرىي ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئالچاڭلاپ چىقىپ كېتىپ بارغان پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ كەينىدىن ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى.

※ ※ ※

قىشتىن بېرى ئىككى ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغان سەي-

يىدئەلى ئالىپ ئۆچمە پىششىقلا ئاز قالغان چاغدا قەشقەرگە لەشكەر تارتىش ئىشىغا قايتىدىن باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئەتىيازدىن بېرى قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمىگەنىدى، چۈنكى، لەشكەر تارتىپ بارغان تەقدىردىمۇ خوجا شەرىپنىڭ پىرھاجى مۇھەممەد شايەستەگە ئوخشاش جەڭگە چىقماي يېتىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. ناۋادا جەڭگە چىقماي يېتىۋالسا، لەشكەرلەر يەنە ئايدالادا تۈنەشكە توغرا كېلەتتى، بۇنداق بولغاندا ئەتىيازنىڭ ئېگىز - پەس ھاۋاسىدا لەشكەرلەر قىيىنىلىپ قالاتتى. ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش لەشكەرلەر ئارىسىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى، چۈنكى، ئەتىياز پەسلىدە كېسەل ئاسان پەيدا بولاتتى، ئاشۇ قېتىمقى ئىچ سۈرۈكى مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرگە تالاپەت يەتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان غەلىبىسىز لەشكىرىي يۈرۈش لەشكەرلەرنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ قويغانىدى.

«خوجا شەرىپنىڭ ئىشىنى باشقىچە تەدبىر بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولماسمۇ؟ خوجا شەرىپ جەڭگە چىقماي سېپىلنى مۇداپىئە قىلىپ يېتىۋالسا، ئارتۇقچە ئاۋارە بولىدىغان گەپ، ئۇنى جەڭگە چىقىرىدىغانغا ياخشىراق ئامال تاپسام بولاتتى. توغرا، قەشقەر شەھىرىگە چاندۇرماي ئاز - ئازدىن يوشۇرۇنچە لەشكەر كىرگۈزەي. ۋاقتى كەلگەندە ئىچى - تېشىدىن بىراقلا ماسلاشساق، خوجا شەرىپكە جەڭگە چىقماي يېتىۋېلىشقا ئامال قالمايدۇ. بەلكىم قەشقەرنى مۇشۇ تەدبىر بىلەن ئاسانلا ئىلكىمگە ئالالىشىم مۇمكىن. قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بارغاندىن كېيىن شەھەرگە يوشۇرۇنچە لەشكەر كىرگۈزىمەن دېسەم، ئىشلار تەسكە توختايدۇ. ئۇ چاغدا خوجا شەرىپ سېپىل دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، ھېچكىمنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىكى مۇمكىن. ھازىرچە بىر تۈركۈم چاققان، چەبدەس، باھادىر يىگىتلەرنى ئالدىن ماڭغۇزغاچ تۇراي. ھازىر بۇغدايلار تاختا بولۇپ باش تارتىشقا باشلىدى، بۇغدايلارنىڭ پىشىشىغا ئۇلگۇرۇپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلسام،

ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئاشلىقتىن قىسقىلى بولىدۇ. ئايغاقچىلار يەتكۈزگەن ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قەشقەردە زاپاس ئاشلىق ئاساسەن قالماپتۇ، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭمۇ كۈن ئۆتكۈزمىكى خېلىلا تەس ئىكەن. بۇ قېتىم ئۇلارنى ئاشلىقتىن مەھرۇم قويىدىغان بولسام، شەھەردىكى ئاۋامنىڭمۇ خوجا شەرىپكە قارشى كۆتۈرۈلۈشى ئېنىق، ئۇل چاغدا خوجا شەرىپ چوقۇم ئامالسىز قالىدۇ. توغرا، شۇنداق قىلاي. ئاگال قەشقەر شەھىرىگە يارامىلىق نۆكەرلەرنى يوشۇرۇنچە كىرگۈزەي...»

بىر قارارغا كېلىپ بولغان سەييىدئەلى ئالپ لەشكەرلىرى ئارىسىدىن قەشقەر شېۋىسىدە پىششىق سۆزلىيەلەيدىغان بەش يۈز نەپەر نۆكەرنى تاللاپ، ئۇلارنى سودىگەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، مەدىكار، ئىشلەمچى سىياقىدا ياساندۇرۇپ، بىرنەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ قەشقەرگە بېرىشقا بۇيرۇق بەردى.

ــ پۈتكۈل ھەرىكەتكە سەركەردە ئالچىنبەگ باش بولىدۇ، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ نۆكەرلەرنى باشلاپ يولغا چىقىشقا تەييارلانغان سەركەردىلىرىگە قاراپ، ــ سەركەردە ياقۇپ پالۋان بىلەن سەركەردە سىدىق ئوغلان سودىگەر سىياقىدىكىلەرگە باش بولسۇن، سەركەردە ئابدۇسەمەت باھادىر ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ سىياقىدىكىلەرگە باش بولسۇن، سەركەردە ئۆمەر ئوغلان بىلەن سەركەردە شىر بەھرام مەدىكار ـ ئىشلەمچىلەر سىياقىدىكىلەرگە باش بولسۇن. ئالاقىلىشىدىغان ئورنۇڭلار ئەندىجان رەستىسىدىكى قاسىمبايىنىڭ سارىيى بولىدۇ. شۇنداق قىلساق بولۇرمۇ باي ھاجىم؟

ــ تولا ئوبدان، ــ دېدى قاسىمباي قول باغلاپ، ــ سارديىمنىڭ يېنىدا ھاممام بار، ھاممامنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى ئوتۇنخانىدىن سارايغا كىرىدىغانغا ئىشىك ئاچقۇزۇپ قويىمەن، مەدىكار ـ ئىشلەمچى سىياقىدىكى سەركەردىلەر مۇشۇ ئىشىك بىلەن سارىيىمغا كىرسە ئۇل خوجا شەرىپ كاشغەرىيىنىڭ شەھەردىكى خۇپىيە ـ پايلاقچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ.

سەييىدئەلى ئالپ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاسىمباي خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ ئاشلىق سېلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي شىكايەت قىلىپ كەلگەن بايلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىرقانچە باي ـ تۆرىلەر بار ئىدى.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، ــ ھەربىرلىرى بۇگۈن يولغا چىقىشىسىلا، سەركەردە ـ نۆكەرلەر ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىققاي. ئاللاھ خالىسا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر شەھىرىدە ئۇچراشقايسىلەر. مەنمۇ سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن يولغا چىقىمەن.

ــ پەرمانبەردارمىز!

ئۇلار سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئۈچ ھەپتە ۋاقىت تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، بۇغدايلار سېرىقتال بولۇشقا باشلىغانىدى. ئەمدى قەشقەرگە لەشكەر تارتىشنىڭ ۋاقتى يەتتى دەپ قارىغان سەييىدئەلى ئالىپ بۈگۈن خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئىچكىرى قەسىرنىڭ ھويلىسىغا كىرگەن سەييىدئەلى ئالىپ قايسى ئاغىچىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ئاۋۋال كىرىش مەسىلىسىدە بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. قائىدە بويىچە بولغاندا ئاۋۋال چوڭ ئاغىچىسى ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرسە توغرا بولاتتى، ئەمما ئۇ ھۇجرىغا كىرىش ئۈچۈن كىچىك ئاغىچىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىر ھەپتىدىن بېرى قەشقەرگە لەشكەر تارتىدىغان ئىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن بولۇپ قەسىرگە كەلمىگەنىدى، شۇڭا ھەر ئىككى ئاغىچىسىنى ھەم ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئوغلىنى تەڭلا سېغىنغانىدى. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كەلگىنىنى تۇيۇپ قالدىمۇ ياكى شۇنداقلا توغرا كېلىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ھۇجرىسىدىن كىچىك ئاغىچا بىبى ئايەتخېنىم چىقىپ قالدى. تۇغۇپ قويۇپقاندىن كېيىن بىرئاز سەمرىپ، تولۇپ باشقىچە نازاكەتلىك بولۇپ قالغان بىبى ئايەتخېنىمنى ھەر قېتىم كۆرگەندە سەييىدئەلى ئالىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. چوڭ ئاغى-

چىسىغا قارىغاندا يېشى خېلىلا كىچىك بۇ جۇۋان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

ـــ ھارمىسىلا ھەزرىتىم، ـــ دېدى بىبى ئايەتخېنىم تاتلىق ـ قىنە كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى ئېگىپ سالام قىلىپ.

سەييىدئەلى ئالىپ كىچىك ئاغىچىسىنىڭ كۆكرىكىدىكى ئىككى تال چىلگىنى ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان، ئىمچىسىدىنى كۆتۈرۈپ لىغىرلاپ تۇرغان تولغان كۆكسىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ سالامىنى ئىلىك ئالدى:

ـــ سانىز مىرزا ھۇجرىدىمۇ؟

ـــ ئەمىرزادەم قاچانبىر مېنىڭ ھۇجرامدا تۇرغان ھەزرىتىم؟ ـــ دېدى بىبى ئايەتخېنىم دادىلىغاندەك تەلەپپۇزدا، ـــ چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا بولمامدۇ؟!

سەييىدئەلى ئالىپ كىچىك ئاغىچىسىنىڭ سۇرمە سۈرگەن خۇمارلىق كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان نارازىلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ تۇرسىمۇ چاندۇرمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈسى، ھۇجرىسىغا كىرىپ باغرىغا باسقۇسى، ئويماقتەك لەۋلىرىگە، پىشقان توغاچنى ئەسلىتىدىغان مەڭزىگە سۆيۈپ ئەركىلەتكۈسى بولسىمۇ، ئوغلىنى كۆرۈش تەقەززالىقى غالىب كەلدى.

ـــ ئۇنداق بولسا يۇرسىلە، چوڭ ئاغىچىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەيلى.

بىبى ئايەتخېنىم خالىمىسىمۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن سەييىدئەلى ئالىپقا ئەگەشتى.

ئۇز سۇلتان مەلىكە تۇرپاندىن ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى ئىككى ئەمىرزادە بىللە ئويناپ چوڭ بولسا كىچىكىدىن باشلاپ ئاغا ـ ئىنىلىق مېھرى ئۆتۈشۈپ چوڭقىيىدۇ ھەم ئۇلارنى بىرقوللۇق تەربىيىلىگىلى بولىدۇ، دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن بىبى ئايەتخېنىمدىن تۇغۇلغان چوڭ ئەمىرزادىنىمۇ يېنىغا ئەكىرىۋالغاندى. ئىككى بالىنى ئىنىكئانىسى ئېمىتەتتى، ھالىدىن مەخسۇس بەلگىلىگەن ئىككى خىزمەتكار قىز خەۋەر ئالاتتى، شۇڭا بىبى ئا ـ

يەتتىنىم ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ئوغلىنى ھۇجرىسىغا ئەكىرەل-
مەيتتى. پەقەت پات ـ پات ئاغىچىغا سالام بەرگىلى كىرگەچ ئوغ-
لىنى كۆرۈپ چىقىپ كېتەتتى. قەسىرگە كۈن ئارىلاپ كېلىپ
تۇرىدىغان سەييىدئەلى ئالپمۇ ئىككى ئوغلىنى كۆپرەك كۆرۈۋې-
لىش، ئەركىلىتىپ قېنىۋېلىش ئۈچۈن ئۇز سۇلتان خېنىمنىڭ
ھۇجرىسىدىن چىقالمايتتى، كىچىك ئاغىچا بىبى ئايەتتىنىمنىڭ
نارازىلىقى، رەنجىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇنىڭدىن ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ
نارازىلىقنى سەييىدئەلى ئالپقا ئوچۇق دېيەلمەيتتى. چۈنكى، كى-
چىك ئاغىچىنىڭ چوڭ ئاغىچىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا،
دادخورلۇق قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى، نارازىلىقنى بىلدۈرگەن
تەقدىردىمۇ سەييىدئەلى ئالپنىڭ رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ھارمىغايلا ھەزرىتىم، پايە قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن.

سەييىدئەلى ئالپ بىلەن بىبى ئايەتتىنىمنى كۆرگەن چوڭ
ئاغىچا ئۇز سۇلتان مەلىكە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى ۋە
سەييىدئەلى ئالپنىڭ تونىنى ئۆز قولى بىلەن سالدۇردى. ئاندىن
چاققانلىق بىلەن مېھرابتىن بىر تەتىللا كۆرپە ئېلىپ، تۆرگە
سېلىقلىق كۆرپىنىڭ ئۈستىگە قوشلاپ سالدى.

— خوش، كۆرپىگە كەلسىلە ھەزرىتىم.

ئادەتتە تون سالدۇرۇش، كۆرپە سېلىش دېگەندەك خىزمەتكار
قىلىدىغان ئىشلارنى چوڭ ئاغىچىنىڭ ئۆزى قىلىۋاتقانلىقىنى،
سەييىدئەلى ئالپنى قىزغىنلىق بىلەن كۆرپىگە تەكلىپ قىلىپ
ئۆزىگە ئېتىبارسىز قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىچىك ئاغىچا بىبى
ئايەتتىنىم ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ تۇرغان رەشك ئازابىنى بېسىپ
تۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، سۇپىنىڭ تۆۋەن تە-
رىپىگىرەك كېلىپ ئولتۇردى.

— خەۋەر بېرىڭلار، ئەمىرزادىلەرنى ئەكىرسۇن، داستىخان
ھازىرلاڭلار، — دېدى ئۇز سۇلتان مەلىكە.

ھايال ئۆتمەي خىزمەتكار قىزلار ئىككى ئەمىرزادىنى كۆتۈ-
رۈپ كىردى. بوي ـ تۇرقى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان سانىز

مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تايىتاڭلاپ كەلگىنىچە دادى-
سىنىڭ قۇچىقىغا چىقتى، سەييىدئەلى ئالپ ئىككى ئوغلىنى تىز-
زىغا ئولتۇرغۇزۇپ نۆۋەت بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى.
ئوغلىنىڭ ئۆزى بىلەن ئانچە كارى بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بىبى ئايەتخېنىمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.
«ئوغلۇمغا ھەمراھ بولىدىغان ۋاقتىم ئاز، شۇڭا مېھرى كۆ-
تۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېمىسىمۇ مەندىن بەك چوڭ ئاغىچى-
غا ئامراق، ئۆزىنى كىمنىڭ تۇغقىنىنى بىلمەيدۇ، بوپتۇ، يەنە بىر مەزگىل چىداي، سەل ئەقىل كىرسە ئۆز ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالار...»
خىزمەتكارلار بىردەمدىلا داستىخاننى تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ئۇز سۇلتان مەلىكە سەييىدئەلى ئالپنى ئۇ-
نىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئېلىشقا زورلايتتى، خۇددى ئىككى ئەمىرزا-
دىسىنى پەپىلىگەندەك پەپىلەيتتى، يېقىنچىلىق قىلاتتى.
ــ ھە راست، ھەزرىتىمنى كېلىپ قالسا ئېغىز تېگەر دەپ ئېلىپ قويغان جۇجەم[1] بار ئىدى، ــ دېدى ئۇز سۇلتان مەلىكە.
ــ جۇجەم پىشقان ئوخشىمامدۇ؟ ــ سورىدى سەييىدئەلى ئالپ.
ــ ئەتىگەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ دورغىسى ئابدۇشۇكۇر مىرزا جانابلىرىنىڭ ئاغىچىسى يېڭىلىق دەپ بىر سېۋەت چىقارتىپتىد-
كەن، ئۆزلەگە نېسىۋە ئېلىپ قويغان.
ــ ئۇنداق بولسا ئېغىز تېگەيلى.
ــ تۇرپاندىغۇ ئاللىقاچان تۆكمە بولۇپ كەتتى، بۇ يەردە يې-
ڭىلىق دېسىلە، ــ دېدى ئۇز سۇلتان مەلىكە.
ئۇجمىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىبى ئايەتخېنىمنىڭ كۆڭلى يە-
نە يېرىم بولدى.
«ئەتىگەن ئەكىرىپ بەرگەن جۇجەمنى ھەزرىتىمگە نېسىۋە قىلىپ ساقلاپتۇ ـ يۇ، ماڭا بىرەر پىيالە چىقارتىپ بەرمەپتۇ، بوپتۇ، ھەزرىتىم يېسۇن، بىر تال ئاغزىمغا سالىدىغان بولسام

[1] جۇجەم ــ ئۇجمە.

ئىگەكىم...»

— ئەتە قەشقەرگە لەشكەر تارتىمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىبى ئايەتخېنىمنىڭ خىيالى بۆلۈندى.

— ئورمىغا ئۆلگۈرۈپ لەشكەر تارتىمەن دېۋىدىلىغۇ؟ — سورىدى ئۇز سۇلتان مەلىكە.

— قەشقەرگە بېرىپ بولغىچە ئورما ۋاقتىمۇ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ، — ئىسسىقتا لەشكەرلەرنىڭ يول يۈرمىكىمۇ تەس، شۇڭا سەل بۇرۇنراق ماڭاي دېدىم.

«ھەزرىتىم ئەتە قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ ماڭسا، بۈگۈن ئاخشام چوڭ ئاغىچىسىنىڭ يېنىدا قونۇپ قېلىشى ئېنىق، ئۇنىڭ مېنىڭ ھۇجرامغا چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەممۇ بولغۇدەك، ھەئە، چىقاي دېسىمۇ چوڭ ئاغىچا چىقارتمايدۇ ھەرقاچان. بولدىلا، ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۇرغىچە، چىقىپ كېتەيچۇ...»

بىبى ئايەتخېنىم خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— مەن چىقىپ قازان بېشىدىكىلەردىن خەۋەر ئالاي، ھەزرىتىمنىڭ قانداق غىزاغا ئىشتىھاسى باركىن؟ — دېدى تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ.

— ئاگال چۆچۈرە، كېيىن نارىن، ئاخىرىدا باچكا بېسىپ پولۇ ئەتسۇن، — دېدى ئۇز سۇلتان مەلىكە كىچىك ئاغىچىنى «سىلى ئولتۇرسىلا، قازان بېشىدىكىلەردىن خەۋەر ئالمىسىلىمۇ بولىدۇ، بىللە غىزالىنايلى» دېمەي، خىزمەتكارغا تاپىلىغاندەك بەخىرامان جاۋاب بېرىپ، — ھە راست، ھەزرىتىم چۆپئاش يېمىسە خۇماردىن چىقمايدۇ، كۆك چامغۇر بىلەن بۆدۈنە گۆشىدە سالغۇلۇق① تەييارلاپ بىر تارتىمدىن چۆپئاشمۇ قىلسۇن.

— خوش.

① سالغۇلۇق — تاماق قىلغاندا تەييارلىنىۋاتقان تائامنىڭ تەم ئېھتىياجىغا ئاساسەن شۇ تائامغا سېلىنىدىغان كۆكتات، قورۇق ياكى ھۆل مېۋە.

بىبى ئايەتخېنىم سەييىدئەلى ئالپقىمۇ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئوغلىغىمۇ قىيمىغان ھالدا ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى، كۆزلىـرىدىن ئىختىيارسىز بورانداك ياش تۆكۈلدى، ئەمما بۇنى سەييىدـئەلى ئالپ بىلەن ئۇز سۇلتان مەلىكە پەقەتلا سەزمىدى.

※ ※ ※

خوجا شەرىپ كاشغەرىي ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق جازا يۈرۈـشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ يەنە قايتىدىن جىددىيلەشتى، سەمەرقەنتكە ياردەم سوراپ يەنە چاپارمەن ماڭغۇزدى. شەھەر سېپىلىنىڭ مۇداپىئەسىنى قايتىدىن چىڭىتىـتى، خەندەكلەرگە لىق سۇ تولدۇردى، يا ئوقى، ياغاچ ـ تاشلارنى يەتكىچە ھازىرلىدى، ئۇ جەڭگە چىقماي، قەشقەر شەھىرىنى مەھـكەم ساقلاش قارارىغا كەلگەندى.

مانا بۈگۈن سەييىدئەلى ئالپ باشچىلىقىدىكى جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇن قەشقەر شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغىنىغا بىر ھەپتە بولغان بولسىمۇ، تېخىچىلا بىرەر قېتىممۇ ھۇجۇم قىلىـمايۋاتاتتى. گويا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتى يوقتەك لەشـكەرلەر بەخىرامان يۈرۈشەتتى. شۇنداق، ئۇلار ھەپتىدىن بېرى رەـقىبلىرىنى جەڭگە ئۈندەپ بىرەر قېتىم ناغرىمۇ چالمىدى، نەرە تارتىپ، سۈرەن سېلىپ تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرمىدى، تۇرقىدىن خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىلەن پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ شەھەرنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇپ بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما شەھەرنىڭ ئىچىدىكى خەلق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ پايلاقچى ـ خۇپىيەلىرىدىن ئېھتىيات قىلىشىپ كۆڭلىدىن كەچكەن خىياللىرىنى، ئاڭلىغان مىش ـ مىش پاراڭلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئاستا پىچىرلىشاتتى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپنىڭ شەھەرـگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتى يوقمىش.

ـــ ھۇجۇم قىلىش نىيىتى يوق ئادەم ئەجەب لەشكەر تارتىپ كەپتىغۇ ئەمىسە؟

ـــ شۇنى دەيمەن، شەھەرنىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولدى ئەينا.

ـــ بۇ يىلمۇ ئاشلىقتىن قىسىلىدىغان ئوخشايمىز.

ـــ راست دەيدىلا، ئۇلار ئۆتكەن يىلدىكىدەك بۇغداينى ئورۇۋېلىپلا يەنە قايتىپ كەتكۇدەك.

ـــ شۇنداقلا بولىدىغان بولسا قورساقنى قانداق قىلۇرمىز؟

ـــ ھېلىمۇ ئۆيدە يېگۈدەك ھېچنېمە قالمىدى.

ـــ بىزنىڭ ئۆيدىمۇ چىش كولىغۇدەك بىر نەرسە قالمىدى.

ـــ بالىلىرىم ھويلىدىكى ئىككى تۈپ ئۆرۈكنى يەپ جان ساقلاۋاتقىلى ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولدى.

ـــ بىزنىڭ ئۆيدە ئۆرۈكمۇ يوق.

ـــ ئىلاجسىز ئۆرۈك غازىڭى يەۋاتىمىز تېخى.

ـــ بۇ خوجا شەرىپ دېگەن توڭگۇز يا جەڭگە چىقمىدى، يا شەھەرنى بىكارلاپ يوقالمىدى.

ـــ ئۇنىڭ يەيدىغاندىن غېمى يوق.

ـــ بۇنداق ئاچ قورساق ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقىچە ئامباردىكى خان ئاشلىقنى بۇلىمايمىزمۇ؟

ـــ ئاسان دەملا، لەشكەرلەر كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي ساقلاۋاتىدۇ ئۇ يەرنى.

ـــ شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ، يا سىرتقا چىققىلى قويمىغان ئادەمنى.

ـــ بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولساق بۇرۇنراق شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتەركەنمىز.

ـــ سەييىدئەلى ئالىپ شەھەر ئەتراپىدىكى رەئىيەتكە ئاشلىق تارقىتىپ بېرىپتۇدەك.

ـــ بالىلىرىمىز قاراپ تۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى.

— سەمەرقەنتلىكلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلساق بولاتتى.

— ماڭا قايلىسىلا، سىلىنىڭچە شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرما؟

— كېلىدۇ.

— ناتايىن جۇما؟

— شەھەر سىرتىدىكى خان لەشكەرلىرىنى كۆرگەنلا؟

— ئاللاھ ئىگەم ئۆزى ئاسانلىق بېرەر.

— شۇنداق، ئاللاھتىن بىبۇيرۇق قىل تەۋرىمەيدۇ...

— ...

شۇ كۈنلەردە قەشقەر شەھىرىدە ناۋايخانا، سامسىخانا، چايخانا، ئاشپۇزۇللار پۇتۇنلەي تاقىلىپ قالغانىدى، كوچا ـ رەستىلەردە كاسىپلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. مەيلى ئەتىگىنى، مەيلى كەچلىكى بولسۇن ئىت ـ ئېشەكتىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. كىشىلەر ئۆيلىرىدە باققان ھالال ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگەتكەنىدى. قۇشلارمۇ بىرەر پالاكەتنى سەزگەندەك قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاسمىنىدىن ئەگىپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. شەھەر شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز ئىدى، مەسچىت مۇنارلىرىدىن مەزىنلەرنىڭ كىشىلەرنى نامازغا دەۋەت قىلىپ توۋلىغان ئەزانلىرىلا ئاڭلىناتتى. لېكىن بۇ ئەزان ئاۋازلىرى جانسىز، مۇڭلۇق ئىدى. تەقۋادار، غۇرۇرلۇق، نەزەرى ئۈستۈن قەشقەرلىكلەر شۇ كۈنلەردە نومۇسنى قايرىپ قويۇپ كۆزىگە چېلىققان بىرەر يېرىم پاختەك، كەپتەر، ھەتتا قۇشقاچ كۆرسىمۇ تۇتۇۋېلىپ يېيىش ئۈچۈن ھارغىچە قوغلايتتى. ئۆگزىلىرىگە، ھويلىلىرىغا قۇرۇپ قويغان قىسماق، باسماق، قىلتاقلىرىنى كۈندە نەچچە قېتىم زور ئۈمىد بىلەن يوقلايتتى. ئۆي ـ ئۆيلەردىن نارەسىدىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بىر توغرام نان غەلۋىسىنى قىلىپ يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. كىشىلەر ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزىدىن تارتىپ دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىغىچە، يېيىشكە بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى يېيىشكە باشلىغانىدى. نامازلىرىدا جازا يۇرۇشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ شەھەرگە تېزرەك

www.uyghurkitap.com

ھۆجۇم قىلىپ كىرىشنى ياكى قامالنى بىكار قىلىپ قايتىپ كېتىشنى تىلەيتتى.

شەھەردىكى ئاچارچىلىقنىڭ ئەكسىچە، شەھەر سېپىلىدىن قېلىشمىغۇدەك ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تال باراڭلىق سۇپىغا راسلانغان داستىخاندىكى مول نازۇنېمەتلەر سۈتتەك ئايدىڭدا ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. سۇپىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرگە ئورنىتىلغان چىراغپايلاردىكى جىن چىراغلار زېمىنگە كۈمۈش نۇرلىرىنى ئايىماي چېچىۋاتقان تولۇن ئايدىن خىجىل بولغاندەك ئاجىز پىلىلدايتتى. تۆردىكى تەتىللا كۆرپىدە خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىلەن ياندىشىپ ئولتۇرغان پىرمۇھەممەد بارلاس قولىدىكى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغان ئوغلاقنىڭ ئالدى پۇتىنى ئالدىرىماي غاجىلاۋاتاتتى.

— جەڭگە چىقماي مۇشۇنداق يېتىۋېرىمىزمۇ جانابى ئەمىر؟ — دېدى پىرمۇھەممەد بارلاس قولىدىكى چالا غاجىلانغان ئۇستىخاننى داستىخانغا تاشلاپ تۇرۇپ، — بۇ دېگەن ياۋنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرغانلىق، باھادىر سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ئۈچۈن نومۇس.

ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغان خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىزارلىق بىلەن پىرمۇھەممەد بارلاسقا قارىدى.

— ئالدىراقسانلىق شەيتان ۋەسۋەسىسىدۇر جانابى ئەمىر لەشكەر، سىلى دېگەن قەشقەرگە يېڭى، ئول ياۋنىڭ ئەھۋالىدىن، شەھەردىكى ئاۋامنىڭ پەيلىدىن ئانچە خەۋەرلىرى يوق، جەڭگە چىقىشقا زىنھار ئالدىرىمىسۇنلار.

خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ «سىلى دېگەن قەشقەرگە يېڭى» دېگەن سۆزى پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەنىدى. ئۇ قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۆزىگە «پىرمۇھەممەد يېڭى» دەپ لەقەم قويۇۋالغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىدى، شۇڭا خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ «يېڭى» دېگەن سۆزى خۇددى قۇلىقىغا مۇشت بىلەن

ئۇرغاندەك ئاڭلاندى.

ــ ئۆزلىرىنى دانا چاغلاپ، بىزنى تولا چۆكـۈرمىسۇنـلار! ــ دېدى ئۇ بىردىنلا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ــ ئېيتسىلا ئەمىسە، يەنە نەۋاقىچە خاتۇن كىشىدەك سارايغا مـۆكۈنۈپ ياتـىـ ـمىز؟ ئول بەدرەكلەر شۇنچىۋالا قۇدرەتلىكمىدۇر زادى، بىزنىڭ باھادىر لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنىڭ تەڭدىشى ئەمەسمىدۇر؟

ــ گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋالمىسۇنلار، ــ دېدى خوجا شەـ ـرىپ كاشغەرىي ئىمكان بار ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ــ ئول سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ھىيلە ـ مىكرى تولا ئادەم، تەدبىردە با ـ بائى بۇزرۇكى بولمىش ئۇلۇسبېگى خۇدايدادتىن قېلىشمايدۇ. ئال ـ ـدىراپ ـ تېنەپ جەڭگە چىقساق ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قېلىـ ـشىمىز مۇمكىن، يەنە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلايلى. ئۇلار بىزنى قورقتى، جەڭگە چىقىشقا پېتىنالمىدى دەپ بىخۇدلاشسۇن، شـول چاغدا شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىدىن تەڭلا چىقىپ شەبخۇن ئـۇرد ـ ـمىز ـ دە، ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە تىرىپىرەن قىلىپ، قىرىپ تاشلايمىز.

ــ يەنە ساقلاۋەرسەك ئۆتكەن يىلدىكىدەك بۇغدايلارنى ئورۇ ـ ۋېلىپ تىكىۋەتسە، ئول چاغدا نېمىگە شەبخۇن ئۇرىمىز ئەمىر جا ـ نابلىرى؟ خەۋەرلىرىدە باردۇر، ھازىرقى بار ئاشلىق لەشكەرلىرد ـ ـمىزنى بىر ئاي بېقىشىمىزغا ئـاران يېتىدۇ، شەھەردە ھېچنېمە قالمىدى.

خوجا شەرىپ لام ـ جىم دېمىدى، ئاشلىق مەسىلىسى ئۇنـىـ ـمۇ ئالدىرىتىپ قويغانىدى. سەمەرقەنتتىن كېلىدىغان ئـوزۇق ـ تۈلۈكتىن تېخىچىلا خەۋەر يوق ئىدى، نېمە ئۇچۇندۇر مىرزا ئـۇ ـ لۇغبەگ ئۇلارنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى. پىرمۇ ـ ھەممەد بارلاس خوجا شەرىپنى جاۋاب بېرىشكە يەنە ئۈندىدى.

ــ گەپ قىلمامىلا ئەمىر؟

ــ شۇنداقتىمۇ يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن تەخىر قىلايلى، ــ دېدى خوجا شەرىپ كاشغەرىي جاھىللىق بىلەن.

www.uyghurkitap.com

شۇ تاپتا ئۇ پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ كېيىنگە ئالدىراپ ماقۇل بولسا ئۆزىنىڭ ئەمىرلىك شەۋكىتىگە نۇقسان يېتىدىغاندەك، پىرمۇھەممەد بارلاس بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېدىيىۋالىدىغاندەك، ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

— ئەمىسە پەقەت ئۈچ كۈنلا ساقلايمەن، — دېدى پىرمۇھەممەد بارلاس دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — يەنە پەرمان بەرمىسىلە، ئۆز ئالدىمغا جەڭگە چىقىۋېرىمەن.

«ھۆي پوچى سەمەرقەنتلىك، بۇرنۇڭ قانىمىغۇچە توختىمايدىغان ئوخشايسەن...»

— ھەر ھالدا بامەسلىھەت ئىش قىلۇرمىز، — دېدى خوجا شەرىپ كاشغەرىي لەشكەرگاھقا مېڭىشقا تەمشەلگەن پىرمۇھەممەد بارلاسنى ئۇزىتىۋېتىپ.

يالغۇز قالغان خوجا شەرىپ كاشغەرىينى قاتتىق پۇشايمان، ئېغىر غەم بېسىۋالغانىدى.

«ئۆز ۋاقتىدا سەييىدئەھمەد مىرزىغا ئەسكىلىك قىلمىسام بوپتىكەن، مەرتىۋەم تۆۋەنرەك بولسىمۇ كۆڭلۈم خاتىرجەم ئىدى. ئۇل كېكەچ، پاڭقاي ئەمىرنى خالىغانچە كېيىمگە كىرگۈزەلەيتتىم، نامدا ئۇ ئەمىر بولغىنى بىلەن دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغانىدى. ئاتىسى ئۇلۇسبېگىنىڭ ئالدىدىمۇ خېلى ئوبدان ئىززەت - ئەتىۋارىم بار ئىدى، بەلكىم شۇ چاغدا ئۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلمىغان بولسام، بۇ چاغقىچە بىرەر ۋىلايەتكە ئەمىر بولۇپ قالۇر ئىدىم. مانا، قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەۋە قىلىپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ سەمەرقەنت ئوردىسىدا ھېچقانچە ئەتىۋارىم بولمىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەن بىلەن مۇقىم بىرەر ئىشقا تەيىن قىلماي، قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب قىلىپ قويدى. ھالا بۇگۈنكى كۈندە خەق غاجىلاپ قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويغان قەشقەرگە ئەمىر بولغىنىم بىلەن پىرمۇھەممەد بارلاسنى ئەمىر لەشكەر دەپ قوشۇپ قويغاچقا، پۇت - قولۇم چۈ-

شىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەھۋال ئەنە بايىقىدەك، پەرمانىمغا سەركەش-
لىك قىلىمەن دەپلا تۇرغان. ئەمدى كېچىكىپ قالدىم، سەييىدئەلى
ئالىپقا ئەل بولۇپ قەشقەرنى تاپشۇرسامۇ مەندىن دادىسىنىڭ ئۆ-
چىنى ئالماي بولدى قىلمايدۇ، شۇڭا نەچچە كۈندىن بېرى شەھەر-
نى مۇھاسىرىگە ئالغىنى بىلەن يا ھۇجۇم قىلماي، يا جەڭگە ئۈن-
دىمەي، يا تەسلىم بولۇشۇمنى تەلەپ قىلماي ئۆز گۆشۈمنى ئۆز
يېغىمدا قورۇۋاتىدۇ. تەسلىم بولۇپ شەھەرنى تاپشۇرۇشۇمنى تەلەپ
قىلغان بولسىغۇ سۈلھ تەلەپ قىلىپ باقاتتىم، جاننى ساقلاپ قا-
لىدىغان ئىش بولسا، ھەرقانداق تەلىپىگە ماقۇل دەيتتىم، بىراق
لەشكىرىي ھوقۇق قولۇمدا ئەمەس، شۇڭا ئاۋۇ پىرمۇھەممەد يىگىد-
مۇ ماڭا ھۆركىرىيەلەيدۇ. ناۋادا قەشقەرنى تارتقۇزۇپ قويسام، سە-
مەرقەنت ئوردىسىغا بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئول چاغدا مىرزا
ئۇلۇغبەگكىمۇ كېرىكىم قالمايدۇ، تېخى لەشكەرلىرىمنىڭ جېنى-
غا زامىن بولدۇڭ دەپ كاللامنى ئېلىشى مۇمكىن. قەشقەرگە كې-
لىشكە ئۇنىمىسام بوپتىكەن، قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىنىڭ ۋەسۋە-
سىسىدە بىلىپ تۇرۇپ قولۇمنى ئوتقا سالدىم، ئەمدى تارتىۋال-
سامۇ كۆيىدۇ، قەشقەرنى قانچىلىك ۋاقىت مۇداپىئە قىلىپ ساق-
لىغىلى بولۇر، ئامباردا پىشكى① زاپاس ئاشلىق بولغان بولسا، ئۇ-
لەشتۇرۇپ بېرىپ رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلغىلى، سەمەر-
قەنتتىن بىرەر خەۋەر كەلگىچە بەرداشلىق بەرگىلى بولاتتى، سەي-
يىدئەلى ئالىپ شەھەرنى ئالالمىغان تەقدىردىمۇ ئاشلىقنى يىغىۋال-
ماي ھەرگىز كەتمەيدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا لەشكەرلەرنى نېمە
بىلەن باقارمەن؟ ئەۋەتكەن مەلۇماتلىرىمغا مىرزا ئۇلۇغبەگ نې-
مىشقا جاۋاب بەرمەيدىغاندۇ؟ ياكى مەلۇمات قولىغا تەگمىگەنمىدۇ؟
مۇمكىن ئەمەس، ئاز دېگەندە ئون قېتىم چاپارمەن ماڭغۇزدۇم،
بىرسىنىڭمۇ سەمەرقەنتكە يېتىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس،
ھېچبولمىسا لەشكەر ئەۋەتمىسىمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك ئەۋەتسە بولات-
تى. ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا دېگىنى مۇشۇ شۇ ئوخ-

① پىشكى ــ ئازراق.

www.uyghurkitap.com

شايدۇ. سەييىدئەلى ئالپقا كەچۈرۈم سوراپ، گۇناھىمنى تىلەپ
خەت ئەۋەتسەممىكىن؟ شۇنداق قىلاي. گۇناھىمدىن ئۆتسە ـ ئۆت-
مىسە بىر ئۇرۇنۇپ باقاي. ئەتىلا شەھەر سىرتىغا ئىشەنچلىك ئا-
دەملىرىمدىن بىرىنى ماڭدۇراي... ناۋادا قوبۇل كۆرمىسىچۇ؟ ئۇ ۋ
چاغدا مەيلى، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرۈپ جەڭگە چىقىمەن. قەش-
قەردە ئون بەش مىڭ لەشكەر بار، بۇنى ئاز لەشكەر دېگىلى بولماي-
دۇ. كىم بىلىدۇ تېخى، غەلىبە ـ نۇسرەتكە يۈزلىنىپ قالامدىم؟
ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي، ئۇ تە-
رىپى ئاقسۇ، بۇ تەرىپى ياركەنت، خوتەن... قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى
ئىلكىمگە ئېلىپ، پۈتكۈل ماڭلايسۆيەگە[1] ئەمىر بولىمەن...»
خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىلىپ بىلمەي تاتلىق خىياللار قاي-
نىمىغا شۇڭغۇۋاتاتتى.

※ ※ ※

شۇ دەقىقىدە ئەمىر مەھكىمىسىدىن يامانلىغان ھېسابتا يې-
نىپ چىققان پىرمۇھەممەد بارلاسنىمۇ تاتلىق خىياللار چىر-
مىۋالغانىدى.

«خوجا شەرىپ قەستەن ياۋنى كۈچلۈك كۆرسىتىپ، جەڭنىڭ
ئەجىر ـ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى، ئەمىرلىك مەرتى-
ۋىسىنى يەش قىلىپ مېنى كىچىك بالىدەك ئاغزىغا قاراتماقچى،
ئىلگىرىمۇ سەمەرقەنت لەشكىرىي دىۋاندا قىلغان خىزمىتىمنىڭ
تۆھپىسى پۈتۈنلەي ئەمىر سۇلتان جاندارغا بولاتتى. مىرزا ئۇلۇغ-
بەگ ئالىيلىرى شۇنىلا تارتۇقلايتتى، ماختايتتى، ئەتىۋارلايتتى،
مېنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپەم قۇمغا سۇ سىڭگەندەك كۆزگە كۆرۈن-
مەيتتى. ئەمدى خوجا شەرىپنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەرسەم

① ماڭلايسۆيە ــ كورلا، ئاقسۇ، كۇچا، باي، ئۇچتۇرپان، ئىسسىقكۆل،
قەشقەر، خوتەن، ئالتۇنتاغ ۋادىسى قاتارلىق يۇرتلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ،
«قۇياش ماڭلىيىغا سۆيىدىغان يۇرت» دېگەن مەنىدە.

بولماس، ئۆز ۋاقتىدا خان ئالىيلىرى قەشقەرنىڭ ھەممە ئىشلىـ ـرىغا ئۇنى مەسئۇل دېگەن بىلەن يەنە بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئوبدان كۆمەكلىشىڭلار، دېگەنىنىمۇ قوشۇپ قويغان. دېمەك، خان ئالىيـ ـلىرىنىڭ نەزەرىدە مەرتىۋەم يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ. ئاۋۋال جەڭـ ـگە چىقىپ ياۋنى چېكىندۈرەي، ئاندىن بولۇنغان ھەممە ئەھۋالنى خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلۇرمەن. تاغام شەيخۇلئىسلام بۇرھانىدـ ـدىن ھەزرەتلىرى قەشقەر تامان ماڭغىنىمدا: سەۋر قىلغايسىز، ئول خوجا شەرىپ كاشغەرىي ھۇدۇدلۇقىدا ئۇزۇن تۇرالمايدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا قەشقەرنىڭ ئەمىرلىكىمۇ سىزگە قالىدۇ، دېگەنىدى. ئۇ ۋاقتى كەلگەندە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىغا ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىمنى قىلماي، غېمىمنى يېمەي قالمايدۇ. بۇ نۆۋەت شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ياۋنى يوقاتسام‌لا خوجا شەرىپنىڭ كۆتىگە تەپمىكىم تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. تاغائى بۇزرۇك ئارقىلىق مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىغا ئەجىر ـ تۆھپىنى ئۆزۈمنىڭ نامىدا مەلۇم قىلغۇزىمەن. خەپ خوجا شەرىپ! قەشقەرلىكلەرغۇ لەقەم قويسۇن ماقۇل، ئۆتۈپ ـ تېشىپ سەنمۇ يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە لەقىمىمنى تىلغا ئېلىۋاتىسىنا؟ كۆرستىمەن، «پىرمۇھەممەد يېگى» دەپ لەـ ـقەم قويغان قەشقەرلىككە...»

ئەمىر مەھكىمىسى بىلەن لەشكەرگاھ بىر مەھەللە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ، كوچا ئادەمسىز ئىدى. قايسىبىر خالتا كوچىدىن جېسەكچىنىڭ ئېزىلىپ ئۇرغان تاـ ـقىلداق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن پەيدا بولغان يىگىرمە ـ ئوتتۇز قارا كۆلەڭگە پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ خىيالىـ ـنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ ئاران ئون نەچچە خاس نۆكىرىنىلا ئېلىپ ئەمىر مەھكىمىسىگە بارغانىدى. قەشقەرگە دەسلەپ كەلگەندە سىرتقا چىقسا بىرەر يۈز نۆكىرىنى ھەمراھ قىلىپ چىقاتتى، كېـ ـيىن بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ، باي ـ زەردارلارنىڭ قەسرىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەت ـ بەزمىلەرگە بۇنچىۋالا كۆپ قوروقچى ئېـ ـلىپ بېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ ساننى ئازلىتىۋەتكەنىدى. پىرمۇـ

ھەممەد بارلاسنىڭ بەدىنىنى بىردىنلا سوغۇق تەر باستى، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئەنسىرىگەندەك ئىختىيارسىز ئېگەرنىڭ قۇشبېشىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭغىچە قورۇقچىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىنى چەمبەر شەكلىدە ئوراپ ئۈلگۈردى، ھېلىقى قارا كۆلەڭگىلەر ئۇنىڭغا قاراپ ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىۋاتاتتى.

— ئارقا تەرىپىمىزدىنمۇ ئادەم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى نۆكەربېشى ھودۇققان ھالدا.

پىرمۇھەممەد بارلاس تەشۋىشلەنگەن ھالدا شاققىدە ئارقىسىغا قارىدى. ئارقا تەرىپىدىن قىستاپ كېلىۋاتقان كۆلەڭگىلەرنىڭ سانىمۇ ئوتتۇزدىن كەم ئەمەس ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرى جايلاشقان بولۇپ، قېچىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن ۋەھىمە پىرمۇھەممەد بارلاسنى تەمتىرەتتى، ئېتىنىڭ بېشىنى ھېلى ئالدىغا، ھېلى ئارقىسىغا بۇرىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ ئەمىر مەھكىمىسىگە بېرىۋېلىشنى ياكى ئالدىغا مېڭىپ لەشكەرگاھقا يېتىۋېلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا يېنىپ خوجا شەرىپ كاشغەرىيدىن پاناھلىق تىلەشكە رايى بارمىدى، لەشكەرگاھتا ئون بەش مىڭغا يېقىن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بار ئىدى. بىر ئېغىز بۇيرۇق بەرسىلا ئۇلار شەھەرنى تۇپتۇز قىلىۋېتەلەيتتى، مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشتى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى ئالدىغا توغرىلاپ تۇرۇپ نۆكەرلىرىگە بۇيرۇق بەردى:

— بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتەيلى.

پىرمۇھەممەد بارلاس ئالدىدىكى كۆلەڭگىلەرنىڭ پىيادە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاستىدىكى چاپچىپ تۇرغان ئېتىغا قاتتىق ئىشەنگەنىدى. ھەئە، پىيادىلەرنىڭ قويۇندەك چېپىپ كەلگەن ئاتنىڭ ئالدىنى توسۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ساغرىسىغا ئاچچىق قامچا تەگكەن ئاتلار ئالغا قاراپ جان ـ جەھلى بىلەن چېپىشقا باشلىدى. ئاتلىقلارنىڭ باستۇرۇپ كەلگىنىنى كۆرگەن كۆ-

لەڭگىلەر بىر ئىسقىرتقىنىچە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول بوشات-تى. قۇيۇندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئات ئۇستىدە ئولتۇرغان پىر-مۇھەممەد بارلاس كۆلەڭگىلەرنىڭ چىرايىغا بەكرەك قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۆتۈپ كەتتى.

«خۇداغا شۈكۈر، ھەرنېمە بولسا ھېچ ئىش چىقمىدى. بەلكىم مەن زىيادە ئېھتىيات قىلىپ كەتكەن ئوخشايمەن...»

پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ خىيالى ئاخىرلاشمايلا ئېتى بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ قاتتىق مۇدۇرۇپ كەتتى، خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان پىرمۇھەممەد بارلاس بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن مۇدا-پىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەي ئاتنىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ موللاق ئات-قىنىچە يەرگە گۈلۈپپىدە يىقىلدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئات چاپتۇ-رۇپ كېلىۋاتقان نۆكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايت-تى. كىملەردۇر كوچىغا تۆت قاتار قىلىپ ئارغامچا تارتىپ قويغان بولۇپ، چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلار ئاشۇ ئارغامچىلارغا پۇتلىشىپ مۇدۇرۇلگەنىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە خۇددى ئاسماندىن چۈش-كەندەكلا پەيدا بولغان قارا كۆلەڭگىلەر پىرمۇھەممەد بارلاسنى نۆ-كەرلىرى بىلەن قوشۇپ تۇتۇۋالدى.

— سى... سىلەر... كى... كىم... بولىسىلەر؟

قاتتىق ھودۇقۇپ، جان ـ ئىمانى چىقىپ كەتكەن پىرمۇ-ھەممەد بارلاسنىڭ تىلى قولاشمايتتى.

— سەن ھازىر موغۇلىستان باھادىرلىرىنىڭ قولىغا چۈش-تۈڭ جانابى پىرمۇھەممەد بېگى، — دېدى سەركەردە ئالچىنبەگ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان پىرمۇھەممەد بارلاسقا مەسخىرىلىك قاراپ.

پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان پىرمۇھەممەد بارلاس قايتا زۇۋان سۈرمىدى، ئۇ بېشىغا كەلگەن تەقدىرگە تەن بەرگەندەك قىلاتتى.

يىگىتلەر ئۇنى نۆكەرلىرى بىلەن بىللە ئۇلۇغ تەرەپتىكى قوش قاناتلىق دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى، دەرۋازا ئىچى خېلىلا

uyghurkitap.com

كەڭرى ھويلا ئىدى. پىرمۇھەممەد بارلاس ھويلىدىكى قورالىلىرنى يالىڭاچلاپ تەق بولۇپ تۇرغان بەش يۈزگە يېقىن يىگىتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

«خۇدايا تـوۋا، بـۇلار نەدىن پـەيـدا بولۇپ قـالـغاندۇ؟ شـەھـەر دەرۋازىلىرى قولدىن كەتتىمۇ ـ يا؟ دەرۋازا قولدىن كەتكەن بولسا ھېچبىر شەپە يوققۇ ئەمسە؟ شەھەرگە قانات ياساپ ئۇچۇپ كىرگەنمىدۇ بۇ بەدرەكلەر...»

ھەئە، بۇلار سەييىدئەلى ئالپ ئاقسۇدىكى چېغىدىلا سودىگەر، ھۈنەرۋەن، مەدىكار سىياقىدا ياساندۇرۇپ تۇركۇمگە بۆلۈپ قەشقەرگە ماڭغۇزغان نۆكەرلەر ئىدى. ئۇلار پىرمۇھەممەد بارلاسنى نۆكەرلىرى بىلەن ھويلىدىكى پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ ئىچكىردىكى قاراڭغۇ بىر قازناقتا سولاپ، پۇت ـ قوللىرىنى مىدىرلىتالمىغۇدەك قىلىپ چەمبەرچاس باغلىۋەتتى.

※ ※ ※

ــ ياقۇپ پالۋان، ــ دېدى سەركەردە ئالچىنبەگ ھويلىدا شەپە چىقارماي تۇرغان يىگىتلەرگە قاراپ.

ــ لەببەي، ــ دەپ ئالدىغا چىقتى ياقۇپ پالۋان.

ــ ئۆزلە يۈز يىگىت بىلەن بېرىپ ئەمىر مەھكىمىسىنى كۆزەتسىلە، مۇناپىق خوجا شەرىپ كاشغەرىينى قاچۇرۇۋەتسىلە ئەمىر كەبىر جانابلىرىنىڭ ئالدىدا كاللىلىرى بىلەن جاۋاب قىلىلا!

ــ پەرمانبەردارمەن!

ــ دەرھال ئاتلانسىلا!

ياقۇپ پالۋان يۈز نەپەر نۆكەرنى باشلاپ ھويلىدىن شەپە چىقارماي چىقىپ كەتتى.

ــ سىدىق ئوغلان، ئۆمەر ئوغلان، ئابدۇسەمەت باھادىر، شىر بەھرام!

ــ لەببەي! ــ دەپ ئالدىغا چىقتى ئىسمى ئاتالغان تۆت سەركەردە.

ــ ھەربىرلىرى بىر تارامدىن يىگىتلەرگە باش بولۇشسىلا. كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە ياراباغ دەرۋازىسىنى ئېگىلەپ، سىپىل سىرتىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە يول ئاچىمىز. ئابدۇسەمەت باھادىر دەرۋازا تۈۋىدىكى لەشكەرخانىدا ياتقان لەشكەرلەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاي. ئۆمەر ئوغلان سىپىلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بۇرجدا تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ ئىشىنى، سىدىق ئوغلان سىپىلنىڭ سول تەرىپىدىكى بۇرجدا تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاي. سەركەردە شىر بەھرام باھادىر بىلەن مەن دەرۋازا ئۈستىدىكى قاراۋۇللارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغاچ دەرۋازا ئېچىشقا مەسئۇل بولىمىز. ئەھۋالغا قاراپ ئۆزئارا كۆمەكلەشسەك بولىدۇ، ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالپ جانابلىرىنىڭ پەرمانى يادىلىرىدا باردۇر.

ــ يادىمىزدا!

ــ يەنە بىر قېتىم سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي: شۇ تاپتا قەشقەر لەشكەرگاھىدا بىر تۈمەندىن ئارتۇق ياۋ لەشكىرى ئۇخلاپ ياتىدۇ، ياراباغ دەرۋازىسىنى قانچە تېز ئاچساق، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز شەھەرگە شۇنچە تېز كىرىپ ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالالايدۇ. ناۋادا ئۇلار لەشكەرگاھتىن چىقىپ كەتسە، قىرغىنچىلىق يۈز بېرىپ بىھۇدە ئۆلۈم ـ يېتىم بولىدۇ، ئاددىي ئاۋام ـ رەئىيەت قىرىلىپ كېتىدۇ. سەييىدئەلى ئالپ جانابلىرىنىڭ تەدبىرى ئۇلارنى لەشكەرگاھتىن چىقارماسلىق، شۇڭا، دەرۋازىدىن كىرگەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنى ئۇدۇل لەشكەرگاھ تەرەپكە باشلاپ بارىمىز، لەشكەرگاھنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالساق، قالدى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلماق ئاسان.

ــ پەرماننى جېنىمىز بىلەن ئورۇندايمىز!

ــ ئۇنداق بولسا دەرھال ھەرىكەتلىنەيلى!

يىگىتلەر ھويلىدىن شەپە چىقارماي چىقىپ، شەھەرنىڭ يار-

www.uygurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باغ دەرۋازىسىنى نىشانلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

※ ※ ※

تۈن يېرىملاشقاندى، شەھەرنى قورشىۋالغان موغۇلىستان لەشكەرلىرى پەقەتلا ھۇجۇم قىلماي جىم تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، سېپىل دەرۋازىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى خېلىلا بىخۇدلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردە جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇن ئۆتكەن يىلدىكىدەك بۇغدايلارنى ئورۇۋېلىپلا چېكىنىپ كەتكۈدەك، شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىغۇدەك، دېگەندەك پاراڭلار تارقالغاچقا، سېپىل ۋە دەرۋازىلاردىكى لەشكەرلەر ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيدىغان، قاراۋۇللۇقنىمۇ خېلىلا بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇ تاپتا سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار سېپىلنىڭ قوختىلىرىغا يۆلەنگىنىچە مۈگدەۋاتاتتى، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى كۆزەتچىلەر بولسا غېمىدە يوق خورەك تارتىۋاتاتتى.

يىگىتلەر سەركەردە ئالچىنبەگنىڭ باشچىلىقىدا يارباغ دەرۋازىسىغا پەم بىلەن يېقىنلاشتى، دەرۋازا يېنىدىكى سېپىل تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان لەشكەرخانىدىكى لەشكەرلەر ئېغىر ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئابدۇسەمەت باھادىر يىگىتلەر بىلەن لەشكەرخانىغا شەپە چىقارماي يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا ئۆمەر ئوغلان بىلەن سىدىق ئوغلاننىڭ يىگىتلىرى دەرۋازىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بولغانىدى. سەركەردە ئالچىنبەگ بىلەن شىر بەھرام باھادىرغا ئەگەشكەن يىگىتلەر دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرنى ئىنچىقلاشقىمۇ پۇرسەت بەرمەي بوغۇزلاۋاتاتتى. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى كۆزەتخانىدا مۈگدەپ تۇرغان لەشكەرلەر پەستىكى شەپىنى سېزىپ بىرئاز سەگەكلەشتى، ئەھۋالنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈشكە ھەرىكەت قىلدى، لېكىن ئۇلار كېچىككەنىدى. چاقماق تېزلىكىدە دەرۋازا ئۈستىگە چىققان ئال-

چىنبەگ بىلەن شىربەھرام باھادىر يىگىتلەر بىلەن بىر ھەملە قىلىپلا تېخى ئۇيقۇسى تولۇق ئېچىلىپ بولالمىغان بىچارە لەشكەرلەرگە يولۋاستەك تاشلاندى.

— بىر نەچچىڭلار پەسكە چۈشۈپ دەرۋازىنى ئېچىشقا ھەمدەم بولۇڭلار، قالغانلىرىڭلار خەندەكنىڭ ئاسما كۆۋرۈكىنى چۈشۈرۈڭلار، ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئارغامچىسى ئەنە ئاۋۇ يەردىكەن!

يىگىتلەرگە بۇيرۇق بېرىپ بولغان سەركەردە ئالچىنبەگ ئۆلگەن لەشكەرنىڭ تونىنى سالدۇرۇۋېلىپ، قوينىدىكى چاقماق تاشنى سۈركەپ تونغا ئوت تۇتاشتۇردى. تون ئاستا ـ ئاستا تۈتەپ كېيىن لاپپىدە ئوت ئالدى، ئوت تۇتاشقان تونىنى كۆزەتخانىدىكى ياراغدانغا تىزىپ قويغان بىر تال نەيزىنىڭ ئۇچىغا يۆگەپ، پۇلاڭلىتىپ سېپىل سىرتىدىكى تەق بولۇپ تۇرغان سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە بەلگە بەردى.

سەييىدئەلى ئالپ بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى دەرۋازىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تەق قىلىپ تۇرغانىدى. بەلگىنى كۆرۈپ دەرۋازىغا قاراپ ئات سالدى، باشقا سەركەردىلەرمۇ لەشكەرخانا ۋە سېپىلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۇرجدا كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەرنى پۈتۈنلەي قىرىۋەتكەنىدى. شۇڭا يارباغ دەرۋازىسىغا قاراپ سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇن مەيلى دەرۋازىدا، مەيلى سېپىلنىڭ ئۈستىدە بولسۇن ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى.

— ئالچىنبەگنىڭ يىگىتلىرىگە ئەگىشىپ ئۇدۇل لەشكەرگاھقا قاراپ ئىلگىرىلەڭلار. لەشكەرگاھنى تولۇق مۇھاسىرىگە ئېلىڭلار، ھەرىكىتىڭلار چاققان ھەم يەڭگىل بولسۇن، — دېدى ئەڭ ئاۋۋال يارباغ دەرۋازىسىغا كىرىپ بولغان سەييىدئەلى ئالپ سەركەردىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ.

قەشقەر شەھىرىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگەن تەقدىردىمۇ، شەھەرنى ساقلاپ ياتقان لەشكەرگاھتىكى بىر تۈمەندىن ئارتۇق سەمەرقەنت لەشكەرلىرىگە ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرمىسا، شەھەردە

www.uyghurkitap.com

چوڭ قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى چەرمىلەشتۈرگەن سەيىدئەلى ئالپ ئەڭ ئاۋۋال لەشكەرگاھنى قورشاپ، ئاشۇ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ياۋ لەشكەرلىرىنى مىدىر ـ سىدىر قىلالماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشنى پىلانلىغانىدى. بامداتتىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ، شەپە چىقارماي لەشكەرگاھقا يېقىنلاشقان سەيىدئەلى ئالپنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قەشقەر لەشكەرگاھىنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى. تۇيۇقسىز ياڭرىغان ناغرا ـ دۇمباق سادا-سى لەشكەرگاھتىكى لەشكەرلەرنىمۇ، شەھەردىكى ئاددىي خەلقنىمۇ، كېچىدىن بېرى غەم، پۇشايمان ئىلكىدە ئۇخلىيالماي، ئەمدىلا كىرپىكى ئۇيقۇغا ئىلىنىشقان خوجا شەرىپ كاشغەرىينىمۇ قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ، سىرتقا چىقماسلىققا جېكىلەپ، بىردىن ـ ئىككىدىن سىرتقا چىققان يۇرەكلىك ئەركەكلەر لەشكەرگاھ تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ياتقان ئورنىدىن قارا باسقاندەك چۆچۈپ ئويغانغان سەمەرقەنت سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىنىپ، لەشكەرگاھنىڭ تېمىدىن سىرتقا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. لەشكەرگاھنى قاتمۇقات قورشىۋالغان مىڭلىغان موغۇلىستان لەشكەرلىرى نەرە تارتىپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ ھەيۋە كۆرسىتىشەتتى. ئۇلار ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان رەقىبلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈشتى. ئەھۋالنى ئەمىر لەشكەرگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرگەن سەركەردىلەر مەھرەملەردىن ئەمىر لەشكەر پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ ئاخشام ئەمىر مەھكىمىسىگە كەتكىنىچە قايتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى بىلىپ تېخىمۇ بەك ساراسىمىگە چۈشتى، بېشى كېسىۋېتىلگەن يىلاندەك ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشتى، شۇ تاپتا ئۇلار جان قايغۇسىدا قېلىشقان بولۇپ، ھېچقايسىسىدا لەشكەرگاھتىكى بىر تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ چىقىپ رەقىبلىرى بىلەن جەڭ قىلغۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى.

لەشكەرگاھ تەرەپتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ناغرا ـ دۇمباق

ساداسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئەمىر خوجا شەرىپ كاشغەرىي ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي بىرنەچچە دەقىقە مۇگدەپ تۇرۇپ قالدى، تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— دەرھال ئات تەييارلا! — ۋارقىرىدى ئۇ ھودۇقۇپ تۇرغان مەھرەمگە قاراپ.

«پىرمۇھەممەد يېگى دېگەن دۆت سەمەرقەنت خەرى① ئاخشام نارازى بولۇپ گەدىنىنى قوپۇرغىنىچە ھاللازلىغان② پېتى كېتىپ قالغانىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا باشباشتاقلىق قىلىپ ياۋغا شەبخۇن ئۇرماقچى بولغان ئوخشايدۇ. دەرھال توسۇۋالاي، ئۆزى بۇرنىغا يەپ يوغانچىلىق قىلغىنىغا تويسىغۇ ياخشى بولاتتى، بىراق كالتە پەملىك قىلىپ لەشكەرلەرنى بىھۇدە تالاپەتكە ئۇچراتسا، قەشقەرنى ساقلاپ قالماق تەسكە توختايدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى توسۇماق كېرەك، يامىنىغا كەلسە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى پەش قىلارمەن. ئاھ خۇدا، لەشكىرىي ھوقۇقنى ئوڭچە بەرمىگەندىكىن نېمە قىلار ئىدىم قەشقەرگە كېلىپ، خەپ ـ خەپ، پىرمۇھەممەد يېگى...»

يۈز نەپەر خاس نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەمىر مەھكىمىسىدىن چىققان خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ ئىككى ـ ئۈچ يۈز قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا بىردىنلا يۈرىكى ئامبۇردا قىسقاندەك سىرقىراپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ھەئە، ئۇنىڭ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ ئالدىنى توسۇۋالغان ياقۇپ پالۋان باشچىلىقىدىكى يۈزدىن ئارتۇق موغۇلىستان نۆكەرلىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى.

«ياخۇدا، نېمە كارامەت بۇ؟ مېنى چۈشۈمدە قارا باسمايۋاتقاندۇ ـ ھە!...»

— ئەي خوجا شەرىپ دېگەن مەلئۇن، چىرايلىقچە ئاتتىن

① خەر — ئېشەك.

② ھاللازلىماق — ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ قېيىدىماق.

چۇش!

ياقۇپ پالۋاننىڭ ئاۋازى خوجا شەرىپ كاشغەرىيگە خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك تەسىر قىلدى، ئەزايىنى پۈررىدە قارا تەر باستى، تاڭلايلىرى قۇرۇپ، تىلى گەپكە كەلمىدى.

— بىز پەقەت مۇناپىق ئەمىر خوجا شەرىپنىلا تۇتىمىز. قارشىلىق كۆرسەتمىسەڭلار گۇناھىڭلارنى سۈرۈشتۈرمەيمىز، چىرايلىقچە قورال تاشلاپ تەسلىم بولۇڭلار، ھازىر شەھەر پۈتۈنلەي خان لەشكەرلىرىنىڭ ئىلكىدە، — دېدى ياقۇپ پالۋان خوجا شەرىپنىڭ نۆكەرلىرىگە قاراپ.

ئەمىرنىڭ قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن نۆكەرلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ، جان قايغۇسىدا قالغانىدى.

— ئۇلارنىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشەنمەڭلار، — دېدى خوجا شەرىپ كاشغەرىي نۆكەرلىرىگە يېلىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ، — شەھەر تېخى قولدىن كەتكىنى يوق، چاققان بولۇڭلار، ئۇلارنى جەھەننەمگە ئۇزىتايلى.

خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ بۇيرۇقى شۇ پېتى قالدى، ئۇنىڭ گەپلىرى نۆكەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەندەك قىلاتتى. ئۇلار بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئاتتىن تەڭلا چۈشۈشتى ـ دە، قوراللىرىنى تاشلاشتى. بۇ نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى قەشقەرلىك يىگىتلەر بولۇپ، خوجا شەرىپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى تاللاپ ئۆزىگە خاس نۆكەر قىلىۋالغانىدى.

بۇيرۇقىنىڭ ئاقمىغانلىقىنى كۆرگەن خوجا شەرىپ ئاجىز بىر ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسىدە ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ قامچا سالدى، لېكىن ئۇ ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن ياقۇپ پالۋاننىڭ نۆكەرلىرىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى، يىگىتلەر ئۇنى بىر تارتىپلا ئاتتىن چۈشۈردى ـ دە، قىمىر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە باغلىۋەتتى.

— سىلەرگە ئىجازەت، — دېدى ياقۇپ پالۋان تېخىچىلا تەش-ۋىش ئىلكىدە تۇرغان خوجا شەرىپنىڭ نۆكەرلىرىگە قاراپ، — كەتسەڭلارمۇ مەيلى، بىزگە قوشۇلساڭلارمۇ مەيلى.

— سىلىگە نۆكەر بولغىمىز بار سەركەردە، — دېيىشتى ئۇلار.

— ئەمىسە يۈرۈڭلار، — دېدى ياقۇپ پالۋان، — لەشكەر-گاھقا بارىمىز.

※ ※ ※

سۇبھى ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىپ، قەشقەر يېڭى بىر تاڭنى كۈتۈۋالماقتا ئىدى. لەشكەرگاھتا قاپسىلىپ قالغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى تېخىچە ئەمىر لەشكەر پىرمۇھەممەد بارلاس بىلەن خوجا شەرىپ كاشغەرىيەدىن خەۋەر بولمىغاچقا، يا ھۇجۇمغا ئۆتۈش-نى، يا لەشكەرگاھنى ساقلاپ يېتىشۈپرشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشقانىدى. سەركەردىلەر بىر ـ بىرىنىڭ مەسلىھەتىگە كۆز-مەيتتى، ھېچكىم ـ ھېچكىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمايتتى، ۋۇجۇ-دىنى ئۈمىدسىزلىك، تەشۋىش، ۋەھىمە چۇلغىۋالغانىدى.

— لەشكەرگاھ ئىچىدىكىلەر قۇلاقلىرىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار! ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، قورال تاشلاپ تەسلىم بول-ساڭلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىسىلەر. ئەمىر خوجا شەرىپ بىلەن ئەمىر لەشكەر پىرمۇھەممەد بارلاس ئاللىقاچان بىزنىڭ قولىمىز-غا چۈشۈپ بولدى.

لەشكەرگاھ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى كۆزەتخانىغا چىد-قىۋالغان سەركەردە ـ سەرۋازلار سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئاگاھلاندۇ-رۇشىغا ئانچە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى. ئەتراپنى قاتمۇقات قور-شىۋالغان، ئەلپازىدىن ھازىرلا لەشكەرگاھنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىدىغاندەك تۇرۇشقان موغۇلىستان لەشكەرلىرىگە تىكىلگەن كۆزلىرى تەشۋىشلىك ئىدى. موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئار-

قىسىدىكى دەۋرەپ تۇرغان مىڭلىغان ئاۋام شۇ تاپتا ئۇلارغا نەچچە تۈمەن لەشكەرنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك تۇيغۇ بەرگەنىدى.

ــ ئۇنداق بولسا بىزگە ئەمىر خوجا شەرىپ كاشغەرىي بىلەن ئەمىر لەشكەر پىرمۇھەممەد بارلاس جانابلىرىنى كۆرسەتسىلە، ــ دېدى سەمەرقەنت لەشكەرلىرى.

سەيىدئەلى ئالپنىڭ ئىشارىتى بىلەن سەركەردىلەر تۈپنىڭ ئارىسىدىن مەھكەم باغلانغان خوجا شەرىپ بىلەن پىرمۇھەممەد بارلاسنى ئىتتىرىپ چىقىرىپ تىزلاندۇردى.

سەيىدئەلى ئالپنىڭ لەشكەرگاھ ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغۇسى يوق ئىدى، ئىمكان بار ئۇلارنى ئۇرۇشسىز ئەسىرگە ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈنكى، جەڭ بولۇپ قالسا، ھايات قېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىمۇ ھامىنى بىر ئۆلۈم دەپ بوش كەلمەيتتى ـ دە، ھەر ئىككى تەرەپتىن قان تۆكۈلەتتى، ھەتتا شەھەر ئاھالىسىمۇ بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ۋابالىغا كېتەتتى. شۇڭا ئۇ قورشاۋدا قالغان سەركەردىلەرنىڭ يۈرىكىگە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى.

ــ ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىلەر، ــ دېدى سەيىدئەلى ئالپ ئۇلارغا مەغرۇر قاراپ، ــ ھايات قالاي دېسەڭلار دەرھال قورال تاشلاڭلار!

ــ ئەگەر قورال تاشلىمىساقچۇ؟ ــ سورىدى بىر سەركەردە.

ــ قورال تاشلىمىساڭلار ئاقىۋىتىڭلار مانا مۇنداق بولىدۇ!

سەيىدئەلى ئالپ شۇنداق دېگىنىچە ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرغان پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن قىلىچ چاپتى. بويىنىدىن چورتلا ئۈزۈلۈپ چۈشكەن باش دومىلاپ بېرىپ تۈپىغا مىلىنىپ توختىدى. مۇنار ئۈستىدىكى سەركەردىلەرنىڭ يۈرىكى سىرقىرىدى، خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭ چىرايىدا بولسا قان قالمىغانىدى.

ــ يەنە سورايدىغان گېپىڭلار بارمۇ؟ ــ ۋارقىرىدى سەيىد ـ

ئەلى ئالپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

كۆزەتخانىدىكى سەركەردىلەر نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشقانىدى.

ــ راستىنلا بىزگە ھايات يولى بېرەمدىلا؟ سىلىگە قانداق ئىشىنىمىز؟

سەييىدئەلى ئالپ جاۋاب بېرىپ بولغىچە، خوجا شەرىپ كاشغەرىي كۆزەتخانىدىكى سەركەردىلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ ھەرگىز ـ ھەرگىز قورال تاشلىماڭلار. ئەمىر سىلەرنى ئالداۋاتىدۇ!

ــ ئاغزىڭنى يۇم مەلئۇن!

قاتتىق غەزەپلەنگەن سەييىدئەلى ئالپ بىر قىلىچ بىلەن خوجا شەرىپ كاشغەرىينىڭمۇ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ـ دە، قان تولغان كۆزلىرىنى كۆزەتخانا ئۈستىدىكى سەركەردىلەرگە تىكتى.

ــ مېنىڭ سەۋر ـ تاقىتىم چەكلىك، دەرھال جاۋاب بېرىڭلار. قورال تاشلامسىلەر ـ يوق؟ سىلەر بىلەن سۆلھ قىلىپ ئولتۇرمايمەن، ئەمما گېپىم گەپ، گۇناھىڭلارنى تىلىسەڭلار ئامان قالىسىلەر!

ــ قورال تاشلايلى! ــ دېيىشتى ئىككى ئەمىرنىڭ كاللىدىن ئايرىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سەركەردىلەر ئۈمىدسىزلىك بىلەن.

ــ ئەمىسە قورال تاشلاپ، دەرۋازىدىن بىر ـ بىرلەپ چىقىڭلار!

سەركەردىلەر روھى چۈشكەن ھالدا كۆزەتخانا ئۈستىدىن ئايرىلىشتى، بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن لەشكەرگاھنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ناللىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئاۋۋال سەركەردىلەر، ئاندىن سەرۋازلار، لەشكەرلەر بىر ـ بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى، موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئۇدۇللۇق باغلىدى. قورالسىزلانغان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ئەنە ئاشۇ يوسۇندا چۈشكە يې-

قىن لەشكەرگاھتىن پۈتۈنلەي چىقىپ بولدى، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىدىن يىغىپ كەلگەن شۇنچە كۆپ ئارغامچا ـ تانىلار ئۇلارنى باغلاشقا يېتىشمەي قالدى.

سەييىدئەلى ئالپ ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدى. بەش مىڭ لەشكەرنى ئايرىپ ئۆز لەشكەرلىرىگە قوشۇۋالدى، قالغانلارنى ھەر يۈز ئادەمنى بىر تاناپ قىلىپ باغلاپ، لەشكەرلەرنىڭ نازارىتىدە ئۇ تەرىپى خوتەن، ياركەنت، ئالتۇنتاغ، چەرچەن، لوپ[1]، بۇ تەرىپى ئاقسۇ، باي، ئۈچ[2]، كۇچار، كۆنچى، تۇرپان، قومۇل ۋە ئىلى ۋادىلىرىغا يولغا سالدى ۋە بۇ يۇرتلارنىڭ ئەمىرلىرىگە ئەسىرلەرنى ئاۋۋال بىر مەزگىل ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ، ئاندىن لەشكەرلىرى ئارىسىغا قوشۇۋېلىش خۇسۇسىدا پەرمان ئەۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ قەشقەر بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىنىڭ تەسەررۇپىغا قايتىدىن ئۆتتى. خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئاقسۇدىن قەشقەرگە ئەكەلدۇرۇۋالغان سەييىدئەلى ئالپ تۇرپانغا قايتىشقا ئالدىرىمىدى. ئوردىغا غەلىبىدىن مەلۇمات يوللىدى ۋە سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن قەشقەردە بىرمەزگىل تۇرۇشقا ئىجازەت سورىدى. ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قايتىدىن لەشكەر تارتىشىدىن ئەنسىرەپ، قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئەس ـ يادى رەسەتخانىنى ئېزىرەك پۈتكۈزۈشتە قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ قەشقەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، خوجا شەرىپ كاشغەري بىلەن پىرمۇھەممەد بارلاسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قەشقەردىن بۇرۇنراق ۋاز كەچمىگىنىگە ئۆكۈندى، بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ لەشكەر تارتىپ بېرىپ قەشقەرنى قايتىدىن قولغا ئېلىش تەكلىپىگە قىزىقمىدى. شۇنداق قىلىپ بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىگە قايتىدىن تىنچلىق، خاتىرجەملىك يۈزلەندى.

① لوپ ــ لوپنۇر.
② ئۈچ ــ ئۈچتۇرپان.

## 38

مىلادىيە 1442 ـ يىلى، قىش.

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي يېغىۋاتقان قار تۇرپان شە ـ
ھىرىنى باشقىچە مۇزلىتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، لەشكىرىي
دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى مىرزا تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قەسىرى
باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى. تۆمۈربۇقا بەگنىڭ شاھنىشىندىن
قېلىشمىغۇدەك چوڭلۇقتا ياسىلىپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مېھ ـ
مانخانىسىنىڭ تۆرىدە سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئولتۇراتتى. خان
تېخى ئەمدىلا يىگىرمە بىر ـ يىگىرمە ئىككى ياشلارنىڭ قارىسىنى
ئالغان بولسىمۇ، يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا قورساق سېلىپ
سەمىرىپ قالغانىدى. باشقا ئەمىرلەر خان بىلەن ئۈچ قەدەم ئارد ـ
لىق قالدۇرۇپ مەرتىۋىلىرى بويىچە داستىخاننى چۆرىدەپ ئورۇن
ئېلىشقانىدى. خاننىڭ ئالدىغا ئايرىم، ئەمىرلەرگە ئايرىم داستىد ـ
خان سېلىنغانىدى. ھەر ئىككى داستىخانغا بۇ ئىقلىمدىن تېپىلد ـ
دىغان تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر تىزىلغان بولۇپ، پىيالە قويغۇدەكمۇ
بوش ئورۇن قالمىغانىدى. پەگا تەرەپتىن ئورۇن ئېلىشقان سازەن ـ
دىلەر داپ، دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، قالۇن... قاتارلىق سازلارنى
تەڭكەش قىلىپ تۇرپان ناخشىلىرىنى ئورۇنداۋاتاتتى. بارلىق ئە ـ
مىرلەرنىڭ چېھرىدە چەكسىز بىر خۇشامەت جىلۋە قىلاتتى. تۆ ـ
مۈربۇقا بەگ داستىخاندىكى نېمەتلەرنى پات ـ پات ئالماشتۇرغۇ ـ
زۇپ، ئىسان بۇغاخاننى داستىخانغا يېڭى كەلتۈرۈلگەن نېمەتلەر ـ
دىن تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك جەم بولغان بۇ سورۇندا ئۇلۇسبېگى مىرمۇ ـ
ھەممەدشاھ بىلەن قارا دىۋان ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزا كۆرۈنمەيد ـ

www.uyghurkitap.com

تى.

ھەئە، ئىككى يىلدىن بېرى سەلتەنەت ئىشلىرىنى مۇستەقىل بېجىرىشكە باشلىغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان كۈنلىرىنى بەزمە، شاراب، باراۋەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى ئالقىنىغا ئېلىۋالغان ئەمىرلەر ئاشۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويغانىدى.

ئىسان بۇغاخان تەختتە ئولتۇرغان دەسلەپكى يىللاردا بوۋىسى — ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھتىن خېلىلا تەپ تارتىپ يۈردى، مومىسى سۇلتان خاتۇننى پات ـ پات يوقلاپ بېرىپ نەسىھەتلىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى، سەلتەنەت ئىشلىرىنى قارادىۋان ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بېجىردى. قەشقەردە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالغان ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالىپنى پات ـ پات ئەسلەپ تۇردى. لېكىن بۇنداق ئەھۋال ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىدى، بالاغەتكە يېتىپ ياشلىق مەۋسۇمىغا قەدەم قويغان ئىسان بۇغاخان ئەتراپىنى قاتمۇقات ئورىۋالغان خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ئەمىرلەر ياش خانغا ياخشى كۆرۈنۈش، ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈش كويىدا قولىدىن كېلىدىغان خۇشامەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئۇنى شارابقا، بەزمىگە، ئەيش ـ ئىشرەتكە ئۆگەتتى. ئىسان بۇغاخان بارا ـ بارا بۇ ئەمىرلەردىن ئايرىلالمايدىغان، ئۇلار قاياققا باشلىسا شۇ ياققا ماڭىدىغان بولدى. ئاغرىقچان بوۋىسى ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھنى ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغان، قارادىۋان ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان، مومىسى سۇلتان خاتۇننى يوقلاپ بارمايدىغان، سۇلتان خاتۇن ئوردىغا كەلسىمۇ يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كۆرۈشمەيدىغان بولۇۋالدى. قەشقەردىكى سەييىدئەلى ئالىپنى بولسا پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقاردى.

ئەنە ئاشۇ خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ بېشى تۆمۈربۇقا بەگئىدى. ئۇلار ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئوردىغا قايتىپ

كېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ قەشقەردىن قايتىپ كې-
لىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى
ئويدۇرۇپ چىقاتتى. ئىسان بۇغاخانغا ئاقسۇ، قەشقەر، ياركەنت،
خوتەن ۋىلايەتلىرىدە تەپرىقىچىلىك پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە يال-
غان مەلۇمات يوللاپ، سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قەشقەردە يەنە بىر
مەزگىل تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلاتتى، ئىسان بۇغاخان بولسا بۇ
ئەمىرلەرنىڭ ھەرقانداق مەلۇماتىغا ئىشىنەتتى. خان بۇ قېتىممۇ
ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ، سەييىدئەلى ئالپنى ئوردىغا قاي-
تۇرۇپ كېلىش خىيالىدىن يالتايدى ـ دە، يېڭىدىن ماڭلايسۇيە
ئەمىر مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، سەييىدئەلى ئالپنى ماڭلايسۇ-
يەنىڭ باش ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىد-
لەن سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئوردىغا قايتىپ كېلىش يولى پۈتۈنلەي
ئۈزۈلدى. ئۇنىڭسىزمۇ خوتەن، چەرچەن ۋە ئالتۇنتاغ ۋادىسىدا
بىرنەچچە قېتىم توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، سەييىدئەلى
ئالپ ئاشۇ توپىلاڭنى تىنچىتىش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. تۆمۈر-
بۇقا بەگ باشچىلىقىدىكى خۇشامەتچى ئەمىرلەر بولسا سەييىدئەلى
ئالپقا ئوردىدىكى ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ مەلۇمات يوللايتتى، خان-
دىن، ئوردىدىن، سەلتەنەتتىن خاتىرجەم بولۇشنى تەۋسىيە قىلات-
تى. سۇپۇرگە مىرزا سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بۇرۇنقىدەك مەس-
لىھەتىگە كىرمەيدىغان بولۇۋالغانلىقىنى، ھە دېسە ئەمىرلەر بىلەن
بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، شارابىازلىققا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ
كەتكەنلىكىنى، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى
ئېيتىپ سەييىدئەلى ئالپقا مەكتۇپ يوللىدى. سەييىدئەلى ئالپ
بۇ خۇسۇستا قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇندىنمۇ، تاغىسى مىرمۇ-
ھەممەدشاھتىنمۇ مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئەمما «سۇلتان ئى-
سان بۇغاخان ھازىر بالا ئەمەس، چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالدى،
سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغۇچىلىكى بار،
بەلكىم ئۇلار خان ئالىيلىرىنى ھازىرغىچە بالا چاغلاپ قالغان،
بىر قىسىم مەسلىھەت، تەۋسىيەلىرى قوبۇل قىلىنمىسا، ئۆزلىد-

uyghurkitap.com

ـرىنى ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قېلىپ رەنجىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، خان ئائىلىلىرىنىڭ تۆمۈربۇقا بەگ قاتار ـ لىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنى ئەتىۋارلىغىنى ــ ئۇردا ئىشلـ ـرىنى ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلغىنى، بۇ ياخشى ئەھۋال. تۆمۈربۇقا بەگ مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئائىلىلىرى ھاياتى ۋاقتىدا بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەرگە قاتناشقان تۆھپىكار سەر ـ كەردە، ئۇنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز، خان دېگەن ئەمىرلىرى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە شارابىبازلىق قىلىپ، بەزمە ـ باراۋەت قىلسا ئەيىبلەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئائىلىلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى، ياشلارنىڭ ئۇنداق ـ مۇنداق خۇي ـ مىجەزى بولىدۇ، سوكۇت قىلماق كې ـ رەك...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمىدى.

ئانچە ـ مۇنچە تىزگىنىنى تارتىپ تۇرىدىغان ئادەم بولمى ـ غاچقا، سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئىنتايىن باشباشتاق بولۇپ كەت ـ كەنىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك قوبۇلغا ئېتىبارسىز قارايتتى، كۆپىنچە ھاللاردا قوبۇلغا چىقمايتتى، شاھنىشىنغا سالامغا كەلگەن ئەمىرلەر ئۇنى بىرەر ئاش پىشىم ساقلاپ بېقىپ، يەنە ئۆزلۈكىدىن تارقاپ كېتىشەتتى. قارادىۋان ئەمىرى سوپۇرگە مىرزا باتناپ يې ـ تىۋالغانلىقى ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلايەت، يۇرت ئەمىرلىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىك مەلۇماتلار دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى، بۇ مەلۇماتلارنى ئوقۇپ، مۇھىملىرىنى خانغا يوللاپ بېرىدىغان ئا ـ دەم يوق ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇلتان ئىسان بۇغاخان سو ـ پۇرگە مىرزىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقاردى، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆ ـ مۈربۇقا بەگنى قارادىۋاننىڭ ئەمىرلىكىگە، قوشۇمچە لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسارلىقىغا تەيىنلىدى. لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئە ـ مىرى سەييىدئەلى ئالىپ ئوردىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوردىدىكى مۇھىم ئىككى دىۋاننىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغان تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەنىدى. ئۆز يېقىنلىرىنى

تۇرلۇك مەنسەپلەرگە تەيىنلەيتتى، چىرىكلىك، پارىخورلۇق ئەۋج ئالغانىدى. بىر قىسىم ئەمىرلەر بۇنىڭدىن نارازى بولسىمۇ، لېكىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر ئىدى. تۆمۈربۇقا بەگ سۇلتان ئىسان بۇغاخانىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ئەتىۋارلىق ئادىمىگە ئايلانغانىدى.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قەسىرىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇگۈنكى بۇ بەزمىمۇ ئەنە ئاشۇ ئايىغى چىقماس شارابۋازلىقنىڭ داۋامى ئىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان شارابقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، ئۇخلىغاندىن باشقا ۋاقىتلىرىنى شارابسىز ئۆتكۈزمەيتتى، خاندىن تارتىپ ئەمىرلەرگىچە كۈندە مەست يۈرەتتى.

— ئادالەتپاناھ ساھىبقىرانىمىزنىڭ شاھلىق ئوردىسى دەۋران سەردارلىرىنىڭ سەجدىگاھىدۇر، — دېدى شاراب تەسىرىدىن ھاياجانلانغان تۆمۈربۇقا بەگ ئىسان بۇغاخانغا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، — ھەرقانداق باش ئۇل شەۋكەتلىك دەرگاھقا ئۆز ئايىغى بىلەن سەجدە قىلمىسا، بىزلەركىم ساداقەتمەن نۆكەرلىرى ئۇلارنى سەجدە قىلغۇزغايمىز. ئادالەتپاناھىمىز تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئالغاندىن بېرى، ئاتا - ئەجدادلىرى بولمىش مەرھۇم شىرمۇھەممەدخان، جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، قەشقەرنى تەسەررۇپىمىزغا قايتىدىن كىرگۈزدى. بۇ ئەزەل - ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان كاتتا باھادىرلىقتۇر. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ تەسەررۇپىمىز تەرەپكە قاراشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى، جاھان باھادىرلىرىنىڭ پىر - ئۇستازى ئەلى شاھىمەردانىنىڭ شانۇ شەۋكىتىمۇ ھەرقانچە بولسا شۇنچىلىك بولۇر ئەردى، قىبلىگاھىمىزغا تېخىمۇ بىھېساب شانۇ شەۋكەتلەرنىڭ نېسىپ بولۇشىنى تىلەپ بىر قەدەھ ئىچىشكە تەكلىپ قىلىمەن!

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ چەكتىن ئاشقان خۇشامىتىنى ياقتۇرمىغان تۇرپان شەھىرىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە ئاستانە مۇھاپىزەت

uyghurkitap.com

قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى مىركەرىمبەردى بەگ چىرايىنى پۈرۈش- تۈرگىنىچە تەتۈر قارىۋالدى.

شاراب تەسىرىدىن ئىككى مەڭزى خورازنىڭ تاجىدەك قىزى- رىپ كەتكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆزلىرىدە كۈچلۈك مەغرۇرلۇق بالقىيتتى، ئۇ لىقمۇلىق شاراب قۇيۇلغان ئالتۇن جامنى قولىغا ئالدى:

— جانابى ئەمىرلەرنىڭ ھەمدەمدە بولۇشى بىلەن سەلتەنەتى- مىز كۈندىن - كۈنگە روناق تاپتى، يىراق - يېقىندىكى مۇخالىپ- لىرىمىز تەختگاھىمىزغا كۆز تىكىپ قارىيالماس بولدى، ھەربىر- لىرىنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ساداقەتمەنلىك بىلەن تى- رىشچانلىق كۆرسىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، قېنى، ھەممەيلەن بىر قەدەھتىن ئىچەيلى!

— قىبلىگاھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر!

ئەمىرلەر بىلىقكۆزى قىلىپ شاراب قۇيۇلغان قەدەھلىرىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئاغىزلىرىغا ئۆكتۈرۈشتى.

قاشتېشى جامدىكى شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتكەن تۆ- مۈربۇقا بەگ تاپىسىدا قول باغلاپ تۇرغان خوجىدارغا قاراپ ۋارقى- رىدى:

— ھېلىقى سوۋغاتنى ئېلىپ كىرسۇنلار!

خوجىدار ھايال ئۆتمەي يىپەك رومالغا ئورالغان تۆت چاسا بىر نەرسىنى پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئېلىپ كىردى - دە، پەم بىلەن تۆمۈربۇقا بەگكە قوش قوللاپ سۇنۇپ بەردى، تۆمۈربۇقا بەگ يىپەك رومالنى ئاۋايلاپ يەشتى. يىپەك رومالغا قانداق نەر- سىنىڭ ئورالغانلىقىغا قىزىققان ئەمىرلەر ئۇنىڭ شاھمات تاختى- سى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ «ئادەتتىكى بىر نەرسە ئىكەنغۇ» دېگەننى قىلىپ، نەزەرىنى باشقا تەرەپكە ئاغدۇرۇشتى. سۇلتان ئىسان بۇ- غاخانمۇ شاھماتقا مۇنداقلا قاراپ قويدى، تۇرقىدىن ئانچە قىزىق- مىغاندەك قىلاتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئوردىسىدا ھەرخىل شاھماتلار بار ئىدى، ئۇ شاھمات ئويناشقا ھېرىسمەن ئىدى.

— بۇ شاھماتنى كۆزدە ھىندى سودىگەردىن سېتىۋالغاندىم، — دېدى شاھماتقا خاننىڭ ئانچە دىققىتى چۈشمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان تۆمۈربۇقا بەگ چۈشەندۈرۈپ، — بۇ ئادەتتىكى شاھماتقا ئوخشىمايدۇ، تاختىيى، ئۇرۇقلىرى پىل چىشىدىن ياسالغان شاھانە بۇيۇم، ھىندى سودىگەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ شاھماتنىڭ جورىسى ھىندىستان سۇلتانىنىڭ ئوردىسىدا ئىمىش.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ سۆزلىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا تېزلا تەسىر قىلدى.

— ئەپكەلسىلە، كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ شاھماتقا قولىنى ئۇزىتىپ.

تۆمۈربۇقا بەگ چەبدەسلىك بىلەن شاھماتنى خانغا ئۇزاتتى-دە، داستىخاندىكى پىيالە-تەخسىلەرنى بىر يانغا سۈرۈپ، شاھمات قويغۇدەك جاي ھازىرلىدى. شاھمات ھەقىقەتەن نەپىس ياسالغاندى، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان شاھمات ئۇرۇقچىلىرىنى بىر تالدىن ئېلىپ كۆردى.

— ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر ئىكەن، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا.

— ئالىيلىرىغا مەنزۇر كەلگەن بولسا ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلىغان بولۇر ئىدىم، — دېدى تۆمۈربۇقا بەگ، — بىلمىدىم، ئالىيلىرى بۇ سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلارمىكىن؟

— قوبۇل قىلدىم، قوبۇل قىلدىم، — دېدى ئىسان بۇغاخان مەمنۇنلۇق بىلەن، — ئەپسۇس، ئاراڭلاردا تۈزۈك بىر شاھمات ئۇستىلىرى يوق-دە، مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك بەزمىدە بۇنداق ئېسىل شاھماتنى بىرەر قول ئويناپ قويساق تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ مۇشۇنداق پەيتنى تاللاپ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا شاھمات سوۋغا قىلىشىدا كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسى بار ئىدى، شۇ تاپتا ئىسان بۇغاخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دەۋاتاتتى.

ــ راست دەيدىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى تۆمۈربۇقا بەگ خاننى شاھمات ئويناشقا تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ، ــ ئەپسۇس، شاھمات ئويناشتا ھېچقايسىمىز ئالىيلىرىغا تەڭداش بولالمايمىز.

ــ ئارى! ــ دېدى باشقا ئەمىرلەرمۇ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن.

ئىسان بۇغاخان ئۆزى بىلەن شاھمات ئوينىغان ھەرقانداق ئەمىرنىڭ قەستەن ئۇتتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى، ھە دېسىلا ئۇلارنى «شاھمات ئويناشنى بىلمەيسىلەر» دەپ ئەيىبلەيتتى ۋە ئۆزىنى جاھاندىكى تەڭداشسىز شاھمات ماھىرى ھېسابلايتتى.

ــ مۇشۇنداق ئېسىل شاھماتنى بىرەر قول ئوينىماي قاراپ ئولتۇرسا نېمىدېگەن ئەپسۇسلۇق ئىش ـ ھە، ــ دېدى بىردىنلا شاھمات ئوينىغۇسى كېلىپ قالغان ئىسان بۇغاخان كۆرەڭلىك بىلەن، ــ قېنى، قايسىڭلار كېلىسىلەر، بىرەر قول تۇتۇشۇپ قويايلى.

ئەمىرلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ جىم تۇرۇۋېلىشتى، ئۇلار شاھمات ئوينىغان تەقدىردىمۇ ھامان يېڭىلىدىغانلىقىنى، خانغا يېڭىلىپ بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ھېچقايسىسىغا شاھمات ئويناش خۇشياقمىغانىدى. ئەمىرلەرنىڭ بىرەرىنىڭ خان بىلەن شاھمات ئويناشقا تۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تۆمۈربۇقا بەگ ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئەلۋەتتە ھېچقايسىمىز قىبلىگاھىمىزنىڭ تەڭدىشى ئەمەسمىز، ــ دېدى ئۇ ھەجىيىپ تۇرۇپ، ــ ئەمما قەشقەردە بىر شاھمات ماھىرى بار، ئالىيلىرىغا ماقۇل كەلسە چاقىرتاي. بىر قول تۇتۇشۇپ باقسىلا.

ئىسان بۇغاخان تۆمۈربۇقا بەگنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ قارىدى، تۇرقىدىن نامەلۇم شاھمات ماھىرىغا قىزىقىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــ بىرەر شاھمات ئۇستىسىغا يولۇقۇپ قالغان ئوخشىمامدىلا؟

— يوقسۇ ئالىيلىرى، ئۇنى زىنھار ئۇستا دېگىلى بولماس.

— كىم ئۇ ئۆزى؟

— كەمىنەلىرىنىڭ زەئىپەسى، ھايات گۈلشەنىمىنىڭ نازۇك چىمەنى.

— ئېسىم قۇرۇسۇن، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ، — باشقىلاردىن ئەمىرنىڭ شاھمات ئويناشتا قالتىس ماھارەتلىك بىر قىزى بار دەپ ئاڭلىغۇدىم، قېنى، دەرھال باشلاپ كىرسۇنلار!

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ كۈتۈۋاتقىنىمۇ دەل شۇ ئىدى، ئۇ قىزى بىلەن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى شاھمات ئويناش ۋاستىسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ۋە ھېلىقى شاھماتنى سودىگەرلەرگە بۇيرۇتۇپ ئالاھىدە ئەكەلدۈرگەنىدى.

— ئايمېھرى خېنىم كىرگەي! — دەپ توۋلىدى تۆمۈربۇقا بەگ ئىشىككە قاراپ.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ خانغا خۇشامەت قىلىش، كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يەنە قانداق ئويۇن ئويىنىماقچى بولغانلىقىغا قىزىققان مىركەرىمبەردى بەگ قاتارلىق ئەمىرلەر دەرھال ئىشىككە نەزەرىنى ئاغدۇرۇشتى، مېھمانخانا ئىچىنى تەسۋىرلىگۈسىز تىمتاسلىق قاپلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك تۈۋىدە غۇنچە بوي بىر قىز پەيدا بولدى ـ دە، ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلگىنىچە تۆردە ئولتۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ نازاكەت بىلەن سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جانابى قىبلىگاھىمىزغا ئېھتىرام بولغاي!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى ئىسان بۇغاخان سالامنى ئىلىك ئېلىپ.

ئەمىرلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان كۆزىنى قىزدىن ئۈزەلمەيلا قالدى، نېپىز ھېلىلە رومال

www.uyghurkitap.com

بىلەن پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان چىرايلىق بۇرنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى توسۇۋالغان قىزنىڭ چولپان يۇلتۇزنى ئەسلىتىدىغان ئاھۇ كۆزلىرى ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋېتەتتى. بوۋىسى، مومىسى ۋە ئانىسى كۇنتۇرا خانىشتىن باشقا ھەرقانداق ئەزىز مېھماننى ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىماي كۇتۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان شۇ تاپتا ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن، قىزنىڭ شۇنداقلا تاشلىغان بىر نىگاھى بىلەن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

ــ كەلسىلە قىزىم، بۇ ياققا ئۆتسىلە، ــ دېدى تۆمۈربۇقا بەگ قىزىنىڭ بىر ئاز ھودۇقۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى ئەيش ـ ئىشرەتكە ئوبدانلا ئۈگىنىپ قالغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئانىسى كۇنتۇرا خانىش تاپقان بىرقانچە لايىقلارنى ياراتماي، بىرەر قىزغا كۆڭلى چۈشمەي تېخىچىلا ئۆيلەنمىگەنىدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى كۇنتۇرا خانىش تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قىزىنىمۇ ئالاھىدە كۆرۈپ كەتكەنىدى، لېكىن سۇلتان خاتۇن بىلەن ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ توسۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىسان بۇغاخانغا ئايىمپېرى خېنىمنىڭ گېپىنى قىلمىغان، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قالغانىدى. قىزنى سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا بېرىپ خانىشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئورنىدىكى ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلاشقا بەل باغلىغان تۆمۈربۇقا بەگ بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتىن پايدىلىنىپ مانا مۇشۇ شاھمات ئويۇنىنى پىلانلاپ چىققانىدى.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ گېپى بىلەن ئېسىنى يىغقان ئىسان بۇغاخان كۆزىنى قىزدىن تەستە ئۈزدى.

ــ مەرھابا، قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە ئايخېنىم.

ئايىمپېرى خېنىمنىڭ تولكە تېرىسى بىلەن ئەستەرلەنگەن مەخمەل نىمچىسىنىڭ ئايىغىدىن چىقىپ تۇرىدىغان ئەتلەس كۆڭ-

لىكى ھەر بىر قەدەم ئېلىشىغا ماسلىشىپ يېقىملىق سىلكىنەتتى، كىيىملىرىگە چاچقان مۇشك ـ ئەنبەر پۇرىقى ئەتراپقا خۇشبۇي ھىد تارقىتاتتى، ئەنبەر پۇرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئەمىرلەرنىڭ بىرنەچچىسى ئارقىمۇئارقا چۈشكۈرۈۋەتتى. ئىسان بۇغاخان ئۇلارغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى.

خىزمەتكارلار خاننىڭ ئالدىدىكى داستىخاننى بىر چەتكە يىغىۋېتىپ، چاققانغىنە بىر شىرەنى ئەپكەلدى ـ دە، ئۈستىگە شاھماتنى تىزدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن ئايىمپەرى خېنىم شىرەنىڭ ئىككى چېتىدىن ئورۇن ئېلىشتى، شۇ تاپتا ئۇلارنى شىرەلا ئايرىپ تۇراتتى، ئايىمپەرى خېنىمنىڭ كۆزى شاھماتتا، ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆزى ئالدىدىكى بۇ تەڭداشسىز گۈزەل پەرىدە ئىدى. خاننىڭ يۈرەك سوقۇشى تېخىچىلا رىتىمىغا چۈشمىگەنىدى.

«ئەجەبا ئەس ـ يادى مېنى ئۆيلەش ھەلەكچىلىكىدە قالغان خانىش ئانامنىڭ كۆزى نېمىشقا بۇ پەرىگە چۈشمىدىكىنە؟ ھە دېسىلا ئۆيلەپ قويايلى دەپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىدۇ، نەدىكى بىر قىزلارنى سايە قىلىپ، ماڭا خانىش بولۇشقا لايىق قىز بۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەتىلا بۇزرۇكۋارىم بىلەن كۆرۈشەي، تومۇربۇقا بەگ قەسرىگە ئەلچى ئەۋەتسۇن...»

— ئالىيلىرى ئاقتا تۇراملا، قارىغىمۇ؟

ئايىمپەرى خېنىمنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئىسان بۇغاخاننىڭ خىياللىرىنى چالغىتتى، ئۇ ئاۋۋال قىزغا، ئاندىن رەتلىك تىزىلغان شاھمات ئۇرۇقلىرىغا نەزەرىنى ئاغدۇردى.

— ئۆزلەدىن كەلسۇن، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن.

— شاھمات پىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئويناش ھەددىمىز ئەمەس، — دېدى ئايىمپەرى خېنىم نازلىق كۈلۈپ، — مۇداپىئەدە تۇرالىساقمۇ چوڭ گەپ.

ئىسان بۇغاخان قىزنىڭ كۆزىگە ئاشىقى بىقارارلىق بىلەن تىكىلدى:

ــ ئەمىسە مەن ھۇجۇمنى باشلاۋەردىم، ئاگاھ بولسىلا.

ئىسان بۇغاخان شۇنداق دېگىنىچە شاھمات تاختىسىنى بىر ئايلاندۇرۇپ ئاق ئۇرۇق تىزىلغان تەرەپنى ئالدىغا توغرىلىدى، ئاندىن سول قول تەرەپتىكى پىلنىڭ ئالدىدىكى پىيادىنى ئىككى قەدەم ئالدىغا سۇردى. ئايمېھرى خېنىممۇ ئوڭ قول تەرەپتىكى ئاتنىڭ ئالدىدىكى پىيادىنى ئىككى قەدەم ئالدىغا سۇردى. تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئەمىرلەرنىڭ كۆزلىرى بىردە سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئالدىدىكى ئاق ئۇرۇققا، بىردە ئايمېھرى خېنىمنىڭ ئالدىدىكى قارا ئۇرۇققا تىكىلگەنىدى. ئايمېھرى خېنىم ھەر بىر ئۇرۇقنى يۆتكىگەندە ئەمىرلەرنىڭ چىرايىدا قايىللىق ئىپادىلىنەتتى، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئوي - پىكرى ھە دېگەندە چېچىلىپ كېتىپ باراتتى، دىققىتىنى شاھماتقا مەركەزلەشتۈرەلمەيۋاتاتتى، كۆزلىرى رەقىبىنىڭ ماڭغان يولىدا ئەمەس، ئۇرۇق يۆتكەۋاتقان، تىرناقلىرىغا خېنە يېقىلغان نازۇك بارماقلىرىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بارماقلارنى تۇتۇۋالغۇسى، سۆيۈۋالغۇسى كېلەتتى، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ئەسەبىي ئىستەكلەر ئارام بەرمەيتتى، بىر يەرلىرىنى تاتلىق - تاتلىق غىدىقلايتتى.

ــ گەردە! ــ دېدى ئايمېھرى خېنىم پىلنى بىر قەدەم ئالدىغا سۇرۇپ.

گەردىسىنى تارتتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن ئىسان بۇغاخان ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا پىل بىلەن گەردىنى مۇداپىئە قىلدى، ئەمىرلەر خاننىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى.

شۇ دەقىقىدە ئايمېھرى خېنىمنىڭ كاللىسىدا كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشۇۋاتاتتى. ھەئە، دادىسى تۆمۈربۇقا بەگ ئۇنىڭغا ئەتىگەندىلا خان بىلەن شاھمات ئوينايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ۋە خان ئالىيلىرىغا چوقۇم يېڭىلىپ بېرىشنى تاپىلىغانىدى. شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ خاننى يېڭىۋالغۇسىمۇ، ھەم خاندىن يېڭىلىپ قالغۇسىمۇ

يوق ئىدى. ئىمكان بار شاھماتنى تەڭ ئويۇن قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىسان بۇغاخانغا بىرنەچچە قېتىم يول قويدى، ئەمما ئىسان بۇغاخان ھە دېسە ئۇرۇقنى خاتا يۆتكەيتتى، دىققىتىنى شاھماتقا بەرمەي، پات ـ پات قىزنىڭ كۆزىگە ھاياسىزلىق بىلەن قاراپ قوياتتى، لەۋلىرىنى يالاپ تامشىيتتى، خاننىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكى ئايمېھرى خېنىمنىڭ قاتتىق غۇرۇرىغا تەگكەنىدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئەتراپىدا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان شۇنچىۋالا ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا خانغا قەستەن يېڭىلىپ بەرگۈسى كەلمىدى. ئىسان بۇغاخان بولسا رەقىبىنىڭ شاھماتنى تەڭ ئويۇن قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يول قويغىنىنى بىلمەي، ھە دېسە يوچۇق قالدۇرۇپ ئۇرۇق يۆتكەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئايمېھرى خېنىمغا ھۇجۇم قىلماسلىققا سەۋەب قالمىغانىدى. ناۋادا ھۇجۇم قىلماي يول قويسا، قائىدە بويىچە مات بولغان ھېسابلىنىپ، بەكمۇ سەت يېڭىلىپ قالاتتى، چۈنكى، شاھماتتا رەقىبىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يېڭىلگەندىن، ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇپ رەقىبىنى مات قىلىدىغان ئەپلىك پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ يېڭىلسە «مات» بولغان ھېسابلىنىپ مەسخىرىگە قالاتتى، شۇڭا ھەرقانداق شاھماتچى مات بولۇشنى خالىمايتتى.

— شاھ! — دېدى بىر قارارغا كەلگەن ئايمېھرى خېنىم ئاتنى تاققىدە يۆتكەپ.

ئىسان بۇغاخاننىڭ چۆچۈپ شاھمات ئۇرۇقىغا تىكىلگەن كۆزلىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ شاھنى مۇداپىئە قىلغۇدەك ئورۇن تاپالمىدى.

— تۈگىدى، تۈگىدى.

— ئويۇن ئاخىرلاشتى.

ھاياجانلانغان ئەمىرلەر ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ تەنتەنە قىلىشقا پېتىنالماي، پەس ئاۋازدا شىۋىرلايتتى، ئۇلار خاننىڭ مات بولغىنىنى كۆرۈپ پۇخادىن چىقىشقانىدى.

تۇنجى قېتىم يېڭىلىشىنىڭ تەمىنى تېتىغان سۇلتان ئىسان

بۇغاخان نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، شاھمات ئويۇنىدا يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، ــ دېدى ئايمېھرى خېنىم بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ.

قىزنىڭ خاننى يېڭىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باش قاتۇرۇپ ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزگەن پىلانىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن تۆمۈربۇقا بەگنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، تىلى كالۋالاشقانىدى. ئۇ يا سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا تەسەللى بېرىشنى، ياكى قىزنى ئەيىبلەشنى بىلەلمەي قاراپلا قالدى.

ئىسان بۇغاخان بىردىنلا خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ قايىلمەن، ئايخېنىم ھەقىقەتەن شاھماتنىڭ پىرىكەن!

خاننىڭ كۈلكىسى بىلەن ئارىنى باسقان سۈكۈنات بۇلۇتلىرى بىردىنلا تاراپ كەتتى. تۆمۈربۇقا بەگنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى، يەڭگىل بىر نەپەس ئالدى. ئەمىرلەرمۇ ئايمېھرى خېنىمنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا كىرىشتى. ھەئە، ئۇلار چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ماختاۋاتاتتى.

ــ مەن چىقاي، ــ ئايمېھرى خېنىم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىسان بۇغاخانغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلدى، ــ ئامان بولسىلا ئالىيلىرى.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ يۈرىكى ئايمېھرى خېنىم بىلەن بىللە كېتىپ باراتتى. خاننىڭ چىرايىدىن كۆڭلىدىكى خىيالىنى پەرەز قىلىپ ئۈلگۈرگەن تۆمۈربۇقا بەگ مۇددىئاسىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

ــ شاراب ئېچەيلى، ــ دېدى بىر ئازدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن ئىسان بۇغاخان تېخىچىلا ئۆرە تۇرغان ئەمىرلىرىگە قاراپ، ــ قېنى خوش، جاي ئالسۇنلار.

سازەندىلەر قايتىدىن سازلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى. سۇل-

تان ئىسان بۇغاخان شارابىنى خۇددى چۆلدە چاڭقاپ كەتكەندەك ئىچىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ شارابنى يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇيۇقسىز تۇتىشىپ يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان ئىشق ئوتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىچىۋاتاتتى.

## 39

تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈچ كۆۋرۈك مەھەللىسىگە جايلاشقان سۇلتان خاتۇن قەسرىدە مۇلازىم ـ خىزمەتكارلار ئالدىراش قار تازىلاۋاتاتتى. تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئات ـ ئۇلاغلارنى باغلايدىغان لاپاسنىڭ ئاستىغا توختىتىپ قويۇلغان ئېسىل ئىككى مەپە قە-سىرگە مېھمان كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

شۇنداق، قەسىرگە مېھمان كەلگەنىدى. پېشايۋانلىق ئوتتۇرا سارايىنىڭ چېتىدىكى چاققانغىنە مېھمانخانىدا ئۇلۇسبېگى مىر-مۇھەممەدشاھ بىلەن سۇپۇرگە مىرزا تەتىللا كۆرپە ئۈستىدە مە-سىلىك چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. قارىغاي، ئارچا ئوتۇنىنىڭ چوغى سېلىنغان ئىككى چويۇن ئاتەشدان ئۆي ئىچىنى خېلىلا ئىللىتى-ۋەتكەنىدى. مۇلازىملار داستىخانغا تۇرلۇك ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىش، قەنت ـ گېزەكلەرنى تىزىپ، چاي تۇتۇپ بولغاندىن كې-يىن سۇلتان خاتۇن ئىككى مېھماننى مەزەگە تەكلىپ قىلدى:

— خوش، قېنى مەزەگە بېقىشسىلا.

ئىككى ئەمىر ئالدىلىرىدىكى پىيالىنى ئېلىپ بىر ئوتلامدىن چاي ئىچتى. زەپەر، لاچىندانە قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن دەملەنگەن چاي ھەم خۇش پۇراق، ھەم تەملىك ئىدى.

— ئىككىلىرىنى ئەتىگەندىلا چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت، — دېدى سۇلتان خاتۇن سۆز باشلاپ، — خان ئالىيلىرىنى ئۆيلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى ، ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

قويۇش ئىشىنى مەسلىھەت قىلىش.

ئىككى پېشقەدەم ئەمىر بىر ــ بىرىگە لاپىدە قارىۋالغاندىن كېيىن نەزەرىنى تەڭلا سۇلتان خاتۇنغا ئاغدۇردى.

ــ خان ئالىيلىرىغا مۇۋاپىق كەلگۈدەك لايىق تاپقان ئوخشىمامدىلا خان ئاغىچا؟ ــ سورىدى مىرمۇھەممەدشاھ.

سۇلتان خاتۇن ئىنچىكە قورۇق باسقان چىرايىنى پۇرۇشتۇردى:

ــ لايىقنى خان ئالىيلىرى ئۆزى تېپىپتۇ.

سۇپۇرگە مىرزا چىرايىدىكى ھەيرانلىق ئالامەتلىرىنى يوشۇرالمىدى:

ــ كىمنىڭ قىزىكەن؟

ــ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ، ــ قىسقىلا جاۋاب بەردى سۇلتان خاتۇن.

ــ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ؟ ــ ياندۇرۇپلا سورىدى سۇپۇرگە مىرزا شالاڭ، ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ ئول ئەمىرنىڭ زەئىپەسىنى خان ئالىيلىرىغا كىم سايە قىلغاندۇ؟

ــ ئۆزى بولماي كىم بولاتتى، ــ بۇرناكۇن خان ئالىيلىرىنى قەسىرگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، قىزى بىلەن شاھمات ئويناتقانمىش.

ــ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئوشۇقى تېخىمۇ ئالچۇ چۈشۈپتۇ ــ دە، ــ دېدى مىرمۇھەممەدشاھ تېرىكىپ، ــ خان ئالىيلىرىنى بەزمە ــ شاراب، ئەيش ــ ئىشرەتكە ئۆگىتىپ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا چات كىرىۋالغىنىنى ئاز دەپ، ئەمدى قىزىنى خانىش قىلىش ئارقىلىق خانغا قېيىنئاتا بولغۇسى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئەلھەزەر، ئەلھەزەر، نومۇسسىزلاردىن ئۆزۈڭ پاناھ ئەيلىگەيسەن ئىلاھىم!

ــ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئول زەئىپەسى خان ئالىيلىرىنىڭ نەزەرىگە خوپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

ــ خوپ كەلگىنى قۇرۇسۇن، ئاشىقى بىقارار بوپتۇ، ــ دېدى سۇلتان خاتۇن نارازىلىقىنى يوشۇرماي، ــ ۋالىدەسى كۆز-

تۇرا خاننىڭ ئەلچىلىككە بېرىشقا ئالدىرىتىۋاتقۇدەك، تۇنۇگۇن كۇنتۇرا خاننىڭ ھۇزۇرۇمغا كەپتىكەن، ئەلچىلىككە بېرىشقا ئالدىرىماي تۇرسىلا، دەپ ياندۇرۇۋەتتىم. ئىككىلىرىمۇ بىلىلا، خان ئالىيلىرىنى ئۆيلەش كىچىك ئىش ئەمەس، توقال قىلىپ ئالىمەن دېسە كارىم يوق ئىدى، خان ئالىيلىرى تېخى ئۆيلەنمىگەن تۇرسا، تۆمۇربۇقا بەگنىڭ قىزىنى توقال قىلىپ ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. تۇنجى خاتۇن دېگەن نەسەبى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خانىش بولىدىغان گەپ. بۇ ئىش بېشىمنى خويمۇ قاتۇرۇۋەتتى، ئىككىلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن.

ــ خان ئالىيلىرى بىر قارارغا كېلىپ بولغان بولسا، ھۆكۈمىگە قارشى چىقىش ھەددىمىز ئەمەس، ــ دېدى سۇپۇرگە مىرزا ئىلاجسىزلىقىنى بىلدۇرۇپ.

ــ ئەمىسە تۆمۇربۇقا بەگنىڭ خان ئالىيلىرىغا قېيىنئاتا بولۇپ، سەلتەنەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىغا قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ ــ دېدى سۇلتان خاتۇن تېرىكىپ، ــ ئىككىلىرى خانغا باتناپ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن چەتكە چىقىۋالمىغان بولۇشسىلا بۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقمايتتى، خان ئالىيلىرىمۇ بۇنچىلىك باشباشتاق بولۇپ كەتمەيتتى.

ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ لام ـ جىم دېمىدى، ئادەتتىمۇ كەم سۆز، ياۋاش ئادەم ئىدى.

ــ بۇ ئىشتا بىز ئەيىبلىكمىز، ــ دېدى سۇپۇرگە مىرزا بېشىنى ئېگىپ، ــ لېكىن كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، يىگىت بولۇپ قالغان خان ئالىيلىرىنى ئول تۆمۇربۇقا بەگ تەرەپدارلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىپ ئېلىشقا ئاجىز كەلدىم، تۆمۇربۇقا بەگ ھىيلە ـ نەيرىڭى تولا ئادەمكەن، ئەپسۇن ئوقۇپ ھۇرىۋەتتىمۇ بىلمىدىم، قانچىكى نەسىھەت قىلسام، يول كۆرسەتسەم، ئالىيلىرى بىزنى شۇنچىلىك يامان كۆردى، مەسلىھەت ـ تەكلىپلىرىمىزگە، مەلۇماتلىرىمىزغا قۇلاق سالماس بولۇۋالدى. دېمەكچىمەنكى، ئوردىدا ھېچقانداق رولىمىز، ئېتىبارىمىز قالمىدى، كەمىنەلىرىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەس، خان ئالىيلىرىنىڭ بابائى بۇزرۇكى بولمىش ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىمۇ بۇ ئىشتا ئامالسىز قالدى.

ــ ئارى، ــ دېدى مىرمۇھەممەدشاھ سۇپۇرگە مىرزىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، ــ پەرزەنت دېگەننى كىچىك ۋاقتىدا گەپكە كىرگۈزمەك ئاسان ئىكەن، كېيىنكى كۈنلەردە خان ئالىيلىرىنى ئول باشباشتاقلىقتىن توسۇپ قېلىشقا راستتىنلا ئامالسىز قالدۇق. ئۇلۇسبېگلىك مەرتىۋىمىزگە رىئايە قىلمىسىمۇ، بابائى بۇزرۇكلۇك سالاھىيىتىمىزگە ھۆرمەت قىلۇر دەپ ئويلىغۇدىم، لېكىن ئول قارا نىيەت تۆمۈربۇقا بەگ كەمەك ئەييارەدەك ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىلەن خان ئالىيلىرىنى سېھىرلەپ بىزدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. شول كۈنلەردە بىزلا ئەمەس، ئوردىدىكى خېلى كۆپ ئەمىرلەر خان ئالىيلىرىنىڭ تۆمۈربۇقا بەگنى زىيادە ئەتىۋارلاپ، ئىككى دىۋاننىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىنى بېرىۋەتكەنلىكىدىن نارازى. قايسى كۈنى ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ ئالايىتەن قەسرىمىگە كەپتۇ، خان ئالىيلىرى ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلمىدى، تۆمۈربۇقا بەگكە بولغان ئىززەت ـ ئىتىقىنچىلىقىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئېتىبارىمىز قالمىدى، ئوردىدىكى گەپنىڭ ھەممىسى تۆمۈربۇقا بەگنىڭلا بولۇپ كەتتى، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئەمىرلەرنىڭ خان ئالىيلىرىدىن رايى قايتىپ قالىدۇ، ئوردىدا تەپرىقىچىلىك باش كۆتۈرۈپ، سەلتەنەت زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ، دەپ كۆپ ئەرز ـ شىكايەتلەرنى قىلدى. ئەمەلىيەتتە مىركەرىمبەردى بەگنىڭ ئول سۆزلىرى ئاساسسىز ئەمەس، خان ئالىيلىرى بىزنىڭ مەرتىۋىمىزگە رىئايە قىلمىغان يەردە، باشقا ئەمىرلەرگە قانداق قىلماقچى ئىدى.

ــ بۇلاردىن خەۋىرىم بار، ــ دېدى سۇلتان خاتۇن ئويچانلىق بىلەن، ــ خان ئالىيلىرى بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىمىز، سەلتەنەتىمىزنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ باتناپ تۇرۇۋالساق ياخشى بولماس. ئابدال يامانلىسا خۇرجۇنىغا زىيان، دەيدىغان

گەپ بار ئەمەسمۇ، شۇڭا ئىككىلىرىنى ئوردىغا بىللە بېرىشقا ئۇ-
نىماسمىكىن دەپ خان ئالىيلىرىنى دەرگاھىمغا چاقىرتتىم، كې-
لىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، ۋاقتى كەلگەندە ئىككى كەلىمە
نەسىھەتلىرىنى ئاياشمىغايلا.

ئىسان بۇغاخانىنىڭ سۇلتان خاتۇن قەسىرىگە كېلىدىغانلى-
قىنى ئاڭلاپ ئىككى ئەمىر قىمىرلاپ قويىدى. تۇرقىدىن خان بىلەن
كۆرۈشۈشنى خالىمايدىغاندەك قىلاتتى.

ـــ خان ئالىيلىرىنىڭ بىزنىڭ نەسىھەتىمىزگە قۇلاق سې-
لىشى ناتايىن، ـــ دېدى سۇيۇرگە مىرزا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي.

ـــ ئاگال ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى، ـــ دېدى سۇلتان خاتۇن قەت-
ئىيلىك بىلەن، ـــ پەرزەنتلىرىمىز ئەلۋەتتە جىگەرلىرىمىزدۇر،
پەرزەنتلىرىمىزنى يامانلىقتىن توسۇش، ياخشىلىققا ئۈندەش بۇر-
چىمىز ھەم باردۇر.

ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ئۈندىمىدى، سولغۇن، غەمكىن
چىرايىدىن كۆڭلىدە قاتتىق داۋالغۇش بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز
قىلماق تەس ئەمەس ئىدى.

شۇ ئەسنادا مېھمانخانىغا كىرگەن مۇلازىم ئايال ئېگىلىپ
سالام بەردى:

ـــ بۇزرۇكۋارىمىزغا مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى كەلدى!

ـــ باشلاپ كىرسۇنلار! ـــ دېدى سۇلتان خاتۇن.

سۇلتان ئىسان بۇغاخانىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مىرمۇ-
ھەممەدشاھ بىلەن سۇيۇرگە مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـــ ئولتاسۇنلار، ـــ دېدى سۇلتان خاتۇن مىرمۇھەممەدشاھ-
قا قاراپ، ـــ ئۆزلە دېگەن خان ئالىيلىرىنىڭ بابائى بۇزرۇكى بو-
لىدىلا، نەۋرىگە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان قائىدە
نەدە بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوردا ئەمەس، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ
ھۆرمەت كۆرسەتمەكلىرى بىھاجەتتۇر.

بۇ چاغدا سۇيۇرگە مىرزا ئاللىقاچان كالىچىنى كىيىپ تاپ-
سىغا بېرىپ بولغانىدى. گەرچە مىر مۇھەممەدشاھ سۇلتان ئىسان

www.uyghurkitap.com

بۇغاخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كالىچىنى كېيىپ پەگاغا بېرىپ تۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي جايىدا ئۆرە تۇرۇۋەردى.

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇزرۇكۋارلىرىمغا ئېھتىرام بولغاي! ــــ دېدى ئۆيگە كىرىپ كەلگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان سالام بېرىپ.

ــــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتى زىيادە، ئالتۇن بويلىرى ئامان ـ ئېسەن بولغاي! ــــ دېدى سۇيۇرگە مىرزا قول باغلاپ تۇرۇپ.

ــــ مەرھابا، سالامەت تۇردىلىمۇ ئالىيلىرى؟ ــــ دېدى مىر ـ مۇھەممەدشاھ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ.

ــــ ماشائاللا[1]، ياراتقان ئىگەم ئەزىز تەنلىرىنى سالامەت قىلغاي، قېنى، بۇيانغا كېلىپ جاي ئالسۇنلار، ــــ دېدى سۇلتان خاتۇن ئولتۇرغان ئورنىدىن بىرئاز قىمىرلاپ قويۇپ.

«بۇ ئىككىسى بۇزرۇكۋار مومامغا ئەرز قىلىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ، مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتقان ئىكەن ـ دە...»

ئىسان بۇغاخان سۇيۇرگە مىرزا بىلەن بوۋىسى مىرمۇھەمەدشاھقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، مومىسى سۇلتان خاتۇننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى ـ دە، پاتنەھەگە قول كۆتۈردى.

پاتنەھەدىن كېيىن ئاۋۋال سۇلتان خاتۇندىن، ئاندىن مىرمۇھەممەدشاھتىن ئەھۋال سورىدى، سۇيۇرگە مىرزىغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ بولدى قىلدى.

ــــ جانابى بۇزرۇكۋارلىرىمغا ۋاقتى ـ قەرەلىدە سالام بېرىپ ئەھۋال سورىيالمىدىم، ئەپۇ قىلغايلا، ــــ دېدى ئىسان بۇغاخان مومىسى بىلەن بوۋىسىغا قاراپ.

ــــ خان ئالىيلىرى سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش تۇرسىلا، ئەيىبكە بۇيرۇشقا ھەددىمىز ئەمەس، ــــ دېدى سۇلتان

[1] ماشائاللا ــــ كۆز تەگمىسۇن.

خاتۇن تەنە قىلىپ.

مىرمۇھەممەدشاھ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى.

مومىسىنىڭ تەنىسىنى چۈشەنگەن ئىسان بۇغاخان بىلمىگەن بولۇپ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلىدى.

سۇلتان خاتۇن نەۋرىسىنىڭ ۋاقىتسىز سەمرىشكە باشلىغان بەستىگە، ئالدىغا دومبىيىپ چىققان قورسىقىغا، شاراب تەسىرىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە نەزەر تاشلىدى.

— جانابى سۈپۈرگە مىرزىغا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرسىلە ئالىيلىرى، — دېدى سۇلتان خاتۇن تېخىچىلا پەگادا قول باغلاپ تۇرغان سۈپۈرگە مىرزىغا بىر قاراپ قويۇپ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان مومىسىنىڭ رەنجىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، سۈپۈرگە مىرزىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك قىياپەتتە ئېغىز ئاچتى:

— ھوي، نېمىشقا ئۆرە تۇرىلا جانابى ئەمىر، كەلسىلە، كۆرپىدىن جاي ئالسۇنلار.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا كۆپ رەھمەت!

سۈپۈرگە مىرزا ئاستا كېلىپ سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى.

— سەلتەنەت پاسىبانى ئۈچۈن پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىش، ئۇلارغا ئىززەت ـ ئېھتىرام كۆرسىتىش ۋاجىپتۇر، — دېدى سۇلتان خاتۇن نەۋرىسىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ بىر قارىۋېتىپ، — خوش، سەلتەنەت ئىشلىرى قانداقراق كېتىپ بارىدۇ ئالىيلىرى؟

— ئەلھەمدۇلىللا، جانابى بۇزرۇكۋارلىرىمىزنىڭ دۇئاسى بىلەن سەلتەنەتىمىز ئەمىنلىككە يۈزلىنىپ، ئاۋام ـ رەئىيەت ئاسايىشلىقتا ياشىماقتا، — دېدى ئىسان بۇغاخان قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.

— ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلەرنىڭ يوللىغان مەلۇماتلىرىنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە كۆرۈپ تۇرۇۋاتامدىلا؟

ئىسان بۇغاخان قولاشمىغان بىر ھالەتتە جاۋاب بەردى:

— كۆردۈم، كۆرۈۋاتىمەن، خەۋەر تېپىپ تۇرۇۋاتىمەن.

— كۆنچى ۋادىسىدىكى رەئىيەت توپلىشىپ ئاستانىگە ئەرز قىلىپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، تەھقىقلىدىلىمىكىن؟

— جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى ھەقبەردى مىرزا بىلەن ئاستانە قازى ـ قۇززاتى سۇلايمان خوجا تەھقىقلەۋاتىدۇ.

نەۋرىسىنىڭ جاۋابىدىن ئانچە رازى بولمىغان سۇلتان خاتۇن ئىنچىكىلەپ سوراشقا باشلىدى:

— ئول دەۋاگەرلەرنىڭ مۇددىئاسى نېمىكەن؟

ئىسان بۇغاخان بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن قىينالدى، ئۇ تېخىچىلا بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمىگەن، ھەتتا سۈرۈشتۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

«نېمانچە يوقىلاڭ ئىشلارغا چېپىلىۋالىدىغاندۇ؟ بابام بىلەن سۇيۇرگە مىرزا مۇشۇ ئىشنى دەپ مومامنىڭ قەسرىگە كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ قىرىغان ۋاقتىدا سىڭگەن نېنىنى يەپ ئولتۇرماي...»

— كۆنچى ئەمىرى بىلەن رەئىيەت ئوتتۇرىسىدا خۇن دەۋاسى بار ئوخشايدۇ، تەپسىلاتىنى تېخى بىلگىدەك بولمىدىم، ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن سۈرۈشتە قىلاي.

سۇلتان خاتۇن بىرپەس بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— سەلتەنەت قانۇنىغا رىئايە قىلىش بارچە رەئىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئول مەجبۇرىيەت ئەمىرلەرگىمۇ ھەم ئوخشاشتۇر. سەلتەنەت قانۇن ـ ياساقلىرىنى مەنسىتمەيدىغان ئەمىرلەر قول ئاستىدىكى رەئىيەتكە زۇلۇم سېلىشتىن ئەيمەنمەيدۇ، ھەتتا ئۆز ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن چوڭ تەرتىپسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ھال سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاسايىشلىقىغا چوڭ

زىيان يەتكۈزىدۇ. سەلتەنەت ساھىبلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۈشكۈل ئىش قانۇننى جارى قىلدۇرۇشتۇر. ئاگاھ بولسىلا ئالىيلىرى، ئەمىرلەرنىڭ مەلۇماتىغىلا ئەمەس، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ساداسىغىمۇ قۇلاق سالغايلا، جەننەتماكان پەدەرلىرى تاجۇ تەختنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتكۈل تەسەررۇپەمىزنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتكە مۇرۇۋۋەت، زالىم بەگ ـ تۆرىلەرگە سىياسەت قىلىپ، «ئادالەتلىك پادىشاھ» دېگەن كاتتا ئاتاققا مۇشەررەپ بولغان ئەردى. ئاۋام ـ رەئىيەت ئاب ـ سۇ بولسا، سەلتەنەت كېمىدۇر، سەلتەنەت پاسىبانى بولمىش خان ـ سۇلتانلار كېمىنى توغرا يولغا باشلىمىسا، سۇ ھەرقاچان ئۆكتىمۇرۇۋېتىدۇ، سۇ دېگەن ئەلەددامام تىنچ، بىرخىل ئاقمايدۇ، ئۇنىڭ دولقۇنى، قاينىمى ھەم كەلكۈنى باردۇر.

— بۇزرۇكۋارىمنىڭ ئۆگۈتلىرىنى ئېسىمدە مەھكەم تۇتىمەن، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ.

— تاجۇ تەختتە ئولتۇرماق ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، — دېدى سۇلتان خاتۇن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تەختتە ئولتۇرغان سەلتەنەت ئىگىسىنىڭ ئىككى قولىدا بىر چىنىدىن لىپمۇلىق قاچىلانغان سۇ بولىدۇ. ئول چىنىگە قاچىلانغان سۇ بولسا ئۇنىڭ ئەدلى ـ ئادالىتىدۇر. ھە، دېمەكچىمەنكى، تاجۇ تەخت ئىگىسى ئاشۇ ئىككى چىنە سۇنى بىر تېمىممۇ تۆكۈۋەتمەي، تەڭ تۇتۇپ ئولتۇرمىقى لازىمدۇر. چىنىدىكى سۇ تۆكۈلدى دېگەنلىك ئادالەت تۆكۈلدى، يۇندىغا ئايلاندى دېگەنلىكتۇر. ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىش، ھەممىسىگە خۇددى ئاشۇ ئىككى چىنە سۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك باب ـ باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئىززەت كۆرسەتمەكلىك سەلتەنەت ساھىبىنىڭ پەزلىدۇر، چۈنكى، ئەمىرلەر تاجۇ تەختنىڭ ئۇلىدۇر. قايسىبىر ئەمىر خاندىن ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچراپ رەنجىسە، سەلتەنەت ئۇلىنىڭ بىر تال كېسەكى ئاجراپ كەتتى دەپ بىلمەكلىك كېرەك...

سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا مومىسى سۇلتان خاتۇننىڭ ۋەز ـ

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com

نەسىھەتلىرى ئەزەلدىن خۇشياقمايتتى. ئۇنىڭ قولىقى تۆمۈربۇقا بەگ تەرەپدارلىقىدىكى ئەمىرلەرنىڭ خۇشامەت سۆزلىرىگە كۆنۈپ قالغان، ماختاشلىرىغا خۇمار بولۇپ قالغانىدى.

ـــ ئوردا ئىشلىرىدىن ئۆزى خالىغانچە قول يۇيغان ئەمىرلەرگە مېنىڭمۇ ئامالىم يوقتۇر، ـــ دېدى ئىسان بۇغاخان سۇيۇرگە مىرزىغا ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويۇپ، ـــ ئەمما تەختگاھىمغا باش قويغان ئول ساداقەتمەن ئەمىرلەر بىھېساب ئىززەت ـ ئىھتىرامدىن بەھرىمەندۇر. بول چاغقا كەلگىچە دەرگاھىمدا ناھەق زۇلۇمغا ئۇچرىغان ياكى تەكسىز مۇئامىلىگە دۇچار بولغان مەھرەملەر ھەم يوقتۇر.

نەۋرىسى بىلەن دەتالاشنىڭ ئەۋجىگە چىقىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان سۇلتان خاتۇن بۇ خۇسۇستا يەنە سۆزلەشنى خالىمىدى ـ دە، ئەسلى مەقسەتكە كۆچتى:

ـــ ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، خانىش ئايىمدىن خەۋەر تېپىشىمچە، تۆمۈربەگنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشنى ئىختىيار قىلىپتىلا.

بىرئاز باتناپ قالغان ئىسان بۇغاخان قايتىدىن جانلاندى، چىرايىغا قىش ئاپتىپىدەك پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى.

ـــ شۇنداق بۇزرۇكۋارىم، توي كۈننى كېچىككەندىمۇ قۇربان ھېيتقا قارار تاپقۇزساق دېگەن ئۈمىدتىمەن.

سۇلتان خاتۇن «گەپ قىلسىلا» دېگەننى قىلىپ مىرمۇھەممەدشاھقا قاراپ قويدى.

نەۋرىسىدىن ئاللىقاچان كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن مىرمۇھەممەدشاھنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقۇسى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلاشقا مەجبۇر بولغاندەك تۈۋىغۇدا ئېغىز ئاچتى:

ـــ خان ئالىيلىرىنىڭ ئۆيلىنىشى سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن كاتتا ئىشتۇر. خۇدايتائالا «ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى، تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ»[1] دېگەن.

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەت.

ئەمماكى ئۆيلىنىش ئىشىغا يەڭگىلتەكلىك قىلىشقا زىنھار بولماس، بۇيۇك سەلتەنەتىمىزگە خانىش بولغۇچى چوقۇم ئەقىللىق، پەزىلەتلىك، تەدبىرلىك، كەڭ قورساق بولغانلىقى سىرتىدا، تېگى ـ تەكتى، نەسەبى ئېسىل بولۇش كېرەك. شۇڭا ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىز: ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ قىز ئال، دېگەن. گەرچە ئۇل تۆمۈربۇقا بەگنىڭ زاتى ئېسىلزادىلەرنىڭ پۇشتىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئالىيلىرى ئۇنى ئىززەتلەپ، يۇقىرى مەنسەپكە تەيىن ئېتىپ مۆھتەرەم قىلدىلا، ئەمما مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇل تۆمۈربەگنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى دۇرۇس ئەمەس، تەمەخور، شۆھرەتپەرەس، مەنسەپخۇمار ئادەمدۇر. ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ خانىشلىق مەرتىۋىسى بەرسىلە، قېيىنئاتىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن تۆمۇربەگ ئەمىرلەر ئارىسىدا مەزھەپ ئۇيۇشتۇرۇپ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. بۇ ھال سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن خەتەرلىكتۇر.

— ئى جانابى بابائى بۇزرۇك، بىر قىسىم كۆرەلمەس، غەيۋەتخور، چۇپرەندىلەرنىڭ پىتنىسىگە قۇلاق سالمىسۇنلار، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان بوۋىسىنىڭ تۆمۈربۇقا بەگنى ھاقارەتلىگىنىگە چىداپ تۇرالماي، — تۆمۈربۇقا بەگ جانابلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنداق پەسكەش ئادەم ئەمەستۇر. خاتىرجەم بولسۇنلار، ئوردامدىكى ئەمىرلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىرىنى ئايرىغۇچىلىكىم ھەم باردۇر.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تەئەددىسىنى ئاڭلاپ مىرمۇھەممەدشاھ ئۇجۇقۇپ كەتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى نەۋرىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بوۋا ھېسابلاپ ئەركىن ـ ئازادە پىكىر بايان قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىسان بۇغاخانمۇ ئۇنى بابائى بۇزرۇك دەپ قويۇغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى بىر ئەمىرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى.

نەۋرىسىنى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلتان خاتۇن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئارىدىكى ئېغىر سۈكۈناتنى بۇزدى:

— ئۇل تۆمۈربەگ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق پەزىلەتلىك كىشى

بولسا، ئىككى دىۋانىنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىدىن ۋاز كەچكەي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالىيلىرى باشقا ئەمىرلەرنى تەيىن ئەتكەي. قىيىنئاتا بىلەن كويۇئوغۇل سەلتەنەتنى بىللە باشقۇرسا، سەلتەنەت ئىشلىرىغا نۇقسان يېتىپ قالۇر!

مومىسىنىڭ تۆمۇربۇقا بەگنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىمەكچى، ھەتتا ئۇنى ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۇرمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان يەنە جاھىللىق قىلدى:

— بىلىشىمچە، ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكۇم ۋالىدەمگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن جانابى بابائى بۇزرۇكقا سەلتەنەتىمىزدىكى ئەڭ كاتتا مەنسەپ بولغان ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەن ئىكەن. شۇل چاغدىمۇ سەلتەنەت ئىشلىرىغا نۇقسان يەتكەن بولغىيمىدى بۇزرۇكۋارىم؟

نەۋرىسىنىڭ بۇنداق سوئال سورىشىنى خىيالىغا كەلتۇرمىگەن سۇلتان خاتۇننىڭ قاتتىق غەزىپى كەلدى:

— بابائى بۇزرۇكلىرى بىلەن ئول تۆمۇربەگنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ — دېدى سۇلتان خاتۇن غەزىپىنى بېسىپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، — بابائى بۇزرۇكلىرى دېگەن ئابا ـ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ سەلتەنەتىمىزگە ساداقەت بىلدۇرۇپ كەلگەن ئېسىلزادىلەرنىڭ پۇشتىدۇر. ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسى بولسا ئۇنىڭغا ئابا ـ ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە بابائى بۇزرۇكلىرى ئاتاقتا ئۇلۇسبېگى بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالمىغان، دىۋان بەگلىرىنىڭ ئىشلىرىغا چات كىرىۋالمىغان، تۆمۇربۇقا بەگ بولسا مەرھۇم خان تاغىلىرى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان زامانىسىدا ئوردىنىڭ ئىچكىيلىرىدىن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى قوللاپ، مەرھۇم پەدەرلىرى سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنى قەستلىمەكچىمۇ بولغان. شۇنداق بولسىمۇ پەدەرلىرى سەلتەنەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىپ، ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى سۇرۇشتۇرمىگەنىدى. ئەمدى-

لىكتە ئۆزلە ئۇنى ئەتىۋارلاپ مەنسەپ دەرىجىسىنى بىراقلا ئۆس-
تۈرۈۋەتتىلە، ھەلا دەپ بىرىدىغان بولسىلا، ئۇل تۆمۈربەگ ئەتە ـ
ئۆگۈن ئۆلۈسبېگىلىك مەرتىۋىسىگىمۇ قول سوزۇشتىن يانمايدۇ.
مەنسەپپەرەس ئەمىر ياخشى ئەمىر ئەمەستۇر. ئۆزلە خىجىل بول-
سىلا، مەن بىرىپ يەتكۈزەي، تۆمۈر بەگنىڭ خانغا قېيىنئاتا بول-
غۇسى بولسا، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىدىن ۋاز كەچسۇن.

— سەلتەنەت ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، كىمنى
مەنسەپكە تەيىن ئېتىش ـ ئەتمەسلىك ئۆز ئىختىيارىمدىدۇر. ئەڭ
ياخشىسى، مۆھتەرەم بۇزرۇكۋارلىرىم سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئا-
رىلاشمىسۇنلار! — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىردىنلا جۇۋد-
سىنى تەتۈر كىيىپ، — ھە، ئېيتماقچى، ۋالىدەمنى ئەلچىلىكتىن
توسۇمىغايلا. خالىسىلا بىللە ئەلچىلىك قىلىپ بەرسىلە تېخى
ياخشى. بىزلەركىم نەۋرىلىرىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇشلىرىنى
تىلەيمەن! — ئىسان بۇغاخان دەس ئورنىدىن تۇردى، — خوش،
مەن ياناي، شول تاپتا ئوردىدا ئەمىرلەر يولۇمغا قاراپ تۇرۇشىدۇ،
ئۇزاتمىسۇنلار.

ئىسان بۇغاخان گېپىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى. سۇپۇرگە
مىرزا ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى، سۇلتان
خاتۇن بىلەن مىرمۇھەممەدشاھ ئولتۇرغان ئورنىدا داڭ قېتىپ
تۇرۇپلا قېلىشتى.

— ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى سەل ئېسىگە
كەلگەن سۇلتان خاتۇن خاننى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن سۇپۇرگە
مىرزىغا مەدەت تىلىگەندەك قاراپ.

— خان ئالىيلىرى پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى
سۇپۇرگە مىرزا ئويچانلىق بىلەن، — ئەمدى ئۇنىڭ ھۆكمىگە باش
ئەگمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوقتۇر.

— ئارى، — دېدى مىرمۇھەممەدشاھ ئۇھ تارتىپ، — گەر-
چە ئالىيلىرى بىزگە پەرزەنت بولسىمۇ يەنىلا سەلتەنەت پاسىبا-
نى، تەخت ئىگىسىدۇر. قانداق ھۆكۈم چىقىرىش ئىختىيارىدىدۇر،

www.uyghurkitap.com

ئەلھۆكمىلىللا دېمەي نە چارە، شۇل تاپتا ئالىيلىرى بىزدىن كەچسە كېچىدۇكى، ئول تۆمۈر بەگدىن ھەرگىز كەچمەس.

ــ ئەمىرلەر بىلەن سۆزنى بىر قىلىپ خاننى مەجبۇرلىغىلى بولماسمۇ؟ ــ سورىدى سۇلتان خاتۇن.

مىرمۇھەممەدشاھ چۆچۈپ سۇلتان خاتۇنغا قارىدى.

ــ ئۇنداق قىلساق ئوردىدا قان تۆكۈلۈش ئېھتىمالى بار، ــ دېدى سۇپۇرگە مىرزا ئېھتىياتچانلىق بىلەن.ــ ھازىر ئوردىدىكى مۇھىم ھوقۇق تۆمۈر بەگنىڭ قولىدا. ئەمىرلەر بۇنداق تەۋەككۇلچىلىككە قوشۇلماسلىقى مۇمكىن.

ــ شۇنداق، بۇنداق قىلىش بەكمۇ خەتەرلىك، ــ دېدى مىرمۇھەممەدشاھ.

سۇلتان خاتۇننىڭ ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى.

ــ مەن بىر مەزلۇم كىشى، ئىككىلىرى بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا، مېنىڭمۇ باشقا ئىلاجىم يوق. ئەسلىدە ئىككىلىرى باشتىلا ئوردىدا مەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇپ، تۆمۈربۇقا بەگنىڭ خانغا يېقىنلىشىشنى چەكلەپ تۇرغان بولسىلا بۇنداق ئاقىۋەت يۈز بەرمەيتتى، ئەمىر كەبىر سەيىدئەلى ئالپنىڭ قەدرى ئۆتۈلدى مانا.

سۇلتان خاتۇن يىراق قەشقەردىكى كۆيۈ ئوغلىنى ئېسىگە ئېلىپ ئاھ ئۇردى.

ــ بولمىسا سەيىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلايلى، ئاستانىگە تېزدىن قايتىپ كەلسۇن، ــ دېدى سۇپۇرگە مىرزا.

ــ خان ئالىيلىرى ئەمىر كەبىر سەيىدئەلى ئالپنى ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرگىنىگىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى، ــ دېدى مىرمۇھەممەدشاھ، ــ خان ئالىيلىرىدىن يارلىق بولمىسا ئۇنىڭ ئاستانىگە قايتىپ كەلمىكى تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت قىستاپ قالدى. سەيىدئەلى ئالپقا خەۋەر بېرىپ بولغىچە خان ئالىيلىرىمۇ توي قىلىپ بولىدۇ.

ــ بۇ توينى بىز توسۇيالمىغۇدەكمىز، ــ دېدى سۇلتان خا-

تۇن تەن بېرىپ، ــ ئەمما سەييىدئەلى ئالپقا خەۋەرنى بېرىۋېرەي-
لى. توينى قۇتلۇقلاش باھانىسى بىلەن ئاستانىگە قايتىپ كەل-
سۇن، قالدى ئىشلارنى شۇ چاغدا مەسلىھەت قىلىشارمىز. سەييىد-
ئەلى ئالپ ئوردىدا بولسا، ئول تۆمۈربەگنى ئوردا ئىشلىرىدىن
چەتلەشتۈرگىلى، خان ئالىيلىرىنى ئېقىشقا كىرگۈزگىلى بولىدۇ.

ــ بۈزرۈكۋارىمغا بىر تەكلىپىم بار ئىدى، بىلمىدىم قوبۇل
كۆرەرمىكىن؟ ــ دېدى سۈپۈرگە مىرزا.

ــ ئېيتسۇنلار، ــ دېدى سۇلتان خاتۇن.

ــ تۆمۈر بەگ قەسىرىگە قىز سوراپ ئەلچىلىككە ئۆزلە
بارسىلا...

ــ ھەرگىز، ھەرگىز بارمايمەن! ــ دېدى سۇلتان خاتۇن
چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ ئۆتۈپ ـ تېشىپ ئاشۇ زاتى پەس ئە-
مىرنىڭ قەسىرىگە بويۇن ئېگىپ بارامدىم؟

ــ خان ئالىيلىرى ئۇچۇن بارىدىلا، ــ دېدى سۈپۈرگە
مىرزا مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ، ــ بايا خان ئالىيلىرى ئۆزلە-
دىن خېلىلا رەنجىپ قالدى. ئەلچىلىككە بارسىلا، ئالىيلىرى چو-
قۇم مىننەتدار بولىدۇ، قىلغان قوپاللىقىغا، ئەدەپسىزلىكىگە خىد-
جىل بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىسىلا، ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاداۋەت تېخى-
مۇ چوڭىيىپ كېتىدۇ، ئۆزلەدىن ئۆزىنى قاچۇرۇدىغان بولۇۋا-
لىدۇ ـ دە، تۆمۈربەگ تەرەپكە تېخىمۇ ئېغىپ كېتىدۇ، ئول چاغدا
پايدىنى يەنىلا تۆمۈربەگ ئالىدۇ. خان ئالىيلىرىنى تۆمۈربەگكە
مۇشۇنداقلا تاشلاپ بەرسەكمۇ بولماس، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە يۈرەكلىرى
چىدىمايدۇ، خان ئالىيلىرى نېمىلا دېگەنبىلەن تېخى ياش، ياخشى ـ
يامانىنى تولۇق ئاڭقىرمىقىغا ھېلىھەم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى
بۈزرۈكۋارىغا يەنىلا مېھرى چوڭقۇردۇر، بايا بالىلىقىغا ئېلىپ
باتناپ قويدى. ئەمدى ھەربىرلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ باتـ
نىسىلا قاملاشمايدۇ. سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى ئاستانىگە
قايتىپ كەلگىچە بىر ئامال قىلىپ تۆمۈربەگنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى
ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ــ مۇددىئالىرى ئايان بولدى ئەمىر، ــ دېدى سۇلتان خاتۇن قايىل بولۇپ، ــ ئەلچىلىككە بارسام باراي. سەيىيدئەلى ئالپقا بۇگۈندىن قالدۇرماي مەكتۇپ ماڭدۇرۇۋېتەيلى.

## 40

شۇ تاپتا ئاستانە تۇرپان شەھىرىنىڭ ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ قەسرىنىڭ قىشلىق سارىيىدا ئوردا جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى ھەقبەردى مىرزا، ئاستانىنىڭ قازى ـ قۇززاتى سۇلايمان خوجا، ئوردا ياساۋۇل ئەمىرى ئابدۇخالىق مىرزا سەندەلگە پۇتىنى تىقىپ ئولتۇرۇپ خۇپىيانە سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.

ــ تۆمۈربۇقا بەگ خان ئالىيلىرىغا قېيىنئاتا بولسا سەلتەنەتنى پۇتۇنلەي ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ، ــ دېدى مىركەرىمبەردى بەگ ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ خان ئالىيلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى، ھەربىرلىرىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، تۆمۈربۇقا بەگ شاھنىشىندا پەيدا بولسا خان ئالىيلىرىمۇ پەيدا بولىدۇ، قارىماققا خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ سايىسىدەكلا بولۇپ قالدى.

ــ ئارى، ــ دېدى ئاستانىنىڭ قازى ـ قۇززاتى سۇلايمان خوجا چاقما كاۋېدەك يوغان سەللە ئورىۋالغان بېشىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ، ــ تۆمۈربۇقا بەگ ھەدەپ ئۆز يېقىنلىرىنى مەنسەپكە تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ، ئالىيلىرى بولسا نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۇل كىشىلەرنى مەنسەپكە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرۈۋاتىدۇ. شۇل كۈنلەردە تۆمۈر بەگنىڭ مەنسەپ سېتىپ ئالغان رىشۋەتلىرى[①] ئوردا خەزىنىسىگە تەڭلىشىپ قالاي دەپ قالدى.

---

① رىشۋەت ــ پارا.

— يالغۇز بۇلا ئەمەس، — دېدى جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى ھەقبەردى مىرزا، — خان ئالىيلىرى كۆنچى ۋادىسىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەن رەئىيەتنىڭ دەۋاسىنى سوراپ تەھقىقلەشنى جازا دىۋانغا بۇيرۇپ قويغىنى بىلەن، بۇ ھەقتە سۇنغان مەلۇماتىمىز قارا دىۋاندا بېسىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ئىشەنچلىك كىشىلىرىمىزنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، كۆنچى ئەمىرى تۆمۈربۇقا بەگكە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام پىشكەش قىلغانمىش، بۇ ئەھۋاللارنى خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمىدۇق.

— شۇنداق، يامىنىغا كەلسە تۆھمەت قىلغان ئاتاققا قېلىپ ياساقا تارتىلىدىغان گەپ، — دېدى ئوردا ياساۋۇل ئەمىرى ئابدۇخالىق مىرزا، — ھازىر خان ئالىيلىرىنىڭ نەزەرىدە تۆمۈربۇقا بەگدىنمۇ ساداقەتمەن، ئىشەنچلىك ئەمىر يوقتۇر.

— بابائى بۇزرۇكى بولمىش ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلمىغان يەردە، بىز نېمەتۇق، ئىشقىلىپ سەلتەنەت تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتكىلىۋاتىدۇ.

— شۇڭا مۇۋاپىق بىر ئامال تېپىپ خان ئالىيلىرىنى ئاگاھلاندۇرايلى دەپ، ھەربىرلىرىنى مەشۋەرەت①كە چىللىشىم، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ.

— ئالىيلىرىنىڭ شۇ كۇنلەردە كۆزى كور، قۇلىقى گاستۇر. ئەس ـ يادى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىشتا، — دېدى سۇلايمان خوجا كۆڭلىدىكى ئۇمىدسىزلىكنى يوشۇرماي، — بۇ ئەھۋالدا خان ئالىيلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىھۇدەدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈربۇقا بەگنىڭ چىشىغا تېگىپ قويساق، قاق بالاغا قالىمىز. قايسى كۈنى سۇپۇرگە مىرزا، مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇشۇ خۇسۇستا پاراڭلاشتىم، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلاجسىزلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بولۇپمۇ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ خان ئالىيلىرىدىن قاتتىق كۆڭلى قال-

① مەشۋەرەت — مەسلىھەت، كېڭىشىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غاندەك قىلىدۇ.

ئارىنى بىر ھازا سۈكۈت باستى، ۋۇجۇدنى قاتتىق غەم چۇلغىۋالغان بۇ ئەمىرلەر مۇۋاپىق بىر تەدبىر تاپالماي قىينىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.

ــ سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىمۇ قەشقەردە مىدىرلىماي يېتىۋالدى. پەمىمچە، ئوردىدىكى بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ھەر-قاچان، ــ دېدى ھەقبەردى مىرزا سۈكۈتنى بۇزۇپ.

ــ سۈپۈرگە مىرزىدىن ئاڭلىشىمچە، قەشقەرگە ئىككى قېتىم مەكتۇپ يوللاپتۇ، لېكىن جاۋاب ئالالماپتۇ، ــ دېدى سۇلايمان خوجا.

ــ ئەمىر كەبىر سەييىدئەلى ئالىپ جانابلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەك تەس، ــ دېدى ئابدۇخالىق مىرزا.

ــ سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرى خوتەن، چەرچەن، ئالتۇنتاغ ۋادىسىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش ھەلەكچىلىكىدە، ــ دېدى مىركەرىمبەردى بەگ، ــ ئاستانىدا ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن سۈپۈرگە مىرزا بولغانلىقى ئۈچۈن ئوردىدىن خاتىرجەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر بەگنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن خان ئالىيلىرىنىڭ ئۆزىنى ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ ئوردىدىن يىراقلاشتۇرغانلىقىنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ئول تۆمۈر بەگنىڭ باشباشتاقلىقىغا مۇشۇنداقلا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرساق بولمايدۇ جانابى ئەمىرلەر، بولمىسا ئەتە - ئۆگۈن بىزمۇ مەنسەپ - مەرتىۋىمىزدىن ئايرىلىپ ئوردىدىن ھەيدىلىمىز.

ئەمىرلەرنىڭ چىرايىدا تەشۋىش پەيدا بولدى.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ توي ئىشىنى توسۇشقا بىزنىڭ راستىنىلا ئامالىمىز يوقتۇر، ــ دېدى ھەقبەردى مىرزا، ــ بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلساق كاللىمىزنى قولتۇقىمىزغا قىسىپ قويساق بولىدۇ. مەيلىلا، نىمە كارىمىز، جېنىمىز ئارام تاپسىلا بولدى دەيلى دېسەك تۆمۈر بەگكە خۇشامەت قىلىپ ياشىساق، ئەدلى - ئادالەتنى خار قىلساق بولىدۇ، بۇنى ئادەمنىڭ ۋىجدانى كۆتۈرمەي-

دۇ.

ــ ئەينى مۇددىئا، ــ دېدى ئابدۇخالىق مىرزا، ــ كۆنچى ۋادىسىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەن رەئىيەتنىڭ داد ـ پەريادىغا ئا ـ دەمنىڭ يۈرىكى چىدىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئوردىغا ئەرز قىلىپ كەلگۈچىلەر يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس، سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، يەنىلا تۆمۈربۇقا بەگ تەرەپدارلىقىدىكى ئەمىرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ھەقبەردى مىرزا، ــ ئاۋام ـ رەئىيەت ئول ئەمىرلەرنىڭ زۇلمىغا چىدىماي ناله قىلماقتا. ئىلگىرى جازا دىۋانى بىر تەرەپ قىلغان ئەرزلەرنى بىۋاسىتە خان ئالىيلىرىغا يوللايتتۇق، ھازىر تۆمۈربۇقا بەگ ھەرقانداق مەلۇماتنى ئاگال قارا دىۋان تەھقىقلىگەندىن كېيىن ئاندىن خان ئالىيلىرىغا يوللاپ بې ـ رىدۇ دەپ پەتىۋا چىقاردى، خان ئالىيلىرىمۇ بۇنى قوللىدى. ئەرز ـ شىكايەتلەرنى قاتتىقراق سۈرۈشتە قىلىپ تەھقىقلىسەك، ئۈينىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۈيىقى سىرقىراپتۇ، دەپ تۆمۈر بەگنىڭ چىشى قېرىشىدۇ، كارىمىز بولمىسا زىيان يەنىلا ئاۋامغا بولىدۇ.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ مەلۇماتنامە كۆرۈش بىلەن ئەزەلدىن خۇشى يوق، ــ دېدى سۇلايمان خوجا، ــ ئالىيلىرىغا بەزمە ـ شاراب، ئەيش ـ ئىشرەت بولسىلا بولدى، ھېلىتىن توي قىلماي تۇرۇپلا ھەرەمنى رەققاسلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، مۇقەددەس شەرد ـ ئەت ئەھكاملىرىنى خان ئالىيلىرى ئۆزى باش بولۇپ بۇزۇۋاتىدۇ، بۇ دېگەن كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھ.

ــ تۆمۈربۇقا بەگ ھەقىقەتەن ئىپلاس ئادەم ئىكەن. خان ئا ـ لىيلىرىغا چىرايلىق قىزلارنى سوۋغا قىلىپ ئەيش ـ ئىشرەتكە ئۆگەتكەنمۇ شۇ، مانا ئەمدى مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئۈچۈن قىزىنى سايە قىلىپ ئۆلگۈردى. بۇ ئىشلارنى قىلچىلىك قىزارماي، نومۇس قىلماي قىلدى دېسە تېخى.

ــ تۆمۈربۇقا بەگدەك بەتئەخلاق ئادەمنىڭ قەسرىدە قانداق ـ سىگە ئاشۇنداق ھەم چىرايلىق، ھەم پەزىلەتلىك، ھەم ئەقىللىق بىر قىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگىنىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئول

قىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خانىش بولۇشقا لاياقىتى بار ئىكەن بولمىسا.

— ساردىن نار تۇغۇلۇپتۇ دېگەن شۇ - دە.

— ئاغىچامدىن تۆمۈر بەگنىڭ ئاغىچىسىنى تولىمۇ شەرمى - ھايالىق، پەزىلەتلىك ئايال دەپ ئاڭلىۋېدىم، ئانا تەربىيەسى كۆرگەن - دە.

— تۆمۈربۇقا بەگ خانغا قېيىنئاتا بولۇۋالغاندىن كېيىن يەنە قانداق قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى قىلىدۇ، بىلگۈچى بىر ئاللاھ.

— مۇشۇنداق قاقشاپ تۇرۇۋېرىمىزمۇ؟ — سورىدى مىركەرىمبەردى بەگ ھەمراھلىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، — قاقشاش بىلەن ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

— ئۇغۇ راست، — دېدى سۇلايمان خوجا، — باشقا مۇۋاپىق بىر چارە بارمۇ؟ سەييىدئەلى ئالىپ ئوردىدا بولغان بولسا بۇ ئىشلارنى توسۇش ئاسانغا توختايتتى.

— تۆمۈربۇقا بەگ خانغا قېيىنئاتا بولۇش مەقسىتىگە يەتسە، سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىمۇ كارغا كەلمەي قالىدۇ. ھازىر تۆمۈربۇقا بەگ ئاتاقتا لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسارى بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە لەشكىرىي دىۋان شۇنىڭ قولىدا. قولىدا لەشكىرىي ھوقۇق بولمىسا سەييىدئەلى ئالىپ جانابلىرىمۇ ئىلاجسىز قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خان ئالىيلىرىنىڭ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىشىمۇ بىر گەپ، شۇنداقلا بولىدىغان بولسا ئەلھۆكمىلىللا دېمەسلىككە ھېچكىمنىڭ ئىلاجى يوقتۇر. سەييىدئەلى ئالىپ خان ئالىيلىرى بىلەن بەكرەك قارشىلاشسا، خانغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھ يۈكلىنىدۇ، ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىك مەرتىۋىسىدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ. بىرلا ئامال، قۇرۇلتاي چاقىرىپ خاننى بىكار قىلىش، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدا خاننى بىكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا خان ئالىيلىرىنىڭ بىرەر پەرزەنتى بولسا ئىدى، ئول چاغدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ خاننى بىكار قىلىپ، ئورنىغا خانزادىسىنى ئولتۇرغۇزۇشقا تامامەن بولات-



www.uygurkitap.com

تى، ئۇل چاغدا تۆمۈربۇقا بەگمۇ غىلىڭ قىلالماي قالاتتى.

— ناۋادا چوڭ خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى تېپىپ قايـ تۇرۇپ كەلسەكچۇ؟ — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ.

ئەمىرلەر ھەم چۆچۈش، ھەم تەئەججۇپ ئىلكىدە بىر ـ بىـ رىگە قاراشتى، مىركەرىمبەردى بەگ خېلىدىن بېرى ئويلاپ يۈر ـ گەن بۇ خىيالىنى شەرھلەشكە كىرىشتى.

— ئۆز ۋاقتىدا سەيىيدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى چوڭ خانزادە يۇنۇسخاننى قايرىپ قويۇپ، كىچىك خانزادە ئىسان بۇغاخان ئا ـ لىيلىرىنى تەختتە ئولتۇرغۇزغانىدى، بۇنى ھەربىرلىرىمۇ ئوبدان بىلىشىلا، شۇڭا چوڭ خانزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشقا سەيىيد ـ ئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى ھەرگىز قوشۇلمايدۇ، ئەمما سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسە ھەمدە خان ئالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىپ ئاڭلىتالمىسا، خان قېيىنئاتىسى بولمىش ئۇل تۆمۈر بەگكىمۇ كۈچى يەتمىسە، ئۇل چاغدا چوڭ خانزادە يۇنۇس ـ خاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئىشىنى چوقۇم قوللايدۇ، چۈنكى، شۇل كۈنلەردە ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ئالىيلىرىمۇ خاندىن قاتتىق نارازى، شاھسانىيە سۇلتان خاتۇن بولسا ئۇزۇندىن بېرى ئالىيلىرىدىن رەنجىپ ئوردىغا قەدەم باسمىدى. چوڭ خانزادە يۇ ـ نۇسخان ئالىيلىرى بولسا نېمىلا بولمىسۇن مەرھۇم سۇلتان ئۇ ـ ۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ پۇشتىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا كۈنتۇرا خانىش ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ قىزى، سەيىيدئەلى ئالپ ھەزرەتلى ـ رىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، قېرىنداشلىق ھەم نەسەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ كىچىك خانزادە ئىسان بۇغاخان ئالىيلى ـ رىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن، ھالا بۈگۈنكى كۈندە خان ئالىيلىرىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرى يېتىلىپ، ئۆز پۇشتى ـ پاناھلىرىغا ھۆرمەت قىلمىدى. ئىشەنچىم كامىلكى، مۇشۇ كۈنلەردە ئوردىدا سەيىيدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى بولغان تەقدىردىمۇ خان ئالىيلىرىنى تۆمۈربۇقا بەگدىن ھەرگىز ئايرىۋې ـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇر كىتاپلىرى كىتابلار بىلىكى ئادرېسى

تەلمەيدۇ، بەلكى تۆمۈربۇقا بەگ خالىسا خان ئالىيلىرىنىڭ قولى بىلەن سەييىدئەلى ئالپنىمۇ ئوردىدىن قوغلىۋېتەلەيدۇ. ھەممە گەپ سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئوردىدىكى بۇ خەۋپنى ھېس قىلالىشىدا. شۇڭا دېمەكچىمەنكى، ئاگال چوڭ خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ئىزدەپ ـ تېپىپ يوشۇرۇنچە ئاستانىگە قايتۇرۇپ كېلەيلى. سەيى-يىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى خان ئالىيلىرىدىن نائۈمىد بولغان ھا-مان مۇددىئايىمىزنى بىلدۇرۇپ، چوڭ خانزادىنى ئوتتۇرىغا چى-قىرايلى. بۇ تەدبىرىمىزنى ۋاقتى كەلگەندە مىرمۇھەممەدشاھمۇ، سۇلتان خاتۇنمۇ قولللىغۇسىدۇر.

ئەمىرلەر دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرمەي، بىر پەس خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇردى.

ــ شۇنداق قىلساق بولۇرمۇ زادى؟ ــ دېدى ھەقبەردى مىرزا ئىشەنچسىزلىك بىلەن، ــ بۇ دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، مۇددىئايىمىز ئاشكارا بولۇپ قالسا كاللا كېتىدىغان گەپ.

ــ شۇنداق، ئۈچ ئەۋلادىمىزغىچە قىرىپ تاشلاشتىن يانمايدۇ.

ــ ئاللاھ ئىگەم تەۋەككۇلچى بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ــ دېدى سۇلايمان خوجا ھەمراھلىرىغا تەكشى نەزەر تاشلاپ، ــ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز دەيدىكەنمىز، تەۋەككۇل قىلىشىمىز كېرەك. ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئولتۇرساق ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماس. ئەرزىمەس تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قاش ـ قا-پىقىغا قاراپ خورلۇقتا ياشىغۇچە، ئۈمىدىمىزنى ئاللاھقا باغلاپ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى. ئوردىدا تۆمۈر بەگدىن نارازى بولغۇچىلار يالغۇز بىزلا ئەمەس، خېلى كۆپ مەسلەكداشلىرىمىز بار، خىش قېلىپتىن چىقىپ بولغىچە پۇختا ھازىرلىق كۆرەيلى.

ــ بارىكاللا، ــ دېدى مىركەرىمبەردى بەگ مەمنۇنلۇق بى-لەن كۈلۈپ، ــ ھەر بىر ئىشنىڭ يول بەرگۈچىسى باردۇر. سۇلايمان خوجا ھەزرەتلىرى ئېيتقاندەك، ۋاقتى ـ قەرەلى يەتكىچە ئىشلارنى پۇختا قىلغايمىز، سەلتەنەتىمىزنى تۆمۈر بەگدەك قارا نىيەت، نەپسانىيەتچى، ئىشرەتخور، بەتقىلىق زۇلۇم ھامىيلىرىدىن

پاكلاش ئۈچۈن بىلىمىزگە شجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىغاي-
مىز.

— بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا سەييىدئەلى ئالىپ
ھەزرەتلىرىنىڭ ئوردىغا قايتىپ كەلمىكى بەكمۇ زۆرۈردۇر، —
دېدى ھەقبەردى مىرزا ئويچانلىق بىلەن، — ئۇنداق بولمايدىكەن،
يالغۇز چوڭ خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا تايىنىپ مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ئىش تەۋرىتەلمەيمىز.

— ئەينى مۇددىئا، — دېدى ئابدۇخالىق مىرزا، — چوڭ
خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ بۇ تەسەررۇپتىن ئايرىلغىنىغا
خېلى يىللار بولدى، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ ئاۋام ئارىسىدا ھېچقانداق تەسىرى يوقتۇر،
ئەمما سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىنىڭ بولسا ھۆرمەت ـ تەسىرى
خان ئالىيلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆمەكلىشەلى-
سەك ئىشلىرىمىزنىڭ بىر باشقا چىقىشىدا ئۈمىد چوڭ بولاتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭسىلا، كەمىنەلىرىنىڭ كالتە پەمچە
سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ قۇتلۇق توي
مەرىكىسىگە كەلمەي قويمايدۇ، — دېدى سۇلايمان خوجا.

— خان ئالىيلىرى تويغا ئالدىراۋاتىدۇ. بۇ قارا قىشتا قەش-
قەردىن ئاستانىگە كەلمىكى تەسكە چۈشەرمىكىن؟

— ئىشقىلىپ تويغا ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىسە، تويدىن كېيىن
بولسىمۇ ھامان كېلىدۇ. تەكلىپىم ھەربىرلىرىگە ماقۇل كەلسە،
ھازىرچە بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرماي، چوڭ خانزادىنىڭ دېرىكىنى
قىلايلى.

— چوڭ خانزادە ھازىر نەدىدۇر؟

— ئاڭلىشىمچە چوڭ خانزادە سەمەرقەنتكە بارغاندىن كېيىن
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى ھىراتقا — ئاتىسى شاھرۇخ مىرزىنىڭ
دەرگاھىغا ئەۋەتكەنمىش، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ، — مې-
نىڭچە، چوڭ خانزادىنى ئاگاھ تۇركىستاندىكى ۋالىدەسى خانىش
دۆلەتسۇلتان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىدىن دېرەكلەيلى، چوڭ خانزا-

www.uyghurkitap.com

دە نەدىلا بولمىسۇن ۋالىدەسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى
ئېنىق.
ــ ئول دەرگاھقا ئەۋەتىدىغانغا ئىشەنچلىك ئادەملىرى بارمۇ؟
ــ خاتىرجەم بولسۇنلار، ــ دېدى مىركەرىمبەردى بەگ ئۆ-
زىگە ئىشەنگەن ھالدا، ــ ئۆز پەرزەنتىمىزدىنمۇ چارە سادىقەتمەن
مەھرەملىرىمىز بار، بۇ ئىشنى شۇلارغا تاپشۇرىمەن.
ــ ئاللاھ ئىگەم ئىشلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلىپ، مەق-
سەت ـ مۇددىئالىرىمىزغا يەتكۈزەر.
ئۇلار دۇئا قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

## 41

قەشقەر.
سۆگەتلەر چوكانتال بولۇپ، ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ، ھاۋا
ئوبدانلا ئىللىپ قالغانىدى. ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ئارا ھويلىسى-
دىكى ئۆرۈكلۈك باغدا ئۆزى يالغۇز ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ
يۈرگەن سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئاللىنېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋات-
قانلىقىنى ياكى چېچەك سەيلىسى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بول-
مايتتى. چاچ ـ ساقاللىرىغا خېلىلا ئاق كىرىپ قالغان بۇ بۇيۈك
سەركەردىنىڭ چىناردەك بەستى بىرئاز مۈكچىيىپ قالغان بولۇپ،
ئۇ شۇنداقلا قارىغان كىشىگە يەلكىسىدە غايەت ئېغىر بىر يۈكنى
تەنھا كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇ-
نىڭ غۇچچىدە چېچەكلەپ باغنى ھالرەڭ تۇسكە كىرگۈزگەن ئۆ-
رۈك، بادام چېچەكلىرىدىن زوق ئالغۇدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى.
چۆرىسىگە قورۇق چۈشۈپ بىرئاز قىسىلىپ قالغان بۇركۈت كۆز-
لىرى ئاللىقاياقلارغىدۇر مەقسەتسىز تىكىلەتتى، سۈت رەڭ خوتەن

قەغىزىگە يېزىلغان بىر پارچە خەت تۆگە تاپىنىدەك يوغان ئالىقان-
لىرىدا مىجىلىپ كەتكەنىدى، كۆز ئالدىدىن يىراق ئۆتمۈشتىكى
ھايات مۇساپىسى لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۆتەتتى...

ئەنە يۈرىكىگە تۇنجى قېتىم ئىشق ئوتىنى ياققان ئەندىجان
گۈزىلى زەينەپ بىبى شايى رومىلى بىلەن يۈزىنى يېرىم يۆگەپ،
خۇددى بۇلۇت ئارىسىدىكى تولۇن ئايدەك نازلىق مارىغىنىچە نازۇك
قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنى يېنىغا شەرەتلەۋاتاتتى.

سەمەرقەنت بىلەن ھىرات ئارىلىقىدىكى تاغ باغرىدا ئەشەد-
دىي رەقىبى مىرزا ئۇلۇغبەگكە ھەملە قىلىپ كەلگەن يىرتقۇچ
يولۋاس بىلەن تەنھا ئېلىشىۋاتاتتى.

تارىم، لوپ ۋادىسىدىكى توغراقلىقلاردا سۇلتان شىرمۇھەم-
مەدخاننىڭ لەشكەرلىرىدىن قېچىپ قەدىردان دوستى سۇلتان ئۇ-
ۋەيسخان بىلەن مۆكۈنۈپ يۈرەتتى.

تارىم دەرياسى بويىدىكى توغراقلىقتا تىكىلگەن چېدىردا سۆ-
يۈملۈك مەھبۇبىسى ئۇز سۇلتان مەلىكە بىلەن تۇنجى ئاخشامنىڭ
شېرىن لەززىتىنى تېتىۋاتاتتى.

بارىكۆل يايلىقىدا ئىسان تايشى باشچىلىقىدىكى موغۇل
باسقۇنچىلىرىنىڭ بېشىدا ئەجەل قىلىچىنى ئويىنىتىۋاتاتتى.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ
تەختىدە ئولتۇرغان چاغدىكى كارتىنىلار ئېسىگە كېلىشى بىلەن
سەيىدئەلى ئالپىنىڭ ئىچىگە گۇرۇردە بىر ئىللىق ئېقىم تارىدى،
پەخىرلىك تۇيغۇلاردىن بىرنەچچە دەقىقە ھاياجانلاندى. بىراق، ئى-
لى ۋادىسىدىكى ئىسان تايشى بىلەن بولغان جەڭ ئېسىگە كېلىشى
بىلەن ۋۇجۇدىدىكى ھاياجان شىپپىدە بېسىلىپ قالدى، ئۇنىڭ
ئورنىغا كۆڭۈل قەسرىگە ئازاب بۇلۇتلىرى سايە تاشلىدى. ئاغى-
سىنى، قېرىنداشلىرىنى، تەخت ـ سەلتەنەتنى، ئەل ـ يۇرتنى
باسقۇنچىلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىسان تايشىغا ياتلىق
بولۇش قارارىغا كەلگەن مەلىكە مەختۇمسۇلۇنىڭ مەردانە قىياپىتى
كۆز ئالدىدا قايتا زاھىر بولۇشى بىلەن ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ھېسلار

ئىسكەنجىگە ئېلىنىۋالدى.

«ئاياللار تائىپەسىدىنمۇ ئاشۇنداق ئەر ھەممەتلىك باھادىرلار چىقىدىكەن. ئىسىت، مىڭ يىگىتكە تېگىشكۇسىز قىز ئىدى. ئاللاھ ئىگەم ئۇنىڭ بىلەن قايتا دىدارلىششقا نېسىپ قىلارمىكىن؟ ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتۈپتۇ، دەسلىپىدە ئىسان تايشىدىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىغۇدۇق، كېيىنچە ھېچقانداق خەت ـ خەۋىرى بولمىدى، ئىلگىرى ئۆز سۇلتان مەلىكە ئول سىڭلىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ پات ـ پات كۆز يېشى قىلاتتى، ھازىر بالا بىلەن بولۇپ كېتىپ ئانچە تىلغا ئالمايدىغان بولدى. مەندىن يوشۇرۇنچە كۆز يېشى قىلىدىغاندۇ بەلكىم، قېيىنئانام سۇلتان خاتۇننىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەيسەرلىك مەختۇمسۇلۇ خېنىمغا جۇلتا① قاپتىكەنمۇ دەيمەن. مەرھۇم جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى ئول سۆيۈملۈك سىڭلىسىنى قالماق خانىغا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ بىر ئۆمۈر ئازابلاندى، ئۆزىنى كەچۈرەلمىدى، گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك، ئاغىلىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، كۆڭلىنى خىجىللىق ئىلكىدە ئۆتكۈزگەندى...»

سۇلتان ئۇۋەيسخاننى ئېسىگە ئېلىش بىلەن سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك قايغۇ ـ ھەسرەت چىرمىۋالدى.

«ئاشۇ چاغدا ئىسسىقكۆل ۋادىسىغا خان ئالىيلىرى بىلەن بىللە بارسام بوپتىكەن، تۇمۇداپ قېلىش دېگەن قانچىلىك كېسەل ئىدى ئۇ، مەيدە ئولتۇرۇۋالسام يول بويى تېۋىپلارنىڭ دورىسىنى ئىچىپ ساقىيىپ كېتەر بولغىيدىم. تۇرپاندا قېپقالسىلا دېسە، پەرمانىنى يېرالماي ماقۇل دەپتىمەن، خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا سەركەشلىك قىلغان بولسام، يامىنى كەلسە مەندىن رەنجىپ قالار ئىدى شۇ، تەقدىر ـ ئىرادە شۇنداقكەنمۇ دەيمەن، ئەجەب ياش كېتىپ قالدى. خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ھېلىمۇ مەندىن خاپا بولمىدىغاندۇ؟ ئاشۇ چاغدا نېمىشقىمۇ شۇنچىۋالا شەخسىيەتچىلىك

① جۇلتا ـــ ئۇدۇم، ئىرسىيەت.

قىلغان بولغىيدىم، تەختتە كۆنتۈرا خانىشتىن تۇغۇلغان خانزادە ئولتۇرسا نېمە بولدى، دۆلەتسۇلتان خانىشتىن تۇغۇلغان خانزادە ئولتۇرسا نىم بولدى، ھەر ئىككىلىسى مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ پۇشتى ـ پەرزەنتى، يۈرەك پارىسى ئىدىغۇ؟...»

سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كۆز ئالدىغا سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قايسى خانزادىنى خان قىلىپ تىكلەش ھەققىدە ئوردىدا يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىش كېلىشى بىلەن ۋۇجۇدىنى كۆچلۈك خىجالەت، نومۇس تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى، شۇ چاغدا دۆلەتسۇلتان خانىشنىڭ شاھنىشىندىن چىقىپ كېتىۋېتىپ لاپپىدە قارىغان قىياپىتىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايتتى. خانىش ئاشۇ چاغدا نېمە مەقسەتتە ئاشۇنداق قارىغان بولغىيتتى؟ نېمە دېمەكچى بولغىيتتى؟ بەلكىم تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ ھېچكىمگە مەڭگۈ باقىۋەندە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلگەن بولغىيتتى. شۇنداق، خانىشنىڭ ئاشۇ بىر دەقىقە قاراشلىرىدا ئۆكۈنۈشمۇ، نەپرەتمۇ، مەسخىرىمۇ، يارىتالماسلىقمۇ، ئېسىلزادىلەرگە خاس غۇرۇرمۇ بار ئىدى. قارىماققا يېڭىلگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئايالىلارغا خاس جاسارىتى بىلەن سەييىدئەلى ئالپنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان، مۇزلاپ كەتكەن ۋىجدانىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئۆلگۈرگەنىدى. مانا، سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ۋىجدانى تا ھازىرغىچە ئاشۇ ئوتتا كۆيۈۋاتىدۇ، ئازابلىنىۋاتىدۇ. راست، شۇ چاغدا ئۇ كىچىك خانزادە ئىسان بۇغاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغىيتتى؟ سەييىدئەلى ئالپ يېقىندىن بېرى ئۆزىدىن نەچچە يۈز قېتىملاپ سورىغان بۇ سوئالىغا قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالمىدى. شۇ چاغدا شەخسىيەتچىلىك، جەمەتداشلىق تۇيغۇلىرىنىڭ غالىب كەلگەنلىكىگە ئىقرار بولدى. مانا، ئىسان بۇغاخانىمۇ تەختتە ئولتۇرغۇزدى، قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگدىن تارتىۋېلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ، مەرھۇم خاننىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇندىن بۇيان قەشقەردە مىدىرلىماي تۇرۇۋاتىدۇ، دەسلەپتە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قايتا

لەشكەر تارتىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇش خىيالىغا كەلگەنىدى، كېيىن مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى. سەمەرقەنتكە ئەھۋال ئىگىلەشكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ رەسەتخانا قۇرۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، پات ـ پات غوۋغا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش باشچىلىقىدىكى تەرىقەت كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بولۇپ، بۇ يېقىندا قەشقەرگە لەشكەر تارتىش خىيالىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاللىقاچان قەشقەرگە مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان بۇ خىل مېھرنى دادىسىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل قەشقەردە ئەمىرلىك قىلىپ تۇرغانلىقىدىن ياكى بولمىسا بۇ قەدىمىي سەلتەنەتلىك يۇرتقا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، دەپ چۈشىنەتتى. ئەمەلىيەتتە، سەييىدئەلى ئالىپنى كىچىكىدىن يېنىدىن ئايرىماي ئۆز تەربىيەسىگە ئالغان بوۋىسى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئۇنىڭغا قەشقەر ھەققىدە نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدى. خوجا شەرىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئىككى قوللاپ تۇتقاندا، بۇ قەدىمىي شەھەردىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئەڭ ئېچىنغان كىشىمۇ ئاشۇ بوۋىسى — ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئىدى. بوۋىسىنىڭ قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئەپسۇس، ئۇ پېشقەدەم ئەمىرگە قەشقەرنىڭ ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قولىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى.

سەييىدئەلى ئالىپ دادىسىدىن بەكرەك بوۋىسىنى سېغىناتتى، ئۇنىڭ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئىجازەت بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ھەج قىلىش ئۈچۈن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئىككى ھەرەمگە كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بوۋىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىپ، خوشلىشالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بوۋىسىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن مەككە ـ مەدىنىگە ئىككى قېتىم چاپارمەن ماڭغۇزدى. ھە-

ئە، ئىككىنچى قېتىم كەتكەن چاپارمەن بوۋىسىنىڭ ساداقەتمەن نۆكىرى قاناتبەگنى بىللە ئېلىپ كەلدى. قاناتبەگ ئۇنىڭغا ئۇ ـ لۇسبېگى خۇدايدادنىڭ مەككىدە قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈز ـ دى ـ دە، يەنە مەككىگە قايتىشقا ئالدىرىدى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ قەشقەردە تۇرۇپ قېلىش تەكلىپىنى سىلىقلا رەت قىلدى: «مېنىڭ تىرىكىممۇ، ئۆلۈكۈممۇ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە ھەمراھ بولسۇ ـ دۇ، مېنى قەشقەردە قېپقېلىشقا دەۋەت قىلمىسىلا، ئاللاھ خالىسا مەككە ـ مۇكەررەمنى بىر ئۆمۈر تاۋاپ قىلغاچ جەننەتماكان ئۇ ـ لۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ مەقبەرىسىدىن خەۋەر ئالغايمەن» دېدى. سەييىدئەلى ئالپ بۇ ساداقەتمەن، ۋاپادار يىگىتنىڭ بەرگەن جاۋا ـ بىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ ھۆركىرە ـ رەپ يىغلىۋەتتى ۋە يېتەرلىك خەج ـ خىراجەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەييىدئەلى ئالپ چوڭ ئاغىچىسى ئۇز سۇلتان مەلىكە بىلەن كىچىك ئاغىچىسى بىبى ئايەتخېنىمنىڭ قايتا ـ قايتا دەۋەت قىلىشى بىلەن تۇرپانغا قايتىپ كېتىش قارا ـ رىغىمۇ كەلگەندى. ئويلىمىغان يەردىن سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۇنى ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈر ـ دى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرپانغا قايتىپ كېتىش ئۈمىدى يوققا چىقتى. ئەمدى ئۇ ئۆزى خالىغانچە قەشقەردىن كېتەلمەيتتى، بۇ ـ نىڭ ئۈچۈن خان يارلىق چۈشۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئۇز سۇلتان مەلىكە بىلەن بىبى ئايەتخېنىم تۇرپانغا كېتىش نىيىتىدىن ياند ـ مىغانىدى. سەييىدئەلى ئالپ ئىلاجسىز تۇرپانغا قايتىش توغرۇلۇق سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا ئىلتىماس سۇنۇش قارارىغا كەلدى. دەل شۇ پەيتتە خوتەن، چەرچەن، ئالتۇنتاغ ۋادىسىدا ئارقىمۇئارقىدىن توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ توپىلاڭلارنى تىنچىتىش ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرى بولغان سەييىدئەلى ئالپنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئاشۇ تەرەپلەرگە لەشكەر تارتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ھەئە، ئۇ ئوردىدىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمىدى. سۇلتان

ئىسان بۇغاخان تېخى كىچىك بولغىنى بىلەن قېشىدا سەيىدئەلى ئالپىنىڭ تاغىسى، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن ساداقەتمەن، تەدبىرلىك ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزا بار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك سەيىدئەلى ئالپ ئوردا، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىگەنىدى. بىراق، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تاغىسى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن قارا دىۋان ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزىنىڭ سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن رەنجىپ، تۆمۈربۇقا بەگنى يامانلاپ يوللىغان شەخسىي مەكتۇپلىرى كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ «سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدى، ئۆز ئالدىغا سەلتەنەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ۋاقتى يەتتى، ئۇنى يەنىلا بالا چاغلاپ سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ئارىلىشىۋالماسلىق كېرەك، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا پىششىقىسۇن، بىزمۇ بىر ئۆمۈر خان ئالىيلىرىنى پەپىلەپ، ئەقىل كۆرسىتىپ ئۆتەلمەيمىز، تاغام بىلەن سۇپۇرگە مىرزا بۇ تەرىپىنى چۈشەنسە ياخشى بولاتتى. بەلكىم سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى تۆمۈربۇقا بەگ قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرىگە ھۆرمەت قىلغان، قوللىغان بولسا، تاغام بىلەن سۇپۇرگە مىرزا ئۆزلىرىنى خاننىڭ ئالدىدا ئەتىۋارسىز قالغاندەك، خانغا ھامىي بولۇشتىن قېپقالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بالا جېنىدا چوڭ بولۇپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقماس بولۇۋالسا، ھە دېسە ئويۇن ئويناش ئۈچۈن تالاغا قاچسا، يېڭىدىن تۇتقان دوستلىرى بىلەن بولۇپ كەتسە، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىسى ئۆزىدىن يىراقلىشىپ قالغاندەك، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا كېرىكى قالمىغاندەك، يېڭى تاپقان دوستلىرى بالىسىنى يامان يولغا باشلايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ رەنجىيدۇ، ئەندىشە قىلىدۇ. تاغام بىلەن سۇپۇرگە مىرزىنىڭ رەنجىشىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا توغرا چۈشىنىپ قالۇر. سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى تۆمۈربۇقا بەگكە ئوخشاش بىر قىسىم

ياش ئەمىرلەرنى ئەتىۋارلىغىنىنىڭ، ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتكىنى-
نىڭ زىيىنى يوق، سەلتەنەت ئىشلىرىدا ھامان ئېشەنچلىك، سادا-
قەتمەن ئەمىرلەرگە تايىنىدىغان گەپ» دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ
مەكتۇپلىرىغا ئېتىبارسىز قارىدى. قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇن-
نىڭ دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېلىشى ھەققىدە يوللىغان مەكتۇ-
پىنى بولسا ئۆزىنى تۇرپانغا قايتىشقا زورلاۋېرىشكە يۈزى چىدى-
مىغان چوڭ ئاغىچىسى ئۆز سۇلتان مەلىكىنىڭ ئانىسىنى ئىشقا
سېلىپ، ئۇنى ئانىسى ئارقىلىق تۇرپانغا قايتىشقا كۆندۈرۈش ئۇ-
چۈن ئويلاپ تاپقان ئامالى بولسا كېرەك، دەپ چۈشەنگەنىدى.

لېكىن ئۇ بۈگۈن قولىغا تەگكەن مەكتۇپنى كۆرۈپ بىردىنلا
چۆچۈپ قالدى. مەكتۇپنى قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇن ئۆز قولى
بىلەن يازغان، تاغىسى ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن سۇ-
يۇرگە مىرزا ئالاھىدە ئىمزا قويغانىدى. بۇنى ئادەتتىكى بىر مەك-
تۇپ دېگەندىن كۆرە، جىددىي مەلۇمات دېگەن تۈزۈك ئىدى. خەتتە
سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تۆمۈربۇقا بەگدىن باشقا ھېچكىمنىڭ
گېپىگە قۇلاق سالمايدىغانلىقى، سۇيۇرگە مىرزىنى قارا دىۋاننىڭ
ئەمىرلىكىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا تۆمۈر بەگنى مەنسەپكە تەيىن-
لىگەنلىكى، مىرمۇھەممەدشاھنى بولسا يا بوۋا قاتارىدا، ياكى ئۇ-
لۇسبېگى قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقى، ھۆرمەتلىمەيدىغانلىقى، مو-
مىسى سۇلتان خاتۇن قەسىرىگىمۇ ئايلاپ ئاياغ باسمايدىغانلىقى،
ئىككى دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىنى قولىغا ئېلىۋالغان تۆمۈربۇقا بەگ-
نىڭ خان ئائىلىلىرىنىڭ نامىدا ئۆز يېقىنلىرىنى خالىغانچە مەن-
سەپكە قويىدىغانلىقى، ئوردىدا مەنسەپ سېتىش، پارا ئېلىشنىڭ
ئەدەپ كەتكەنلىكى، بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ سۇلتان ئىسان بۇ-
غاخاندىن، ئوردىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنلىكى، ئەڭ مۇھىمى
سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بوۋا، مومىلىرىنىڭ، ئەمىرلىرىنىڭ
نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي، تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەك-
چى بولغانلىقى، توي كۈنىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقى، مۇشۇنداق
كېتىۋەرسە ئوردىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەل ـ يۇرتتا چوڭ غوۋغا

uyghurkitap.com

چىقىدىغانلىقى، ھېلىمۇ يۇرت ـ يۇرتلاردىن ئاستانىگە ئەرز ـ داد ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقى، ئىككى دۆۋاننىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغان تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئوردىنى تىزگىنلەپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقى تەپسىلىي يېزىلغانىدى.

خەتنى ئوقۇپ سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ غەش بولدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تويدىن ئىبارەت مۇشۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ ئۆزىگە خەۋەر قىلمىغانلىقىدىن رەنجىدى. ھېسابلاپ كۆرۈۋېدى، خەتتە خاننىڭ توي قىلىش ئېھتىمالى بار دەپ يېزىلغان ۋاقىتتىن ئاللىقاچان بىر ئاي ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان راستىنىلا ئاشۇ مۆھلەتتە توي قىلغان بولسا، تۆمۈربۇقا بەگ بۇ چاغقا ئاللىقاچان ئۇنىڭغا قېيىنئاتا بولۇپ بولغان، ئوردىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك مەرتىۋە ـ ئاتاققا ئېرىشىپ بولغان بولاتتى.

سەييىدئەلى ئالپ گودەك ئىسان بۇغاخاننى ئوردىدا يالغۇز تاشلاپ قويغىنىغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى. ئۆزىنى خاننىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ تۇيۇقسىز يارلىق چۈشۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئازراق چۈشەنگەندەك بولدى.

«ئەزەل ـ ئەزەلدىن سەلتەنەتىمىزدە ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىكى دېيىلىدىغان مەنسەپ يوق ئىدى. ئوردا ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ باش ئەمىر قويمىسىمۇ، ماڭلايسۆيە تەۋەسىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئوخشاشلا بۇ يۇرتلارنى ساداقەتمەنلىك بىلەن باشقۇرۇپ، ئوردىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ـ خىراجەتلەرنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان ئەمەسمىدى. نامدا ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرى بولغىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە قەشقەرنىڭلا ھەقىقىي ئەمىرى بولۇپ كەلدىم. باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرىم ـــ قولۇمدا بىر تۈمەن خان لەشكىرى بار، ماڭلايسۆيە تەۋەسىدىكى ۋىلايەتلەر-

نىڭ ئەمىرلىرىنى يەنىلا ئوردا تەيىنلەيدۇ، مېنىڭ ئۇلارنى مەن-
سەپتىن قالدۇرۇش، تەيىنلەش ھوقۇقۇم يوق. نەچچە يىلدىن بېرى
ئۇلار مېنى ئوردا لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى، ئەمىر كەبىر دەپ
بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا لەشكىرىي ئىشلاردا ھۆكۈمۈمگە ئىتائەت قى-
لىپ، ھۆرمەت كۆرسىتىپ كەلدى. ھە، ئۆتكەن يىلى كۈزدە يار-
كەنت ئەمىرى مۇستاپا مىرزىنىڭ: «ھەزرەتلىرى قەشقەرنىڭ ئە-
مىرلىكىنى ئىشەنچلىك بىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ يەنىلا ئوردىغا
قايتقانلىرى، لەشكىرىي دىۋاننى قوللىرىغا ئېلىپ، خان ئالىيلى-
رىنىڭ يېنىدا ئەمىر كەبىرلىك مەرتىۋىلىرىنى جارى قىلدۇرغان-
لىرى ئەۋزەل ئىدى» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە. شۇ چاغدا نې-
مىشقا بۇنداق دەيدىغاندۇ دەپ كۆڭلۈمگە كەلگەن بولسىمۇ، گېپى-
نىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى خىيال قىلمىغان، مۇددىئاسىنى
ئېچكىرىلەپ بىلىپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا،
ئوردىدىكى ئىشلاردىن مەنىلا خەۋەرسىز يۈرگەن ئوخشىمامدىمەن؟
ئەجەبا، خان ئالىيلىرى نامىدا پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان ئوردا
ئىشلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى قانداق چۈشەنسەم بولۇر؟ ئۇل
مەلۇماتلار راستىنلا خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن يوللانغان
بولغىيمىدى؟ ياكى تۆمۈربۇقا بەگ مېنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن
خان ئالىيلىرىنىڭ نامىدا يوللىغان بولغىيمىدى، ئەسلىدىغۇ خان
ئالىيلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئەمىرگە ئوردا ئىشلىرىدىن
مەلۇمات يوللاش مەجبۇرىيىتى يوق ئىدى. مەلۇمات يوللاش توغرا
كەلسە قارا دىۋان يوللايتتى. ھە راست، مەكتۇپقا يېزىلىشىچە،
سۇيۇرگە مىرزا قارا دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىدىن ئاللىقاچان قالدۇرۇ-
لۇپتىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئويۇنى
ئىكەن ـ دە، ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ساداقىتىگە چەكسىز ئىشى-
نىپ، ئاستانىگە ئايغاقچى ئەۋەتىشتىن، خان ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋا-
لىنى خۇپىيانە تىڭ ـ تىڭلاشتىن ھايا قىلىپتىمەن، ئۆزۈمدىن
ئۆتۈپتۇ، سۇيۇرگە مىرزا جانابلىرى نېمىشقا بۇ ئەھۋالنى ئوچۇق
يازمىدىكىنە؟ ھەي... بۇ ئەمىرنىڭ ئېھتىياتچانلىقىنى كۆرمەمدى-

غان، سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى بىلەن ئوتتۇرامىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن، يوللىغان مەلۇماتىغا ئىشەنمەسلىكىمدىن ۋايىم يېگەن چېغى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يوللىغان مەكتۇپىنى نېمىشقا تەپسىلىيرەك كۆرمىگەندىمەن، نېمىشقا ئېتىبارسىز قارىغاندىمەن، ئاشۇ يۇپۇتۇپ دېگەن گەپلىرىنىڭ تېگىدە گەپ بارىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، دەرھال ئاستانىگە قايتسام قانداق بولۇر؟ توختا، تۆمۈربۇقا بەگ خان ئالىيلىرىغا قېيىنئاتا بولۇپ قالغان بولسا بۇ چاغقا جىم ياتمىدى، ئالدىراپ ـ تېنەپ بارغىنىم بىلەن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقىم، ھەتتا خان ئالىيلىرى بىلەن زىتلىشىپ، ئوتتۇرىمىزدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىن. ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. مەن باشتىلا تۆمۈربۇقا بەگكە بەكلا ئىشىنىپ، سەل قاراپتىمەن، باشقىچىرەك بىر ئامال تاپاي، ئۆزۈم تۇرپانغا بارماي، خان ئالىيلىرىنى بۇيانغا كەلتۈرۈشنىڭ بىرەر ئامالى بولماسمۇ؟ مەسىلەن، ئاستانىنى كۆچۈرۈش دېگەندەك، پايتەخت قىلىشقا تۇرپاندىن ئاقسۇ، قەشقەر ياكى ياركەنت ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. خان ئالىيلىرى ئاستانىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ماقۇل بولسا، ئوردىنى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالماق ئاسانغا چۈشەتتى...»

ئاستانىنى يۆتكەش سەييىدئەلى ئالپنىڭ كاللىسىغا ھازىرلا كەلگەن خىيال ئەمەس ئىدى. ئۇ ماڭلايسۆيەدە باش ئەمىر بولۇپ تۇرغان ئون يىلدىن بىرى تەۋەلىكىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە ئاز دېگەندە بىر قېتىمدىن، كۆپ دېگەندە ئۈچ ـ تۆت قېتىمدىن بارغان، نەچچە ئايلاپ تۇرغانىدى. تۇرپان بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر، ياركەنتنىڭ سۇ، ھاۋا، تۇپراق شارائىتىنى سېلىشتۇرۇپ، بۇ شەھەرلەردىن بىرىنى تاللاپ موغۇلىستاننىڭ ئاستانىسى قىلىش خىيالىغا كەلگەنىدى. ئەگەر خوتەن، چەرچەن، ئالتۇنتاغ ۋادىسىدا توپىلاڭ بولمىغان بولسا، بۇندىن ئىككى ـ ئۈچ يىل بۇرۇنلا تۇرپانغا بېرىپ بۇ خىيالىنى سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا، تاغىسى ئۇ-

www.uyghurkitap.com

لۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھقا، قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇنغا ھەمدە ئوردىدىكى بارلىق ئەمىرلەرگە ئېيتقان، ھەتتا ئۇلارنى قايىل قىلغان بولاتتى. ئۇ چاغلاردا تۆمۈربۇقا بەگنىڭ تېخى ئوردىدا، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئالدىدا بۇنچە چوڭ تەسىرى يوق ئىدى، ئانچە ـ مۇنچە تەسىرى بار دېگەندىمۇ سەييىدئەلى ئالپنىڭ گېپىنى يىرالمايتتى، سۇلتان ئىسان بۇغاخانمۇ سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ھازىر بولسا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماق ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمدىلىكتە سەييىدئەلى ئالپ ئاستاننى يۆتكەش ئۈچۈن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى، تاغىسى — ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھنى، قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇننى ئەمەس، ئوردىدىكى مۇھىم ھوقۇقلارنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان خاننىڭ قېيىنئاتىسى بولمىش تۆمۈربۇقا بەگنى قايىل قىلىشى كېرەك ئىدى.

سەييىدئەلى ئالپنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ چۈپرەندە ئەمىرنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئەجەبا ئۇ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىش ئۈچۈن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنى رەنجىتكەن، چوڭ خانزادە يۇنۇسخاننى تاجۇ تەختتىن مەھرۇم قىلغان، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئېغىر ئاياغ ئايالى بىلەن كارى بولماي، قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلغان بولغىيمىدى؟ ئاشۇنچىۋالا تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ مۇكاپاتى مۇشۇ بولدىمۇ ئەمدى؟ سەييىدئەلى ئالپنىڭ دەرھال تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ بارغۇسى، مۇناپىق ئەمىر تۆمۈربۇقا بەگنى تۇتۇپ ياساققا تارتىپ، قىلغان تەپرىقچىلىكىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىپ چىقارغۇسى كەلدى. لېكىن قولىدا تۈزۈك لەشكىرىنىڭ يوقلۇقىنى، تۆمۈربۇقا بەگنىڭ بولسا ئوردىنى ئالقىنىغا ئېلىۋالغانلىقىنى، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بولسا ئۆزىنى ئەمەس، تۆمۈربۇقا بەگنى قوللايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ نىيىتىدىن يېنىشقا، ئاچچىقىغا ھاي بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ھەئە، ئۇ يەڭگىلتەكلىك قىلسا بولمايتتى،

www.uyghurkitap.com

ئىچكى قىسىمدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرسە ئەل ـ يۇرتتا مۇقىمسىزلىق كېلىپ چىقاتتى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلەر باشباشتاقلىق قىلاتتى، يامىنىغا كەلسە سەلتەنەت پارچىلانغانلىقى ئاز دەپ ئۆزى خانغا ئاسىيلىق قىلدى دېگەن بەتنامغا قالاتتى.

«سەۋر قىلماق كېرەك، سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالگا[1] پىشىدۇ، دەپتىكەن ئاتا ـ بوۋىلار. قارامىلىق قىلماي ئەقىل بىلەن، تەدبىر بىلەن ئىش كۆرەي. تۆمۈربۇقا بەگ ئاللىقاچان خان ئالىيلىرىغا قېيىنئاتا بولۇپ بولدى. ئۇ ئاشۇ شېرىن كۆڭۈللىرىنىڭ تەمىنى تېتىغاچ تۇرسۇن، ئۇنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق كېرەك. ئوردىدىكى باشقا ئەمىرلەرنىڭ ئوي ـ خىيالى قانداقراقكىن؟ ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ، جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى ھەقبەردى مىرزا، ئاستانە قازىكالانى[2] سۇلايمان خوجا، يەنە تېخى ئوردا ياساۋۇل ئەمىرى ئابدۇخالىق مىرزا... قاتارلىق بەگلەر ۋىجدانلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قوينىغا ئاتمىغاندۇ؟ شۇلارغا ئىشەنسەم قانداق بولۇر؟ تولا غەم قىلماي، ئاگال ئۇلار بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلىشىپ كۆرەي، ئوي ـ خىيالىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالسا، مەن بىلەن كۆمەكلىشىشكە رايى بارسا، مۇۋاپىق چارە ـ ئامال ئىزدەيلى، تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئەدىپىنى تۇيدۇرماي بېرەيلى، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ، مۇددىئايىمىز ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ئاستانىنى كۆچۈرۈپ كېلەرمىز. ئول چاغدا خان ئالىيلىرىنىڭ يېنىدىن نېرى بولماي، سەلتەنەتكە مۇلازىملىق قىلارمەن. ئەسلىدىمۇ گۆدەك، تەنتەك خاننى ئوردىدا ئۇنداق يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغان گەپكەن...»

ـــ بۇ يەردە يالغۇز خىيال سۈرۈپ قاپتىلىغۇ ئاتا؟

ئوغلى سانىز مىرزىنىڭ ئاۋازى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇن ـ ئون بىر ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان سانىز مىرزىنىڭ چىرايىلا ئەمەس، بوي ـ بەستىمۇ دادىسىنى

① ھالگا ـــ ھالۋا (تۇرپان شېۋىسى).
② قازىكالان ـــ باش قازى.

تارتقان بولۇپ، قارىماققا ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلىق يىگىتلەردەك كۆرۈنەتتى.

ــ ئىشلىرى بارمىدى ئوغلۇم؟

ــ تۇنۇگۈن كۆكلەم پەسلى ئاخىرلىشىپ بولغىچە بىر قېتىم ئۇۋغا ئەپچىقىمەن دېگەنىدىلىغۇ ؟

سەييىدئەلى ئالپ تۇنۇگۈن ئوغلىغا ئۇۋغا ئەپچىقىشقا ۋەدە بېرىپ قويغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ كۈلۈمسىرىدى.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، ئۇۋغا چوقۇم چىقىمىز، ھە، مەدرىسەدە ئەتكە①لىرىدىن تەلىم ئالماي بۇ يەرگە كېلىۋاپتىلىغۇ؟

ــ ۋالىدەم سىلىنى تاماققا كېلەمدىكىن، سوراپ باقسىلا، دېگەنىدى.

خېلىدىن بېرى چوڭ ئاغىچا ئۇز سۇلتان خېنىمدىن ئۇستۇنلۇك تاللىشىدىغان بولۇۋالغان كىچىك ئاغىچا بىبى ئايەتخېنىم ھە دېسىلا ئوغلى سانىز مىرزا ئارقىلىق سەييىدئەلى ئالپنى ئۆزىنىڭ قەسرىگە چاقىرتىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈنمۇ ئۇ سەييىدئەلى ئالپنىڭ چۈشلۈك تاماققا چوڭ ئاغىچىنىڭ قەسرىگە كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالايىتەن ئوغلىنى ئەۋەتكەنىدى. سەييىدئەلى ئالپ بولسا كىچىك ئاغىچىسىنىڭ بۇ ھىيلىسىنى بىلمەيتتى.

ــ يۇرسىلە ئەمىسە، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئوغلىنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ، ــ ئىنىلىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مەدرىسەدە قالغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ بۇرۇنراق قايتقانمىكىن، كۆرمىدىم.

ــ ئىنىلىرى بىلەن كارىلىرى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ بۇنىدىن كېيىن ئىنىلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ قويسىلا، ئۇ ئۆزلە بىلەن ئويناشقا بەك ئامراق.

ــ ياق، كىتاب ئوقۇشقا بەكرەك ئامراق، ــ دېدى سانىز مىرزا بالىلارچە گۆدەكلىك بىلەن، ــ ماھارەت مەشقى قىلساق

① ئەتكە ــ ھەم ئۇستاز، ھەم قوغدىغۇچى.

www.uyghurkitap.com

يېڭىلىپ قالسا، ئۇششۇقلۇق قىلىدۇ تېخى.

سەييىدئەلى ئالىپ ئوغلىنىڭ جاۋابىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

— ئۆزلە ئاغا بولغاندىكىن يول قويسىلا، ئۆتكەندە كاماندارلىقتا بەسلىشىپ يېڭىلىپ قاپتىكەنلا، پۇتۇشكەن نەرسىنى بەرمەپتىلىغۇ؟

سانىز مىرزا خىجىل بولۇپ قىزاردى:

— ئۇمۇ بىر قېتىم ۋەدىسىدە تۇرمىغان، شۇڭا مەنمۇ ۋەدىسىدە تۇرمىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياي دېدىم. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئىنىمغا ئامراق، باشقىلارمۇ ئاغا ـ ئىنى بىر قەسىردە تۇرىدىكەن، بىللە يېتىپ قوپىدىكەن، مەنمۇ ئىنىم بىلەن بىللە تۇرسام دەيمەن.

ئوغلىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى سەييىدئەلى ئالىپنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تەگدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇنداق ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ھەئە، سەييىدئەلى ئالىپ قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن ئىككى ئاغىچىسىنى ئاقسۇدىن ئەپكېلىۋالغانىدى. بىبى ئايەتخېنىم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن سەييىدئەلى ئالىپنىڭ تولا بېشىنى ئاغرىتىپ، ئوغلىنى چوڭ ئاغىچا ئۇز سۇلتان مەلىكىنىڭ قەسىرىدىن ئۆزىنىڭ قەسىرىگە قايتۇرۇپ كېلىۋالغانىدى. شۇندىن بېرى ئىككى ئەمىرزادە ئىككى قەسىردىكى ئانىلىرىنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتاتتى.

«بۇ تەرىپىنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم قەسىردە تۇرغاندىن بىر قەسىردە، بىر ئۆيدە چوڭ بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بىللە يېتىپ ـ قوپۇپ، بىللە غىزالانسا ئاغا ـ ئىنىلىق مېھرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ ئىجىل بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا چوڭ ئاغىچا ئۇز سۇلتان مەلىكىمۇ مۇشۇنداق دەپ، ئىككى بالىنى بىر يەردە باققانىدى. بىراق كىچىك ئاغىچا بىبى ئايەتخېنىم ئوغلۇمنى سېغىنىپ كېتىدىكەنمەن، يالغۇزسىراپ قالىدىكەنمەن، ھەممە ئادەمنىڭ بالىسى يېنىدا ئويناپ يۈرسە، مېنىڭلا يوق، دەپ نارازى بولغاچقا، ئانا ـ بالىنى ئايرى-

ۋەتمەي دېگەن ئىكەنمەن. بۇلارمۇ يىگىت بولۇپ قالاي دېدى، ئەمدى ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈۋەرمىسۇن، ھەر ئىككىلىسىد-نى ئانىسىدىن تەڭلا ئايرىۋېتەي، ھەرەمنىڭ سىرتىدىن ئايرىم تۇرالغۇ ھازىرلاپ بېرەي. بۇندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قېشىدا ئە-مەس، ئۇستازلىرىنىڭ قېشىدا جىقراق تۇرسۇن، جەڭۋازلىق ما-ھارىتىگە پىشسۇن...»

— بولىدۇ ئوغلۇم، بۇگۈندىن قالدۇرماي ئىككىلىرىگە ئاي-رىم تۇرالغۇ تەييارلاپ بېرەي، لېكىن مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار.

— ئېيتسىلا، — دېدى سانىز مىرزا دادىسىنىڭ قانداق شەرت قويىدىغانلىقىنى قىزىقىپ.

— ئايرىم تۇرالغۇدا تۇرغاندىن كېيىن ۋالىدەلىرى بىلەن ھەپتىدە بىر قېتىملا كۆرۈشىدىلا، ئۇندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەتكە-لىرىنىڭ تەربىيەسىدە بولىدىلا. پات - پات لەشكەرگاھقىمۇ ئاپىر-رىمەن تېخى.

سانىز مىرزىنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى.

— بەك ياخشى بولدى، مېنىڭمۇ لەشكەر بولغۇم بار ئىدى.

سەيىدئەلى ئالپ «ھازىر كۆلگەنلىرى بىلەن لەشكەرلىكنىڭ جاپاسىنى پات يېقىندا بىلىپ قالىدىلا» دېگەننى خىيالىدىن ئۆت-كۈزۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.



ھىرات.

بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈر زامانىسىدا سېلىنىشقا باش-لىغان، شاھرۇخخان دەۋرىگە كەلگەندە ۋايىغا يەتكەن بىر - بىرد-دىن ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر ھىرات شەھىرىنى يىراق ۋە مەركىد-

زىي ئاسىيادىكى ھەرقانداق شەھەرلەردىن سەلتەنەتلىك، ھەشەمەت-
لىك، جەلپكار كۆرسىتەتتى. خاقانى سەئىد شاھرۇخخاننىڭ ئور-
دىسىنى ھەيۋەتلىكلىكى، كۆركەملىكلىكى ۋە ھەشەمەتلىكلىكى
بىلەن ھىرات شەھىرىدىكى ئاشۇ كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ گۈلتاجى
دېيىشكە بولاتتى. ئوردىدا چۆرىسىگە ھەرخىل شەكىلدىكى تاش
ياتقۇزۇلغان، لىپمۇلىپ سۇ قاچىلانغان كۆللەر قەدەمدە كۆزگە
چېلىقاتتى. سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئەگرى ـ
بۈگرى تاش ئېرىقلار بۇ كۆللەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ
تۇراتتى. ئېرىق ـ كۆل بويلىرىغا تىكىلگەن شەمشاد، چىنار ۋە
ئاللىقانداق مەنزىرە دەرەخلىرى بۈك ـ باراقسان ئايىنغان بولۇپ،
كۆللەرنىڭ ئارىلىقىغا ياسالغان تۆت ۋە ئالتە تۈۋرۈكلۈك، گۈلدار
نەقىشلىك، چۆرىسى سالاسۇنلۇق راۋاقلار ئاشۇ كۆككە بوي سوز-
غان كاداڭ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا غىل ـ پال كۆزگە چېلىقاتتى.
راۋاقلار بىلەن راۋاقلارنىڭ ئارىلىقىغا، ئېرىق بويلىرىغا ياسالغان
يوللارنىڭ يېرىمىغا چاسا خىشلار ياتقۇزۇلغان، يېرىمىغا پاكىز
دەريا قۇملىرى تۆكۈلگەن بولۇپ، بۇ قۇملاردا يالاڭئاياغ ماڭسا
بەكمۇ راھەتلىك ئىدى. توز، تۆگە قۇشى، غاز، كەكلىك، بۇغا،
كېيىك، مايمۇن، پىل... قاتارلىق ھايۋانلار دەخلى ـ تەرۇزسىز
بەخىرامان يۈرۈشەتتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان
تۇرلۇك قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئوردىنى چاڭ كەلتۈرگەن-
دى. رەڭمۇرەڭ گۈل بەرگلىرىدە كېپىنەكلەر ئۇسسۇل ئوينايتتى.
ئوردىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى پېشايۋانلىق دىۋانخانىلارنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا جايلاشقان ئۈچ قەۋەتلىك شاھنىشىنىنىڭ ئالتۇن يالد-
تىلغان ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرى قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ كۆزنى
قاماشتۇراتتى. ھەشەمەتلىكلىكىگە قارىماي، كىشىگە سۈرلۈك
تۇيغۇ بېرىدىغان شاھنىشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېگىز تاملار
بىلەن قورشالغان ھەرەمنىڭ ئىككى قەۋەتلىك قەسىرلىرى سىر-
لىق يوسۇندا كۆزگە چېلىقاتتى. شاھنىشىنىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى-
دىكى بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ يۈز كىشى بىمالال سىغىدىغان قوبۇلخا-

نىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىكى گۈل نۇسخىلىرى، نەقىشلەرگە ئال ـ
تۇندىن ھەل بېرىلگەنىدى، تاملاردىكى نوۋەي، ئويۇق، تەكچىلەرگە
ھىندىستان، پەرەڭ، باغداد، دەمەشىق، شۇنداقلا سەمەرقەنت، بۇ ـ
خارا، ئەندىجان، تاشكەنت، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان ھۈنەرۋەنلىرى ـ
نىڭ قولىدا ياسالغان تۈرلۈك ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قاشتېشى،
ساپال فارفۇر بۇيۇملار تىزىلغانىدى. تاملارغا ئېسىپ قويۇلغان
يولۋاس، شىر، ئېيىق، قاپلان، يىلپىز تېرىلىرى شاھرۇخ مىرزى ـ
نىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. سارايىنىڭ تۆر تەرىپىگە
ئىنتايىن نەپىس توقۇلغان مەرۇزا[1] بىلەن ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ـ
نىڭ رەسىمى ئېسىپ قويۇلغانىدى. پاراسەتلىك رەسسام بۇ بۈيۈك
ئىستېلاچىنىڭ سىماسىنى ياراتقاندا ئۇنىڭ جىسمانىي ئەيىبىنى
ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇپ، ئاقسايدىغان قىسقا پۇتىنى بىر تال
تاشقا دەسسەپ تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر سېلىۋاتقاندەك قىياپەتتە
سىزغان بولۇپ، قارىماققا ئەمىر تۆمۈر ھاياتتەك، شاھنىشىنغا
سوغۇق نەزەر تاشلاپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئالتۇن تەختتە
ئۆزىگە ھۆكۈمدارلارغا خاس سالاپەت بېرىشكە تىرىشىپ ئولتۇرغان
شاھرۇخخان قېرىپ، بىرئاز مۈكچىيىپ قالغان بولۇپ، ئۇچىسى ـ
دىكى ھەرخىل رەڭدىكى دۇر، جاۋاھىراتلاردىن كۆز قويۇلغان ئال ـ
تۇن كەمەر باغلىۋالغان شاھانە تونى ئورۇقلاپ، بىرئاز ۋىجىكلەپ
قالغاندەك كۆرۈنىدىغان گەۋدىسىگە سەل چوڭ كېلىپ قالغانىدى.
شاھرۇخخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خانىش گۆھەرشاد بېگىم بەكمۇ
تەكەببۇر كۆرۈنەتتى. قۇلاق، بويۇن، بىلەك، بارماقلىرىغا ۋە كى ـ
يىم ـ كېچەكلىرىگە ئاسقان تۈرلۈك ئالتۇن، گۆھەر، لەئىل،
ئۈنچە ـ مەرۋايىت بېزەكلەرنىڭ تولىلىقىدىن قارىغان كىشىنىڭ
كۆزى ئالچەكمەن بولۇپ كېتەتتى. تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرۇشقان
ئەمىرلەر ۋاقىتسىز شاھنىشىنغا چاقىرتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بى ـ
لىشكە تىرىشىپ، كۆزلىرىنى شاھرۇخخاننىڭ قېرىلىق داغلىرى
روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان سارغۇچ چىرايىغا تىكىشكەنىدى.

① مەرۇزا ـــ شېئىر ياكى قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈرۈپ توقۇلغان گىلەم.

توققۇز پايىلىك شاھسۇپىنىڭ ئالدىدا شاھرۇخخاننىڭ سۆيۈملۈك ئىككى نەۋرىسى ــ خانزادە ئابدۇللەتىپخان بىلەن خانزادە ئالائۇددەۋلە قول باغلاشقىنىچە ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ موغۇلىستان خانى مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ خانزادىسى يۇنۇسخان قول باغلىغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى. چوڭى ئوتتۇز ياشلارنىڭ، كىچىكى يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ يىگىتلەرنىڭ بوي ـ بەستى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. بۇلارنى بۇندىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن شاھرۇخخان ھىراتتىكى مەشھۇر ئالىم، تارىخچى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىگە شاگىرتلىققا بەرگەن بولۇپ، ھەمساۋاقلاردىن ئىدى. مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۈچ ئاي بولۇپ قالاي دېگەن بۈگۈنكى كۈندە خاننىڭ نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز ھۇزۇرىغا چاقىرتقانلىقىنى بىلمىگەن يىگىتلەرنىڭ كاللىسىدا تۈرلۈك ـ تۈمەن خىياللار ئەگىيتتى.

شاھرۇخخان كالتە يۆتىلىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازى غاز ـ غۇژ ھەم زەئىپ چىقاتتى.

ــ جانابى پەرزەنتلەرنى چاقىرتىشىمدىكى مۇددىئايىم شۇلكى، ئۇستاز مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ھەزرەتلىرى جانابى ھەقنىڭ دەرگاھىغا كەتكىنىگىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. بۇندىن ئون ئىككى يىل مۇقەددەم سىلەرنى ئۇل ئىلىم ھۆددىسى[1]نىڭ دەرگاھىغا ھەم ئالىم، ھەم ئامىل[2]، يەنى ئىنسانىي كامىللىق دەرىجىسىگە يېتىپ پەزىلەت ئۆگەنسۇن دېگەن مۇددىئا بىلەن ئىبەرگەن ئىدۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇل جەنىنەتماكان ئۇستازنىڭ تەربىيەسىدە ئىلىم ـ پەزىلەت ئۆگىنىپ، گەرچە ئىنسانىي كامىللىق دەرىجىسىگە يەتمىسەڭلەرمۇ ئاز ـ تولا ئەقىل ئۆگەندىڭلار، تەربىيە ئەقىلنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىسىدۇر. ئەلۋەتتە

① ئىلىم ھۆددىسى ــ ئىلىمگە ھۆددىگەرلىك قىلغۇچى.
② ئامىل ــ ئەمەل قىلغۇچى.

ئۇل ئىلىم ھۆددىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئەقىل بۇلىقىڭلار ئېچىلـ
ـدى، ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ ياماننى ئايرىيالىغۇدەك، ئەل ـ رەـ
ئىيەتنىڭ غېمىنى يەپ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئەدلى ـ ئادالەت
بىلەن بىر تەرەپ قىلالىغۇدەك بولدۇڭلار. مەن بولسام قېرىدىم،
جانابى ھەققە ئامانەتنى تاپشۇرىدىغان ۋاقتلىرىم يېقىنلىشىپ
قالدى، چۈنكى، ئىنساننىڭ ھاياتى بىر دەملىك ۋاقتنىڭ ئىلكىدە
تۇرىدۇ. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە بارلىق يوقلۇققا ئورۇن بېرىدـ
ـدۇ. دۇنيا ئەزەل ـ ئەزەلدىن ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئىزىنى پەرزەنتلەر
بېسىش بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەلگەندۇر. ئۇشبۇ ۋەجىدىن كۆزۈمنىڭ
ئوچۇق ۋاقتىدا سىزلەركىم جىگەرلىرىمنىڭ سەلتەنەت ئىشلىردـ
ـغا ئارىلىشىپ، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتقىنىڭلارنى كۆرسەم
دېگەن ئۈمىدتىمەن. كىشى سۇغا كىرمەي تۇرۇپ دەريانىڭ چوڭـ
ـقۇرلۇقىنى، قايىنام ـ ئېقىنلىرىنىڭ ھەيۋىتىنى بىلمەس، سىزـ
ـلەرنى ئۆزۈم بىلىپ بىرقانچە مەنسەپكە تەيىن ئەتتىم. چوڭ ـ
كىچىك، يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىپ يۈرمەي، ئۇل مەنسەپلەرنىڭ
ھۆددىسىدىن چىققايسىزلەر.

شاھرۇخخان گېپىنى توختىتىپ، بىر چەتتە ئۆرە تۇرغان مۆھۈردارى — ئوردا پەرمانچىسىغا قاراپ قويدى، خاننىڭ مەقسەتىنى چۈشەنگەن مۆھۈردار بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ گېپىنى قىردى:

— خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزا، خانزادە ئالائۇددەۋلە مىرزا ھەمدە يۇنۇسبەگ يارلىق تاپشۇرۇپ ئالغاي!

ئۈچ يىگىت «خوش» دېگىنىچە بېشىنى تېخىمۇ بەكرەك ئەگدى.

— بۈيۈك خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر ۋە پەرغانە تەسەررۇپىنىڭ
يېگانە پاسىبانى خاقانى سەييىد شاھرۇخخان ئالىيلىرىدىن پەرـ
ـمان: خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزىغا ئەمىرلىك مەرتىۋىسى بېرىدـ
ـلىپ، نائىب خانلىققا تەيىن ئېتىلگەي. خانزادە ئالائۇددەۋلە مىرـ
ـزىغا ئەمىرلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، ئىختىيارىدىن قەلئەسىنىڭ
ھاكىملىقىغا تەيىن ئېتىلگەي، موغۇلىستان خانزادىسى يۇنۇسـ

بەگكە ئىچكىلىك مەرتىۋىسى بېرىلىپ، خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزىغا كۆكۈلداش[1] بولغاي!

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا مىڭلارچە تەسەننا!

ئۈچ يىگىت قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئالغىنىچە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

چىرايىدا ئالەمچە خۇشاللىق جىلۋە قىلغان خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزا بېشىنى كۆتۈرۈپ، تەختنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مومىسى گۆھەرشاد بېگىمگە قاراپ يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى. باياتىن بېرى سوغۇق نەزەر تاشلاپ ئولتۇرغان گۆھەرشاد بېگىم نەۋرىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ سۈس كۈلۈمسىرىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ تېخى جەزبىسىنى يوقاتمىغان قارا كۆزلىرىدە رازىمەنلىك نۇرلىرى بالقىيتتى. ئۇ يەنە بىر نەۋرىسىگە، يارلىقنى ئاڭلاپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن خانزادە ئالائۇددەۋلە مىرزىغا قاراپمۇ قويمىدى.

ھەئە، ھىرات تەختگاھى ئەسلىدە خانزادە ئالائۇددەۋلەنىڭ نېسىۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نائىب خانلىق مەرتىۋىسى خېلى بۇرۇنلا مۇقىملىشىپ بولغانىدى. چۈنكى، شاھرۇخ مىرزا ئۆز ۋاقتىدا چوڭ ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگكە ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى بېرىپ سەمەرقەنتكە نائىب خان قىلىپ ئەۋەتكەن ۋاقتىدا يەنە بىر ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزىغا تەسەللى بېرىپ، نەۋرىسى ئالائۇددەۋلەگە ھىرات تەختگاھىنى بېرىشنى ۋەدە قىلغان ۋە بۇ مۇددىئاسىنى ئوردىدا جاكارلىۋەتكەنىدى. چۈنكى، خانزادە ئابدۇللەتىپ خان ھامان بىر كۈنى دادىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئورنىغا نائىب خان بولۇپ، ماۋەرائۇننەھر تەختىدە ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن چوڭ خانىش گۆھەرشاد بېگىمنىڭمۇ ئەلۋەتتە خەۋىرى بار ئىدى. بىراق بۈيۈك ئىستىلاچى ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شاھرۇخ مىرزا ئاتا سەلتەنەتىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە چىققىنى ھامان خانىشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن گۆھەرشاد بېگىم ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىششقا باشلىدى. شاھرۇخ مىرزا ئۇنى چەكلەپمۇ

---

[1] كۆكۈلداش ــ خاس مەسلىھەتچى.

باقتى، بىراق گۆھەرشاد بېگىم گاھى بېشەملىك بىلەن غەلۋە قىلسا، گاھى ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، شاھرۇخ مىرزىنى دېگەن يېرىگە كەلتۈرەتتى. بۇنىڭغا نارازى بول ـ غان بىر قىسىم ئەمىرلەر شاھرۇخ مىرزىنىڭ قىلغىنى ھېساب، گۆھەرشاد بېگىمنىڭ دېگىنى ھېساب، دەپ گەپ تېپىۋالغانىدى. نامدا شاھرۇخ مىرزا خاقان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىشلار گۆھەرشاد بېگىمنىڭ دېگىنىدەك بولاتتى. ماۋەرائۇننەھىر سەلتەنەتىنى ئوچچە سوراۋاتقان ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ ھىراتتا تۇرۇپ چۈشۈرگەن بۇيرۇقىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى، شۇ سەۋەبلىك گۆھەرشاد بېگىم مىرزا ئۇ ـ لۇغبەگنى يامان كۆرەتتى. ئوغلىغا بولغان ئاداۋەت سەۋەبىدىن نەۋرىسى ئابدۇللەتىپ مىرزىنىمۇ ئانچە ياقتۇرمايتتى، شۇڭا شاھ ـ رۇخ خاننىڭ نەۋرە خانزادىسى ئالائۇددەۋلەگە ھىرات تەختگاھىنى ۋەدە قىلغان ۋاقتىدا گۆھەرشاد بېگىم قارشى پىكىردە بولمىغان ـ دى. كېيىن ئۈچىنچى ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزىغا بولغان كىچىك ـ كىنە كۆڭۈل ئاغرىقى سەۋەبىدىن غوۋغا كۆتۈرۈپ، سۆيۈملۈك نەۋرىسى ئالائۇددەۋلەنى چەتكە قېقىشقا، يامانلاشقا باشلىدى ـ دە، نائىب خاننىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش قەستىگە چۈشۈپ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە بولغان ئاداۋىتى سەۋەبىدىن خېلىدىن بېرى ئانچە كا ـ رى بولماي كەلگەن نەۋرىسى ئابدۇللەتىپ مىرزىغا بىردىنلا مېھ ـ رىبانلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئاخىرقى ھېسابتا گۆھەرشاد بېگىم دېگىنىنى قىلىپ، خانزادە ئالائۇددەۋلەنىڭ ئورنىغا خانزادە ئابدۇللەتىپنى ھىراتنىڭ نائىب خانلىقىغا تەيىنلەتكۈزگەنىدى.

گۆھەرشاد بېگىمنىڭ ھاكاۋۇر، خۇيلۇق، كېپىنىڭ تۇتامى يوق، باغرى قاتتىق، ئۆز بېشىمچى ئايال ئىكەنلىكى، ھېلى ئو ـ غۇللىرى ئوتتۇرىسىدا، ھېلى ئوغۇللىرى بىلەن شاھرۇخ مىرزا ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت پەيدا قىلىپ يۈرۈيدىغانلىقى، شۇنداقلا ياشى ـ نىپ، كېسەلمەن بولۇپ قالغان شاھرۇخ مىرزىنىڭ بۇ ئايالىغا زىيادە يول قويىدىغانلىقى بارلىق ئەمىرلەرگە ئايان ئىدى. شۇ سە ـ

www.uyghurkitap.com

ۋەبتىن ئەمىرلەر ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قېلىشتىن، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن خۇددى يولۋاستىن ھەزەر ئەيلىگەندەك ھەزەر ئەيلەيتتى. شۇڭا ھازىر سەۋەبسىزلا نائىب خاننىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىغا كۆڭلىدە نارازىلىق بولسىمۇ، ھېچكىم چىش يېرىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالماي جىم تۇرۇشتى.

— خەزىنەم بار، مەرتىۋەم بار، گېپىم، ھۆكۈمۈم ھەممە يەردە ئۆتىدۇ، دەپ زىنھار مەغرۇرلانمىغايسىزلەر، — دېدى شاھرۇخخان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئىنسان ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ بەندىسى بولسىمۇ، لېكىن پانىيدىكى مەرتىۋىلىرى ئوخشاش ئەمەستۇر. ئەمما مەنسەپ ـ مەرتىۋىمىزنى پەش قىلىپ زىنھار كېرىلگۈلۈك ئەمەس، چۈنكى، كېرىلىش كىبىر پەيدا قىلۇر، كىبىر كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھدۇر. چۈنكى، ئۆلۈم دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمىزدە يەنىلا باراۋەر بولىمىز، بۇ بەش كۈنلۈك سەلتەنەت مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر. كىمدە كىم بۇ بەش كۈنلۈك دۇنيادا زىيادە مەرتىۋە ـ مەنسەپكە كۆڭۈل بېرىپ، مال ـ دۇنيا، ئەيش ـ ئىشرەت ۋەسۋەسىسىدە ئۆزىنى ئامۇخاسىنىڭ ئاھۇ زارى بىلەن ئۆرتىسە، ئەدلى ـ ئادالەتنى پايخان قىلسا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ زۇلۇملىرى بىلەن جاھاننى ئۆرتەيدۇ. كىشىنىڭ مەرتىۋە ـ مەنسىپى مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ئۆزىگە ئەدلى ـ ئادالەتنى ھەمراھ قىلسا، بىتەھقىقكى سەككىز جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغان بولىدۇ، يۈزىگە جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، چۈنكى، بىر كۈنلۈك ئەدلى ـ ئادالەت ئاتمىش يىللىق ئىبادەتكە باراۋەردۇر. ئىنسان شۇنداق ياشىمىقى كېرەككى، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر خەير بىلەن ياد ئېتىدىغان، كەينىدىن لەنەتلىمەيدىغان بولسۇن...

شۇ تاپتا شاھرۇخخان بۇ گەپلەر ئارقىلىق نەۋرىسى ئابدۇللەتىپ مىرزىغا نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ كومشا تارتىپ تۇرغان نەۋرىسى ئالائۇددەۋلە مىرزىنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ــ بابائى بۇزرۇك ئالىيلىرىنىڭ كالامىنى يادىمدا ساقلاي-
مەن، ــ دېدى خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزا خۇشخۇيلۇق بىلەن.

ئەمما خانزادە ئالائۇددەۋلە زوۋان سۈرمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاتتىق نارازى بولغانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ قالغانىدى. خانىش گۆھەرشاد بېگىم ئۇنىڭغا قاراپ ئاداۋەت بىلەن بىرنى ئالايغاندىن كېيىن، تۇمشۇقىنى سوزۇپ تەتۈر قارىۋالدى. نەۋرىسىنىڭ رەنجىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن شاھرۇخ مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى خىجىللىق چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ كۆزىنى نەۋرىسى ئالائۇددەۋلەدىن ئېلىپ قېچىپ، ئوردا ئىشىكئاغىسىغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

ــ ئىش ـ كۈش بولسا دەڭلار، بولمىسا يېنىڭلار، ــ دېدى خاننىڭ مەجلىسنى ئاخىرلاشتۇرۇش مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئوردا ئىشىكئاغىسى.

ــ شاپائەتلىك قىبلىگاھىمغا ئىككى ئېغىز ئەرزىم بار ئىدى، ــ دېدى يۇنۇسخان بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ.

ــ ئىجازەت! ــ دېدى شاھرۇخخان.

ــ كەمىنە مۇلازىملىرى جاھان ئادالىتىنىڭ نۇرى تۆكۈلگەن ئۇشبۇ دەرگاھقا قەدەم كەلتۈرگەندىن بېرى جانابى قىبلىگاھىمنىڭ ئاتىلارچە مېھرىبانلىقىنىڭ سايىسىدا جەننەتماكان ئۇستازىم مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ھەزرەتلىرىنىڭ تەربىيەسىگە مۇشەررەپ بولۇپ، ئەقلۇ قانۇن[1] ئۆگەنگەن بولسامۇ، تېخى بىلگەنلىرىم مۇكەممەل ئەمەستۇر. ئۇشبۇ بائىستىن ئالەمپاناھ خان ئالىيلىرىنىڭ كەمىنە كەم ئەقىل مۇلازىمىنىڭ يەنە بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا ئىجازەت بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

شاھرۇخخان قاپىقىنى تۈردى.

ــ پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلماقچىمۇسىز؟

ــ يوقسۇ، ــ دېدى يۇنۇسخان بىردىنلا جىددىيلىشىپ، ــ ھەددىم ئەمەس. بىراق كەمىنەلىرى تېخى ياش، ئىچكىيلىك مەر-

① ئەقلۇ قانۇن ــ ئىلىم ـ پەننىڭ يىغىندىسى.

تىۋىسىگە لاياقىتىم يوقتۇر، شۇنداقلا كۆڭۈلداشلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىمغىمۇ ئىشەنچىم يوقتۇر. شۇڭا كىچىككىنە بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسام مۇبارەك نەزەرلىرىدىن چۈشۈپ ئاسىي بولۇپ كەتمەي دېدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانھەزرىتىمنىڭ دەرگاھىدا قەلەم ۋە ئەلەم ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەن پازىللار كۆپتۇر. پۇختا ئىلىم ئىزدەپ، ھەر جەھەتتىن ئۆزۈمنى تاكامۇللاشتۇرمايلا خىزمەتكە مەشغۇل بولسام ئۇلار ئالدىدىمۇ زىنھار ئىززەت ـ ئېتىبارىم بولماس.

يۇنۇسخاننىڭ ئون ئىككى يىل ھەمساۋاق بولغان بەتقىلىق، ھاياسىز، ھاكاۋۇر، مەمەدان خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزا بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھە دېسە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى پەش قىلىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلىقى، كۆڭلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە جاھاننى سورايدىغان خانۇخاقان بولىدىغانلىقى ھەققىدە لاپ ئۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇستازى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنى ھۆرمەت قىلماي، بەرگەن ساۋاقلىرىغا كۆڭۈل قويماي، يالغان سۆزلەپ، ساۋاق ئېلىشتىن قېچىپ يۈرۈشلىرىنى ياراتمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن شىراز، باغداد قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردىكى ئىلىم دەرگاھلىرىغا بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارزۇسى بار ئىدى.

شاھرۇخخان نەۋرىسى ئابدۇللەتىپ مىرزىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئون ئىككى يىل ھەمساۋاق بولۇپمۇ نەۋرىسىگە يۇنۇسخاننىڭ ئازراقمۇ بولسا پەزىلىتى يۇقمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. ئۇنىڭ يۇنۇسخاننى ئابدۇللەتىپ مىرزىغا كۆڭۈلداش قىلىپ قويۇشىدىمۇ، يەنىلا بۇ نەۋرىسىگە يۇنۇسخاننىڭ پەزىلىتى ئاز ـ تولا يۇقۇپ قېلىشىنى تەمە قىلغانىدى. ئۇ يۇنۇسخاننىڭ ئورۇنلۇق سەۋەبلىرى ئالدىدا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— خالىمىسا زورلاش بىھاجەت، — دېدى خانىش گۆھەرشاد بېگىم يۇنۇسخاننى ياراتمىغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، —

ئەسلىدىمۇ ئۇل سەھرالىق موغۇللىنىڭ پۇشتىنى خانزادەمگە كۆ-
ڭۈلداش بولۇشقا لايىق كۆرمىگەنمەن.

يۇنۇسخان گەدىنىگىچە قىزاردى، لېۋىنى قاتتىق چىشلىگە-
نىچە بېشىنى تېخىمۇ بەك ئەگدى.

ــ ئىجازەت، تارقالسۇنلار! ــ دېدى شاھرۇخخان.

بۇ ئۇنىڭ يۇنۇسخاننىڭ ئىلتىماسىغىمۇ، ئوردىدىن ئەمىر-
لەرنىڭ يېنىشىغىمۇ ئىجازەت بەرگىنى ئىدى.

※ ※ ※

ئوردىدىن يېنىپ چىققان يۇنۇسخان قۇشتەك يەڭگىللەپ
قالدى. ھىرات شەھىرىدىكى ئۇستازى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى
قەسرىگە يېقىن مەھەللىدىن ئىجارە ئالغان خىلۋەت كۇلبىسى
تەرەپكە كېتىۋېتىپ چوڭقۇر خىياللارغا ئەسىر بولدى. ئۇستازى
شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پۇرسەت تېپىپ
شاھرۇخخاندىن ئىجازەت ئېلىپ باغداد، شىراز قاتارلىق شەھەر-
لەرگە بېرىپ داۋاملىق ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇش
ياكى يىراق تۈركىستانغا بېرىپ ئايرىلغىلى ئون ئىككى يىل بول-
غان مېھرىبان ئانىسىنى يوقلاش خىيالى ئۇنى يېقىندىن بېرى
قىيناپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكىنى بەكلا
سېغىنغانىدى. ھەر قېتىم ئانىسىنى ئېسىگە ئالغىنىدا تۈركىس-
تانغا قۇشتەك ئۇچۇپ بارغۇسى، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئات-
قۇسى كېلەتتى. لېكىن بوۋىسى ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرسە، تۈركىستانغا بېرىش نىيىتىدىن يالتىيىپ قالات-
تى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەمەرقەنتكە كېلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە تۇتقۇن
بولۇشىنى، تۇرپاندىن ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ زور ئۈمىد -
ئىشەنچ بىلەن ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ئۈچ مىڭغا يېقىن
گۇناھسىز قېرىنداشلىرىنىڭ سەمەرقەنتتە مىرانشاھ دورغا تەرد-
پىدىن قىرىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ كېتىشىنى ئاشۇ بوۋىسىدىن

كۆرەتتى. بوۋام تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ بېرىشىمغا قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ يېنىدا ئېلىپ قالغان بولسا، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مېنى دوغا تىكىپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتمىگەن بولسا، بۇنداق پاجىئە يۈز بەرمەيتتى. مەنمۇ يېتىملىكنىڭ، سەرسانلىقنىڭ ئازابىنى تارتمىغان بولاتتىم. موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولغا ئېلىشنىڭ باشقا بىر ئامالى تېپىلىپ قالاتتى، دەپ ئويلايتتى. ھەئە، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، كۆڭلىنىڭ بىرىدە موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولغا ئېلىپ، تەختتە ئولتۇرۇش ئارزۇسى ھېلىمۇ بار ئىدى. لېكىن بۇ ئارزۇسىنى قۇرۇق خىيالغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بوۋىسى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۇنى تەختنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتكىنى بىلەن، ئىلكىدىكى لەشكىرىي كۈچنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ھىراتقا كەلگەندىن كېيىن بۇ خىياللىرىنى ۋاقىتىنچە ئۇنتۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ ئاشۇ چاغدا مىرزا ئۇلۇغبەگدىن تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئېلىپ بېرىش توغرۇلۇق ئالغان ۋەدىسىنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا، گۆدەكلىك قىلغانلىقىدىن خىجىل بولاتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگكە باغلىغان ئۈمىدىنى ئاللىقاچان ئۈزگەنىدى، ھازىرمۇ شۇ ئىش يادىدىن كېچىپ خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

«شۇ چاغدا ئەجەبمۇ گۆدەكلىك قىلغان ئىكەنمەن. مەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نېمىسى ئىدىم؟ ئەقىلسىزلىقىمدىن ئاتا مىراس تەختگاھىمنى ئېلىشنى شۇنچە ئاسان چاغلىغان ئىكەنمەن، ئاللاھ خالىسا، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ياردىمىسىزمۇ بۇ ئىشنى چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان يوچۇن ئىككى ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز لوڭڭىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشى خىيالغا ئەسىر بولغان يۇنۇسخاننى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئۇ ناتونۇش كىشىلەرگە گۇمان بىلەن قاراپ.

كەكە ساقال كىشى ئېھتىرام بىلەن سورىدى:

— ئۆزلىرى يۇنۇسخان بولامدىلا؟

— شۇنداق، — دېدى يۇنۇسخان.

— خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر تاپتۇق، — دېدى يەنە بىر كوسا چىراي كىشى ۋە دەرھال قول باغلاپ ھۆرمەت بىلدۈردى، — كەمىنە مۇلازىملىرىدىن خانزادە ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي.

يۇنۇسخان ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان بۇ ھۆرمەت سۆزىنى ئاڭلاپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ھىراتقا كەلگەن ئون ئىككى يىلدىن بېرى ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق ئېھتىرام بىلدۈرۈپ باقمىغانىدى.

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟ — دېدى ئۇ يوچۇن ئىككى كىشىگە قاراپ.

— كەمىنەلىرى تۇرپاندىن كەلدىم، — دېدى كوسا چىراي كىشى، — خانزادە ئالىيلىرىغا تاپشۇرىدىغان مۇھىم بىر مەكتۇپ بار.

— كەمىنەلىرى تۈركىستاندىن كەلدىم. ۋالىدەلىرى دۆلەت سۇلتان مەلىكە سالام ئېيتتى، — دېدى كەكە ساقال كىشى.

كوسا چىراي كىشىنى تۇرپان شەھىرىنىڭ ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ يۇنۇسخاننى ئىزدەپ تېپىشقا ئەۋەتكەنىدى. كەكە ساقال كىشى بولسا تۈركىستاندىن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى.

ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىغا گۈررىدە بىر ئىللىق سېزىم تارىدى. ئانىسىنىڭ، سىڭىللىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇسى بولسىمۇ، ئىشىك ئالدىدا گەپ سوراشنى بىئەپ كۆردى.

— قېنى، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ.

مېھمانلار يۇنۇسخاننى داستىخان سالغىلى قويمىدى. ھىراتقا

ئىزدەپ كېلىشتىكى مۇددىئالىرىنى بىلدۈرۈپ، قويۇنلىرىدىكى مەكتۇپنى ئېلىپ ئۇزاتتى.

يۇنۇسخان ئاۋۋال ئانىسىنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئوقۇدى، خەتنى ئوقۇپ بولغىچە كىرپىكلىرى نەملەشتى.

*«... كۆزۈمنىڭ ئاقۇ ھەم قارىسى، يۈرەك پارەم، جىگىرىم، ئارزۇ ـ ئارمانىم سالامەت تۇردىلىمۇ؟ بىر يىلدىن بېرى خەت ـ خەۋەرلىرىنى ئالالماي بەكمۇ ئەندىشە قىلدىم. بىزدىن ئەنسىرىمىسۇنلار. خۇداغا شۈكۈر، بىز تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتىمىز. ئۆتكەن يىلى كۈزدە كىچىك سىڭلىلىرى بىبى ئالتۇنخېنىمنى ياتلىق قىلدۇق، كۈيۈسى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالدى. چوڭ سىڭلىلىرى بۇ قېتىم پاقالاندەك بىر ئوغۇل يەڭگىدى. ئۇنى كۆرسەك ئۆزلەنى كۆرگەندەك بولايلى دەپ ئىسمىنى يۇنۇسخان قويدۇق.*

*مەقسەتكە كەلسەم، تۇرپان تەختگاھىدىكى بىر قىسىم ساداقەتمەن ئەمىرلەرنىڭ ئىنىلىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن كۆڭلى قالغان چېغى، ئۇلار ئۆزلەنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ خۇپىيانە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. تەپسىلاتىنى ئۆزىدىن سوراپ، ئەۋەتكەن مەكتۇپىدىن ئوقۇپ بىلىۋالغايلا. دېمەكچىمەنكى، قانداق قىلىشنى، تۇرپانغا بېرىش ـ بارماسلىقنى ئۆزلىرى قارار قىلسىلا، مەن ئۆزلەنى بارسىلا، بارمىسىلا دېمەيمەن، ھەر ھالدا ئەقىل بىلەن ھۆكۈم چىقارغايلا. پەقەت شۇنى تەكىتلەيمەنكى، جەننەتماكان پەدەرلىرىنىڭ تەختگاھىنى قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. بۇ نىيەت ـ مۇددىئالىرىغا يېتىشكە ئاللاھ ئىگەم ئۆزى مەدەتكار بولغاي. ئول شاھرۇخخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىدا قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا؟ تەقىبىدىن ئازاد قىلىپ، ئەرك بېرىش خىيالى باردەكمۇ؟ ئالدىنقى قېتىملىق مەكتۇپلىرىدا ئىجازەت سورايمەن دېگەن ئىكەنلا، ئىجازەت سورىدىلىمۇ؟*

*ئۆزلەنى بەكمۇ سېغىنىدىم.*
*قۇدرەتلىك تەڭرىمدىن كېچە ـ كۈندۈز سالامەت بو-*
*لۇشلىرىنى تىلەپ تۇرغۇچى ۋالىدەلىرىدىن دەپ بىلۇرلا.*
*نامە تامام ۋەسسالام.»*

ئاندىن مىركەرىمبەردى بەگنىڭ خېتىنى ئوقۇغان يۇنۇسخاننىڭ كاللىسىنى زىددىيەتلىك خىياللار چۇلغىۋالدى. ئۇ خېتىدە يۇنۇسخاندىن خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان دەرھال تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىشنى ئۆتۈنگەن، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تۇمۇربۇقا بەگنىڭ كەينىگە كىرىپ، سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقى، ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئۇنىڭدىن قاتتىق رايى قايتقانلىقى، يۇنۇسخان تۇرپانغا كېلىشى ھامان ئوردىدا ئۆزگىرىش قىلىپ ئىسان بۇغاخاننىڭ خانلىقىنى بىكار قىلىپ، ئورنىغا يۇنۇسخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلغانىدى.

يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا تۇرپانغا بېرىپ دادىسىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئارزۇسى چىرمىۋالدى. بابا شاھرۇخخاننىڭ ئوردىسىدا خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزىنى نائىب خانلىققا تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى يارلىق جاكارلانغاندا ئۆزىنىڭ بۇندىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقى ئېسىگە كېلىپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتكەن، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كۆمۈلۈپ قالغان موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرۇش ئارزۇسى قايتىدىن باش كۆتۈرگەنىدى. مانا، كۈتمىگەن يەردىن موغۇلىستان ئەمىرلىرى ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. خۇدانىڭ رەھمى كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ تۇرپاندىكى ئۇ ئەمىرلەر ئۇنى راستتىنلا تەختتە ئولتۇرغۇزالارمۇ؟ ئىنىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ خانلىق مەرتىۋىسىنى بىكار قىلالارمۇ؟ ئەجەب ئۇنى تەكلىپ قىلغان ئەمىرلەرنىڭ تىزىملىكىدە سەيىدئەلى ئالپىنىڭ ئىسمى يوققۇ؟

سەييىدئەلى ئالپ نىمە بولغاندۇ؟ ئۇ يۇنۇسخاننى قوللارمۇ ياكى يەنىلا ئىسان بۇغاخاننى قوللارمۇ؟ ئىسان بۇغاخاننى ئالىقىنىغا ئېلىۋېلىپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا چات كىرىۋالغان تۆمۈربۇقا بەگ دېگەن كىمدۇ؟ بۇ ئەمىر راستىنلا سەييىدئەلى ئالپتىنمۇ قۇدرەتلىكمىدۇ؟ موغۇلىستان ئوردىسىدا سەييىدئەلى ئالپقا قارشى چىقالىغۇدەك ئەمىر يوق ئىدىغۇ؟ ياكى بۇ ئىسان بۇغاخاننىڭ سۇيىقەستىمىدۇ؟ يۇنۇسخاندىن خاتىرجەم بولالماي ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئالداپ تۇرپانغا ئەپكېلىپ نەزەربەند قىلىشنى ئويلاشقانمىدۇ؟

توختا، بۇ ئىشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى جان ـ دىلى بىلەن قوللىغان ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۆركمەنلەرمۇ قولىدا بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەرلىرى تۇرۇپ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان، ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشقا ئامالسىز قالغان تۇرسا، ھازىر قولىدا بىرمۇ نۆكىرى يوق ھالەتتە تۇرپانغا بارسا قانچىلىك ئىش تەۋرەتكىلى بولۇر؟ ئۇنى تەكلىپ قىلغان ئۇ ئەمىرلەرنىڭ ئوردىدا قانچىلىك كۈچ ـ ھوقۇقى، تەسىرى بار، بۇنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئىش قاملاشماي قالسا سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلغان، خانغا سۇيىقەست قىلماقچى بولغان دېگەندەك گۇناھلار بىلەن جازالىنىدىغان گەپ. كاللىسى كەتمەسىمۇ ئۆمۈرلۈك مەھبۇسقا ئايلىنىدۇ، ئول چاغدا قايتا باش كۆتۈرۈشكە پەقەتلا پۇرسەت قالمايدۇ، بۇنداق چوڭ ئىشتا ئالدىراقسانلىق، بىپەرۋالىق، كالتە پەملىك قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئىنسان ئالدىراقسان، بىپەرۋا ھالەتتە مەقسەت مەنزىلىگە قەدەم باسسا ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. توغرا، بۇ ھېكمەتنى ئۇنىڭغا مەرھۇم جەننەتماكان ئۇستازى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ئېيتقان...

— بىز يانغاچ تۇرايلى، خانزادە ئالىيلىرى ئوبدان ئويلىشىۋالسۇنلار، ئەتە كېلىپ جاۋابىنى ئالۇرمىز.

كوسا چىراي كىشىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن يۇنۇسخاننىڭ خىياللىرى بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە چەكسىز ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرغان ئىككى مېھمانغا يالت ئېتىپ قارىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن كۈچلۈك تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى. يۇنۇسخان «ھە»لا دېسە، ئۇنى ھازىرلا ئېلىپ ماڭىدىغاندەك قىلاتتى. يۇنۇس-خان يەنە تەۋرىنىپ قالدى، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنى دەرھال تۇرپانغا بېرىشقا ئالدىرىتاتتى، يەنە بىر يەرلىرى ھاي، قاراملىق قىلما، ياخشى ئويلان دەۋاتاتتى. بابا خۇراسان ھۆكۈمدارى شاھرۇخ مىرزا ئۇنىڭغا مۇجمەللا ئىجازەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قولىدا رەسمىي ئىجازەت يارلىقى يوق ئىدى، شۇڭا ھىراتتىن خالىغانچە ئايرىلالمايتتى.

«شاھرۇخخان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت يارلىقى ئالغىلى بو-لۇرمۇ؟ نەۋرىسى خانزادە ئابدۇللەتىپخانغا كۆڭۈلداش بولۇشنى رەت قىلغانلىقىدىن شاھرۇخخان رەنجىگەنمىدۇ؟ بايىقى چىراي ئىپادى-سىگە قاراپ بۇنى مۆلچەرلىمەك تەس. شاھرۇخخان ئالىيلىرى تو-لىمۇ باغرى يۇمشاق ئادەم، ناۋادا گۆھەرشاد بېگىم بىر تەتۈر چۆرگىلەيدىغان بولسا، شاھرۇخخان ئۇنىڭغا ئىجازەت يارلىقى بې-رىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەجبۇرلاشتىن يانمايدۇ. ئاھ، جاھاندا ئەر-كىنلىكتىنمۇ ئۇلۇغ نەرسە بارمىدۇ؟ موغۇلىستان تەختگاھى راستتىنلا مېنى كۈتۈپ تۇرغانمىدۇ؟ ئانام خېتىدە ئىختىيارنى نېمىشقا ئۆزۈمگە قويغاندۇ؟ بابائى بۇزرۇك ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ھەزرەتلىرى ئىلكىدىكى تۇركىستان لەشكەرلىرىنى ماڭا بېرىپ تۇرارمۇ؟ نېمىشقا بۇ ھەقتە ئېنىق ئۇچۇر بەرمىگەندۇ؟ ئول موغۇ-لىستان ئەمىرلىرى مەن ئۈچۈن راستتىنلا جانپىدالىق كۆرسىتە-لەرمۇ؟ ھە، توغرا، ئۇلار ئىنىم سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن رەنجى-گەنلىكى، ئوردىدا يېتەرلىك ئەزىزلەشكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈ-چۈن خاننى بىكار قىلىش نىيىتىگە كېلىپ ماڭا ھاجەت بولغان، مەن ئارقىلىق ئىنىم ئىسان بۇغاخانغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان،

ئۇلارنىڭ بۇ مۇددىئاسىدا ھەقىقەتتىن كۆرە زوروۋرىيەت كۆپتۇر. ھەقىقەت ئۇستىگە قۇرۇلمىغان مۇددىئانىڭ ئۇلى بوش، لېيى خام بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق مۇددىئالار ئۇچۇن قەھرىمانلىق كۆرسىتىش بىھاجەت. گەرچە قەھرىمانلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت بولسىمۇ، ئۇنى ئەقىل بىلەن جۇلالاندۇرۇش كېرەك. خېيىم ـ خەتەرگە قارىغۇلارچە تەۋەككۈل قىلىغاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشمۇ، ئەقىل بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشمۇ غەيۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ...»

— ئالدىراشمىسىلا، جاۋابىنى ھازىرلا بېرەي، — دېدى بىر قارارغا كەلگەن يۇنۇسخان، — مەن شاھرۇخخان ئالىيلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئادەممەن، ئىجازەتسىز ھېچيەرگە بارالماسمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە موغۇلىستان تەختگاھىنى بىرنەچچە ئەمىرلەر بىلەن كۆ-تۈرۈلۈپ چىقىپ سويۇپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. چۇنكى، ئەل ـ رەئىيەتنىڭ نەزەرىدە بىزگە ئىنى قېرىنداش بولمىش ئىسان بۇ-غاخان ھەقىقىي تەخت پاسىبانىدۇر. ھازىرچە ئاۋام ـ رەئىيەت-نىڭ، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئىشەنچە-سىز ھەم يوقتۇر. ناۋادا ئىشىمىز ئەپلەشمەي قالسا، ياغى بولۇپ ئەل ـ يۇرتقا ئاپەت بولۇر. ئول ئەمىرلەرنىڭ بىزنى ياد ئەتكىنىگە مىڭ مەرتىۋە تەسەننا، لېكىن ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، سەۋر قىلماقلىق كېرەك. چۇنكى، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇندۇر. ئال-دىراقسانلىق بىلەن، بىردەملىك ھاياجان بىلەن ھېچ ئىش ۋۇجۇد-قا چىقماس، ۋۇجۇدقا چىقسىمۇ مۇستەھكەم بولماس. بېرىپ ئول ساداقەتمەن ئەمىرلەرگە سۆزۈمنى يەتكۈزسۇنلار. پۇختا ھازىرلىق كۆرگەچ پۇرسەت، مۇۋاپىق پەيت كۇتكەي. ئۇنىڭغىچە مەنمۇ بۇ مەقسەتلەر ئۇستىدە ئامال ئىزدەيمەن.

قاتتىق ئۇمىدسىزلەنگەن ئەلچىلەر يۇنۇسخاننى زورلاشقا ئا-مالسىز قالدى.

— خانزادە ئالىيلىرىنىڭ غەيرەتكە كېلىشىنى يەنە بىر قې-تىم تەۋسىيە قىلىمەن، — دېدى كوسا چىراي كىشى ئۇمىدنى

ئۆزگىسى كەلمەي، ـــ ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ جا ـ
نابلىرىنىڭ ئىلكىدە ئاستانە مۇھاپىزىتىگە مۇئەككەل قىلىنغان
بىر تۈمەن خاس لەشكەر باردۇر. ئەرك بېگى ئابدۇخالىق مىرزا
پەرمان بەرسە ئۇردا ياساۋۇللىرى ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە
سۇغا كىرىشتىن يانمايدۇ. جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى ھەقبەردى
مىرزا بىلەن قازىكالان سۇلايمان خوجا ھەزرەتلىرىنىڭمۇ ئەل ـ
رەئىيەت ئارىسىدا كاتتا ئابرۇيى باردۇر. ئۇل ئەمىرلەر كۆمەك ـ
لەشكەن يەردە ئالىيلىرىنىڭ ئەندىشە قىلىشى بىھاجەتتۇر.

ـــ مۇددىئايىمنى چۈشەنمەپتىلا، ـــ دېدى يۇنۇسخان تەمە ـ
كىنلىك بىلەن، ـــ تاجۇ تەختنى قايتۇرۇۋېلىش مېنىڭ ئۆمۈرلۈك
ئارزۇيۇمدۇر. لېكىن ئۇنى ئوردىنى، تەختنى قانغا بويىماي ئالسام
دەيمەن، تاجۇ تەخت ئۈچۈن موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى
ئۆزئارا قىرغىن قىلىشسا ئەل ـ يۇرت مالىمان بولىدۇ، ئاۋام بالا ـ
يىئاپەتكە يۈزلىنىدۇ. راست، ياغىسىز، قان تۆكمەي تاجۇ تەختنى
ئېلىش ئاسان ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ
بىر پارچە خەت بىلەن ئۇل ئەمىرلەرنىڭ ساداقىتىگە ئىشەنچ
قىلالمايمەن. شۇنداقلا موغۇلىستاندا بىرىپلا پۇت تىرەپ تۇرالىد ـ
شىمدىنمۇ گۇمانلىنىمەن، مەقسىتىم ـــ بۇ ئىشقا بەك ئالدىراپ
كەتمەيلى، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش پۈتمەس. ئۇل ئەمىرلەرنىڭ
مېنى چىن يۈرىكىدىن تەختكە ئىگە قىلغۇسى بولسا، پۇختا ھا ـ
زىرلىق كۆرگەي. ئۆرۈك يېيىشكە ئالدىراپ غورا يېسە ئېغىزنى
بەتتام قىلۇر، چىشنى قامىتۇر، ئىچىنى سۈرەر. شۇڭا غورىنىڭ
پىشىپ ھالۋا بولۇشىنى كۈتمەك كېرەك، ئۇل چاغدا تېتىغان ئۆ ـ
رۈك شېرىن بولۇر، تەنگە زەرەر قىلماس، بەلكى قۇۋۋەت قىلۇر.
مۇددىئايىم ئايان بولدىمىكىن؟

ـــ ئايان بولدى ئالىيلىرى، ـــ دېدى كوسا ئەمىر يۇنۇسخاد ـ
نى قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ.

ـــ ئەمىسە يانسۇنلار، ئۇل ئەمىرلەرگە يەتكۈزسۇنلار،

www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغاي، زىنھار ئالدىراقسانلىق قىلمىغاي.

ــ ۋاقتى كەلگەندە ئالىيلىرىنى نەدىن ئىزدىسەك بولۇر؟

ــ مەن ھازىر باياۋاندا شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن قامغاقمەن، بارار ـ تۇرار دەرگاھىمنىڭ قارايى يوقتۇر. ئول مىركەرىمبەردى بەگ قاتارلىق جانابلارغا كارۋانلار ئارقىلىق خەۋەر ئىبەرگەيمەن.

ــ مۇمكىن بولسا نامە پۈتۈپ بەرگەن بولسىلا، ــ دېدى كوسا چىراي كىشى.

يۇنۇسخان ھازىرچە تۇرپانغا بارالماسلىقىدىكى سەۋەبنى ئېنىق ئىزاھلاپ، ئەمىرلەرنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ـ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلماي، پۇختا تەييارلىق كۆرۈشىنى، ناۋادا شاھرۇخخاندىن رەسمىي ئىجازەت ئالالىسا ئايرىم خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغىچە پات ـ پات خەۋەرلىشىپ تۇرۇشنى ئېيتىپ مىركەرىمبەردى بەگكە بىر پارچە خەت يازدى. ئاندىن كېيىن ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكىگىمۇ ئۆيلىگەنلىرىنى بايان قىلىپ، بوۋىسىنىڭ لەشكىرىي ياردىمىگە ئېرىشىش ئېھتىماللىقىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ خەت يازدى.

ئۇلار خەتنى ئېلىپ يۇنۇسخان بىلەن خوشلاشتى.

ــ ئالىمادىس جىددىي ئىش بولۇپ قېلىپ، مېنى ئىزدەپ ھىراتقا كېلىشسىلە، مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسىدىن دېرىكىمنى ئېلىشقايلا، ــ دېدى يۇنۇسخان خۇشلىنىشقۇپ ئېيتىپ، ــ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى شۇلارغا ئېيتىپ قويىمەن.

※ ※ ※

ئەلچىلەرنى ئۇزىتىپ قويغان يۇنۇسخان ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا ئەسىر بولدى:

«بۇ قېتىم تۇرپانغا بارماي خاتا قىلغاندىمەنمۇ؟ مۇشۇنىڭ

بىلەن ياخشى پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالۇرمۇ؟ ماقۇل، ئۇل ئە-
مىرلەرگە تايىنىپ سەلتەنەتنى قولۇمغا ئالدىممۇ دەي، ئۇل چاغدا
ھۆكۈمۈم ئۇل ئەمىرلەرگە ئۆتەرمۇ؟ ئۇلار كۆرسەتكەن تۆھپىلە-
رى، باھادىرلىقلىرى، شەپقەتلىرى ئۇچۇن مەندىن بەدەل تەلەپ
قىلماسمۇ؟ سەلتەنەت ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپ قال-
ماسمەنمۇ؟ تېخى سەييىدئەلى ئالپنىڭ مۇددىئاسى نائېنىق، ناۋادا
ئۇ نارازى بولۇپ قالسا لەشكەر تارتىدىغان گەپ. ئەل - يۇرت
نىزا، يېغىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالماسمۇ؟ جەننەتماكان ئاتامنىڭ
تەختىنى چوقۇم ئالىمەن، ھەقىقىي ھۆكۈمدارغا خاس سەلتەنەت
سۈرىمەن. كىملەرنىڭ قولىغا، كىملەرنىڭ كۆزىگە قارىمايدىغان
ھەقىقىي ھۆكۈمدار بولىمەن. بۇنىڭ ئۇچۇن مېنىڭمۇ نۆكەرلىرىم
بولۇشى كېرەك. ھەئە، ئۇل ئەمىرلەردىن ئەلۋەتتە پايدىلىنىمەن،
لېكىن شەرت شۇكى، ئۇلار ماڭا شاپائەتچى ئەمەس، ساداقەتمەن
نۆكەر بولۇشى، ئاتقان ئوقۇم، شىلتىغان قىلىچىم بولۇشى كې-
رەك. ئاللاھ ئىگەم ئۆزى مەدەت قىلغاي... شاھرۇخخان ئالىيلە-
رىدىن ۋاقتىدا ئىجازەت ئېلىپ، ھىراتتىن كەتسەم بولاتتى.
خانزادە ئابدۇللەتىپخانغا كۆكۈلداش بولۇشتىن خۇدايىم پاناھىدا
ساقلىسۇن. جەننەتماكان ئۇستازىم مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى
ھەزرەتلىرىنىڭ پەزىلەت نۇرى يۇقمىغان ئۇل بەتئەخلاقتا بىر ئۆ-
مۈر مۇلازىملىق قىلساممۇ خۇي - پەيلىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەل-
مەيمەن. بۇلۇت ئاسماندىن ئابىھايات تۆكسىمۇ تال سۆگەتتىن
ھەرگىز مېۋە چۈشمەيدۇ، بورا قومۇشتىن ھەم شېكەر ئالغىلى
بولمايدۇ، نادانغا ۋاقىت زايە قىلماسلىق كېرەك. شاھرۇخخان ئا-
لىيلىرىدىن تۇرپانغا بارىمەن دەپ ئىجازەت ئېلىشىم مۇمكىن ئە-
مەس. ئىلىم ئىزدەش سەۋەبىنى كۆرسەتسەمچۇ؟ بۇ مۇمكىن.
شۇنداق قىلاي، ئىجازەت ئېلىپ شىراز، باغداد، دەمەشىق قاتارلىق
شەھەرلەردىكى ئىلىم دەرگاھلىرىغا باراي. ئىلىم شاھقىمۇ، گاداي-
غىمۇ لازىم، ئەدلى - ئادالەت بىلەن يۇرت سوراش ئۇچۇن ئىلىم-

ـدىن كۆپرەك خەۋەردار بولغانغا يەتمەيدۇ...»

## 43

بۇ يىل تۇرپاندا قىش بالدۇر كەلگەندەك قىلاتتى. تېخى كۈز ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىپ، دەل ـ دەرەخلەر غازاڭ تاشلاپ، ئوردا ئىچى خۇددى يالىڭاچلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئىككى كۈندىن بېرى باشلانغان جۇدۇندا ھاۋا باشقىچىلا سوۋۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلۈك كىيىم بىلەنمۇ ئادەمنىڭ غولى قورۇلاتتى. تېخى رەسمىي قىش باشلانمىغاچقا شاھنىشىن ئىچىدىكى ئاتەشدانلارغا ئوت يېقىلمىغانىدى. ئەتىگەندىن بېرى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى سوغۇقتا توڭلاپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار پات ـ پات تەختنىڭ ئارقىسىدىكى يان ئىشىككە تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈشەتتى، سىرتتىكى كىچىككىنە شەپىمۇ ئۇلارنىڭ دىققەت ـ نەزەرىدىن قاچمايتتى، خان ئالىيلىرى كەلدىمىكىن دەپ قەددىنى رۇسلىشاتتى، ئەمما خاندىن تېخىچىلا شەپە يوق ئىدى.

ــ بۇ يىل سوغۇق بالدۇر چۈشۈپ كېتەمدۇ ـ نېمە ؟ ــ شاھنىشىندىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سورىدى جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى ھەقبەردى مىرزا.

ــ ھىم، بەلكىم...

ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگكە نېمە ئۈچۈندۇر گەپ قىلىش خۇشياقمىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بولۇپ، سولغۇن چىرايىدا غەم بۇلۇتلىرى ئەلەڭگىيتتى.

ــ ئاڭلاشتىلىمۇ؟ ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىـ

ـرى ئوۋغا چىقىپ كەتمەپتۇ.

قايسىبىر ئەمىرنىڭ يەتكۈزگەن بۇ خەۋىرى بىلەن تەڭ شاھـنىشىندا پىچىر ـ پىچىر باشلاندى.

ــ شۇنداقمۇ؟ قايسى كۈنى تۆمۈربۇقا بەگ ھەزرەتلىرى...

ــ ئاشۇنداق دەپ قويغان گەپ، نەدىمۇ ئوۋغا چىقسا جەددى ـ جەمەتىگىچە تولۇق ئېلىپ كېتىدىغان ئىش بولسۇن.

ــ ھېلىمۇ ئىككى ئاي بولاي دەپ قالدى، ئوۋغا چىققان بولسا قايتىپ كېلەر ئىدى.

ــ ئاستانىنى تاشلاپ كېتىپ قاپتىمىش.

ــ خان ئالىيلىرىدىن يامانلاپ قاپتىمىش.

ــ قىبلىگاھىمىزدىن يامانلاپ قالغىلى خېلى بولغان.

ــ ئاقسۇغا كېتىپتىمىش.

ــ ياق، ئاقسۇنىڭمۇ نېرىسىغا كېتىپتىمىش.

ــ ئوردىدىن ئىجازەتسىز ئايرىلىش ئېغىر گۇناھقۇ...

ــ ئۇ دېگەن ئالىيلىرىنىڭ بابائى بۇزرۇكى، يەنە كېلىپ ئۇلۇسبېگى گۇناھقا بۇيرۇلمايدۇ.

ــ خان ئالىيلىرى ئۇلۇسبېگىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن چاپارمەن ماڭغۇزۇپتۇ.

ــ ياق، يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

ــ ناتايىن جۇمۇ.

ــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى رەسمىي يامانلاپ كەتكەن بولسا، ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ.

ــ ئۇلۇسبېگى خان ئالىيلىرىدىن ئەمەس، باشقا بىر كىمـدىن يامانلاپ قالغان گەپ.

ــ كىمدىن يامانلاپ قالغاندۇ؟

ــ كۆڭۈللىرىگە ئايان.

ــ خەپشۇك، ئېغىزىمغا كەلدى دەپ سۆزلىمىسۇنلار.

ــ ئىشقىلىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەممە خالايىق بىلىدۇ.

ــ خان ئالىيلىرى ئاڭلىسا پىتنە تارقاتتى دەپ غەزەپ قىلىدۇ.

— …

ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ بۇ پاراڭلارغا ئارىلاشماي كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى، تۇرقىدىن بۇ پاراڭلارنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. دەسلەپتە ئېھتىيات قىلىشىپ پىچىرلاشقان ئەمىرلەر بارا ـ بارا ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلىشىۋاتاتتى.

— خان ئالىيلىرى كەلدى!

ھۆدەيچى بەگنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەڭ شاھنىشىن خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى، ئەمىرلەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. تەختنىڭ كەينىدىكى يان ئىشىكتىن ئاۋۋال سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ سىمىز گەۋدىسى كۆرۈندى، ئاق سېرىق چىرايى نېمىگىدۇر رەنجىپ قالغاندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن سوغدىشىپ دېگۇدەك كىرىپ كەلگەن تۆمۈربۇقا بەگ خاندىن ئۆتە گىدىيىۋالغانىدى. تۆمۈربۇقا بەگنىڭمۇ يان ئىشىكتىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەمىرلەرنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى. ئادەتتە بۇ ئىشىك مەخسۇس خان ئالىيلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان بولۇپ، باشقا ئەمىرلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى قاتتىق چەكلەنگەنىدى. زۆرۈر تېپىلسا خانىشنىڭ، ناۋادا خان ئالىيلىرى ئىلتىپات قىلىپ قالسا پەقەت ئۇلۇسبېگىنىڭلا بۇ ئىشىكتىن كىرىپ ـ چىقىش ئىمتىيازى بار ئىدى. شۇ دەقىقىدە مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزا، سۇلايمان خوجا ۋە ئابدۇخالىق مىرزىلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىر ـ بىرىگە يالت ئېتىپ قارىشىۋالدى. ئەمىرلەر ئالمان ـ تالمان قول باغلاشقىنىچە سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئادالەتپاناھىمىزنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەن بولغاي!

ئەمىرلەرنىڭ ئاۋازى شاھنىشىن ئىچىدە كۈچلۈك ئەكس سادا قايتۇردى. جىددىيلەشكەن ئەمىرلەر توڭلىغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالدىرىماي بىرىپ تەختكە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئەمىرلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جاي ئالسۇنلار!

ــ ئادالەتپاناھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر!

ئەمىرلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىدىن جايلاشتى. توققۇز پايەلىك شاھسۇپىنىڭ ئۇستىدە غادىيىپ تۇرغان تۆمۈربۇقا بەگ ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى داۋاملىق ئولتۇرىدىغان بوش ئورنىغا سوغۇقلا نەزەر تاشلاپ قويۇپ، تەختنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى ئايدىن بېرى بوش تۇرغان ئۇلۇسبېگىلىك كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئەمىرلەرنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى. نارازىلىق، ياقتۇرماسلىق تۇيغۇلىرى چىرايلىرىغا تېپىپ چىقتى. شۇ دەقىقىدە ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ كۇرسىدا نارازىلىق بىلەن ئولتۇرغان ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھنىڭ ئورۇق گەۋدىسى، كېسەلمەن چىرايى لىپ قىلىپ ئۆتتى ـ دە، ئاللىقانداق بىر تۇيغۇدىن يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى...

ــ خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي! ــ دېگەندى ئىككى ئاي ئىلگىرى ئاشۇ كۇرسىدا ئولتۇرغان ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ئالتۇن تەختتە گىدىيىپ ئولتۇرغان نەۋرىسىگە ئېگىلىپ قول باغلىغىنىچە ــ جانابى تۆمۈر بەگ ھەزرەتلىرى ئالىيلىرىغا قېيىنئاتا بولۇش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغاندىن بېرى ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا غۇلغۇلا ئاۋۇپ قالدى. ئۇلار: تۆمۈر بەگ ھەزرەتلىرىدىنىڭ خاننىڭ قېيىنئاتىسىلىق مەرتىۋىسىنى پەش قىلىپ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىجىرىشتە تاپتىن چىقتى، ھەرقانداق ئىشنى رىشۋەت ئالماي بىجىرمەيدۇ، ئىستىبداتسىز كىشىلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چوڭ ـ كىچىك مەنسەپلەرگە تەيىن ئېتىۋاتىدۇ، ئاشۇ مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرنىڭ نەرخ ـ باھاسى بار، ئاقچا

www.uyghurkitap.com

بولسىلا مەنسەپدار بولغىلى بولىدۇ دېيىشمەكتە. ئۇنىدىن باشقا ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئايماقلاردىكى ئەمىر ـ بەگلەرگە ئالىيلىرى.نىڭ تويىنى قۇتلۇقلاش ئۇچۇن تەۋەلىكىدىكى رەئىيەتتىن ئادەم بېشىغا ئىككى تەڭگىدىن توي سوۋغىتى تاپشۇرۇش سېلىقى سالىنتۇدەك. ئەمەلىيەتتە ئول ئەمىر ـ بەگلەر رەئىيەتتىن يىغىپ ئەۋەتكەن پىشكەشلەر ئوردا خەزىنىسىگە كىرىم قىلىنماي، تۆمۈر بەگ ھەزرەتلىرىنىڭ شەخسىي خەزىنىسىگە كىرىم قىلىنىپتۇ، بۇ ئەھۋال ئالىيلىرىنىڭ ئەدلى ـ ئادالەتلىك شەۋكىتىگە داغ چۈشۈرگىسىدۇر. مېنىڭچە، تۆمۈر بەگ ھەزرەتلىرى خان قېيىنئاتىسىلىق مەرتىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، ئىككى دۇۋاننىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىدىن قول يۇيمىقى جايىزدۇر. بۇ خان ئالىيلىرى ئۇچۇنمۇ، تۆمۈر بەگ ھەزرەتلىرى ئۇچۇنمۇ پايدىلىق...

ـــ داد ئادالەتپاناھىم! ـــ دېدى تۆمۈربۇقا بەگ مىرمۇھەممەدشاھنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، شاھسۇپىنىڭ پايىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ـــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ مەلۇماتى پۈتۈنلەي تۆھمەتتۇر. بۇلار مۇخالىپلىرىمنىڭ تارقاتقان پىتنىلىرىدۇر، تەھقىقلەپ كۆرگەيلا.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان بوۋىسىغا ياقتۇرمىغان نەزەردە قاراپ قويۇپ، دەس ئورنىدىن تۇرغىنىچە تۆمۈر بەگنى يۆلىدى.

ـــ ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا جانابى ئەمىر، قىلچىلىك بىئارام بولمىسىلا.

ـــ ئادالەتپاناھىمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، ـــ دېدى تۆمۈربۇقا بەگ ئۆۋال بولغان قىياپەتتە كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ـــ قۇدرەتلىك قىبلىگاھىمىزنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى جۇلالاندۇرۇش بىزلەركىم ساداقەتمەن ئەمىرلىرىنىڭ ئىككى ئالەملىك بۇرچىدۇر. كەمىنەلىرى ھەر قاچان ئۆزۈمگە ساداقەت بىلەن گۇيا[1]نى ھەمراھ قىلىپ كەلدىم. مەگەركى سەلتەنەتىمىزگە پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا، ئول ئىككى دۇۋاننىڭ ئەمىرلىك مەر-

① گۇيا ـــ ۋاپا.

تىۋىسىدىن ۋاز كېچىشكە تەييارمەن.

تەختكە بېرىپ ئولتۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەمىرلەرىگە قاراپ ئاداۋەت بىلەن چەكچەيدى. خاننىڭ تۆمۈربۇقا بەگكە كۆرسەتكەن بۇ قەدەر مىسلىسىز ئىلتىپاتىدىن ھەيران بولۇپ باش ـ ئاخىرى يوق خىياللارغا ئەسىر بولغان ئەمىرلەر خاننىڭ چىرايىدىكى مۇدھىشتىن دەرھال ئىسىنى يىغىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى.

ئون ئىككى يېشىدىلا تەختتە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان دەسلەپ سەييىدئەلى ئالپىنىڭ، كېيىن بوۋىسى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن سۇپۇرگە مىرزىنىڭ، مومىسى سۇلتان خاتۇننىڭ توختىماي قائىدە ـ يوسۇن ئۆگىتىشىگە دۇچ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى خۇددى ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىدەك كۆرۈپ خەۋەر ئېلىپ، ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلغىلى، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويىنىغىلى قويماي، كۈن ـ كۈنلەپ تەختتە ئولتۇرۇشقا، سەلتەنەت ـ ئوردا يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە، دەستە ـ دەستە مەلۇماتلارنى كۆرۈشكە مەجبۇرلاشلىرىدىن قاتتىق بىزار بولغانىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تۈرلۈك چەكلىمەلەردىن، بوۋىسى بىلەن سۇپۇرگە مىرزىنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى نازارەت قىلىشلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنى خان ئەمەس، مەھبۇستەك سېزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەنە ئاشۇنداق پەيتتە تۆمۈربۇقا بەگ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆتكەن يەرلىرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. سەلتەنەت ئىشلىرىدا بوۋىسى بىلەن سۇپۇرگە مىرزىنىڭ ئاغزىغا ئانچە قاراپ كەتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. باشقا ئەمىرلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭغا زىيادە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلماي، قەدەمدە بىر سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى تەكىتلىۋالماي، تۈرلۈك ئويۇن ـ تاماشا، بەزمە ـ باراۋەت سورۇنلىرىغا باشلاپ باردى. سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆڭلى نېمىنى خالىسا شۇنى تەييار قىلدى، رايىغا باقتى. ھە دېسىلا ئىككى پېشقەدەمنىڭ

ئاغزىغا قاراپ كەتمەي، سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىجىرىشكە كۈشكۈرتتى ۋە قانداق قىلىش ھەققىدە چارە-تەدبىر كۆرسەتتى. دەسلەپتە شاراب ئىچىشنى ئۆگەتكەن بولسا، كېيىن قوچىقىغا قىزلارنى سېلىپ بەردى. ئىسان بۇغاخان شاراب بىلەن ئايالغا كىچىكلا ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئەنە ئاشۇ سەۋەبتىن ئۇ تۆمۈربۇقا بەگنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن تۇتاتتى، ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلمايتتى، نەگە باشلىسا شۇ يەرگە باراتتى، نېمىنى دېسە شۇنى قىلاتتى، تۆمۈربۇقا بەگنىڭ يامان گېپىنى قىلغان ئادەمنى ئۆچ كۆرەتتى.

ھەئە، سۇلتان ئىسان بۇغاخان بوۋىسى مىرمۇھەممەدشاھنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى.

— ئاساسسىز پىتنىلەرنى ئوردىغا كۆتۈرۈپ كىرمىسۇنلار، — دېدى بوۋىسىغا تەنبىھ بېرىشتىن ھېيىققان ئىسان بۇغاخان ئەمىرلەرگە تەئەددى قىلىپ، — بىزنىڭ تەختگاھىمىزدا ھەسەتخورلارغا ئورۇن يوقتۇر، بۇندىن كېيىن بۇنداق پىتنە-پاساتلارنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلەر تۆھمەتخورلار قاتارىدا ياساققا تارتىلىدۇ!

ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ نەۋرىسىگە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، لام-جىم دېمىدى، شۇندىن كېيىن ئوردىغا پەقەتلا كىرمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوۋغا چىقىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە گەپ تارقالدى. مانا ئىككى ئايدىن بېرى شاھنىشىندىكى ئۇلۇسبېگىلىك كۇرسى بوش تۇراتتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بوۋىسىنىڭ يوقلۇقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەندەك قىلاتتى.

— پەرمانى ئالىي!

پەرمانچى بەگنىڭ ئىنچىكە، چىرقىراق ئاۋازى مىركەرىمبەردى بەگنىڭ خىياللىرىنى چالغىتتى. ئەمىرلەر گۇرۇردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ پەرمان ئاڭلاشقا تەييارلاندى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەمىرلەرگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرىگە تۇرپاننىڭ

ئاپ ـ ھاۋاسى ياقمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇزۇندىن بېرى كېسەلدىن خالىي بولالمىدى. ئاتباشى[1] قەلئەسىدە بىر مەزگىل تۇرۇشنى ئىختىيار قىلغانلىقى ئۇچۇن سالامەتلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىجازەت بەردۇق. ئەمما ئوردىدا ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسى بوش قالسا سەلتەنەت ئىشلىرىمىزغا دەخلى يەتكۈسىدۇر. شۇڭا، ئۇشبۇ سائەتتىن باشلاپ ئىككى دىۋان ئەمىرى تۆمۈربۇقا بەگ ھەزرەتلىرى ئول ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە ئورۇنباسار بولىدۇ. بارلىق ئەمىرلەر تۆمۈربۇقا بەگ ھەزرەتلىرىنىڭ يېڭى مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلغاي!

— قىبلىگاھىمىزنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا! — دېدى تۆمۈربۇقا بەگ بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ تۇرۇپ.

بىردەملىك ئىمتاسلىقتىن كېيىن ئەمىرلەر تۆمۈربۇقا بەگنى بەس ـ بەستە قۇتلۇقلاشقا باشلىدى:

— مۇبارەك بولسۇن!

— خان ئالىيلىرى ھىممەتلىكتۇر!

ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ ئۇلۇسبېگى كۇرسىدا مەغرۇر ئولتۇرغان تۆمۈربۇقا بەگكە يەر تېگىدىن ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۆمۈربۇقا بەگنى قۇتلۇقلاشقا تىلى بارمايۋاتاتتى.

«ئاھ خۇدا، نومۇسسىزلارنىڭ تەھلىكىسىدىن ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئوردا نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ـ ھە؟! بۇ تۆمۈر بەگ ئىنسابنى قايرىپ قويغىلى خېلى ئۇزۇن بولغان، مانا ئەمدى نومۇسنىمۇ قايرىپ قويۇۋاتىدۇ. خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدىغۇ ـ تاڭ. ئەتە ـ ئۆگۈن تۆمۈر بەگ تەلەپ قىلسا تاجۇ تەختىنىمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن يانمايدىغان ئوخشايدۇ. ئورۇنباسارمىش تېخى، دەسلىپىدە لەشكەرىي دىۋانغا، كېيىن قارا دىۋانغا ئورۇنباسار بولغان، مانا ئەمدى ئىككى دىۋاننى ئۇچچە ئىگىلىۋالدىغۇ؟ خانغا قېيىنئاتا بولغانلىقى

① ئاتباشى — قەشقەر بىلەن ئەندىجان ئارىلىقىدىكى قەلئە.

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇنلا ئۇلۇسبېگى بولۇۋالامدىكەن؟ مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرى ئىستېپا سورىغان بولسا، ئورنىغا قائىدە بويىچە سەيىيدئەلى ئالىپ جانابلىرى ئۇلۇسبېگى بولۇشقا تېگىشلىكقۇ؟ يەنە سەۋر قىلساق سەلتەنەت يوسۇنلىرى تېخىمۇ دەپسەندە بولىدۇ، پىتەر ئەمدى...»

مىركەرىمبەردى بەگ ئۆزىنىڭ خىياللىرىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى.

ــ خان ئالىيلىرى ئامان بولغايلا!

ئەمىرلەر شاھنىشىندىن يانغان سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئۇزىتىپ قويۇشتى. تۆمۈربۇقا بەگمۇ خاننىڭ سايىسىدەكلا يان ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر مىركەرىمبەردى بەگ شاھنىشىندىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىمىدى. باشقا ئەمىرلەر توڭۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى پاراڭلىشىشقا رايى بارمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، شاھنىشىندىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. راستىنى دېگەندە تۆمۈربۇقا بەگنىڭ كۈتمىگەن يەردىن ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە ئولتۇرۇشى بىر قىسىم ئەمىرلەرنى بىئارام قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇلار شاھنىشىندا تۇرۇۋەرسە كۆڭلىدىكى نارازىلىقنى ئاشكارىلاپ بالاغا قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقانىدى.

ــ ئاڭلىسام جانابلىرىنىڭ قەسرىدە ئاتەشدانغا ئوت يېقىپ بوپتىمىش، بىرىپ ئىسسىنىۋالساقمىكىن؟

مىركەرىمبەردى بەگ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان قازىكالان سۇلايمان خوجىنىڭ كۆزىدىكى يوشۇرۇن بىر مەنىنى چۈشەندى، ئەتراپىغا تېزلا بىر قارىۋېتىپ ئاستا پىچىرلىدى:

ــ كۆڭۈللىرى ئوت تارتقان بولسا يوللىرىغا قارايمەن، ئىسسىققىنە بىر چەينەك چاي دەملەتكۈزۈپ قوياي ئەمىسە.

ــ چاينى يالغۇز ئىچكىمىز يوق.

ــ داستىخىنىمىز كەڭتاشادۇر.

ــ ئەمىسە چاينى جىقراق دەملەتكۈزسۇنلار.

سۇلايمان خوجا گېپىنى تۈگىتىپ شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئوتتۇن كۆمۈرى يېلىنجاپ تۇرغان چويۇن ئاتەشدان مىركەرىمبەردى بەگنىڭ چاققانغىنىنە ساراي ئۆيىنى ياز كۈنلىرىدەك ئىللىتىۋەتكەنىدى. تام ياقىلىتىپ سېلىنغان يېكەندازلاردا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلار ئىسسىققا چىدىماي تونلىرىنى سېلىۋېتىپ يەكتەكچان بولۇۋېلىشقانىدى. ئۇلار داستىخانغا تىزىلغان مەزەلەرگە بېقىشقاچ كىمىندۇر ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىر كاسىدىن قوغۇن قويۇلغانىدى.

— ھەقبەردى مىرزا جانابلىرى ئەجەب ھايال بولۇپ قالدى-يا؟— تىت-تىت بولغان ھالدا ئىشىككە قاراپ قويدى سۇلايمان خوجا.

— بىرەر ئىشقا پەمىل بولۇپ قالغان چېغى، — دېدى سەركەردە مالىك ئوغلان ئالدىدىكى قوغۇننى بەكە بىلەن ئويۇپ تۇرۇپ.

— تۆمۈر بەگنىڭ ئورۇنباسارلىق مەرتىۋىسىنى قۇتلۇقلاپ پىشكەش قىلىشمىدىلىمۇ جانابلار؟

— پىشكەش قىلمامدىغان، — دېدى ئابدۇخالىق مىرزا، — ئۆزۈم ئېلىپ باردىم تېخى.

— بىزمۇ شۇنداق قىلدۇق، — دېدى باشقىلارمۇ!

— مەن بارمىدىم، كىچىك ئوغلۇمدىن ئازراق بىر نەرسە ئەۋەتىپ قويدۇم، — دېدى سۇلايمان خوجا.

— ئوبدان قىلىشىپتىلا، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ، — مەنمۇ بايىراقتا چوڭ ئوغلۇمدىن پىشكەش يوللىدىم. «خەرنىڭ گۆشى، سەگ[1]نىڭ چىشى» دەپتىكەن، ئۇستىخان غاجىلاشقا كۆنۈپ قالغان ئول زاتى پەسنىڭ دىققىتى بىزگە بۇرۇلۇپ قالمىغىنى ياخشى، خۇشلۇقىدا بىخۇد يۈرۈۋەرگەي.

① سەگ — ئىت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇ ئەسنادا سارايغا كىرىپ كەلگەن مەھرەم يىگىت مىركە-رىمبەردى بەگنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، تاپىسىدىلا قول باغلىدى:

— مەلۇم بولغاي، ھەقبەردى مىرزا جانابلىرى كەلدى!

— باشلاپ كىرسۇنلار.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدەم يەتتى بالا يەتمىگەي.

مېھمانلار گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھەقبەردى مىرزىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى.

— قېنى، يۇقىرى ئۆتسىلە.

— رەھمەت، قوزغىلىشمىسىلا، — دېدى ھەقبەردى مىرزا تۆرگە چىققىلى ئۇنىماي.

بىرپەس تۇزۇت ـ تەۋازۇدىن كېيىن ھەقبەردى مىرزا بىر-قانچە ياشراق مېھمانىنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ سۇلايمان خوجىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇردى ـ دە، پاتىھەگە قول كۆتۈردى.

— ئۇدۇل تۆمۈر بەگنىڭ قەسرىدىن كېلىشىم، — دېدى ھەقبەردى مىرزا پاتىھە قىلىپ بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى، — ئەتىگەن شاھنىشىندا گىدىيىپ ئولتۇراتتى، قەسىرگە بارسام ئۇكىلىگەن كاللىدەك ھىجىيىپ قاپتۇ. ئىزا تارتماي ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە لاياقىتىم يوقتى، خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى يىرالمىدىم، دەپ يالغاندىن غىلجىڭلايدۇ تېخى.

— ئەڭ ياخشىسى ئاشۇنداق خۇشھال بولۇپ تۇرغىنى ياخ-شى، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ، — خوش، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى جانابلار. ھاي قايسىڭلار بار، ھەقبەردى مىرزا جانابلىرى-نىڭ قولىغا سۇ بېرىڭلار. قانداق قىلىمىز، يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرەمدۇق ياكى ئاستا مىدىرلاپ قويامدۇق؟

— ئەمدى سۈكۈت قىلىۋەرسەك تۆمۈربەگنىڭ يېقىنلىرىغا مەنسەپ ـ مەرتىۋىمىزنى ئىككى قوللاپ بېرىۋەتسەك بولىدۇ، — دېدى سۇلايمان خوجا، — شۇ كۈنلەردە تۆمۈر بەگنىڭ نەپسى يو-غىناپ كەتتى.

— نەپسىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ يوغىناپ كەتتى تەقسىر، —

دېدى ئابدۇخالىق مىرزا، ــ خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ ھەرقانداق تە-
لىپىنى يېرمايدۇ، مانا ئۇلۇسبېگىلىك كۇرسىغىمۇ ئولتۇرۇۋال-
دى. خان ئالىيلىرىدىن تاجۇ تەختنى تارتىۋالمىغىنى بىلەن بىز-
نىڭ مەنسىپىمىزنى تارتىۋېلىشتىن يانمايدۇ.

ــ ئارى، ــ دېدى سەركەردە مەلىك ئوغلان، ــ مەنسىپىد-
مىزنى ساقلاپ قالىمىز دېسەك، تۆمۈر بەگكە ئايىماي رىشۋەت بې-
رىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ــ خۇشامەتنىمۇ ئايىماي قىلىشىمىز كېرەك تېخى.

ــ رىشۋەت بېرىپ توشامدۇ ئول نەپسى بالاغا.

ــ سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگىلى
بولدىمىكىن؟

ــ مۇددىئايىمىزنى بىلدۇردۇق، ــ دېدى مىركەرىمبەردى
بەگ، ــ نېمە ئۇچۇندۇر ئەمىر كەبىر جانابلىرىدىن ئېنىق جاۋاب
كەلمىدى. تېخىچىلا ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈ-
زەلمەيۋاتسا كېرەك.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ــ دېدى سۇلايمان خوجا، ــ
ئۆز ۋاقتىدا چوڭ خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇ-
رۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ئەمەسمىدى، ئىنسان دېگەن ئۆزىنىڭ
خاتالىقىنى ئاسانلىقچە بويىنىغا ئالغۇسى كەلمەيدۇ.

ــ سەييىدئەلى ئالپ جانابلىرى ھەقىقەتەن ئۆز سۆزلۈك.

ــ ئوردىدا بولغان بولسا، ئوردىدىكى ھازىرقى ئەھۋاللارنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسىدى، ئاللىقاچان چوڭ خانزادىنى
ئىزدەشكە چاپارمەن ماڭغۇزغان بولاتتى.

ــ ھە راست، چوڭ خانزادىدىن خەۋەر بارمۇ؟

ــ خەۋەر بار، نەسەۋەبتىندۇر چوڭ خانزادە يۇنۇسخان ئالىي-
لىرى تۇرپانغا كېلىشنى رەت قىلىپتۇ، ــ دېدى مىركەرىمبەردى
بەگ ئەپسۇسلانغان ھالدا، ــ بەلكىم ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ
خانلىق مەرتىۋىسىنى بىكار قىلالىشىمىزغا ئىشەنچ قىلالمىغان
بولسا كېرەك. ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقىمىزنى، پۇختا ھازىرلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرگەچ پۈرسەت كۈتۈشمىزنى ئالاھىدە جېكىلەپتۇ. ئەۋەتكەن مەكتۇپى مانا، كۆرۈپ بېقىشسىلا، يەنە تېخى سەيىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىدىنمۇ ئېھتىيات قىلغاندەك قىلىدۇ.

ئەمىرلەر يۇنۇسخاننىڭ خېتىنى قولدىن ــ قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— گەپىنىڭ گۇندىسىنى قىلسام، خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىزگە ئىشەنمەپتۇ، — دېدى سەركەردە مەلىك ئوغلان، — نەدىمۇ تاجۇ تەختنى ياغىسىز ئالىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش بار؟ شاھرۇخخان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت ئالالمىدىم دېگىنىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيمەن، ئىجازەت سوراش نىيىتىگە كەلسە مۇۋاپىق سەۋەب تېپىلىدۇ.

— خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىن ئەمدى ئۈمىد كۈتمەيلى، — دېدى ھەقبەردى مىرزا، — ئەمما خاننى بىكار قىلىش ئىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، تۆمۈر بەگنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋېرەيلى.

— بۇمۇ بولىدىغان ئەقىل، — دېدى سۇلايمان خوجا، — ئەسلىدىمۇ بىزگە كېلىۋاتقان تەھلىكە خان ئالىيلىرىدىن ئەمەس، تۆمۈر بەگدىندۇر.

— ئەمما، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ تازا قايىل بولماي، — ئىستىبداتسىز خاننى قانداقمۇ ئەدەپكە كىرگۈزگىلى بولۇر، ئىش يامىنىغا ئۆرۈلسە، تۆمۈر بەگنىڭ قىساسىنى بىزدىن ئېلىشتىن يانمايدۇ.

— بۇنىڭدىن باشقا چارە يوقتۇر، — دېدى ھەقبەردى مىرزا، — چوڭ خانزادە تۇرپانغا كەلگىلى ئۇنىمىغاندىكىن تەختتە سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىدىن باشقا ئولتۇرىدىغان مۇۋاپىق ئادەم يوق. بىردىنبىر ئامال تۆمۈر بەگنى كۆزدىن يوقىتىش، تۆمۈر بەگدىن ئايرىلسا خان ئالىيلىرىمۇ ھېچ ئىلاج قىلالمايدۇ.

ئەمىرلەر بىر پەس جىمىپ كېتىشتى، ھەممىسىنىڭ كاللى-

سىنى باش ـ ئاخىرى يوق خىيال چىرمىۋالغانىدى.

— خوش، ئۇنداق بولسا ئول تۆمۈر بەگنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز جانابلار؟ — دېدى سۇلايمان خوجا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — لەشكىرىي دىۋان ئۇنىڭ قولىدا، ئىشىمىز ئەپلەشمىسە ھەممىمىز كاللىمىزدىن ئايرىلىمىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا خان ئالىيلىرى ئۇنى قوغدىماي قالمايدۇ.

— ئاگال خان ئالىيلىرى بىلەن تۆمۈر بەگنى ئايرىۋېتەيلى.

— بۇ ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەس.

— شۇنداق، خان ئالىيلىرى نەدە، تۆمۈر بەگ شۇ يەردە.

— يەنە بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتەيلى.

— قانداق دەيدىلا تەقسىر؟

— ھەممىلىرى بىلىشىلا، خان ئالىيلىرىنىڭ بەك تولا ئوردىغا چىققان بىلەن خۇشى يوق، لېكىن تۆمۈر بەگ ئۇنداق ئەمەس، پەمىمچە، بۇندىن كېيىن جانابى ئورۇنباسار ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى ئوردىغا چىقىشقا خۇمار بولۇپ قالارمىكىن.

— ئارى، خان ئالىيلىرىغا ھەرەم، بەزمە بولسىلا بولدى. تۆمۈر بەگمۇ بۇنىڭدىن كېيىن خان ئالىيلىرىنى ئوردىغا چىقىشقا بەك دەۋەت قىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى شاھنىشىندا خان ئالىيلىرى بولمىسا، بىزگە ئۇلۇسبېگىلىك سۈر ـ ھەيۋىسىنى بەكرەك كۆرسىتەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق بولسۇن، ئاگال تۆمۈر بەگنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلايلى ئەمىسە، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ، — ئۇنداقتا ھەر بىرلىرى بىر مەزگىل تۆمۈر بەگكە خۇشامەت قىلىشتىن ئايانمىسۇنلا، ئۇنىڭغىچە خان ئالىيلىرىنى ئاستانىدىن بىرنەچچە ۋاق ئايرىيدىغاننىڭ ئامالىنى قىلايلى.

— خان ئالىيلىرىنى شىكارغا جەلپ قىلامدۇق ـ يە؟ — دېدى سەركەردە مەلىك ئوغلان.

— بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن. خان ئالىيلىرى شىكارنى ئىختىيار قىلىپ قالسا، تۆمۈر بەگ چوقۇم ئوردىدىن ئايرىلالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ـــ ئەمىسە شۇنىڭغا ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى، ـــ دېدى ھەقبەردى مىرزا، ـــ ئۇشبۇ سىر مۇشۇ يەردىلا قالسۇن، ھەرقانداق يېقىنلىرىمىزغا، ھەتتا ئاتا - ئانىمىز بولسىمۇ ئاشكارا قىلمىغايمىز.

ئەمىرلەر مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋېلىشقاندىن كېيىن ئاستا تارقىلىشتى.

## 44

ئەمىرلەرنىڭ ئەندىشىسى راست بولۇپ چىقتى.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئورۇنباسار ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ئۇ سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن خاتىرجەم ئىدى. بىردىنبىر ئەندىشىسى ئوردىدىكى ئەمەلىي ھوقۇقى، كۈچى بار بىر قىسىم ئەمىرلەردە ئىدى. بولۇپمۇ قەشقەردىكى ماڭلايسۈيەنىڭ باش ئەمىرى سەييىدئەلى ئالپ بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ ئەمىرى مىركەرىمبەردى بەگدىن بەكرەك ئېھتىيات قىلاتتى. سەييىدئەلى ئالپ يىراق قەشقەردە بولغىنى بىلەن، مىركەرىمبەردى بەگ يېنىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىركەرىمبەردى بەگنىڭ قولىدا ئاستانىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر تۈمەن خىللانغان لەشكەر بار ئىدى، بۇ لەشكەرلەرگە لەشكىرىي دىۋاننىڭ چىشى پاتمايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆمۈربۇقا بەگ بىلەن بىردىنبىر پۈت تېپىشەلەيدىغان ئادەم ئوردا ئىچىدە مىركەرىمبەردى بەگ، ئوردا سىرتىدا سەييىدئەلى ئالپ ئىدى. سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قولىدىمۇ بىر تۈمەن خان لەشكىرى بولسىمۇ، لېكىن ئاستانىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇ تۆمۈر بەگ بىلەن پۈت تېپىشمەن دېسە ئاستانىگە كېلىشى شەرت ئىدى، ئەمما

سەييىدئەلى ئالپ ئوردىغا كەلگەن تەقدىردىمۇ يالغۇز كېلەتتى، سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن بىسوراق قەشقەردىن تۇرپانغا لەشكەر ئېلىپ كېلەلمەيتتى، يالغۇزلا كەلسە تۆمۈربۇقا بەگنى ھېچنېمە قىلالمايتتى. ھازىر تۆمۈربۇقا بەگ ئۈچۈن بىردىنبىر خەۋپ ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ ئىدى. ئۇ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا دەپ ئاستانە مۇھاپىزەتچى قوشۇننى لەشكىرىي دىۋانغا يۆتكۆپلىش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ خىيالنى مىركەرىمبەردى بەگنىڭ بىلىپ قېلىپ چاتاق چىقىرىشىدىن ئەنسىرىدى، ھەمدە خانغا كۆرسىتىدىغان مۇۋاپىق سەۋەبمۇ تاپالمىدى. چۈنكى، ئوردىدا چاتاق چىقسا، بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ مىركەرىمبەردى بەگنى قوللايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تەس ئىدى.

«ئەڭ ياخشىسى مىركەرىمبەردى بەگنى چۆچۈتۈۋەتمەي ئارغامچىنىڭ ئۈچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ تۇراي. ھازىرچە ئاستانىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قوشۇن ئۇنىڭ ئىلكىدە تۇرسا تۇرۇۋەرسۇن، لېكىن قوشۇننىڭ سەركەردىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتەي، شۇنداق قىلسام ۋاقتى كەلگەندە يېڭى سەركەردە مېنىڭ پەرمانىمنى ئاڭلايدۇ، ئۇنىڭغا مىركەرىمبەردى بەگنىڭ پەرمانى ئۆتمەيدۇ. ھە راست، مىركەرىمبەردى بەگنىڭ ئىشىنى توغرىلىۋالغاندىن كېيىن ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرى ئابدۇخالىق مىرزىنىڭ ئىشىنىمۇ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئۇنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قولىدىكى لەشكىرىي ھوقۇقنى تارتىۋالسام باشقا ئەمىرلەر ھەرقانداق پەرمانىمغا غىڭ قىلالمايدىغان بولىدۇ، ياۋاشلىق بىلەن باش ئېگىدۇ، سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. كېيىنچە ئاستانە ھاكىمىنىڭ ئورنىنىمۇ پەم بىلەن توغرىلارمەن...»

ھەئە، تۆمۈربۇقا بەگنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككەن نۇرغۇن مۇددىئالىرى بار ئىدى. ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ئوردىدىن يامانلاپ يىراق چېگرىدىكى ئاتبېشى قەلئەسىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن

سۇلتان ئىسان بۇغاخان تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ھە دېسە كونا مەنسەپدارلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا يېقىنلىرىنى مەنسەپكە تەيىنلەش تەلىپىگە ئانچە ماقۇل دېمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— بابائى بۇزرۇك ھەزرەتلىرى يامانلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئوردىدىكى بىر قىسىم ئەمىرلەر ۋەسۋەسىدە قالدى، — دېگەندى ئىسان بۇغاخان، — مەنسەپدارلارنى ئالماشتۇرۇش ئىشىنى بىر مەزگىل قويۇپ تۇرايلى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى سەل تىنچىسۇن. بولمىسا ئۇل ئەمىرلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ قالىمىز، تەپرىقىچىلىك يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

— بىراق ئالىيلىرى، — دېدى تۆمۈربۇقا بەگ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ئۇل ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكلىرى بولمىش مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ زامانىسىدىكى مەنسەپدارلاردۇر. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم خان ئالىيلىرىغا ئەگىشىپ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىلىرىنى پەش قىلىپ ئالىيلىرىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ، ھە دېسە ئەمىر ـ پەرمانلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى قەستەن ئاقسىتىدۇ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ئانھەزرىتىمنى تىزگىنلىمەكچى بولۇشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىدىن قانچە بۇرۇن مەھرۇم قىلساق شۇنچە ياخشى، ئالىيلىرىنىڭ نوپۇزىمۇ شۇنچە تېز تىكلىنىدۇ. يېڭىدىن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ئەمىرلەر ئالىيلىرىغا، سەلتەنەتىمىزگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ، ئەمىر ـ پەرمانلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەشكە، ئەل ـ يۇرت ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تارقىتىشقا پېتىنالمايدۇ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان تۆمۈربۇقا بەگنىڭ بۇنداق سۆزلىرىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئەنە ئاشۇنداق سەۋەبلىرىگە ئىشىنىپ سۇپۇرگە مىرزىنى قارا دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىدىن قالدۇرۇۋەتكەن، بوۋىسى ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھنىمۇ ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغان، تەكلىپ ـ نەسىھەتلىرىنى ئېتى-

بارغا ئالمايدىغان بولۇۋالغان، ئۇردا ئىشلىرىدىن قەستەن چەت-
لەشتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنىدى. بىراق بۇ قېتىم بو-
ۋىسىنىڭ گەپ ـ سۆزسىزلا ئوردىنىمۇ، ئاستانىنىمۇ تاشلاپ
يىراق چېگرىدىكى تاغلىق قەلئەگە بېرىۋېلىشى سۇلتان ئىسان
بۇغاخاننى خېلىلا چۆچۈتتى. چۆچۈتتىلا ئەمەس، ئوردا ئەركانلىرى
ئالدىدا ئوسال قىلدى، خىجىل قىلدى. ئەگەر باشقا ئەمىرلەرمۇ
ئەنە ئاشۇنداق گەپ ـ سۆزسىزلا ئوردىنى تاشلاپ كېتىۋېرىدىغان
بولسا چاتاق چىقاتتى. چۈنكى، سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئويۇنخۇ-
مار بولسىمۇ ئانچە دۆت، ئەخمەق ئەمەس ئىدى. يېشىنىڭ چوڭى-
يىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىشقا باش-
لىغان، بېشىدىن نۇرغۇن تەجرىبىلەر، ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆت-
كەن ئۇ ئەمىرلەرسىز سەلتەنەت تىزگىنىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ
تۇرالمايدىغانلىقىنى بارا ـ بارا چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ
ئەمىرلەرنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ناۋادا
ئۇلار يامانلاپ كېتىپ، گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ ئاكىسى يۇنۇس-
خاننى باشلاپ كېلىپ تاجۇ تەخت دەۋاسى قىلسا، بىر تۆمۈربۇقا
بەگكە تايىنىپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ يەت-
كەنىدى.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قىزى خانىش ئايمېھرى خېنىم ھەقىقەتەن
ئەقىللىق، پەزىلەتلىك چوڭ بولغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ قارا نىيە-
تىنى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ نىكاھىغا ئۆتمەستىلا ئاز ـ تولا
بىلىپ قالغانىدى. رەسمىي خانىش بولۇپ ھەرەمگە كىرگەن دەس-
لەپكى ۋاقىتلاردا دادىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا خېلىلا سۇكۇت
قىلدى. سۆيۈملۈك دادىسىنىڭ قارامىلارچە، ئىنسابسىزلارچە چوڭ ـ
چوڭ ئالغان قەدەملىرىنى توختىتىشىنى ئۈمىد قىلدى. دادىسى-
نىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆز بېشىغا بالا
بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. دادىسىنىڭ ئورۇنباسار ئۇلۇسبې-
گىلىك كۇرسىدا ئولتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا ئاخىر سەۋر
قاچىسى يېرىلدى. خانىش ئايمېھرى خېنىم راستىنلا دادىسى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن خىجىل بولغانىدى، دەسلەپتە دادىسىغا نەسىھەت قىلماق-چىمۇ بولدى، لېكىن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ كەتكەن دادىسىنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سالماسلىقىدىن ئەنسىرىدى. ئاخىرى كۆڭلىدىكىنى سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا يوپۇتۇپراق دېيىشكە مەجبۇر بولدى:

— مەيلى كەمىنە زەئىپەلىرىنى چىن يۈرەكلىرىدىن سۆيسىلە، مەيلى جانابى ئاتامغا چىن كۆڭۈللىرىدىن ئىشەنسىلە، ئەمما بابائى بۇزرۇكلىرىنى رەنجىتكەنلىرى ياخشى بولماپتۇ، — دېدى خانىش ئايمېھرى خېنىم سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ سېمىز ئالقانلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغاچ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، — سەلتەنەتلىرىدە ئۇلۇسبېگىلىك ئەڭ كاتتا مەرتىۋىدۇر. بۇ مەرتىۋىنى ئۇنداق خالىغانچە ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا بېرىۋەتكىلى ھەرگىز بولمايدۇ. ئول ئۇلۇسبېگىلىك كۇرسىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئاشۇ مەرتىۋىگە لاياقىتى، قىلغان خىزمىتى، تۆھپىسى بولۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، ئوردا ئەركانلىرى ئۇنىڭغا چىن يۈرىكىدىن قايىل بولۇشى، ئېھتىراپ قىلىشى كېرەك. ناۋادا ئوردىدا ئول مەرتىۋىگە لاياقىتى بار بىرەر ئەمىر چىقماي قالسا، بۇ ئورۇن بىر مەزگىل بوش تۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، ئاتامنىڭ بۇ كاتتا مەرتىۋىگە لاياقىتى يوقتۇر. ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ دەي، گېپىمنى بۆلمىسىلە، شول تاپتا قىبلىگاھىم ئاتامنى ئۇلۇسبېگىلىككە ئەمەس، ئورۇنباسارلىققا تەيىن ئەتتىم دېمەك-چىغۇ ھەرقاچان. ئوردا سالنامىلىرىنى، سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى ئۆزلە مەندىن پىششىق ئۇقىدىلا. سەلتەنەتىمىزدە ئۇلۇسبېگىلىك ئەزەلدىن يېگانە مەرتىۋىدۇر. ئۇنىڭ ھېچقاچان ئورۇنباسارى بولغان ئەمەس، ئاتامنى ئىككى دىۋانغا ئەمىر قىلىپ ھېلىمۇ ھەممەتنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدىلە. ئەمدى بۇ قىلغانلىرى راستتىنلا سەلتەنەت يوسۇنلىرىغا مۇخالىپ بولۇپ قاپتۇ، ئاۋام ئارىسىدا قانداق گەپلەرنىڭ بولغىنىنى بىلگىلىرى بارمۇ ئانھەزرىتىم؟

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئامراق خانىشىنىڭ چىرايلىق كۆز-

لىرىگە قاراپ تۇرۇپ «ئاڭلىغۇم بار» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭ-
شىتتى. ئۇنىڭغا خانىشنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلىشقا باشلىغانىدى.
ــ ئەمىسە ئاڭلىغانلىرىمنى ئۇدۇللا دەۋېرەي، ــ دېدى خا-
نىش ئايمېھرى خېنىم بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ــ
كىشىلەر تۆمۈر بەگنىڭ كۆزى ئەمدى تاجۇ تەختكە چۈشتى. لې-
كىن ئۇنى تۆمۈر بەگكە تارتىۋېلىش ھاجەت ئەمەس، خان ئالىيلى-
رى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ئاگال تۆمۈر بەگنى
سەلتەنەتكە ئورۇنباسار سۇلتان قىلىدۇ، كېيىن تاجۇ تەخت تەبى-
ئىي ھالدا تۆمۈر بەگنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. بەلكىم
بۇنى كۆرەلمەسلەرنىڭ تاپقان پىتنىسى دېيىشلىرى مۇمكىن، ئە-
مەلىيەتتە بۇ گەپنىڭمۇ ئاساسى بار، ئاتام ئوردىدىكى قايسىبىر
مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە ئاگال ئورۇنباسار بولۇپ ئېرىشمىگەن دەي-
دىلا؟ يەنە تېخى تۆمۈر بەگنىڭ ھاجەت قىلغۇسى بولسا خان ئالىي-
لىرى ئىشتان بېغىنى يېشىپ قويۇشتىن يانمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.
شول تاپتا بۇ گەپلەرنى ھەرەمدە تۇرۇپ قانداق ئاڭلىدىلا دېيىشلى-
رى مۇمكىن. شۇنداق، مەزلۇملىرى ھەرەمدىن چىقىپ باقمىدىم،
ئەمما ھەرەمدىن ئايغاقچى چىقارتتىم. ئاتامنىمۇ، جانابى قىبلىگا-
ھىمنىمۇ دەپ شۇنداق قىلدىم. بۇ ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئەھۋال-
دۇر. ئوردىدىكى ئەمىرلەر نېمە ئويدا، نېمە كويدا، بىلگۈچى
ئاللاھ. ئەمدى يېتەر، ھەممە ئىشتا ئاتامنىڭ ئاغزىغا قاراۋەرمىسى-
لە. سەلتەنەت ئىشلىرىدا مۇستەقىل ھۆكۈم چىقارسىلا، يادىلى-
رىدا بولسۇن، ئاغىلىرى يۇنۇسخان يىراق ھىراتتا بولغىنى بىلەن
ئىككى كۆزى ئەلەددامام تاجۇ تەختلىرىگە تىكىلىكلىك، ئۇ بۇ نى-
يىتىدىن ھەرگىز يانمايدۇ. شۇڭا باشقا ئەمىرلەرنىڭ تەكلىپ ـ
تەۋسىيىلىرىگىمۇ قۇلاق سالسىلا. مۆرىتى كەلسە ئىززىتىنى قى-
لىپ كۆڭلىنى مايىل قىلسىلا. جاھاندىكى ھەرقانداق كاتتا ئىش-
غالىيەت كۆڭۈل ئىشغالىيىتىگە يەتمەيدۇ، ئاشۇ ئەمىرلەر ئۆزلەنى
تاجۇ تەختلىرى بىلەن بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەنىكەن، ھەم يەرگى-
مۇ ئۇرالايدۇ. تەختتە مۇستەھكەم ئولتۇرۇش نىيەتلىرى بولسا ئا-

www.uyghurkitap.com

تامىنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىغا چەك قويسىلا. ناۋادا ئۇنداق قىلـ
مايدىكەنلا، ماڭا بۇ ھەرەملىرى ھارام بولىدۇ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما خانىشىنىڭ
سەممىيلىك بىلەن بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئۆزىگە قاراپ
كېلىۋاتقان بىر يوشۇرۇن خەۋپنىڭ كۆلەڭگىسىنى غىل ـ پال
كۆرگەندەك بولدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر سۆيۈم-
لۈك مەھبۇبىنى بەرگەنلىكىدىن قاتتىق سۆيۈندى، ھاياجىنىنى
باسالماي ئۇنى يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۆتكەن ـ كەچ-
كەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. خانىشىنىڭ ئاگاھلاندۇ-
رۇشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىر قىسىم ئىشلارنىڭ تېگىگە
ئاز ـ تولا يەتكەندەك بولدى. يالغۇز قېيىنئاتىسى تۆمۈربۇقا بەگ-
نىڭلا ئاغزىغا قاراپ، دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنىپ، يوللىغان مەلۇ-
ماتلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان
ئىسان بۇغاخان خېلىلا چۆچۈدى، ئەندىشىگە چۈشتى. شۇنىڭ بى-
لەن تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ھېلىقىدەك ۋەسۋەسىگە سالىدىغان سۆز-
لىرى ئۇنىڭغا ئانچە تەسىرىنى كۆرسىتەلمىدى.

— بىر مەزگىل كۆزىتىپ باقايلى، — دېدى سۇلتان ئىسان
بۇغاخان تۆمۈربۇقا بەگنىڭ تەكلىپىنى سىلىقلا رەت قىلىپ، —
ھېلىمۇ خېلى كۆپ ئەمىرلەرنى مەنسەپتىن قالدۇردۇق، بابائى
بۇزرۇك ئاشۇ سەۋەبتىن بىزدىن يامانلاپ قالدى. بۇزرۇكۋار مومام
مەندىن تېخىچىلا خاپا، سالامىمنى ئىلىك ئالماس بولدى. بۇندىن
كېيىن مەنسەپ دېۋانىنىڭ ئىشىغا بىر مەزگىل قول تىقمىسۇنلار.
ئىمكان بار ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئەپ ئۆتسىلە،
ئۇلار بىزنىڭ مېھرىبانلىق كۆرسىتىشىمىزگە موھتاج. ئوردىدا
تەپرىقچىلىك پەيدا بولۇشىنى ئۆزلەمۇ خالىمايدىلا ھەرقاچان.

تۆمۈربۇقا بەگ لام ـ جىم دېيەلمىدى. نېمە دېسە رايىغا با-
قىدىغان، ماقۇل دەپ تۇرىدىغان خانىنىڭ بىردىنلا قىتىۋېلىشى،

يەنە كېلىپ سۆزلىرىدىكى تەنبىھ ـ تەئەددىلەر ئۇنى گۇمانغا سې-لىپ قويغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ سۇلتان ئىسان بۇغاخانىنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتكۇچىلىكى يوق ئىدى. نىيىتىدىن يانماي خاننى يەنە بىر قېتىمدا ئەيۋەشكە كەلتۇرۇشنى، كېچىككە كىر-گۈزۈشنى خام خىيال قىلاتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇ مىركەرىمبەردى بەگكە باشتىلا قول سالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى، يۈرىكىنى بىر قۇرت توختىماي غاجىلايتتى. ئەس ـ يادى ئاستانە مۇھاپى-زەتچىلەر قوشۇنىدا قالغانىدى. ھېچ ئىلاج قىلالمىغان تۆمۈر بەگ ئاخىر سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى بىر مەزگىل ئوردىدىن چەتلەش-تۈرۈپ، ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ مىركەرىمبەردى بەگنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

«شۇنداق قىلاي، خان ئالىيلىرىنى بىرەر ئايلىق شىكارغا قىزىقتۇرۇپ ئوردىدىن يىراقلاشتۇراي. ئاندىن كېيىن مىركەرىم-بەردى بەگنىڭ ئەدىپىنى بېرەي. ئەلۋەتتە، خان ئالىيلىرىنى ئى-شەندۇرۇش ئۈچۈن ئىشەنچلىك سەۋەب تېپىشىم كېرەك. خاننىڭ قايسى كۈندىكى قىلغان گەپلىرى مۇنداقلا ئاغزىدىن چىققان ئە-مەس. ھەئە، چوقۇم بىر ئىشنى سېزىپ قالدى ياكى گۇمانلاندى. بەلكىم مىركەرىمبەردى بەگ قاتارلىق بىر قىسىم كۆرەلمەسلەر خان ئالىيلىرىغا ئۈستۈمدىن دادلاپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. خان ئالىيلىرىغا بولغان يېقىنچىلىقىمغا زىيادە ئىشىنىپ ئۇلارغا سەل قاراپتىمەن. مىركەرىمبەردى بەگنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەم بۇ ئىشنى خان ئالىيلىرىغا چۈشەندۇرۇشكە ۋاقتى كەلگەندە سەۋەب تېپىلىپمۇ قالار. ساڭا نېمە ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدىغان-لىقىمنى بىلەمسەن، مىركەرىمبەردى بەگ؟ چۈنكى، ئىلكىڭدە بىر تۈمەن لەشكەر بار. شۇڭا سەنمۇ ئالدىمدا گىدىيىسەن، مېنى ئانچە پىسەنتىڭگە ئالمايسەن. سېنى ئاشۇ لەشكەرلەردىن ئايرىۋېتەلى-سەملا ئالدىمدا قۇربانلىق ئۈچۈن بوغۇزلىنىشنى كۈتۈپ ياتقان قويدەك تېپىرلاپ يېتىشتىن باشقا ئامالىڭ يوق...»

www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

قارا قىشتا ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملىشىۋاتقان مەشرەپ، بەزمە-
لەر سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا ئېتىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.
مىركەرىمبەردى بەگ بىلەن تۆمۈربۇقا بەگ ئۆز مۇددىئالىرىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسان بۇغاخاننى ئوچۇق ـ ئاشكارا شى-
كارغا ئۈندىمەي، پۇرسەت تاپسىلا ئىلگىرى قىلغان شىكارلىرىنىڭ
گېپىنى قىلىپ ئۇنى شىكارغا قىزىقتۇرماقچى، ئۇۋ ھەۋىسىنى
قوزغىماقچى بولۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى تېزلا ئۈنۈمى-
نى كۆرسەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ جانبازلىق، لەشكىرىي ماھارەتكە قايى-
تىدىن ھەۋەس قىلغان ئىسان بۇغاخانغا مەشقاۋۇللارمۇ ئۇۋ ـ
ئوۋلاش ئارقىلىق لەشكىرىي ماھارەت مەشىقى قىلىش تەكلىپىنى
بەرگەنىدى. ئادەتتىمۇ لەشكەرلەر ئوۋچىلىق ئۇسۇلى بىلەن مە-
شىقلەندۇرۇلەتتى.

قار توختاپ ھاۋا ئېچىلغان بىر كۈنى سۇلتان ئىسان بۇغا-
خان مەشقاۋۇللىرى ۋە شىكار ئەمىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بەش يۈز
خاس نۆكىرى بىلەن بەش يۈز لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا
چىقىپ كەتتى. خاننىڭ مۇشۇ چىقىپ كەتكەنچە ئاز دېگەندىمۇ
ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىسىز ئاستانىگە قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى
مۆلچەرلىگەن تۆمۈربۇقا بەگ بىلەن مىركەرىمبەردى بەگ ئۆز مۇد-
دىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇنچە
جىددىي تەييارلىق كۆرۈشتى. شۇ كۈنلەردە ئۇلۇسبېگىلىك ھەم
ئىككى دىۋاننىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە قاتتىق ئىشەنگەن تۆ-
مۈربۇقا بەگ مىركەرىمبەردى بەگدىن ئازراقمۇ خەۋپسىرىمەيتتى.
ئۇ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ نامىنى پەش قىلىپ مىركەرىمبەر-
دى بەگنى ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىكىدىن
قالدۇرۇش، ئورنىغا خېلىدىن بېرى لەشكىرىي دىۋاندا ئۆزىگە
ساداقەت كۆرسىتىپ كەلگەن ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەرنى ئاستانە

مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەش، ناۋادا مىر ـ كەرىمبەردى بەگ نارازى بولۇپ قارشى چىقسا، ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە تايىنىپ تۇتۇپ زىندانغا تاشلاش ۋە سۇلتان ئىسان بۇغاخان شىكاردىن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە كۆزدىن يوقىتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ مىركەرىمبەردى بەگنىڭ پىلانلىرىمۇ خېلىلا ئوي ئىدى. ھەئە، شۇ كۈنلەردە پۈر ـ سەت كەلگەندەك ھېس قىلىشقان ئىككى رەقىب بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇنچە قىلىچ بىلىشىۋاتاتتى.

※ ※ ※

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى شىكارغا ئۇزىتىپ قويغاندىن كې ـ يىن ھەر كۈنى ئەتىگىنى شاھنىشىندا ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى خانغا ۋاكالىتەن ئوچۇق چىراي، خۇش مۇئامىلە بىلەن قوبۇل قى ـ لىپ، ئوشۇق ـ ئارتۇق پەرمان جاكارلىماي يۈرگەن تۆمۈربۇقا بەگنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن بىردىنلا تۇتۇلۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ سالامغا كەلگەن ئەمىرلەر بىردىنلا تەشۋىشكە چۈشتى. تۆمۈربۇقا بەگنىڭ كېچىدىن چۈشى بۇزۇلۇپ قالغاندەك ئەلپازى يامان ئى ـ دى. ئوردىدا سۇلتان ئىسان بۇغاخان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمىر ـ لەر سالامغا ئانچە ئەتىگەن كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شاھنى ـ شىنغا خېلىلا كېچىكىپ كىرگەن تۆمۈربۇقا بەگ شۇنداقلا نەزەر تاشلاپ بىرقانچە ئەمىرنىڭ تېخىچىلا سالامغا كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىراق بۇ ئەمىرلەر تۆمۈربۇقا بەگنىڭ يېقىنلىرى ئىدى. تۆمۈربۇقا بەگ بىرەر باھانە ـ سەۋەب ئىزدەپ ئەدىپىنى بېرىش ئارقىلىق مىركەرىمبەردى بەگنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغان ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى شاھنىشىنغا كېلىپ بولغانىدى، مىركەرىمبەردى بەگ بولسا سەپىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى.

تۆمۈربۇقا بەگ ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى سوغۇقلا ئىلىك ئال ـ دى. ئۇلۇسبېگىلىك كۇرسىغا ئۆزىنى تاشلاپ كۆزىنى يېرىم يۇم ـ

www.uyghurkitap.com

غىنچە خىيالغا ئەسىر بولدى.

«مىركەرىمبەردى بەگ ھەقىقەتەن ھىيلىگەر ئادەم ئىكەن، ھەپتىدىن بىرى سالامغا بىر قېتىممۇ كېچىكىپ قالمىدى. ئۇنىڭ يېقىنلىرىمۇ ھەم شۇنداق، ياكى ئۇلار پەيلىمنى بىلىپ قالدىمىكىن؟ مۇمكىن ئەمەس، ھەپتىدىن بىرى پەقەت شۇلارغىلا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن، سالامغا كېچىكىپ كەلگەنلەرگىمۇ ئاق ـ كۆك دەپ باقمىدىم. بىراق ئۇلار ئازراقمۇ بىخۇدلاشمىدى دېسە، ياكى ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋەمنى ئېتىراپ قىلغانمىدۇ ـ يە؟ توغرا، ئۇلار مەندىن قورقىدۇ. خان ئالىيلىرىنىڭ ئوردىدا يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ئەدىپىنى بېرىشىمدىن ئەنسىرەيدۇ، ئەمدى ۋاقىتنى بۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ناۋادا خان ئالىيلىرى ئۇۋدىن رايى يېنىپ قالسا مۇددەتتىن بۇرۇن ئوردىغا قايتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇل چاغدا مىركەرىمبەردى بەگنىڭ ئىلكىدىكى لەشكەرىي ھوقۇقنى ئېلىۋېلىش مۇددىئايىم سۇغا چىلىشىدۇ. ئەمدى ئەپلىك سەۋەب ئىزدەپ سۈكۈت قىلىۋېرمەي، باھانە دېگەن ئىزدىسەم تېپىلىپ قالۇر...»

تۆمۈربۇقا بەگ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئوردا ئىشىكئاغىسىغا قارىدى.

ــ سالامغا كەلمىگەنلەر بارمۇ؟

ــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغاي، جازا دىۋانىنىڭ ئورۇنباسارى شەمسىدىن مىرزا كەلمىدى.

ــ سەۋەب؟

ئوردا ئىشىكئاغىسى ئالدىراش جاۋاب بەردى:

ــ سەۋەبىنى بىلمىدۇق ھەزرىتىم.

تۆمۈربۇقا بەگ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ شەمسىدىن مىرزىنى بۇندىن يېرىم يىل ئىلگىرى جازا دىۋانىنىڭ ئورۇنباسارلىقىغا ئۆزى ئۆستۈرگەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەمسىدىن مىرزا ئۇنىڭ يېقىنى ھېسابلىناتتى.

جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى ھەقبەردى مىرزا ئالدىغا بىر قەدەم

چىقىپ جاۋاب بەردى:

— شەمسىدىن مىرزا ئېغىر تۇمۇداپ قاپتۇ، ئەھۋالىدىن بىزنى خەۋەردار قىلغانىدى.

تۆمۈر بەگنىڭ كاللىسىغا پاللىدە بىر ئەقىل كەلدى.

«باھانە تېپىلدى، ‹ئىش ئوڭغا كەلسە، تامبال سوڭغا كەپتۇ› دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. مۇنۇ ھەقبەردى مىرزا بىلەن مىركەرىمبەردى بەگلەر بىر تامبالنى تەڭ كىيىدىغانلاردىن. مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ھەقبەردى مىرزىنىڭ ئەدىپىنى بەرسەم، مىركەرىمبەردى بەگنىڭ يۈرىكى مۇجۇلىدۇ. ناۋادا ئارىغا چۈشۈپ سالا قىلسا، ئۇنىمۇ ئۇچۇقداپ، خاننىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ بىرلىشىپ ئۆلۈسبېگىگە قارشى چىقتى دېگەن گۇناھنى يۈكلەپ، ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاي...»

تۆمۈربۇقا بەگ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قوپال تەگدى:

— سورىمىغان بولساق زۇۋانىغا كەلمەمتىلە ئەمىر؟

ھەقبەردى مىرزا تاتىرىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ھەزرەتلىرىگە مەلۇم قىلاي دەپ تۇرغان.

— مەلۇم قىلغانلىرى مۇشۇمۇ؟ قول ئاستىدىكىلەرنى باشقۇرالامدىلا ئۆزى؟ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسىلا گەپنى ئوچۇق قىلسۇنلار.

ھەقبەردى مىرزا گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەپ يەنە توختىتىۋالدى.

— ئوردىدا خان ئالىيلىرى بولمىغىنى بىلەن بىز بار، — دېدى تۆمۈربۇقا بەگ قولىنى شىلتىپ، — بىر قىسىم ئەمىرلەر خان ئالىيلىرىنى ئېخچىلا گۆدەك چاغلاپ، باشباشتاقلىق قىلىپ سەلتەنەت ئىشلىرىدا سۇسلۇق قىلىۋاتىدۇ. مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىغا كۆرسەتكەن تۆھپەڭلارنى پەش قىلىپ تولا ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار. ھازىر دېگەن خاقان ئىسان بۇغاخان ئا-

لىيلىرىنىڭ زامانى. خان ئالىيلىرى سىلەرنى ئاتا كۆرگەن ئەمىرلەر، دەپ كۆپ يول قويۇپ كەلدى. ھېلىمۇ ئالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىپ كەلدىم، مەنسەپ ـ مەرتىۋەڭلەرگە رىئايە قىلىشنى ئۆتۈندۈم. سىلەر بولساڭلار يەنىلا ئۆزۈڭلار بىلگەن سەنئەمگە دەسسەپ يۈرۈيسىلەر.

تۆمۈربۇقا بەگ گېپىنى توختىتىپ ئەمىرلەرگە يەۋىتىمدىغاندەك ئەلپازدا چەكچەيدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئەمىرلەرنىڭ ئۆزىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى، يېلىنىشىنى تەمە قىلىۋاتاتتى، لېكىن ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. مۇشۇنداق پەيتتە ئۆزىگە ھەمدەم بولمىغان، مۇددىئاسىغا ماسلاشمىغان يېقىنلىرىنىڭ دۆتلۈكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

ھەقبەردى مىرزىنى ئۇچۇقداپ مىركەرىمبەردى بەگنى تارتىپ چىقىرىش مۇددىئاسىغا يېتەلمىگەن تۆمۈربۇقا بەگ بىۋاستە مىركەرىمبەردى بەگكە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

— سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى كۆپەيتىش ھەققىدە خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللىغان بولساقمۇ، خەزىنە يىلدىن ـ يىلغا قۇرۇقدىلىنىپ قېلىۋاتقان بولغاچقا ئالىيلىرى سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئەسلىي مۇددىئاسىغا يېقىنلىشىشقا تىرىشىپ، — جانابى ئالەمپاناھىمىز شىكارغا چىقىشتىن ئاگال تەسەررۇپىمىزدىكى بارلىق خان لەشكەرلىرىنىڭ تەمىناتىنى قاتتىق باشقۇرۇش، تەمىناتلارغا لەشكىرىي دىۋان مەسئۇل بولۇش ھەققىدە ئالاھىدە پەرمان چۈشۈردى. شول بائىستىن بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى بىلەن ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى بىۋاستە لەشكىرىي دىۋانغا پەرمانبەردارلىق قىلىدۇ. ماڭلايسۆيەردىكى چېگرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغۇچى بىر تۇمەن خان لەشكىرىنىڭ تەۋەلىك ئىشىنى خان ئالىيلىرى شىكاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايرىم بىر تەرەپ قىلىمىز. ئاستانە مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىكىنى ھازىردىن باشلاپ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسارى ئابدۇللا بارلاس ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاستانە ھاكىمى مىركەرىمبەردى بەگ جانابلىرى ئەمدى

لەشكىرىي ئىشلارغا ئارىلاشمىغاي. ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىنى جوڭقۇرۇۋاتقان ئەرك بېگى① ئابدۇخالىق مىرزا...

مىركەرىمبەردى بەگ ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ دەبدەبىلىك پەرمانىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ ئورۇنباسار ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىدىن سوراپ باقسام، بۇ خۇسۇستا خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بارمىكىن؟

مىركەرىمبەردى بەگنىڭ قەستەن «ئورۇنباسار ئۇلۇسبېگى» دەپ ئاتىشى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ زىتىغا تەگكەن بولسا، گېپىنى ئەدەپسىزلىك بىلەن بۆلۈۋېتىپ خان يارلىقى سورۇشتۇرۇشى غۇزژىدە ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. غەزەپتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇ بىرئاز تەمتىرىدى.

ــ ئاغزاكى يارلىقى بار، ــ دېدى تۆمۈربۇقا بەگ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ــ ھاكىمبەگ جانابلىرى قىلچىلىك شۈبھىلەنمىگەيلا!

ــ لەشكىرىي تەمىناتنى ئەلۋەتتە قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك، ــ دېدى مىركەرىمبەردى بەگ تۆمۈربۇقا بەگنى مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا سۆزلەپ، ــ بىراق لەشكىرىي دىۋان شۇ چاغقىچە لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە تارقاتمايۋاتقانلىقىدىن، تارقاتسىمۇ قىسىۋالغانلىقىدىن خەۋىرىمىز بار. ئەمما ئاستانە مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ تەمىناتىنى قىسىۋالغىنىمىز، چۆنتەكىمىزگە سېلىۋالغىنىمىز يوق. پەمىمچە، خان ئالىيلىرىنىڭ لەشكىرىي تەمىناتنى قاتتىق باشقۇرۇش ھەققىدىكى پەرمانى بىزنىڭ ئىلكىمىزدىكى ئاستانە مۇھاپىزەتچى قوشۇنغا قارىتىلمىغان بولسا كېرەك. سەۋەبىنى ئۆزلىرىنىڭ تەسەررۇپلىرىدىكى لەشكىرىي دىۋاندىن ئىزدىگەيلا. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، خان ئالىيلىرى بىرنەچچە ئايلىق ئۇرۇشقا ئەمەس، بىرنەچچە ھەپتىلىك شىكارغا ماڭدى. بۇنداق شارائىتتا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاغزاكى يارلىق چۈشۈرۈشنىڭ قىلچىلىك ئورنى يوقتۇر.

① ئەرك بېگى ــ «ئوردا بېگى، ئوردا ياساۋۇل ئەمىرى» دېگەن مەنىدە. ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ياساۋۇللار ئەرك بېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ ئۆزلە... ئۆزلە نېمە دېمەكچى ؟ ــ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ چىرايى غەزەپتىن قارىدىدى، ــ جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ يارلىـ. قىغا سەركەشلىك قىلماقچىمۇ ـ ھە؟

مىركەرىمبەردى بەگ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ يوقسۇ، ئاشۇ ئاغزاكى يارلىقتىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، ھەزرەتلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ نامىنى پەش قىلىپ يالغان پەرمان جاكارلاۋاتامدىكىن دەۋاتىمەن!

ــ ھەددىڭلاردىن ئاشمىسۇنلا. سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلـ. ماقچىمۇ ئۆزلە!

ــ ئاسىيلىق ئۆزلەدىن ئايلانسۇن، سەلتەنەتكە بولغان سادا. قىتىمگە ئىمانىم بىلەن كېپىلمەن، ــ مىركەرىمبەردى بەگ مەغرۇرلۇق بىلەن قوشۇپ قويدى، ــ خان ئالىيلىرىنىڭ پەرماند. نى كۆرمىگىچە ئاستانە مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى لەشكىرىي دىۋانغا ھەرگىز ئۆتكۈزۈپ بەرمەيمەن.

ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيى تۆكۈلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ، غەزىپىنى باسالمىغان تۆمۈربۇقا بەگ بىردىنلا تىل سالدى:

ــ كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭنى بايقا ئەي زاتى پەس چۈپرەندە! بىلىپ قوي، ساڭا بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ شەۋكەتلىك ئۇ. لۇسبېگى پەرمان بېرىۋاتىدۇ!

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ غەزەپتىن بوغۇلۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىركەرىمبەردى بەگ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قەستەن زىتىغا تېگىشكە باشلىدى!

ــ ئۇلۇسبېگى؟ قايسى ئۇلۇسبېگىنى دەيدىلا تەقسىر ؟ ــ مىر كەرىمبەردى بەگ ئەتراپىغا ئالدىرىماي نەزەر تاشلىۋەتكەندىن كېيىن تۆمۈربۇقا بەگكە يۈزلەندى، ــ بول دەرگاھتا شەۋكەتلىك ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرىنى ئەجەب مەن كۆر. مەيۋاتىمەنغۇ؟ ھە، ئۆزلەنى كۆزدە تۇتۇۋاتامدىلا، گەپىنى ئۆزلە باي. قاپراق قىلسىلا بولارمىكىن، ئېزىپ قاپتىلا، ئۆزلە دېگەن ئۇلۇس. بېگى ئەمەس، ئۇلۇسبېگىنىڭ ئورۇنباسارى. ئۇلۇسبېگى بولۇشقا لاياقەتلىرى ھەرگىز توشمايدۇ. خان ئالىيلىرىغا قېيىنئاتا بولۇ.

ۋېلىپلا ئۆزگىلەرنىڭ زاتىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئۈيالسىلا. بىلىشىمچە، ئۆزلە ئەينى ۋاقىتتا مەرھۇم شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ سەرۋاز مەرتىۋىسىدىكى ئادەتتىكى نۆكىرى ئىدىلە. شىر، ئوغلان، باھادىر، پالۋان دېگەندەك كاتتا ئۇنۋانلار بىلەن تارتۇقلىنىشمۇ تا بۇ كەمگىچە ئۆزلەگە نېسىپ بولمىغانغۇ دەيمەن. مانا بىزگە مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى باھادىرلىق ئۇنۋانى بەرگەن.

تۆمۈربۇقا بەگ ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە مىركەرىمبەردى بەگنىڭ مۇشۇ ئەدەپسىزلىكىلا ئۇنى دەرھال تۇتۇپ زىندانغا سېلىشقا، ھەتتا كاللىسىنى ئېلىشقا تولۇق باھانە بولالايتتى، سۇلتان ئىسان بۇغاخانمۇ بۇ باھانىنى ئاڭلىسا تۆمۈربۇقا بەگنى ئەيىبلەپ كەتمەيتتى.

«ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ بەتبەخت، ياۋاشلىق بىلەن ئاستانە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىكىنى تاپشۇرغان بولساڭ بەلكىم ھاكىملىق مەنسىپىڭنى ساقلاپ قالالىغانمۇ بولاتتىڭ، ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. پەيمانىڭ بۈگۈن توشقان ئوخشايدۇ، مېنىڭ ئۇلۇسبېگى ياكى ئورۇنباسار ئىكەنلىكىمنى ھازىر بىلىپ قالىسەن...»

مىركەرىمبەردى بەگنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ كۈچلۈك بىر ھاياجان چۇلغىۋالغانىدى.

«ئېخ، ئادالەتلىك تەڭرىم. بۇ مۇناپىق تۆمۈر بەگنىڭ پاسىق ئايىغىنى ئوردىغا ئىككىنچىلەپ دەسسىيەلمەيدىغان قىلىشىمغا ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن. خان ئالىيلىرى بۇ گۇناھىم ئۇچۇن ئۆلۈمگە بۇيرۇسىمۇ مەيلى، نىيەت قىلغان ئىكەنمەن ئەمدى ھەرگىز ئىككىلەنمەي، قالغان ئىشلارنى سېنىڭ ئىلكىڭگە تاپشۇردۇم. ئەجىلىڭ توشتى تۆمۈر بەگ، ھەرقانچە كۆرەڭلىسەڭ بىكار. جانابى كۆمەكداشلىرىم غەيرىتىڭلار سۇسلاپ قالمىغاي، ئوردىغا بۆرە مىسالى بېكىنىۋالغان ئول يىرتقۇچنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى...»

— مىرغەزەپ!

تۆمۈربۇقا بەگ شاھنىشىنىنىڭ نەقىشلىك ئىشىكىگە قاراپ

www.uyghurkitap.com

غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، بىراق ئىشىك تۈۋىدە شەپە يوق ئىدى. تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا ۋەھىمە ئولاشتى، جېنىنىڭ بېرىچە يەنە بىر قېتىم توۋلىدى:

— مىرغەزەپ! قايسىڭلار بار!

شاھنىشىنىنىڭ نەقىشلىك ئىشىكى يەنە جىمجىت ئىدى. ئادەتتە ئىشىك تۈۋىدە كېچە ـ كۈندۈز پەرمان كۈتۈپ تۇرىدىغان جاللاتلارنى شۇ دەقىقىدە يەر يۇتقاندەك قىلاتتى. تۆمۈربۇقا بەگنىڭ يۈرىكى سىرقىرىدى، تەشۋىش، شۈبھە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆزى بىر قوللۇق يېتىشتۈرۈپ مەنسەپكە تەيىنلىگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە تىكتى:

— تۇتۇڭلار ئۆزىنى بىلمىگەن مۇنۇ مۇرتەدنى.

قاتتىق ئىشەنگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قارىغىنىچە بۇتتەك قېتىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ھەئە، مىركەرىمبەردى بەگنىڭ تەرەپدارلىرى ئاللىقاچان ئۇ ئەمىرلەرنى ئارىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۆتكۈر خەنجەرلىرىنىڭ مۇزدەك سوغۇق ئۇچىنى ئۇلارنىڭ بېقىنىغا تىرەپ ئۆلگۈرگەنىدى. شاھنىشىنىغا ئۇلۇسبېگىدىن باشقا ئەمىرلەرنىڭ تىغ ئېلىپ كىرىشى قاتتىق چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن مىركەرىمبەردى بەگنىڭ ھەمراھلىرى قويۇنلىرىغا خەنجەر تىقىۋېلىپ كىرگەن، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ياساۋۇل ئەمىرى ئابدۇخالىق مىرزا شاھنىشىنىنىڭ يېنىدىكى جاللاتلارنى ئەتىگەندىلا قايتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن تۆمۈر بەگنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى.

تۆمۈربۇقا بەگ ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى، غالىبلارغا خاس قىياپەتتە مەغرۇر تۇرغان مىركەرىمبەردى بەگنىڭ شاھنىشىنىغا تولۇق تەييارلىق بىلەن كىرگەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. ئوردا ياساۋۇل ئەمىرى ئابدۇخالىق مىرزىغا ئۈمىد بىلەن قارىدى:

ـــ ئەرك بېگى.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئاۋازى بەكمۇ بوش چىقتى، شۇ تاپتا ئۇ-نىڭ بايامقى كۆرەڭلىكى قالمىغانىدى.

ـــ لەببەي! ـــ دېدى ئابدۇخالىق مىرزا.

ـــ مىرغەزەپلەر قېنى؟

ـــ ئۇلارغا بۈگۈن ئازادلىق بەرگەن[①]، ھەزرىتىم.

ـــ ياساۋۇللارنى چاقىرسۇنلار.

ـــ ياساۋۇللار نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالدىكىن ھەزرىتىم؟

ئابدۇخالىق مىرزىنىڭ قۇمدەك سوئاللىرىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن تۆمۈربۇقا بەگنىڭ شۇ دەقىقىدە غەزەپلەنگۈدەك ماجالى يوق ئىدى. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان تۇرغان مىركە-رىمبەردى بەگنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ـــ مۇنۇ مۇرتەدنى تۇتۇپ ئەدەپلىمەك كېرەك!

ئابدۇخالىق مىرزا تۆمۈربۇقا بەگكە تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ـــ كەچۈرسىلە ھەزرىتىم، ئوردا ياساۋۇللىرى پەقەت جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى يوققا چىققان تۆمۈربۇقا بەگ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئابدۇخالىق مىرزىنىڭ جاۋابى يوللۇق ئىدى، خىللانغان ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىغا پەقەت سۇلتان ئىسان بۇغاخانلا پەرمان چۈشۈرەلەيتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئادەتتىكى لەش-كەرلەردىن پەرقلەندۈرۈپ «ئوردا ياساۋۇللىرى» دەپ ئاتايتتى، تە-مىناتىمۇ ئادەتتىكى لەشكەرلەردىن پەرقلىنەتتى. لەشكىرىي دىۋان-نىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىككى تۈمەن لەشكەر تۇرىدىغان لەشكەرخانا ئوردىنىڭ سىرتىدا ئىدى، تۆمۈربۇقا بەگ جېنىنىڭ بارىچە ھەر-قانچە توۋلىسىمۇ لەشكەرخانىغا ئاۋازى يەتمەيتتى. ئاغزىنىڭ شۇنچىكى يېلى بىلەن ئاشۇ ئىككى تۈمەن لەشكەرنى سەپراس

① ئازادلىق بەرگەن ـــ ئارام ئېلىش بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

قىلالايدىغان ئىمتىيازى بار تۆمۈربۇقا بەگ شۇ دەقىقىدە ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلدى.

مىركەرىمبەردى بەگ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىسى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىپ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا يېنىغا ئېسىۋالغان، دەستىسىگە دۇر قويۇلغان قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە چىقاردى ـ دە، مىركەرىمبەردى بەگكە دېۋەيلىدى.

ـــ نېمىگە كۈلىسەن، زوۋۋانىڭنى ئۆچۈر ئەي توڭگۇز!

تۆمۈربۇقا بەگ پەقەت ئۆزىدىلا قورال بار دەپ ئويلىغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مىركەرىمبەردى بەگنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتا قالغانىدى. مىركەرىمبەردى بەگ چاقماق تېزلىكىدە قوينىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ بوينىغا نىشانلاپ چېپىلغان قىلىچنى توستى. قىلىچ بىلەن خەنجەرنىڭ تېگىشىشىدىن چىققان سادا شاھنىشىندا جاراڭلاپ ئەكس سادا قايتۇردى. مىركەرىمبەردى بەگنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى كۆرۈپ تۆمۈربۇقا بەگنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. شۇنداق، گەرچە تۆمۈربۇقا بەگ سىپاھىلىقتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى لەشكىرىي ماھارەت، جانبازلىقنى مەشىق قىلماي كۆڭلىنى بەزمە ـ باراۋەت، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قىلىچ ئوينىتىشتا قولى گاللىشىپ قالغانىدى. چەبدەسلىك بىلەن قىلىچنى توسۇپ ئۈلگۈرگەن مىركەرىمبەردى بەگ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۆمۈربۇقا بەگنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇۋەتتى. زەرب بىلەن ئۇرۇلغان خەنجەر سېپىغىچە پاتقانىدى. خەنجەر زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۆمۈربۇقا بەگ ئېچىنىشلىق ئىڭرىۋەتتى، قولىدىكى قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھەقبەردى مىرزا چاچراپ كېلىپ يەردىكى قىلىچنى ئالدى ـ دە، تىزلىنىپ قالغان تۆمۈربۇقا بەگنىڭ بوينىغا زەرب بىلەن قىلىچ چاپتى. ئۆزىنىڭ قىلىچىدا ئۇزۇلگەن تۆ-

مۇربۇقا بەگنىڭ بېشى يەرگە تورۇككىدە چۈشتى. بويۇن تومۇرلىرىدىن جىرقىراپ قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

— يەنە قارشىلىشىدىغانلار بارمۇ؟ — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى مىركەرىمبەردى بەگ.

— تۆمۈربۇقا بەگنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىدىغانلار مەيدانغا چىقىڭلار! — ۋارقىرىدى ھەقبەردى مىرزا.

بېقىنىغا خەنجەر تىرەلگەن ئەمىرلەرنىڭ چىرايى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئەزايىنى قارا تەر باسقانىدى. ئۇلار جالاقلاپ تىترىگىنىچە موككىدە تىزلاندى، لېكىن لەۋلىرى گەپكە قولاشمىدى.

— تۆمۈر بەگ ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ خان ئالىيلىرىنى ئالداپ، ئەمىرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەپرىقىچىلىك سېلىپ، خان ئالىيلىرى بىلەن ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ، سۇپۇرگە مىرزىلار ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلدى. رىشۋەت ئېلىپ، ئەمەل ـ مەنسەپ سېتىپ، خالىغانچە سېلىق سېلىپ ھارام دۇنيا جۇغلىدى. سېھىرىي ئەپسۇنلىرى بىلەن خان ئالىيلىرىنىڭ كۆزىنى باغلاپ، ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلغۇزمىدى. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئول رىياكارنى كۆزدىن يوقىتىشقا جۈرئەت قىلدۇق، — دېدى مىركەرىمبەردى بەگ، — بۇ ئىش جانابى ئەمىرلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ھەرقانداق ئاقىۋەتكە ئۆزۈم ئىگە!

— مەنمۇ ھەم شۇ! — دېدى ھەقبەردى مىرزا، — خان ئالىيلىرى سۈرۈشتە قىلسا، گۇناھنى ئىككىمىزنىڭ گەدىنىگە ئارتىپ قويۇشسىلا بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ۋابالىغا ھەربىرلىرىنى زىنھار چېتىشۋالمايمىز.

— خان ئالىيلىرى شىكاردىن قايتىپ كەلگىچە قازىكالان سۇلايمان خوجا ھەزرەتلىرى بىلەن ئەرك بېگى ئابدۇخالىق مىرزا جانابلىرى ئوردا ئىشلىرىغا مۇئەككەل بولغاي، قالدى ئەمىرلەر قىلچىلىك تەشۋىشلەنمەي، ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بول-

غاي، ــ دېدى مىركەرىمبەردى بەگ، ــ جانابى قىبلىگاھىمىز بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ بولغىچە ئۆزىمىزنى بىر مەزگىل پىنھانغا ئېلىشنى لايىق كۆردۇق. بىز ئاستانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن خان ئالىيلىرىغا خەۋەر بېرىشكەيلا. خان ئالىيلىرى قايتىپ كەلگىچە ئاستانىدا قاتتىق تەرتىپ ئورنىتىلغاي!

ئەمىرلەر زۇۋانسىز ئىدى. گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن سۇلايمان خوجا بىلەن ئابدۇخالىق مىرزىنى مىركەرىمبەردى بەگ شەرەتلەپ ئېغىز ئاچقۇزمىدى. شاھنىشىندىن سالماق قەدەم بىلەن چىقىپ كەتكەن ئىككى ئەمىرنى باشقىلار ئۈن ـ تىنسىز ئۇزىتىپ قويدى.

※ ※ ※

ئەتىسى مىركەرىمبەردى بەگ بىلەن ھەقبەردى مىرزا خوتۇن ـ بالا، مۇلازىم ـ مەھرەملىرى ۋە ئۈچ مىڭ نۆكىرىنى ئېلىپ تۇرپان شەھىرىدىن چىقىپ كەتتى.

تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان ئىسان بۇغاخان قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، ھاياتىدىن خەۋپسىرەپ دەماللىققا ئاستانىگە قايتىشقا پېتىنالمىدى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئىلاج قىلالمىغان سۇلايمان خوجا بىلەن ئابدۇخالىق مىرزا شاھسانى سۇلتان خاتۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سەييىدئەلى ئالپنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە چاپارمەن ماڭغۇزدى. ئولتۇرسا ـ قوپسا تۆمۈربۇقا بەگ بىلەن ھەمتاۋاق بولۇشۇپ ئۆتكەن بىر قىسىم ئەمىرلەر جانلىرىدىن ئېھتىيات قىلىشىپ ئوردىدىن قېچىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى.

## 45

مىلادىيە 1447 ـ يىلى ئۇجمە پىشىشقى، ئاقسۇ.

ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى يايلاقتا يۇزلىگەن يىپەك چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، چېدىرلارنىڭ ئۈستىگە قادالغان بۆيۈك موغۇلىستان بايراقلىرى تۆمۈر چوققىسىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامالدا لەرزان لەپىلدەيتتى. نەچچە ئونلىغان داشقازانلاردا قوي، كالا، تاي، بۇغا، جەرەن، غاز، توخۇ، قىرغاۋۇل، كەكلىك گۆشلىرى قاينايتتى. تۇرلۇك جان ـ جانىۋارلارنىڭ گۆشى پۈتۈن پېتى زىخقا تارتىلىپ كاۋاپ قىلىنىۋاتقان كاۋاپدانلار ئەتراپىقا مەززىلىك زىرە، قارىمۇچ پۇراقلىرىنى تارقىتاتتى. ئاشپەزلەر، ناۋايلار، سامسىپەزلەر ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرلۇك نازۇنېمەتلەرنى ئالدىراش تەييارلاۋاتاتتى. مۇلازىملار دەريا بويلاپ سېلىنغان داستىخانلارغا تەييار بولغان يېمەكلىكلەرنى توشۇۋاتاتتى. مۇغبەچىلەر① مەي ـ شاراب كوزىلىرىنى، قەدەھ ـ جاملارنى راسلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىكاۋۇل ئەمىر نەچچە ئونلىغان بىكاۋۇللارنى ئەگەشتۇرۇپ ھېلى داستىخانغا تىزىلغان تاۋاق، تەخسە، چىنە ـ پىيالە، قوشۇق ـ بەكلەرنىڭ جاي ـ جايىغا قويۇلغان ـ قويۇلمىغانلىقىنى، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى بۇيۇملارنىڭ داستىخاننىڭ قايسى تەرىپىگە قويۇلۇشى كېرەكلىكىنى داستىخانچىلارغا تاپىلىسا، ھېلى ئوچاق، تونۇر، كاۋاپدان باشلىرىغا بېرىپ ئۇستىلارنى ئالدىرىتاتتى. ھەئە، بۇ موغۇلىستان ئېلىنىڭ ئاستانىسى تۇرپاندىن ئاقسۇغا كۆچۈرۈلگەندىن بۇيانقى ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى ئوردا زىياپىتى ئىدى. بۇنى زىياپەت دېگەندىن كۆرە، قۇرۇلتاي

① مۇغبەچىلەر ــ شاراب تۇشۇغۇچىلار.

دېگەن تۈزۈك ئىدى. چۈنكى، نورۇز بايرىمىدىن كېيىنلا تەييارلىق كۆرۈلگەن بۇ زىياپەتكە قومۇل، ئاراتۈرك، بارىكۆلدىن تارتىپ بېشبالىق، ئالمالىققىچە؛ كورلا، كۆنچى، يۇلتۇز يايلىقىدىن تارتىپ لوپ، چەرچەن، ئالتۇنتاغ ۋادىسىغىچە؛ كۇچار، باي، ئۇچتىن تارتىپ قەشقەر، ياركەنت، خوتەنگىچە؛ پامىر ئېتىكىدىن تارتىپ ئىسسىقكۆل، سايرام، يەتتە كەنت، تۈركىستان چېگرىسىغىچە بولغان ۋىلايەت، ئايماق، يۇرتلارنىڭ ئەمىرلىرى، بەگ ــ تۆرىلىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى تولۇق تەكلىپ قىلىنغانىدى.

ئىككى يىل ئىچىدە چاچ ــ ساقاللىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ كەتكەن سەييىدئەلى ئالپ دەريا لېۋىدىكى قىرى توغراقنىڭ تۈۋىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، لايقىلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا كەتكەنىدى.

«... ئىنساننىڭ ئۆمرى ئاشۇ دەريا سۈيىگە ئوخشايدىكەن. دەريا سۈيى بىردە ئۇلغىيىپ، كەلكۈن ياساپ ھەيۋە كۆرسەتسە، ئۇلغايغان ئېقىنلىرى بىلەن قاغجىرىغان زېمىننى سۇغىرىپ، تەڭرىنىڭ مۆجىزىلىرى بولمىش بارچە مەۋجۇداتلارغا ھاياتلىق بېغىشلىسا، بىردە تارتىلىپ، ئۆز قىنىدا غايىب بولۇپ كېتىدىكەن، سۇر ــ ھەيۋىسىدىن نىشانە قالمايدىكەن. قاغجىرىغان مەۋجۇداتلارنى سۇغىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قىرغاقلىرىدىكى گىياھلارنىڭمۇ تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدىكەن. سەلتەنەت شەۋكىتىمۇ ھەم شۇنداق. بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىنىڭ سەلتەنەتى قانچە قېتىم كۆچىيىپ، قانچە قېتىم ئاجىزلىدىكىن؟ بۇزرۇكۋار بابام ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى جەننەتماكان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خىزىر خوجاخان ئالىيلىرىغا ھەمدەم بولۇپ پايتەختنى بېشبالىقتىن تۇرپان شەھىرىگە كۆچۈرگەندە مەن تېخى تۇغۇلمىغان ئىكەنمەن. ئۇلار تۇرپان شەھىرىنى بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ مەڭگۈلۈك تەختگاھى بولۇپ قالار دەپ ئويلىغان بولغىيدى. مانا، ئاستانىنى تۇرپاندىن ئاقسۇ شەھىرىگە

كۆچۈرۈپ كەلگىنىمىزگىمۇ بىر يىل بولاي دەپ قالدى. تۇرپان
شەھىرى خىزىر خوجاخان، مۇھەممەدخان، شىرمۇھەممەدخان، ئۇ-
ۋەيسخان قاتارلىق باھادىر سۇلتانلارنىڭ شەۋكىتىگە گۇۋاھ بول-
دى؛ نۇرغۇن قىرغىنچىلىقلارنى، نۇرغۇن ئاسايىشلىقلارنى، مە-
مۇرچىلىق ۋە ئاچارچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى؛ جەننەتماكان
سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا نەچچە يۈزلىگەن
كارىزلار چېپىلىپ، چەت ـ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز بىنەملەر ئې-
چىلىپ ئېكىنگە ئايلاندى. ئول ئادالەت ھامىيسى بولمىش سۇلتان
ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى ئالدىراپ رەھمەت دەرياسىنىڭ شەربىتىنى
ئىچمىگەن بولسا، بەلكىم ئاستانىنى كۆچۈرۈپ يۈرمەس بولغىي-
دۇق. ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە سۇلتان ئىسان بۇغاخان
سەلتەنەتىنىڭ شەۋكىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئاللاھنىڭ
دەرگاھىغا خاتىرجەم كېتەرمەن دەپ ئارمان قىلىۋىدىم، قەشقەرنى
مىرزا ئۇلۇغبەگ تەسەررۇپىدىن قايتۇرۇۋالغان ۋاقتىمدا تەڭرىنىڭ
ئالدىدا نەپسان سۆزلىگەن بولغىيدىممىكىن ـ تاڭ، ئول شانۇ
شەۋكەتتىن شەپە بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، سەلتەنەت خاراب بول-
غىلى تاس ـ تاماس قالدى. ئەمىرلەر ئوردىنى تاشلاپ تەرەپ ـ تە-
رەپكە چېچىلىپ كەتتى. ھەرقايسى يۇرتلاردا تەپرىقىچىلىك باش
كۆتۈردى. ھېلىمۇ ياراتقان ئىگەمنىڭ ئىنايىتى بار ئىكەن. بۇ خە-
تەرلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى سەل-
تەنەت تەختى ئاستىغا جەم قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. سۇلتان
ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى بۇ ئاچچىق ئاقىۋەتتىن ساۋاق ئالارمى-
كىن؟ سەلتەنەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ماجالى يېتەرمىكىن؟ ئور-
دىدا يەنە بىر تۆمۈر بەگنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالارمى-
كىن؟...»

دەريا بىر خىل رىتىمدا شارقىرايتتى، دولقۇنلار قىنىغا پاتـ-
ماي قىرغاقلارغا ئۇرۇلاتتى، سەييىدئەلى ئالپىنىڭ خىياللىرى ئا-
شۇ بەڭۋاش دەريا دولقۇنلىرىدەك تىنچسىز ئىدى.

※ ※ ※

ھەئە، سۇلايمان خوجا بىلەن ئابدۇخالىق مىرزا ئەۋەتكەن چاپارمەن قەشقەرگە كېلىپ ئوردىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سەييىدئەلى ئالپقا يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە يەتكۈزدى. كۈتمىگەن يەردىن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن سەييىدئەلى ئالپ قاتتىق چۆچۈدى. شۇ كۈنىلا قەشقەردىكى بىر تۈمەن خان لەشكىرىدىن بەش مىڭىنى ئايرىپ، قەشقەرنى سەركەردە ئالچىنبەگكە تاپشۇرۇپ تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇن، تاغىسى مىرمۇھەممەدشاھ ۋە سۈپۈرگە مىرزا، مىركەرىمبەردى بەگلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يازغان مەكتۇپلىرىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىگىنىگە، تۆمۈربۇقا بەگكە زىيادە ئىشىنىپ كەتكىنىگە، سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا سەلتەنەتنى ئوڭچە تاشلاپ بېرىپ كارى بولمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ تاغىسى مىرمۇھەممەدشاھنىڭ سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن رەنجىپ ئاتباشى قەلئەسىگە يامانلاپ كەتكىنىدىن خەۋەرسىز قالغىنىغا ئەپسۇسلاندى.

سەييىدئەلى ئالپ سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى يول بويى ئارام ئالدۇرمىدى. كۈچاردا بىر قېتىم، كورلا كۆنچى ۋادىسىدا بىر قېتىم ئات يەڭگۈشلەتتى. سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئاتمىش ياشتىن ھالقىغان ئەمىرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرغىنىغا قاراپ ساغرا، بەللىرىنىڭ ئاغرىشىغا بەرداشلىق بەردى. شۇ قېتىملىق جىددىي يۈرۈشتە لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىنىڭ كاسىلىرى قاپىرىپ كەتكەنىدى. سەييىدئەلى ئالپ تۇرپانغا تۆت مىڭدەك لەشكەر بىلەن كېلەلىدى، قالغان مىڭغا يېقىن لەشكەر ئاتتا ئولتۇرۇشقا ماجالى يەتمەي سەپتىن چۈشۈپ قالغانىدى.

سۇلايمان خوجا بىلەن ئابدۇخالىق مىرزا سەييىدئەلى ئالپنى سېپىلنىڭ سىرتىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىپ تۇنجى قىلغان ئىشى قېيىنئانىسىنى يوقلاش بولدى.

سۇلتان خاتۇننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغان بولۇپ، كېسەل ئازابىدا ئورۇقلاپ قۇچاقتا ئالغۇدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى تولىمۇ مەغرۇر، ئىرادىلىك، ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئالدىراپ ئاشكارىلىمايدىغان، گەپنى مېغىز-لىق قىلىدىغان، نەزەرى ئۇستۇن بۇ موماينىڭ تۇرقىغا قاراپ سەييىدئەلى ئالپنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كەمىنە ئوغۇللىرى بۈزرۈكۋارىنى يوقلاپ كەلدى. قانداقراق تۇرۇۋاتىدىلا؟ — دېدى ئۇ سۇلتان خاتۇن ياتقان كاتسۇپىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ.

سۇلتان خاتۇننىڭ چىرايىدا سۇس كۈلكە جىلۋە قىلدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن گۇنسىز كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چىقتى، ئاغزىنى ھەرقانچە ئۆمەللەپمۇ گەپ قىلالمىدى.

— ئاغىچا ئايىم گەپ ـ سۆزدىن قالغىلى خېلى بولدى، — دەپ چۈشەنچە بەردى خىزمەتكار ئايال، — لېكىن ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، قىلغان ھەرقانداق گەپنى زېھنىگە ئالالايدۇ.

سەييىدئەلى ئالپ خىزمەتكار ئايالغا يۈزلەندى:

— ئوردىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن خەۋەر تاپقانمىدى؟

— دەسلەپتە يوشۇرغان ئىدۇق، كېيىن كۆڭلى تۇيدىمىكىن ياكى خىزمەتكارلار ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ يېنىدا جۆيلۈپ سال-دىمىكىن، بىزدىن سوراپ تۇرۇۋالدى. يەنە يوشۇرۇۋېرىشكە جۈرئەت قىلالماي راست گەپنى ئېيتتۇق، شۇندىن تارتىپ گەپ ـ سۆزدىن قالدى.

سەييىدئەلى ئالپ قېيىنئانىسىغا نەزەرىنى ئاغدۇردى. موماي «ئوردىدىكى ئىشلاردىن خەۋىرىم بار» دېگەننى قىلىپ بېشىنى بى-لىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتتى.

— خاتىرجەم بولسىلا بۈزرۈكۋارىم، خان ئالىيلىرىنى نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ تېپىپ ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن. ئۆزۈممۇ خان ئالىيلىرىنىڭ يېنىدىن ئەمدى ھەرگىز ئايرىلمايمەن، سەلتە-نەت ئىشلىرىدىن غەم قىلمىسىلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇلتان خاتۇننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. چىرايىدا خاتىرجەم بولغاندەك ئالامەت نامايان بولدى. ھاياجانلاندىمۇ ئەيتاۋۇر، تىننىقى بىردىنلا ئىتتىكلەپ كەتتى.

— تېۋىپنى چاقىرىڭلار، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ جىددىيلىشىپ.

تېۋىپ سۇلتان خاتۇننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ئاغزىغا ئىككى قوشۇق دورا تېمىتتى، موماي بىرئازدىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى. بىر نېمىلەرنى دەپ تاۋۇش چىقىرىپ، ئوڭ قولىنىڭ بىدىگىز بارمىقى بىلەن سول قولىنىڭ ئالىقىنىغا جىجىلىدى.

— قەغەز ـ قەلەم سوراۋاتىدۇ، — دېدى خىزمەتكار ئايال، — گەپ ـ سۆزدىن قالغاندىن بېرى بىزگە خەت يېزىپ مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى، لېكىن ئىككى ھەپتىدىن بېرى بارماقلىرىنىمۇ مىدىرلىتالماس بولۇپ قالغان. خۇدايا توۋا، بۈگۈن مۆجىزە يۈز بەردىمۇ ـ نېمە.

چۆرە قىزلار سۇلتان خاتۇننى ئاۋايلاپ پەر ياستۇققا يۆلىدى، ئالدىغا ئەپچىلگىنە بىر شىرەنى قويۇپ، قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرۈپ بەردى. قولىغا سىياھقا مىلەنگەن قومۇش قەلەمنى تۇتقۇزۇپ قويدى. موماي تىترەپ تۇرغان ماغدۇرسىز بارماقلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ قەغەزگە خەت يېزىشقا باشلىدى. يازغان خەتلىرى ئىرماش ـ چىرماش ئىدى، بەكرەك زېھىن قويمىسا ئوقۇغىلى بولمايتتى. سەيىدئەلى ئالپ مومايىنىڭ يازغان خەتلىرىنى ئىچىدە ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى.

«ئاللاھ ئىگەمنىڭ ھىممەت ـ ئىنايىتىگە شۈكۈر. سەلتەنەتنى، خان ئالىيلىرىنى تاشلىۋەتمىسۇنلار. خان ئالىيلىرىغا ئادالەت، پەزىلەت ئۆگىتىشتىن ئايانمىسۇنلار. چوڭ نەۋرەم خانزادە يۇنۇسخان بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىلا، ئۇنىڭغا مېھرىم قانمىغانلىقىنى، ئۇنى سېغىنغانلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويغايلا. ئول بەختى قارا نەۋرەمدىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئۇنىڭغا تەسەررۇپىمىزدىن مۇۋاپىق بىر...»

سۇلتان خاتۇن خەتنىڭ داۋامىنى يازالمىدى. تۇيۇقسىز تار ـ تىشقاندەك بولۇپ، بېشى لاسىدە چۈشۈپ كەتتى.

سەييىدئەلى ئالپنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن مۇدھىش بىر سو ـ غۇق مېڭىسىدە توختاپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى مۇزلىتىۋەتتى.

— بۇزرۇكۋارىم... بۇزرۇكۋارىم... تېۋىپ، چاققان بولسىلا!

پايپاسلاپ كەلگەن تېۋىپ ئاۋۋال مومايىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، ئاندىن كۆكرىكىگە قۇلىقىنى يېقىپ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى.

— كۆرگۈ①، كۆرگۈ ئەكىلىڭلار! — دېدى تېۋىپ جىددىي ـ لەشكەن ھالدا.

خىزمەتكار ئايال چۆرىسىگە ئالتۇن قويۇپ نەقىشلەنگەن قوش ئالىقان چوڭلۇقىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ كەلدى. تېۋىپ ئەي ـ نەكنى مومايىنىڭ ئاغزىغا تۇتتى، ئەينەك ئازراقمۇ ھوردالمىدى.

— مەلۇم بولغاي، شاھسانى ئالىيلىرى شاھادەت شارابىغا مۇشەررەپ بولۇپتۇ.

سەييىدئەلى ئالپ لام ـ جىم دېمىدى، كۆزىدىن ئىككى تام ـ چە ياش دومىلاپ چۈشتى. شۇ ھامان تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈچ كۆۋرۈك مەھەللىسىگە جايلاشقان شاھسانى قەسرىدىن بىردىنلا ھازا كۆتۈرۈلدى.

ئوغلى سۇلتان ئۇۋەيسخان قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن مىرمۇھەممەدشاھ، سەييىدئەلى ئالپ قاتارلىق ئەمىرلەرنىڭ مەس ـ لىھەتىگە كىرىپ كىچىك نەۋرىسى خانزادە ئىسان بۇغاخاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى قوللىغان، چوڭ نەۋرىسى خانزادە يۇنۇسخان ـ نىڭ تۈركىستانغا كېتىشىنى خالىمىسىمۇ، يېنىدا ئەپقالسا كې ـ يىنكى ۋاقىتلاردا ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ماجىراسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن ئىچ ـ كى تۇيغۇلىرىنى بىلىندۇرمەي سۈكۈت قىلغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ چوڭ نەۋرىسىنى پەقەت يۈرىكىدىلا سېغىنىپ، ئىس ـ مىنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالمىغان سۇلتان خاتۇن

① كۆرگۈ — سىنئەينەك.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلىد-
غانىدى.

سەييىدئەلى ئالپ ئاۋۋال قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇنىنىڭ
دەپنە ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن كېيىن ئوردا ئىشلىرى-
نى بىر قۇر تەرتىپكە سېلىۋېلىپ، ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مە-
لۇماتىغا ئاساسەن سۇلايمان خوجا، ئابدۇخالىق مىرزا، سەركەردە
مەلىك ئوغلان قاتارلىق بىرقانچە ئەمىرلەرنى ئېلىپ سۇلتان ئى-
سان بۇغاخاننىڭ مۆكۈپ ياتقان جايىغا كەلدى. بۇ يەر بىلەن تۇرپان
شەھىرىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كۈنلۈك يول ئىدى.

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئىسان بۇغاخان يا ئوردىغا قايتىپ بې-
رىشقا جۈرئەت قىلالماي، ياكى باشقا يەرگە كېتىشكە رايى بارماي
دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ كۈن
ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ بىر قىسىم ئەمىرلەرنى
باشلاپ سالامغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ ـ تېنەپ
چېدىرىدىن چىقتى. ۋۇجۇدى ۋەھىمىلىك، خىياللىرى قالايمىقاند-
دى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپنى يىراقتىن كۆرۈپ دەسلەپ تاتاردى،
كېيىن گەدىنىگىچە قىزاردى. بىرنەچچە ئايدىن بېرى سۇلتان
ئىسان بۇغاخان ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان غەم ـ ئەندىشە، ۋەھىمە ـ
تەشۋىشتە ھەمدە جاپالىق دالا تۇرمۇشىدا خېلىلا ياداپ قالغانىدى.
ئەل ـ يۇرتقا «سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ سەلتەنەتى بىكار قى-
لىنىغۇدەك، ئورنىغا ئاغىسى خانزادە يۇنۇسخاننى ئەپكېلىپ تەختتە
ئولتۇرغۇزغىدەك...» دېگەن ئەپقاچتى گەپلەر تارقالغان بولغاچقا،
ئالدىغا سالامغا كەلگەن سەييىدئەلى ئالپقا تازا ئىشەنچ قىلالمىدى.
كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە تەشۋىش ـ ئەندىشە قۇترايتتى. سەييىد-
ئەلى ئالپ ئۇنى ھازىرلا تۇتۇپ ئەپكېتىپ نەزەربەند قىلىدىغاندەك
ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ چۇلغىۋالغانىدى. دەسلەپتە شىكارغا چىققان
ۋاقتىدا ئېلىۋالغان نۆكەر ـ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپىدا ئاران ئىككى يۈزگە يېقىن نۆ-
كىرى قالغانىدى. بۇنچىلىك نۆكەر بىلەن سەييىدئەلى ئالپقا تەڭ

كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھەم قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان بېشىغا كەلگەننى كۆرۈشكە ھازىرلاندى. ئۇنىڭ سەيىدئەلى ئالپقا تىكىلگەن كۆزلىرى تەشۋىشلىك ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم قىبلىگاھىمىزغا ئېھتىرام بولغاي!

ئىسان بۇغاخان بىلەن بەش قەدەم ئارىلىق قالغاندا سەيىدئەلى ئالپ شۇنداق دېگىنىچە بېشىنى ئېگىپ قول باغلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئەمىرلەرمۇ دەرھال قول باغلاپ سالام بەجا كەلتۈردى. تېخىچىلا ئەس ـ ھوشىنى يىغالماي قېتىپ قالغان ئىسان بۇغاخان بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇ سەزگۈلىرىگە ئىشەنمەي ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى.

«بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ـ ھە، راست چۈشۈم ئەمەسكەن. ئېھ ياراتقان ئىگەم، ھىممىتىڭگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر...»

سۇلتان ئىسان بۇغاخان دەرھال ئېسىنى يىغىپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە سەيىدئەلى ئالپنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

— مېنى بۇنداق خىجىل قىلمىسىلا جانابى ئەمىر، مېنىڭ بۇنداق ھۆرمەت، ئېھتىرامغا لاياقىتىم يوقتۇر.

ھاياجانلانغان، تەسىرلەنگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆزلىرىدىن بوراندەك ياش تۆكۈلدى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ئالىيلىرى، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — قىبلىگاھىمىزغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈش بىزلەركىم ساداقەتمەن نۆكەرلىرىنىڭ ئەلەددامام بۇرچىمىزدۇر.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ ئالتۇن بويلىرىغا ئېسەنلىك تىلەيمىز. تاجۇ دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، — دېدى تېخىچىلا قول باغلاپ تۇرغان ئەمىرلەر.

— جانابى ئەمىرلەرنىڭ ساداقىتىگە تەسەننا، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەمىرلەرگە يۈزلىنىپ، — قېنى چېدىرگاھقا

www.uyghurkitap.com

مەرھەمەت قىلسۇنلار.

ئەمىرلەر تەڭلا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى:

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا!

ــ تاجۇ تەخت پاسىبانسىز قالسا بولماس، ــ دېدى سەيىيد-
ئەلى ئالپ جىددىي تەرزدە، ــ مۇمكىن بولسا قىبلىگاھىمىز دەر-
ھال ئاستانىگە قەدەم كەلتۈرگەي.

راستىنى ئېيتقاندا، سۇلتان ئىسان بۇغاخانىنىڭمۇ بۇ يەردە
پەقەتلا تۇرغۇسى يوق ئىدى. نەچچە ئايدىن بېرى ئۇ ئوردىنى، ھە-
رەمنى، پاراغەتلىك تۇرمۇشنى، يېشىغا تەگمىگەن خانزادىسى
دوستمۇھەممەد خاننى، سۆيۈملۈك خانىشى ئايمېھرى خېنىمنى
سېغىنغانىدى، شۇڭا كۈتۈلمىگەن بۇ خۇشاللىقتىن ئېسىنى يو-
قىتىپ قويغانىدى.

ــ ئاستانىگە قايتىشقا ئىجازەت بەرگەيلا ئالىيلىرى، ــ دې-
دى سەيىيدئەلى ئالپ يەنە قول باغلاپ تۇرۇپ.

ــ ئىجازەت! ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئېسىنى يې-
غىپ.

ئۇلار سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئاتقا مىندۈرۈپ تۇرپان شە-
ھىرىگە قاراپ مېڭىشتى. ئۈچ كۈندىن بېرى توختىماي يول يۈر-
گەن بۇ كىشىلەر ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي يەنە ئارقىسىغا
يېنىشتى. يانداش مېڭىشقان سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن سەي-
يىدئەلى ئالپ بىرىنچى كۈنى ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشتى. ئىسان
بۇغاخان سەيىيدئەلى ئالپنى ئۆتكەن ئىشلارنى چوقۇم يۈزۈمگە سا-
لىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن سەيىيدئەلى ئالپ بۇ ھەقتە پەقەتلا
ئېغىز ئاچمىدى. ئىككىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىن يولغا چىق-
قاندا شاھسانى سۇلتان خاتۇنىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى يەت-
كۈزدى. مومىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ سۇلتان ئىسان بۇ-
غاخان بىر پەس جىمىپ كەتتى.

ــ بۇزرۇكۋار مومامنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قىلىشىغا
مەن سەۋەبچى، ــ دېدى ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ــ مەن

ئۇلارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدىم، دىلىنى كۆپ رەنجىتتىم، شول سەۋەبتىن بابائى بۇزرۇكمۇ يامانلاپ يىراق چېگرىدىكى ئاتباشى قەلئەسىگە بېرىۋالدى.

ــ ئۆزلىرىنى ئەيىبلىمىسىلە ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ تەسەللى بېرىپ، ــ ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندە، ئازماس ئاللاھ دەپتىكەن، قازا قىلغانلارغا رىزالىق بېرىپ، ھاياتلارغا مەرھەمەت كۆرسەتكەيلا.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بۇ گەپىنى نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكىنى چۈشەندى.

ــ بابائى بۇزرۇكتىن كەچۈرۈم سورىسام قوبۇل قىلارمۇ؟ ئوردىغا قايتىپ كېلىشكە ئۇنارمۇ؟

ــ سەمىمىيەتلىرىگە ئىشەندۇرەلىسىلە ئەلۋەتتە قايتىپ كېلىدۇ، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ، ــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى ئۆزلەگە قەۋەتلا ئىچ كۆيەرلىك قىلاتتى. جەننەتماكان شاھسانى ئالىيلىرى قازا قىلار چاغدا ئۆزلەنى تولىمۇ ياد ئەتتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان كۆز يېشىنى توختىتىۋالالمىدى.

ــ بەلكىم ھەممە سەۋەنلىكنى ئۆزۈمدىن كۆرۈشۈم كېرەكتۇر، مىڭ پۇشايمان قىلسامۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. تۆمۈر بەگكە زىيادە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، شۇنىڭلا گېپىگە قۇلاق سېلىپ، باشقا ئەمىرلەرگە پەرۋا قىلماپتىمەن. شۇ سەۋەبتىن تۆمۈر بەگنىڭ ئوردىدا ھايتاق[1] بولۇپ كەتكىنىنى سەزمەپتىمەن. جانابىي بۇزرۇكۋارلىرىمنىڭ تەكرار ـ تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشى قۇلىقىمغا كىرمەپتۇ. ئادەمنى غەپلەت باسقاندا كور، گاس بولۇپ قالىدىكەن. ئەسلىدە خانىش ئايمېھرى خېنىم ئاتىسىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بۇرۇنلا سېزىپ قاپتىكەن، بابائى بۇزرۇك ئوردىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا كۆپ نەسىھەت قىلدى. ئاتىسىنىڭ رايىغا باقماسلىقىمنى، سەلتەنەت تىزگىنىنى بىر قوللۇق تۇتۇشۇمنى، ھەممە ئەمىرلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىمنى ئاگاھلاندۇردى.

① ھايتاق ــ ئۆز بېشىمچى، باشباشتاق.

www.uyghurkitap.com

شۇندىن كېيىن خېلى دىققەت قىلغان بولساممۇ، ئالىتقاچان خىش قېلىپىدىن چىقىپ بوپتىكەن. بەلكىم شىكارغا چىقمىغان بولسام قانداق بولاتتىكىن ـ تاڭ. بابا تولىمۇ جايىدا گەپ قىلدىلا، كەتـ. كەنلەرگە رىزالىق بېرىپ، ھاياتلارغا چوقۇم مەرھەمەتسىنى ئايىـ. مايمەن. ئوردىغا بېرىپلا بابائى بۇزرۇكتىن كەچۈرۈم سوراپ مەكـ. تۇپ ئەۋەتىمەن. ئوردىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنىمەن، ھەرقانداق كالامىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلايمەن.

— يەنە تېخى سۇپۇرگە مىرزا، مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقـ. بەردى مىرزىلارمۇ بار ئالىيلىرى، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، — سۇپۇرگە مىرزا سەلتەنەتىمىزگە ئۇزۇن مەزگىل خىزمەت قىلـ. غان، بىھېساب ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەن ساداقەتمەن ئەمىردۇر. ئۇ بىز ئۇچۇن تەۋەررۇك، مىركەرىمبەردى بەگ بىلەن ھەقبەردى مىرزا ئاچچىقىغا پايلىماي تۆمۈر بەگنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىـ. مۇ، ئۆزلىگە، سەلتەنەتكە چەكسىز ساداقىتى باردۇر. ئۇلار تۆمۈر بەگنى ئامالسىزلىقتىن ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىش مۇددىئاسى بولغان بولسا ئوردىنى تاشلاپ كەتـ. مەيتتى، بەلكىم جانلىرىغا قەست قىلىش كويىغا چۈشكەن بولاتـ. تى. خانىش ئايىم ھەقىقەتەن ئەقىللىق، پەزىلەتلىك ئايالكەن. تۆـ. مۈر بەگ نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاتىسى، شۇڭا ئوردىغا بارغاندىن كېيىن تەسەللى بەرسىلە، كۆڭلىنى ياسىسىلا.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان خىجىللىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭلىدە پۈتۈنلەي قاـ. يىل بولغانىدى.

— جانابلىرىدىنمۇ كەچۈرۈم سورايمەن، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىر پەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە ھەزرەتلىرىنى ئېسىمدىن چىقاردىم. گەپىنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، ئۆزلەنىڭ ئوردىغا كېلىشـ. لىرىنى خالىمىدىم.

— كەمىنەلىرىمۇ قىبلىگاھىمنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يول

تۇتۇپ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا پىشسۇن دەپ، ئوردىغا قايتىپ كېـ-
لىشكە قىزىقمىغانىدىم، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان
بۇغاخاننىڭ سەممىيەتتىدىن سۆيۈنۈپ، ــ بولدى، ئەمدى بۇ
ئىشلارنى تىلغا ئالمايلى ئالىيلىرى، كۆڭۈللىرىنى زىنھار يېرىم
قىلمىسىلا، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سەلتەنەت ئىشلىـ-
رىغا كۆپرەك زېھنىلىرىنى بەرسىلە. تەخت ـ سەلتەنەت ئىگىسى
قول ئاستىدىكىلەرگە ھەم ئىشىنىشى، ھەم گۇمان قىلىشى كېـ-
رەك. قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىنىشى كېرەك دېگىنىم، بىر
كىمگە ئىشەنمەي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى يالغۇز باشقا ئېلىپ چىققىلى
بولماس. ئىشەنگەن ئادەمگە چوقۇم مەنسەپ ـ مەرتىۋە بېرىپ تۇ-
رۇپ ئىشقا قويۇش كېرەك. گۇمان قىلىشى كېرەك دېگىنىم،
بىراۋنىڭ ئورۇنسىز خۇشامىتىدىن ھەزەر ئەيلىمەك كېرەك، چۈن-
كى، ئۇ خۇشامەتنى مەلۇم مۇددىئا بىلەن قىلغان بولىدۇ، ۋۇجۇ-
دىدا ساداقەتتىن كۆرە تەمە كۆپ بولىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنى ئوردا
بوسۇغىسىغا زىنھار يېقىن يولاتماسلىق كېرەك. «ئادەمنىڭ ئالـ-
سى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دەيدىغان گەپ بار، ئول
رەھمەتلىك تۆمۈر بەگ ئالىيلىرىنىڭ ياش، تەجرىبىسىزلىكىدىن
پايدىلىنىپ كېتىپتۇ.

سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئوردىغا قايتۇ-
رۇپ كەلگەندىن كېيىن بارلىق ئەمىرلەرنى يىغىپ قۇرۇلتاي چا-
قىردى. قۇرۇلتايدا ئاساسەن ئاستانىنى تۇرپاندىن ئاقسۇغا كۆچۈ-
رۈش ئىشى مۇزاكىرە قىلىندى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ تەپسىلىي
چۈشەندۈرۈشىدىن، ئاقسۇنىڭ سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت،
يايلاقلىرى تەڭرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەمىرلەر پايتەختنى كۆ-
چۈرۈش ئىشىغا بىردەك قوشۇلدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخانمۇ ئە-
مىرلەرنىڭ قارارىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئاستانىنى ئاقسۇغا كۆچۈ-
رۈشكە ماقۇل بولدى. بىرەر ئاي پۇختا تەييارلىق كۆرگەندىن كېـ-
يىن، سۇپۇرگە مىرزىنى تۇرپاننىڭ ئەمىرلىكىگە، سەركەردە مەلىك
ئ[illegible]لاننى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلەپ، ئاقسۇغا كېتىشنى ئىختىيار

قىلغان بارلىق ئەمىرلەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئاقسۇ موغۇلىستاننىڭ پايتەختى بولۇپ قالدى.

ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى بوۋىسى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزىلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ مەكتۇپ يوللاش بولدى. ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ نەۋرىسىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا دەرھال ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. مىركەرىمبەردى بەگ ئەندىجانغا يېقىن بولغان ئالابۇغا قەلئەسىگە، ھەقبەردى مىرزا ئىسسىقكۆل تەۋەسىدىكى پەيپەك قەلئەسىگە ماكانلاشقانىدى. ئۇلار ئىسان بۇغاخاننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئوردىغا قايتىپ كېلىش تەكلىپىگە ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلدى. سوغۇق چۈشۈپ كەتكىنىنى باھانە قىلىپ ئاقسۇغا كېلىشكە ئالدىرىمىدى. ھەئە، ئۇلار سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۆزلىرىدىن تۆمۈربۇقا بەگنىڭ قىساسىنى ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۇلارغا قايتا مەكتۇپ يوللىدى. تۆمۈر بەگنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى، ھەمدە خالىمىسا ئوردىغا كېلىشكە مەجبۇرلىمايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرى مۇۋاپىق كۆرگەندە، قاچان كۆڭلى تارتقاندا ئوردىغا قايتىپ كەلسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ سەمىمىيىتىنى بىلدۈردى. سەييىدئەلى ئالىپمۇ ئۇلارغا ئۆز نامىدا مەكتۇپ يوللىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن سەييىدئەلى ئالىپنىڭ سەمىمىيىتى ئاخىر ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى. ئۇلار خاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب خەت يازدى. ئەمما سوغۇق چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خەتەرلىك تاغ يولىدىن ئۆتۈشكە ئامالسىز قېلىپ ئاقسۇغا كېلەلمىدى.

※ ※ ※

سەييىدئەلى ئالىپ ئەسلىمىلەر قويىنىدىن باش كۆتۈرۈپ دەريا

سۈيىگە قاراپ قويدى. بۈگۈنكى بۇ قۇرۇلتايغا يىراق ـ يېقىندىكى بارلىق ئەمىرلەر تولۇق كېلىپ بولغان بولۇپ، پەقەت مىركەرىم ـ بەردى بەگ بىلەن ھەقبەردى مىرزىدىن تېخىچىلا خەۋەر يوق ئى ـ دى. ئۇ بۇ ئىككى ئەمىرنىڭ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

— مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى داستىخانغا قەدەم كەل ـ تۈردى.

سەيىدئەلى ئالپ قول باغلاپ تۇرغان ئوردا مەھرىمىگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، دەريانىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىكى داستىخان سېلىنغان توقايغا نەزەرىنى ئاغدۇردى. زىياپەت ئۈچۈن راسلانغان سورۇنغا تىكىلگەن رەڭدار يىپەك سايىۋەنلەر ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر قىمىرلايتتى، سەيىدئەلى ئالپ گەپ قىل ـ ماي توقايلىققا قاراپ ماڭدى.

تۆردە، يەردىن بىر گەز ئېگىزلىكتە ياسالغان شاھسۇپىدىكى قات ـ قات سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە سۇلتان ئىسان بۇغاخان بوۋىسى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن يانمۇيان ئولتۇراتتى. ئۇ بوۋىسى ـ نى ئوردا يوسۇنلىرىنى بۇزۇپ ئۇنىمىغىنىغا قويماي شاھسۇپىغا باشلاپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالغانىدى. بۇ كاتتا ھۆرمەتتىن ھايا ـ جانلانغان مىرمۇھەممەدشاھنىڭ كوماك ئاغزى يۇمۇلماي قالغانى ـ دى. قالغان ئەمىرلەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى بويىچە شاھسۇپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە سېلىنغان داستىخاننىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشقانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن تاغىسى مىرمۇھەممەدشاھقا سالام بېرىپ.

ئەمىرلەر گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھۆرمەت بىلدۈ ـ رۈشتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن مىرمۇھەممەدشاھ ئولتۇر ـ غان جايىدا بىرئاز قىمىرلاپ قويۇپ سالامنى ئىلىك ئالدى.

— قېنى خوش، جاي ئالسۇنلار.

سەيىدئەلى ئالپ ئەمىرلەرگە تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ قويى ـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

غاندىن كېيىن، داستىخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆزى ئۈچۈن شاھسۇپىغا يېقىن قىلىپ راسلانغان ئورۇنغا جايلاشتى.

ــ ئاللاھ رىزاسى بىلەن ئاستانىمىزنى ئاقسۇ شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندىن بېرى جانابى ئەمىرلەرنىڭ بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە سەلتەنەت ئىشلىرىمىزنى خېلى ئوبدان ئىزىغا سېلىۋالدۇق، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان سۆز قىلىپ، ــ ھەربىرلىرىنى يېڭى ئاستانىمىزگە تەكلىپ قىلىشىمىزدا، بىر نەچچە ۋاق دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇپ ئۆتۈشتىن ئۆزگە مۇددىئا يوقتۇر.

ئەمىرلەر گۇرردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى:

ــ ئادالەتپاناھىمىزنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا. ئادالەت قىلىچلىرىنىڭ سايىسىدا ئەل ـ يۇرت كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋاتلىشىپ، بۈيۈك سەلتەنەتىمىز روناق تاپقاي!

ــ جاي ئالسۇنلار، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان تەۋازۇ بىلەن.

ئەمىرلەر خانغا يەنە بىر قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ ئولتۇرۇشتى.

ــ قېنى، داستىخانغا قول كەلتۈرۈشسىلە، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان ئەمىرلەرگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

ــ ئالىيلىرىدىن كەلگەي، ــ دېدى ئەمىرلەر ئەدەپ ساقلاپ.

ــ ئى بابائى بۇزرۇك، ئۆزلەدىن كەلسۇن، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان بوۋىسى مىرمۇھەممەدشاھقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

ــ گەرچە بىز بابائى بۇزرۇك بولساقمۇ يەنىلا ئۆزلە سەلتەنەت پاسىبانىدۇر. داستىخانغا يەنىلا خان ئالىيلىرى قول كەلتۈرۈپ بەرگەيلا، ــ دېدى مىرمۇھەممەدشاھ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخانىنىڭ داستىخانغا قول ئۇزىتىشى بىلەن ئەمىرلەر «ئالسىلا ـ باقسىلا» دېيىشىپ نازۇ نېمەتلەرگە قول تەگكۈزۈشتى. سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭشەپ نەغمە قىلىشقا، سا-

قىيلار شاراب كوزىلىرىدىن قەدەھلەرگە شاراب تۆكۈشكە باشلىدى.

ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى يىلدا بىر قېتىم ئوردىغا كېلىپ خانغا سالام بېرىدىغان، خان قاچان ئىجازەت بەرسە ئاندىن قايتىپ كېتىدىغان قائىدە بار ئىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان تەختكە چىققاندىن كېيىن بۇ قائىدە ئانچە داۋاملاشماي كەلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەمىرلەر ئوردىغا سالامغا كەلمەيدىغان بولۇۋالغانىدى.

سەلتەنەت ئىشلىرىنى تۆمۈربۇقا بەگنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخانمۇ بۇ قائىدىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىگەنىدى. خان بىلەن بىر داستىخاندا ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەر تۇنجى قېتىم سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ھەمدە سەلتەنەتنىڭ سۈرىنى ھېس قىلىشتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئورنىغا ئاكىسى چوڭ خانزادە يۇنۇسخان تەختتە ئولتۇرغۇدەك، دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئوردا پەرمانلىرىغا سۇسلۇق قىلغان، كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەمىرلەر قايتىدىن ھوشىنى يىغىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۇرلۇك گۇمان، تەشۋىشلەر پۈتۈنلەي تارقىغانىدى. سەيىدئەلى ئالپنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى پۇختا تەييارلىق قىلىپ، يىراق ـ يېقىندىكى ئەمىر ل بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ بۇگۇنكى بۇ ئوردا زىياپىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشىدىكى ئاساسلىق مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئارقىمۇئارقا ئىچكەن شاراب تەسىرىدىن ئوبدانلا قىزىۋالغان بىر قىسىم ئەمىرلەر چاقچاقلىشاتتى، بىر ـ بىرىگە شاراب تۇتۇشاتتى، قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلىشەتتى.

شاھسۇپىنىڭ ئالدىغا ئېھتىرام بىلەن يېتىپ كەلگەن ھۆدەيچى بەگ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ قول باغلىدى:

— مەلۇم بولغاي.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان «سۆزلە» دېگەننى قىلىپ ھۆدەيچى

بەگكە قارىدى. قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئەمىرلەر جىم بولۇشتى.

— مىركەرىمبەردى بەگ دەرگاھىدىن چاپارمەن كەلدى.

باياتىن بېرى ئىككى ئەمىرنىڭ ئاقسۆغا كەلمىگەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرغان سەييىدئەلى ئالپ يالت ئېتىپ هۆدەيچى بەگكە قارىدى.

— باشلاپ كەلسۇنلار، — دېدى ئىسان بۇغاخان.

هۆدەيچى بەگ هايال ئۆتمەي چاپارمەننى باشلاپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شەۋكەتلىك ئالەمپاناھقا ئېھتىرام بولغاي، — دېدى چاپارمەن قول باغلاپ تۇرۇپ، — مىركەرىمبەردى بەگ جانابلىرى خان ئالىيلىرىغا بىھېساب سالام يوللىدى.

— سالامەت بولغاي، — دېدى ئىسان بۇغاخان.

ئەلچى قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئېھتىرام بىلەن ئىككى قوللاپ تۇتتى. هۆدەيچى بەگ ئۇنىڭ قولىدىن خەتنى ئالدى.

— ئوقۇسۇنلار، — دېدى ئىسان بۇغاخان.

هۆدەيچى بەگ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كۆڭۈل ئاسمىنىمىزنىڭ تولۇن ئايى، بۈيۈك سەلتەنەت بۇرجىنىڭ نۇرلۇق ماھى، ئەدلى ـ ئادالەت بارگاھىنىڭ پەھلىۋانى، كۆڭلى ـ كۆكسى ئالەمدەك كەڭرى، دەريايى ئەزىمدەك ھىممەتلىك، شەۋكەتلىك قىبلىگاھىمىزغا بىز كەبى ئازغۇنلۇق دەشتىدە تېنەپ يۈرگۈچى ئەرزىمەس نۆكەرلىرىدىن بىھېساب سالاملار بولغاي.*

*ئالەمپاناھىمىزنىڭ مۇبارەك مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كۆزىمىزگە سۈرتكەن، خۇشاللىق ياشلىرىمىزنى يامغۇر كەبى تۆكۈپ بەختىيارلىق ئىلكىدە، دەرگاھلىرىغا تېزرەك قەدەم كەلتۈرۈپ گۇناھىمىزنى تىلەشكە ئالدىرىغان بولساقمۇ، لېكىن تاغ ـ داۋانلاردىكى قار ـ مۇزلار ئېرىـ*

مەي، تاغ يولى ئېچىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىلاجسىز قالغان ئىدۇق. كۆكلەم بىلەن تەڭ سەپەر جابدۇقلىرىنى ھازىرلاپ يولغا چىقىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىمىزغا ماۋەرائۇننەھر، ھىراتتىن ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرىمىز كۈتمىگەن بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىلەر. بەلكىم ئۇشبۇ خەۋەر جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ قۇلىقىغىمۇ بېرىپ يەتكەندۇ. گەرچە جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىزگەبى ئۇممەتلىرىگە «شۇم خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەردىن بولماڭلار» دەپ ئاگاھ جاكارلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇشبۇ خەۋەردىن قىبلىگاھىمىزنى ۋاقىپلاندۇرۇشنى لايىق كۆردۇق. پىنھان قالمىسۇنكى، ئۇشبۇ كۈنلەردە خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر ۋە پەرغانە ۋادىسىنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى، مەشھۇر لەقەملىرى خاقانى سەئىد بولمىش شاھرۇخخان ئالىيلىرى شاھادەت شارابىنى ئىچىپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىپتۇلەر. كەمىنە نۆكەرلىرىنىڭ كالتە پەمىچە، گەرچە بۇ ئۇل تەسەررۇپىتكىلەر ئۈچۈن شۇم خەۋەر ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بىزلەر ئۈچۈن خۇش خەۋەر ھېسابلىنۇر. شول كۈنلەردە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى مەرھۇم پەدەرىنىڭ ماتەم ـ تەزىيەسى بىلەن ئالدىراشتۇر. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلىرىمۇ ھەم مۇسىبەت قايغۇسىدا بىئارامدۇر. ئۇلارنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئويلاشقا رەغدى بارماس، بۇ ھال قىبلىگاھىمىزغا ماۋەرائۇننەھرنىڭ مەشھۇر ۋىلايەتلىرىدىن بولمىش تاشكەنت بىلەن ئەنجاننى تەسەررۇپىغا ئېلىش ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەتتۇر. بەلكىم ئالىيلىرى شول تاپنىڭ ئۆزىدە ئۆزگىلەرنىڭ بېشىغا خاپىلىق كەلگەندە لەشكەر تارتىش باھادىرلىق ئەمەس دەپ ئويلاپ، ئۇشبۇ ئىستىلاغا كۆڭۈللىرى تارتماسلىقى مۇمكىن. ئەمما قەشقەرنى ئون نەچچە يىللاپ ئىستىلا قىلغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۈچۈن بۇنچە كەڭ قورساقلىق، مەردلىك قىلىش بىھاجەتتۇر. ئۆتنىگە لايىقۇت

*دېگەن ئەنە شۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ۋاقىت بولۇپ قالسىلاكى، ئۆتكەن يىلى كۈزدە تۈركىستان ھۆكۈمدارى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا قىلغاندىن كېيىن، ئاغىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىرازان بارىن شۇ كۈنلەردە تاشكەنتنى تەسەررۇپىغا ئېلىش ئۈچۈن چىش بىلەۋاتقانلىقى مەلۇم. ناۋادا تاشكەنت ئەمىردىنىڭ شاھرۇخخان ئالىيلىرىنىڭ تەزىيەسى ئۈچۈن ھىراتقا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئول ئىرازان بارىن ئاگال قول سالسا، ئۇنىڭدىن تاشكەنتنى سويۇپ ئالمىقىمىز تەسكە توختايدۇ. دېمەكچىمىزكى، نۆۋەت قولدىن كېتىدۇ. بۇ پۇرسەتتە ئىرازان بارىن كۈچىيىۋالسا تەسەررۇپىمىز ئۈچۈنمۇ چوڭ خەۋپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ سەلتەنەتىمىزگە ئەزەلدىن ئاداۋەتلىرى باردۇر. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئالىيلىردىنىڭ بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلدىمىز. بۇ تەۋسىيەمىز جانابى تاجدارىمىزغا ماقۇل كېلەمدۇ ـ يوق بىلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ ھەقبەردى مىرزا جانابلىرى بىلەن ئىككىمىز يېنىش ـ يېنىشلاپ مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، شىر ـ يولۋاس سۈپەت باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنى يول ئۈستىدە ساقلاپ تۇرغاچ ئىرازان بارىندىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى لايىق كۆردۇق ھەمدە ئاستانىگە بېرىشتىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچتۇق. ناۋادا قىبلىگاھىمىزنىڭ بۇ ئىستىپلاغا كۆڭلى تارتمىسا، ماڭدۇرغان چاپارمەندىن خەۋەر بېرىشلىرىنى سورايمىز. شۇ ھامان مۇبارەك ھۇزۇرلىرىغا سالامغا بارغايمىز.*

*جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ ئالتۇن بويلىرىغا سالامەتلىك تىلەپ نامە يازغۇچى مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزىدىن دەپ بىلۇرلا.»*

دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمىگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان

نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي سەييىدئەلى ئالپقا قارىدى. شۇ دەقىقىدە سەييىدئەلى ئالپ تەگسىز خىيالغا ئەسىر بولغانىدى.

ــ بۇ ھەقىقەتەن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتكەن، ــ دېدى ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ــ تاشكەنتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ئەندىجاننى ئالغىنىمىزنىڭ تۈزۈك ئەھمىيىتى بولماس. بەلكىم ئەندىجاننى ئۇزۇن مەزگىل تۇتۇپ تۇرۇشىمىز تەسكە توختىشى مۇمكىن. ئىرازان بارىنىنى بوش چاغلاش خەۋپلىكتۇر. ناۋادا ئۇ تاشكەنتنى قولىغا كىرگۈزۈۋالسا، بىزگە خەتەر يەتكۈزمەي قالماس.

ــ ئەمىسە تاشكەنتكە لەشكەر تارتامدۇق؟ ــ سورىدى ئىسان بۇغاخان.

ــ شۇنداق قىلايلى ئالپىلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ.

ئۇزۇندىن بېرى تۈزۈك لەشكىرىي يۈرۈشكە چىقمىغان سەركەردىلەر تاشكەنت، ئەندىجاندەك كاتتا شەھەرلەرنى چاپقۇن قىلىپ، جەڭ غەنىيمەتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش تەمەسىدە ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. ئەمما سەييىدئەلى ئالپنىڭ لەشكەر تارتىشنى تەۋسىيە قىلىشىدا باشقىچىرەك خىيالى بار ئىدى. ھەئە، ئۇ بىر تەرەپتىن تاشكەنت، ئەندىجاننى قولغا كىرگۈزۈپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەينى يىللىرى قەشقەرنى بېسىۋالغىنىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ باھانىدا تۈركىستاننىمۇ ئىستېلا قىلىپ، ئىرازان بارىدىن تۈركىستان سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىپ، چوڭ خانزادە يۇنۇسخاننى تۈركىستان، تاشكەنت، ئەندىجاننى بىرلەشتۈرگەن بىر تەسەررۇپنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بۇنداق قىلسا، بىرىنچىدىن، قېيىنئانىسى سۇلتان خاتۇننىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىنى ئورۇندىغان، ئىككىنچىدىن، ئەينى يىلى يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرۇشىغا قارشى چىقىپ ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى يۇغان، ئۈچىنچىدىن، خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ ئالدىدا يۈزد-

www.uyghurkitap.com

نى يورۇق قىلغان بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى تۈركىستان، تاشكەنت، ئەندىجان تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، موغۇلىستاننىڭ بۇ چېگرىسى بىخەتەر بولاتتى. مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ ئۈلگۈرگەن سەيىدئەلى ئالىپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىغىنىچە سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا يۈزلەندى:

ــ جانابى قىبلىگاھىمىزدىن لەشكىرىي يۈرۈشكە ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن.

ــ ئىجازەت، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ۋە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، ــ بىراق، بۇ لەشكىرىي يۈرۈشكە مەنمۇ چىقىمەن.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ چوڭ لەشكىرىي يۈرۈشلەرگە باشچىلىق قىلىشىنى، خەتەرلىك، ھايات ـ ماماتلىق جەڭلەرگە بىۋاستە قاتنىشىپ، لەشكىرىي ئىشلارغا پىششىقنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن سەيىدئەلى ئالپقا ئۇنىڭ بۇ گېپى ياغدەك ياقتى.

ــ جانابى قىبلىگاھىمىز لەشكىرىي يۈرۈشكە ئۆزى رەھنەما بولسا، باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئاشقان بولاتتى.

ــ قىبلىگاھىمىز ئۇچۇن جېنىمىز پىدا! ــ دېيىشتى بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان چاپارمەننى مىركەرىمبەردى بەگ بىلەن ھەقبەردى مىرزىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۇچۇن يولغا سېلىدۇەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلاردىن كەلگەن ئەمىر ـ بەگلەرنىمۇ قايتۇرۇۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ، ھەرقاچان پەرمان كۈتۈشنى تاپىلىدى. بىۋاسىتە ئۇلۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھقا ئوردا ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، سەيىدئەلى ئالپ بىلەن ئىككى تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى.

## 46

سەمەرقەنت.

ماۋەرائۇننەھر پايتەختى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ دادىسى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ۋاپاتى بىلەن بىر يىللىق مۇسىبەت جاكارلىغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەردىن تارتىپ ئاددىي مۇلازىملارغىچە، بەگ ـ تۆرىلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە قارىلىق لىباسلىرىنى كىيىشكەن بولۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىش، كۈلۈش، ناخشا توۋلاش، ساز چېلىش، توي، بەزمە ـ باراۋەت ئۆتكۈزۈش قاتتىق چەكلەنگەنىدى.

چاچ ـ ساقاللىرىدىكى ئاق خېلىلا ئاۋۇپ، بىرئاز جۈدەپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ تەختتە سولغۇن ئولتۇراتتى. خاننىڭ كەيپىياتىغا، چىراي ئىپادىسىگە ماسلىشىشقا ئادەتلەنگەن ئەمىرلەر شۇ تاپتا مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ئۆتە دەردلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. شاھنىشىندا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلىناتتى.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، ھىراتقا كەتكەن ئايغاقچىلاردىن خەۋەر كەلدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ گەۋدىسىنى رۇسلاپ، ھارغىن كۆزلىرىنى ياتىش بېگىگە تىكتى:

— خوش!

— ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش ھەزرەتلىرى ھىراتقا بارغاندىن كېيىن ئۇدۇللا خانزادە ئابدۇللەتىپخان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— ئوتتۇرىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەر تېپىپتىـ

مۇ؟

— ھىرات ئوردىسىدىن تىڭتىڭلىشىچە، ئىشان ھەزرەتلىرى شاھىسانى گۆھەر شاد بېگىم، خانزادە بىلەن خۇپپىيانە سۆھبەتلەشكەنمىش. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەر تاپالماپتۇ. ئەمما ئىشان ھەزرەتلىرى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا ۋەز ئېيتقاندا خانزادە ئابدۇللەتىپخان ئالىيلىرىنىڭ بابائى بۇزرۇكى شاھرۇخخان ئالىيلىرىنىڭ خاقانى سەئىدلىك مەرتىۋىسىگە پات يېقىندا ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپتۇدەك. شاھسانى گۆھەرشاد بېگىممۇ خانزادىگە تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. ھىرات كوچىلىرىدا خانزادە ئابدۇللەتىپ مىرزا سەمەرقەنتكە بېرىپ تەختتە ئولتۇرغۇدەك، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى ھىراتقا قايتىپ كەلگۇدەك، بالىسى خاقان، ئاتىسى نائىب بولغۇدەك دېگەندەك پىتنە ـ پاساتلار خېلىلا ئاۋۇپ قالغانمىش.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئېچىشىپ، سولغۇن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. تۇرقىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ تۇرغان غەزىپىنى تەستە بېسىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— يەنچۇ؟ — سورىدى مىرزا ئۇلۇغبەگ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ.

— خانزادە خۇتبىنى ئۆزىنىڭ نامىدا ئوقۇشقا پەرمان جاكارلاپتۇ.

— ئەقىلسىز بەدرەك!

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تەختنىڭ يانلىقىغا غەزەپ بىلەن مۇشتلىدى، چۆچۈپ كەتكەن ئەمىرلەر كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كېتىشتى.

— ئۆزلىرىگە ھاي بەرسىلە ئالىيلىرى، — دېدى شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن، — خانزادەمنىڭ بېشىنى دىلغېيىقلار ئايلاندۇرۇۋالغان ئوخشايدۇ، نەسىھەت قىلسىلا ئەدەپكە قايتىپ قالۇر. خۇسۇمەتچىلەردىن ھەزەر ئەيلىمەك كېرەك.

شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىنغا ئەگىشىپ باشقا ئەمىرلەرمۇ تەسەللى بېرىشكە كىرىشتى. ئەمما بۇ تەسەللىلەر مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. كۆز ئالدىغا ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ سوغۇق، تەكەببۇر تەلەتى، ئوغلى خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ ھاياسىزلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى كېلىۋالغانىدى.

※ ※ ※

ھەئە، دادىسى شاھرۇخخاننىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەرنى ئېلىپ ئالدىراش ـ تېنەش ھىراتقا يېتىپ كەلدى. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدا ئىستىقبالغا چىققان ھىرات ئەمىرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئوغلىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بىرئاز رەنجىگەن بولسىمۇ، ئەس ـ يادى دادىسىنىڭ مۇسىبىتىدە قالغاچقا، بۇنى سۈرۈشتە قىلىپ كەتمىدى. لېكىن خانزادە ئابدۇللەتىپخان ئوردا دەرۋازىسىدىمۇ كۆرۈنمىدى،شاھنىشىنغا كىرىپ كەلگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ دادىسى شاھرۇخخاننىڭ تەختىدە ھېيىقماي ئولتۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. تەختنىڭ يېنىدىكى كۇرسىدا ئانىسى گۆھەرشاد بېگىم ئولتۇراتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەدەپسىز ئوغلىغا غەزەپ بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن دەرھال ئانىسىغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم ۋالىدەئى بۇزرۇكنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. بىراق گۆھەرشاد بېگىم ئوغلىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ھازا ئېچىش، تەسەللى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ئابدۇللەتىپخان تەختتە ئولتۇرۇۋېرىشتىن خىجىل بولدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئەمما كۆرۈشۈش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلمىدى.

گۆھەرشاد بېگىم مىرزا ئۇلۇغبەگكە سوغۇقلا بىر نەزەر تاش-

لىشىپ ئىغىز ئاچتى:

ــ ھارمىغايلا. تىنچ ـ ئامان كەلدىڭلارمۇ نائىب خان ئالىيلىرى؟

شۇ تاپتا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، ئانىسى بىلەن بىللە دادىسىنىڭ ھازىسىنى ئاچقۇسى بار ئىدى. لېكىن ئانىسىنىڭ سوغۇق، تەكەببۇر چىرايىغا قاراپ سىمابتەك ئېرىپ كەتكەن ۋۇجۇدى بىردىنلا مۇزلىدى، جايىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى.

ــ قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر. ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدەمىز، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئەلھۆكمىلىللا، ــ گۆھەرشاد بېگىم مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەنە ئاشۇنداق تەسەللى بەرگەندىن كېيىن ئېخچىلا ئۆرە تۇرغان نەۋرىسى ئابدۇللەتىپخانغا يۈزلەندى، ــ ئولتۇرۇۋالسىلا خان ئالىيلىرى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ ئۆزىنى «نائىب خان» دەپ، نەۋرىسىنى «خان ئالىيلىرى» دەپ ئاتىغىنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. بۇ خىل تەكسىز مۇئامىلە ۋۇجۇدىدىكى ھەسرەتكە ھەسرەت قوشتى.

«ئانامنىڭ بۇ نېمە دېگىنىدۇ، ياكى خان ئاتامنىڭ مۇسىبەتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئېسىنى يوقاتتىمۇ ـ يە؟ ئۇ دېگەن مېنىڭ ئوغلۇم، خانزادە تۇرسا، قانداقسىگە خان بولۇپ قالغۇدەك؟ خانلىق مەرتىۋىسى ماڭا تېگىل بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ قەستەن شۇنداق ئاتاۋاتامدىغاندۇ ياكى ئادىشىۋاتامدۇ؟ خانزادە قانداقسىگە ئاتامنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇۋالدى، ئەجەب ماڭا سالاممۇ بەرمەي بۇتتەك قېتىپ تۇرىدۇ ـ يا؟...»

يۈرىكى قىسىلغان مىرزا ئۇلۇغبەگ خىيالىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. مېھرىبان ئانا يىراقتىن يول جاپاسى تارتىپ كەلگەن ئوغلىنى ئەمەس، تەختتە ئولتۇرۇپ كاسىلىرى ئاغرىپ كەتكەن نەۋرىسىنى ئولتۇرۇۋشقا تەكلىپ قىلىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. تەختتە ئولتۇرغان

ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇش مىرزا ئۇلۇغبەگكە ھار كەلگەندى، شۇ تاپتا ئوغلىغا تەنبىھ بېرىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالغا شاھىد بولغان ئەمىرلەر نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىۋالدى.

— جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىپ كېلەي.

مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇنداق دېگىنىچە ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا كەينىگە ياندى. سەمەرقەنتتىن بىللە كەلگەن ئەمىرلەر گۆھەرشاد بېگىمگە ئالدىراش ـ تېنەش سالام بېرىۋېتىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەگەشتى.

ئانىسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى بىلەن ئوغلىنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھەسرەت چىرمىۋالغانىدى. ئۇ گۆرى ئەمىر مەقبەرىسىگە قانداق كېلىپ قالغىنىنىمۇ بىلەلمىدى. دادىسى شاھرۇخخاننىڭ تۇپراق بېشىغا سېلىنغان جاينامازغا يۈكۈنگىنىچە قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق تىترەيتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. شۇ تاپتىكى تۇرقى ئانىسىدىن ئازار يېگەن كىچىك بالىنىڭ دادىسىغا دادلاپ يىغلىغىنىغا ئوخشايتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۈچ كۈنگىچە ئوردىغا قايتماي دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. بۇ ئۈچ كۈن جەريانىدا ئوغلى ئۇنى پەقەتلا يوقلاپ چىقمىدى، گويا دادىسى ھىراتتا مەۋجۇت ئەمەستەك، بوۋىسى قازا قىلىپ كەتمىگەندەك. ئۈچ كېچە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزىگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمىدى، گاھىدا مۇزدەك تۇپراق ئاستىدا ياتقان دادىسى بىلەن، گاھىدا ئاسمان گۈمبىزىنى بېزەپ يېلىنجاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن سىرداشتى. ئۇنىڭغا ئىلگىرى شوخ، جەزبدار كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار سولغۇن، خىرە كۆرۈنەتتى. ئانىسى بىلەن ئوغلىدىن كۆرە ئاشۇ يىراقتىكى

www.uyghurkitap.com

يۇلتۇزلارنى ئۆزگە يېقىن، دىلكەش ھېس قىلاتتى.

«ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتامسىلەر سۆيۈملۈك يۇلتۇزلار؟ مەن راستتىنلا سىلەرنىڭ تەسەللىيىڭلارغا موھتاج. ئېيتىڭلارچۇ، ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟ ھاياسىزلىق بىلەن ئاتامنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇۋالغان ئەدەپسىز ئوغلۇمنى تەختتىن قوغلىۋېتەيمۇ؟ شۇنداق قىلسام ئەل ـ يۇرت، خاقانى سەئىد شاھرۇخ مىرزىنىڭ كىرپىكىگە توپا قونمايلا ئوغلى بىلەن نەۋرىسى تەخت تالىشىپتۇ، دەپ مەسخىرە قىلماسمۇ؟ پېشىمنى قېقىپلا سەمەرقەنتكە كەتسەمچۇ؟ ئول چاغدا خانزادىنىڭ خاقانلىق مەرتىۋىسىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالماسمەنمۇ؟ نەدىمۇ ئوغلى خاقان، ئاتىسى نائىب خان بولىدىغان قائىدە بار؟ باشقا ئەل ـ يۇرتنىڭ خان ـ سۇلتانلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشەر ھەرقاچان. ئانام نېمىشقا بۇنى ئويلىمىدىكىن؟ ئاتا ـ بالىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشتىكى مۇددىئاسى نېمىكىن؟ ئالدىرىمىسىمۇ، بۇنداق تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلمىسىمۇ، ئوغلۇمنى قۇتراتمىسىمۇ بەردىبىر خاقانلىق مەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قالاتتى ئەمەسمۇ؟ ئانامغا بۇ تەرەپلەرنى چۈشەندۇرسەم قانداق بولۇر؟ مېنى قوللارمۇ؟ بۇ قالايمىقانچىلىقنى ئۆزى پەيدا قىلغاندىكىن يەنە ئۆزى تۈزىسە ياخشى بولاتتى. ئوغلۇمنىڭ يۈرىكى قارىداپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن يوق، تاجۇ تەخت بار. تۇرقىدىن ماڭا يۈز قىلىدىغاندەك، يول قويىدىغاندەك ئەمەس. يا ھەزرەت، نېمانچە قارا كۆڭۈللۈك بۇ! دەسلەپتىلا يېنىمدىن ئايرىمايدىغان گەپكەن. جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇك ئۇنى قانداق تەربىيەلىگەن بولغىيدى. مانا، خىش ئاللىقاچان قېلىپتىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئورنىغا كەلتۈرگىلى، تۈزىگىلى بولارمۇ؟ ياراتقان ئىگەم ئۆزى كۆڭلىگە ئىنساپ سالار. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەي. بولمىسا، ئەل ـ يۇرتتا تەپرىقىچىلىك پەيدا بولىدۇ، سەلتەنەتنىڭ ئۇلى تەۋرەيدۇ. ئەغيارلىرىمىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پۇرسەت ئىزدەيدۇ، تەسەررۇپىمىزغا تەھلىكە سالىدۇ. ئوغلۇم نا-

ئىب خانلىق مەرتىۋىسىگە شۈكۈر قىلسا، ھېراتتا تۇرۇۋەرسۇن، مەنمۇ سەمەرقەنتكە كېتەي. ئانامۇ مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇمنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ نېمە قىلاي، بەربىر خان ئاتامنىڭ ئىسسىق يۈزىنى كۆرەلمىدىم. ئەمدى ھېراتتا تۇرۇۋېرىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ گۆرى ئەمىر مازىرىدىن قايتىپ كېلىپ خوشلىشىش ئۈچۈن ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ قەسرىگە كەلدى.

— بۇزرۇكۋارىمىز ئوردىدا، — دېدى ھەرەمئاغىسى قېرى ئاغۋات.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئوردىغا كىرگۈسى، ئوغلىنىڭ چىرايىغا قارىغۇسى يوق ئىدى. ئىلاجىسىز ئوردىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. خانزادە ئابدۇللەتىپخان تەختتە، گۆھەرشاد بېگىم تەختنىڭ يېنىدىكى كۇرسىدا ئولتۇراتتى. خۇددى بىرى ئۇلاردىن تەختنى تارتىۋالىدىغاندەك چىرايى بىرئاز تەشۋىشلىك ئىدى. خانزادە ئابدۇللەتىپخان دادىسىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئەمما مومىسىنىڭ نارازىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قولايسىز بىر ھالەتتە يەنە ئولتۇردى.

«ئوغلۇم ھەر ھالدا مەندىن ھېيىقىدىكەن، ئۇ دەرىجىدە كۆڭلى قارىداپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ. ۋالىدەم نېمە ئۈچۈن ئۇنى تەختتە ئولتۇرۇشقا شۇنچە مەجبۇرلايدىغاندۇ؟ ئاتىسىغا ئەدەپسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا زورلايدىغاندۇ؟ بۇنىڭ ئېغىر بەدئەخلاقلىق بولىدىغانلىقىنى ۋالىدەم بىلمەمدىكىنە؟ ئاتا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا ھۆرمەت، ئىززەت، ھايا، پەردىشەپ بولمىسا ئادىمىيلىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداق ئىنساننىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمگە سالام بەردى. ئىمكان بار ئوغلىنىڭ چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشتى.

— ۋالىدەئى بۇزرۇك بىلەن خوشلىشاي دەپ كەلدىم. سەمەر-

www.uyghurkitap.com

قەنتكە قايتماقچىمەن، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— ئىجازەتنى خاقان ئالىيلىرىدىن سورىسىلا!

مىرزا ئۇلۇغبەگ يالت ئېتىپ ئانىسىغا قارىدى، گۆھەرشاد بېگىم خۇدۇكسىرىگەن كۆزلىرىنى ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىن ئەپقاچتى.

— خاقان ئالىيلىرىنىڭ تۇپراق بېشىدىن ھازىرلا يېنىشىم، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئانىسىنىڭ گېپىنى قەستەن چۈشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — يانلىرىدا نائىب خان بولغاندىكىن ھىراتتا ئۇزۇن تۇرمىساممۇ بولار. مۇسىبەت بىلەن بولۇپ ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈيۈك تەختگاھىنى ئىگىسىز تاشلاپ قويساممۇ بولماس، — مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزىگە كۈچلۈك غەيرەت بېرىپ تەختتە شۇمشىيىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا يۈزلەندى، — جانابى نائىب خانغا ئېيتار سۆزۈم شولكى، ۋالىدەئى بۇزرۇكنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، خەستە دىلىغا تەسەللى بولغايلا. ئىلگىرى جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكنى بار دەپ ئانچە ۋايىم يېمەيتتىم. ئەمدى يۆلەنچۈكتىن، رەھنەمادىن ئايرىلىپ قالدۇق. سەلتەنەت ئىشلىرىغا پۇختا بولغايلا. زىنھار ئالدىراقسادلىق قىلمىغايلا، ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتلىرىنى ئايىمىغايلا، ئەدلى ـ ئادالەت يانلىرىدىن ئايرىمايدىغان ئەڭگۈشتەرلىرى بولغاي.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئوغلىغا دەيدىغان يەنە نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بار ئىدى. بىر داستىخاندا ئاتا ـ بالىدەك ئولتۇرۇپ مۇڭداشقۇسى، كۆڭۈل سىرلىرىنى بىلگۈسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۇققۇسى بار ئىدى. بىراق ئوغلى تەختتە گۆشىيىپ، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ھازىر ھەرقانچە سۆزلىسىمۇ ئوغلىغا ھېچقانچە تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. گۆھەرشاد بېگىم مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نەسىھەتلىرىنى ياقتۇرمىغاندەك تەتۈر قارىۋالدى. ئاشۇ ئانا كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن نەۋرىسىنىڭ قولىقىنى ئېتىۋېلىپ، ئاتا نەسىھىتىنى ئاڭلاشقا

توسقۇنلۇق قىلىشۋاتاتتى.

— خوش، مەن ياناي، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان ئانىسىغا چوڭقۇر بىر سالام بېرىشۋېتىپ.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خانزادە ئابدۇللەتىپخاننى قەستەن «نائىب خان» دەپ ئاتاپ، خاقانلارغا خاس تەلەپپۇز بىلەن نەسىھەت قىلىشلىرى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ چىشىنى قىرىشتۇرغانىدى. ھەئە، ئۇ بېشەملىك قىلىپ ئوغلى بىلەن زاكونلاشماقچىمۇ بولدى، لېكىن قولىدا مەرھۇم شاھرۇخ مىرزىنىڭ نەۋرىسىنى ئۆزىدىن كېيىن خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر ۋە پەرغانە تەسەررۇپىنىڭ بۈيۈك خاقانى قىلىش ھەققىدە يازغان ۋەسىيەتنامىسى يوق ئىدى. گۆھەرشاد بېگىم بۇ ھەقتە ۋەسىيەتنامە يازدۇرۇشقا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بارلىق تەلەپلىرىنى رايىشلىق بىلەن ئورۇنداپ كەلگەن شاھرۇخخان ئۆزىدىن كېيىن چوڭ ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خاقانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، گۆھەرشاد بېگىمنىڭ تەلىپىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىشۋەتكەنىدى.

گۆھەرشاد بېگىم كۆڭلىدە «خانزادىنى مەرھۇم خاقان ئۆز قولى بىلەن ھىراتنىڭ نائىب خانلىقىغا تەيىنلىگەن. شۇڭا خانزادە بوۋىسىنىڭ تەختىگە، خاقانلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلسا بولىۋېرىدۇ. شاھرۇخخان ئالىيلىرى سەمەرقەنتتىن ھىراتنى بەكرەك ياقتۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا سەمەرقەنت تەختگاھىنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە بېرىۋەتكەن. ئەمدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىغا سەمەرقەنت ئوردىسىنى بوشىتىپ بېرىشى كېرەك» دەپ ئويلىسىمۇ، ئاز كەم ئوتتۇز يەتتە ـ ئوتتۇز سەككىز يىلدىن بېرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ دادىسىغا ۋەكالىتەن سەمەرقەنتتە سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئەمىرلەردىن تارتىپ ئاددىي ئاۋامغىچە بارلىق رەئىيەتنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگنى شاھرۇخخاننىڭ ھەقىقىي تەخت ۋارىسى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلەرنىڭ ئاساسلىق

قىسمى ھىراتتا ئەمەس، سەمەرقەنتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا
ئېلىپ ئوغلى بىلەن زاكونلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلدى.
نەۋرىسىنىڭ خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرۇش ئىشىنى ئوغلى بىلەن
ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلىشىپ ئەمەس، باشقىچە يوشۇرۇن ئۇسۇل
بىلەن سەمەرقەنت، ھىرات ئەمىرلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەل-
تۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ـ يول بولسۇن، ـ دېدى گۆھەرشاد بېگىم ئوغلىنىڭ كەي-
نىدىن سوغۇقلا قاراپ.

خانزادە ئابدۇللەتىپخان دادىسىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن
ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، گۆھەرشاد بېگىم ئۇنى يەنە ئولتۇرۇشقا ئى-
شارەت قىلدى. شۇ دەقىقىدە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىنىڭ ھېچ
بولمىغاندا ئوردا دەرۋازىسىغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشى-
نى، سەمەرقەنتتە قالغان كېسەلمەن ئانىسىغا، ئىنىسى ئابدۇلئە-
زىز مىرزىغا ۋە باشقا ئىنىچە ـ سىڭىللىرىغا سالام ئېيتىشىنى
بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇسكى، ئوغلى مومىسىنىڭ بۇيرۇقىنى
يىرالمىدى، كۆڭلىدە دادىسىنىڭ ھىراتتىن تېزرەك كېتىشىگە
خۇش بولدى. شۇنداق، مومىسى گۆھەرشاد بېگىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە
خاقان بولۇش ئوتىنى يېقىۋەتكەنىدى. شۇڭا، مومىسىنىڭ سىزغان
سىزىقىدىن چىقمىسىلا بۇ ئارزۇسىغا يېتىدىغانلىقىغا، دادىسىنىڭ
قولىدىن سەمەرقەنت تەختگاھىنى ئۆتكۈزۈۋالالايدىغانلىقىغا ئى-
شىنەتتى.

※ ※ ※

كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر قوينىدىن ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە
كەلگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ شاھىنشىندىكى ئەمىرلەرگە چاندۇرماس-
لىققا تىرىشىپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ ھىراتتىن قايتىپ
كەلگىنىگىمۇ بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالغانىدى. كۈندە دېگۈدەك
ھىراتتىن بىر ـ بىرىدىن دەھشەتلىك خەۋەرلەر يېتىپ كېلەتتى.

ئۇ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئانىسى گۆھەرشاد بې-
گىمگە كۆڭلىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى
بىلدۈرۈپ خەت يازدى. خاقانلىق تەختىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئوغ-
لىغا قالىدىغانلىقىنى، ئەمما ھازىرچە ئۇنى تەخت ـ سەلتەنەتكە
قىزىقتۇرماي تۇرۇشىنى، ئوغلىنىڭ خاقانلىقنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالمايدىغانلىقىنى، ئەل ـ يۇرتتا پىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇپ،
تەپرىقچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈ-
چۈن ئوغلىغا كۆپلەپ نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەمما ئانىسىدىن
پەقەتلا جاۋاب خەت كەلمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئوغلىدىن، ئانىسىدىن
خاتىرجەم بولالماي ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرى ھىراتتىن كۆڭۈلسىز
خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىۋەردى. ئانىسى گۆھەرشاد بېگىم ئوغلىنىڭ
نەسىھەتىنى پەرۋايىغىمۇ ئالماي، نەۋرىسىنى خاقانلىق تەختىگە ئول-
تۇرغۇزۇشقا رەسمىي بەل باغلىغاندەك قىلاتتى.

«مۇسۇلمان ئېلىنىڭ سۇلتانى بولۇشقا لاياقىتى يوق كاپىر
پادىشاھ، دەرگاھىنى دىنسىز مەجۇسىيلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى.
كەسكىن تەدبىر قوللانمىساق، ئەل ـ يۇرتتا دەھرىيلىك يامراپ
كېتىدۇ، مۇقەددەس دىنىي ئىسلامىمىز بۇلغىنىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋى-
تى ئاپەت بولىدۇ...»

ئانىسىنىڭ قىلغان بۇ سۆزلىرىنى بىر ئاي بۇرۇن ئايغاق-
چىلار يەتكۈزگەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەر قېتىم گۆھەرشاد بې-
گىمنى ئېسىگە ئالغىنىدا، ئۇنىڭ ھىرات ئوردىسىدىكى ئەمىر،
دىن پېشۋالىرى يىغىلغان سورۇندا قىلغان بۇ سۆزلىرى قۇلىقى
تۈۋىدە جاراڭلاپ ۋۇجۇدى مۇزلايتتى، يۈرىكى پىچاق تىققاندەك
ئاغرىيتتى.

«ئاھ، بۇ تەھلىكىگە، تۆھمەتكە نېمە دېگۈلۈك ئەمدى. خانزا-
دە راستىنلا ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، ۋالىدەم گۆھەرشاد بېگىم ئوغ-
لۇمنى يولدىن چىقىرىپتۇ، يۈرىكىنى يېرىپ چىققان ئانا بىلەن
زاكونلىشىشقا، قىلمىشلىرى ئۈچۈن تەنبىھ بېرىشكە قايسى ئىن-
سان بالىسىنىڭ يۈرىكى چىدايدۇ؟ ماڭا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىدى-

غانلا جىنىم ئانا، ئۆز ۋاقتىدا مەندەك ئوغۇللىرىدىن ئاجايىپ پە-
خىرلىنەتتىلىغۇ؟ ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە مېھرلىرى بىلەن باغىر-
لىرىغا بېسىپ، پېشانەمدىن سۆيۈپ كېتەتتىلەغۇ؟ مەن ئاشۇ سۆ-
يۈملۈك نەۋرىلىرىنىڭ ئۆز ئاتىسى ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا نەۋرىلىرى-
گە ئامراقلىق قىلىپ، ئوغۇللىرىغا ئۆچلۈك قىلىدىغانلا؟ ئىپە
تەڭرىم! ئوغلى بىلەن تەخت ـ سەلتەنەت تالىشىپتۇ دېگەن بەد-
نامغا قېلىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...»

— يارلىق! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ خىيالدىن باش كۆتۈ-
رۈپ، — ھىرات لەشكىرىي دىۋانىغا مەخپىي پەرمانىم يەتكۈزۈل-
گەي. مېنىڭ ئىجازىتىمسىز خانزادىنىڭ ھەرقانداق پەرمانلىرى رەت
قىلىنغاي. پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇم!

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاپ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ
ئەمىرى ئەمىر سۇلتان جاندار بىلەن سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ ھا-
كىمى مىرانشاھ دورغا بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىۋالدى.
ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ئاللىقانداق بىر مەنىنى
ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ بىر
تەرەپتىن گۆھەرشاد بېگىم بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشان شەيخ
نىزامىددىن خامۇش بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورنىتىۋاتقانلىقىنى
مىرزا ئۇلۇغبەگ چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

— مەلۇم بولغاي!

شاھىنشىنغا ئالدىراپ كىرگەن ھۆدەيچى ئۆز خىياللىرى بى-
لەن تۇرۇشقان ئەمىرلەرنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— سۆزلە! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ جىددىيلىشىپ.

— ئەندىجان، تاشكەنت ئەمىرلىرىدىن جىددىي مەلۇمات
كەلدى. موغۇلىستان خانى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئىككى تۈمەن
سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن تەسەررۇپىمىزغا باستۇرۇپ كې-
لىۋېتىپتۇ.

— ياۋ لەشكەرلىرى نەگىرەك كەپتۇ؟

— ھازىرچە ئېنىق ئەمەسكەن. موغۇلىستان تەرەپكە ئەۋەت-

كەن ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئېلىپلا ئوردىغا مەلۇمات يوللاپتۇ.

شاھىنشىنىڭ ئىچىنى بىردىنلا جىددىيلىك قاپلىدى. ئەمىرلەر پىچىرلاشقا باشلىدى:

— بىزگە مۇسىبەت، ئۇلارغا بايرام.

— شاھرۇخخان ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن غەيرەتكە كەپتۇ ـ دە.

— سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆلۈمىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ.

— ئۆچ ئالغىلى كەلگەن گەپ.

— لەشكەر تارتىش كېرەك.

— تەسەررۇپىمىزغا ئاياغ بېسىشقا پېتىنغىنىغا تويغۇزۇش كېرەك.

— قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا لەشكەر ئەۋەتمىگىنىمىزنىڭ كاساپىتى.

— كونا ـ يېڭى ھېسابنى بىراقلا قىلغۇلۇق ئەمدى.

— ...

— خەپشۇك، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ قاپىقىنى تۈرۈپ.

ئەمىرلەر قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك شۇ ھامان جىمىشتى.

— ئەمىر سۇلتان جاندار!

— لەببەي ئانھەزرىتىم، — دېدى ئەمىر سۇلتان جاندار دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

— لەشكىرىي دىۋان يۇرۇشكە ھازىرلىق كۆرگەي. تاشكەنت، ئەندىجان ئەمىرلىرىگە كۆمەكلىشىشكە لەشكەر ئەۋەتكەيمىز.

— باش ئۈستىگە!

— شەيخۇلئىسلام جانابلىرى!

— خۇش قىبلىگاھىم!

— سىلى دەرھال ئىشان شەيخ نىزامىددىن ھەزرەتلىرىگە ئاگاھىمىزنى يەتكۈزسۇنلار. دىن پېشۋالىرى سەلتەنەت ئىشلىرىغا

زىنھار ئارىلاشمىغاي. ھۆكۈمىمىزگە سەركەشلىك قىلىدىكەن، پەقەتلا يۈز ئايىمايمىز. خۇسۇسەن پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ قۇتراتقۇلۇققا سەۋەب بولمىغاي، خانزادە بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزغا ئاداۋەت تېرىمىغاي!

— پەرمانبەردارمەن! — دېدى شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن.

مىرزا ئۇلۇغبەگ يەنە بىرقانچە ئەمىرلەرگە پەرمان بەرگەندىن كېيىن شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە ئوردىدا ئىچى سىقىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئوردا ئىشلىرىدىن سەل ـ پەللا قولى بوشىسا ئۇدۇل مىرزا مەدرىسەسىگە يۈگۈرەيتتى ياكى مەدرىسەدىكى ئالىم ـ ئۆلىمالارنى سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى باغلاردىن بىرەرىگە تەكلىپ قىلىپ، ئىلمىي سۆھبەتلەرگە مەشغۇل بولاتتى. فەلەكىييات، رىيازەت[1]، ھەندىسا[2] ئىلىملىرىگە ئائىت ھەل قىلالمىغان قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشاتتى. كېچىلىرى كۈنلىرىنى ئاساسەن رەسەتخانىدا ئۆتكۈزەتتى. بىپايان ئاسمان گۈمبىزىدىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارنى كۆزەتكەچ، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى ئاشۇ يۇلتۇزلارغا سۆزلەپ بېرەتتى، مەسلىھەت سورايتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا رەسەتخانا قۇرۇلۇشىنى توسۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش بىردىنلا جىمىپ كەتكەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا ئىلمىي تەتقىقات ۋە سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىشاننى نەزەرىدىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىۋەتكەنىدى. ئايغاقچىلاردىن ئىشاننىڭ سۈلۈك تەۋرىتىش، مۇرىت قوبۇل قىلىش باھانىسى بىلەن بىر قىسىم ئەمىرلەر بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ ھىراتقا، ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا كۆپرەك قاترايدىغان بولىۋالغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ، ئوغلىنىڭ ئىشانغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمما بۇ مەلۇماتلارغا ئانچە

① رىيازەت — ماتېماتىكا.
② ھەندىسا — گېئومېترىيە.

پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئىشاننىڭ سۈلۈك تەۋرىتىشىنى چەكلىگىلى بولمىغاندەك، باشقىلارنىڭمۇ ئىشاننى پىر تۇتۇپ، مۇ- رىت بولۇشىنى چەكلىگىلى بولمايتتى. ناۋادا بۇ ئىشنى سەلتەنەت سۈرى بىلەن چەكلەيدىغان بولسا، بېشىغا تۈگىمەس باش ئاغرىقى تېپىۋالىدىغانلىقىنى، ئەل ـ يۇرتتا بېسىقتۇرغۇسىز پىتنە ـ پا- ساتلارنىڭ يامراپ كېتىدىغانلىقىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوبدان بى- لەتتى. «ئىشقىلىپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسا، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلمىسا، مەدرىسە، ئو- قۇللارنى چەكلىمىسە، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھاقارەتلىمىسە، نېمە ئىش قىلسا مەيلى» دەپ ئويلايتتى مىرزا ئۇلۇغبەگ. چۈنكى، يې- قىنقى ئون ـ يىگىرمە يىل مابەينىدە يالغۇز سەمەرقەنتتىلا ئە- مەس، ھىرات، بۇخارا، ئەندىجان قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ مەدرىسە، ئوقۇللار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە بېرىلىش مىسلىسىز دەرىجىدە ئەۋج ئالغانىدى. سەمەرقەنتكە دەمەشىق، باغداد، تەبرىز، شىراز، دېھلى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن... ھەتتا مەشرىقتىن جۇڭگوغىچە، مەغرىبتىن پەرەڭگىستانغىچە تۈرلۈك ئى- لىملەرنىڭ پىركاملىلىرى كېلىپ جۇغلاشقانىدى. مىرزا ئۇلۇغ- بەگ بۈگۈنى فەلەكىييات، رىيازەت، نۇجۇم ئىلىملىرىنىڭ پېشۋا- لىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولسا، ئەتىسى سۈرەتكار[1]، بىناكار، نەق- قاشلار بىلەن مۇلاقاتتا بولاتتى. ئۆگۈنى شائىر، يازغۇچى، تارىخ- چىلارنىڭ بالاغەتكە يەتكەن مىسرالىرى، نۇتۇقلىرى، مۇلاھىزىلى- رىدىن ھوزۇر ئالاتتى. گاھى خەتتاتلار سۆھبىتىگە، گاھى ھۈنەر- ۋەن ـ كاسىپلار سۆھبىتىگە داخىل بولاتتى، سودىگەرلەرنى ئىل- ھاملاندۇراتتى. قايسىبىر باي، ساخاۋەت ئىگىسى تەرىپىدىن قۇ- رۇلماقچى بولغان ئىمارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ياسىلىش شەكلىگە پىكىر ـ تەكلىپ بېرەتتى. ئۇل سېلىنغان كۈنى بېرىلگەن نەزىرگە قەدەم تەشرىپ قىلاتتى. بايلارنى شىپاخا-

① سۈرەتكار ـــ رەسسام.

نا، مەدرىسە، ھامام سېلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئىلىم ئەھلىلىرى
يېزىپ تاماملىغان تۆرلۈك كىتاب ـ رىسالىلەرنى خەزىنىدىن
خىراجەت ئاجرىتىپ نەچچە ئون نۇسخا كۆچۈرگۈزەتتى. كىتاب ـ
رىسالىلەر ئىگىلىرىگە ئىنئام بېرەتتى. زىياپەتلەرنى تەييارلاپ
قۇتلۇقلايتتى. مەرىپەتپەرۋەر خان ئاتىسى شاھرۇخخانمۇ ئىلىم
ئەھلىلىرىنى قەدىرلەشتە، ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشتا ئوغ-
لىدىن قېلىشمايتتى. ئاشۇ يىللاردا ئاتا ـ بالا ھىرات بىلەن سە-
مەرقەنتنى مەركەز قىلىپ ئىلىم ئەھلىلىرىگە سورۇن ھازىرلاپ
بېرىشتە رىقابەتكە چۈشكەندى. شۇ سەۋەبتىن مەيلى سەمەرقەنت،
مەيلى ھىراتتا بولسۇن بىر ـ بىرىدىن ھەشەمەتلىك ئېسىل ئىما-
رەتلەر، بىر ـ بىرىدىن كاتتا مەدرىسە، ئوقۇللار قەد كۆتۈرگەن،
ئېسىل كىتاب، رىسالىلەر، رەسىملەر ئىختىرا قىلىنغانىدى. سە-
مەرقەنت بىلەن ھىراتنى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ جەننىتى دېيىشكە
بولاتتى. شۇڭا ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشىنىڭ سۇلۇك تەر-
غىباتلىرى، جەررە ـ سامالىرى، ھەدەپ مۇرىت كۆپەيتىشلىرى
مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پەرۋايىغا كەلمەيتتى. قارىماققا ئاددىي، نادان
پۇقرالار ھەدەپ ئىشانغا ئەگەشكەندەك قىلغان بىلەن، ئاق ـ قارد-
نى پەرق ئېتەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىدە كۇتۇپخانا قۇ-
رۇش، كىتاب، رەسىم، ھۆسنخەت... قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرد-
نى ساقلاش، پەرزەنتلىرىنى مەدرىسەلەردە ئوقۇتۇش، ھۈنەر ـ
كەسىپ ئىگىلەش مودا بولغانىدى.

※ ※ ※

بۈگۈن تاشكەنت، ئەندىجاننى موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ
مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك لەشكەر ئەۋە-
تىش، لەشكىرىي يۈرۈشكە قايسى سەركەردىنى باش قىلىش ھەق-
قىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگنى ھىراتتىن
كەلگەن شۇم خەۋەر چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ قولىقىغا ئىشەنمەي چاپار-

مەنگە قارىدى:

— نېمىدېدىڭ؟ ئەپقاچتى گەپنى كۆتۈرۈپ كەلمىگەنسەن ـ ھە؟

— يوقسۇ پاناھگاھىم، — دېدى چاپارمەن گەدەنلىرىدىن يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان قارا تەرنى بەلبېغى بىلەن سۈرتۈپ تۇ ـ رۇپ، — ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. خانزادە ئالائۇددەۋلە ئىسيان كۆتۈرۈپ ھىرات شەھرىنى ئىگىلىدى. بۇزرۇكۋارىمىز گوھەرشاد بېگىم بىلەن خانزادە ئابدۇللەتىپخاننى تۇتۇپ زىندانغا سالدى...

چاپارمەننىڭ كېيىنكى گەپلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ھىراتقا دەرھال يېتىپ بارمىسا ئانىسى بىلەن سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغاندەك، ئۇلار ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندەك، زىنداندا كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك، ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. تاشكەنت، ئەندىجانغا ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتىش خىيالىدىن دەرھاللا ۋاز كەچتى.

— تاشكەنت، ئەندىجان شەھەرلىرىنىڭ سىپىل قوۋۇقلىرى مۇستەھكەم، سۇ، ئوزۇق ـ تۈلۈكى مول، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان لەشكەرلىرى يېتەرلىك. بىرەر يىللىق قامالغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ شاھنىشىندا پەرماننى كۈتۈپ تۇرغان ئەمىرلىرىگە قاراپ، — ئول ئىككى ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىرىگە پەرمانىمنى يەتكۈزۈڭلار. جەڭگە چىقماي، شەھەرنى مۇستەھكەم قورۇقدىسۇن. شەھەرنى ساقلاپ قالالىسىلا كاتتا ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەن ھېسابلىنىپ، شەھەر ئالغانلىق تۆھپىسى بېرىلىپ تارتۇقلىنىدۇ. قاتتىق ئېھتىيات قىلغاي، زىنھار جەڭگە چىقمىغاي. موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى بىرنەچچە ئايلىق قامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا مۇھاسىرىنى بوشىتىپ ئۆزلۈكىدىن چېكىنىدۇ.

ئەمىرلەر لام ـ جىم دېمىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ نەزەرىنى ئەمىر سۇلتان جاندارغا ئاغدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ لەشكىرى دۈشمەننىڭ ھازىرلىقى قانداقراق؟
ــ پەرمانلىرىڭىزغا بىنائەن ئاللىقاچان ھازىرلىق كۆرۈپ بولغان ئالىيلىرى.
ــ بارىكاللا، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ مەمنۇنلۇق بىلەن، ــ ئەمىسە دەرھال ھىراتقا ئاتلىنايلى. شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن ئوردىغا، مىرانشاھ دورغا ئاستانىگە مۇئەككەل بولغاي. كۇندە بىر قېتىم مەلۇمات يوللاشنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشمىسىلا. خاھى ئوردا، خاھى ئاستانىدە پىتنە قىلغۇچىلار قاتتىق ياساققا تارتىلسۇن.
مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ كۇنىلا چاقماق تېزلىكىدە ھىراتقا لەشكەر تارتتى.
بۇ چاغدا خانزادە ئالائۇددەۋلە بوۋىسى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئەللىك يىلدىن بۇيان جۇغلىغان خەزىنىلىرىنى سەرپ قىلىپ ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭلا ئەمەس، ھىرات خەلقىنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن، نۇرغۇن لەشكەر جۇغلاپ ئۇلگۇرگەنىدى. خانزادە ئابدۇللەتىپخان نائىب خانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئوردىدىكى ئەمىرلەرگە، ھىرات خەلقىگە قانچىلىك زۇلۇم سالغان بولسا، بوۋىسى شاھرۇخخان ۋاپاتىدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بۇ زۇلۇمنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەمىرلەر ئالائۇددەۋلەنى بىردەك قوللىدى. خەلق بولسا ئۇنى پادىشاھ دەپ ئېتىراپ قىلدى.
ھەئە، بوۋىسى شاھرۇخخان ۋاپاتىدىن كېيىن مومىسىنىڭ قوللىشى بىلەن رەسمىي تەختتە ئولتۇرغان خانزادە ئابدۇللەتىپخان كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ھۇزۇرىدا بىللە ئىلىم ئۆگەنگەن نەۋرە قېرىندىشى ئالائۇددەۋلەنى ئەتىۋارلاپ ئىززەتىنى قىلىش، قېرىنداشلىق مېھرىنى كۆرسىتىپ يۇقىرى مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئىنئام قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەدېسىلا ھاقارەتلىگەن، زاڭلىق قىلغانىدى. گۆھەرشاد بېگىم بولسا بۇ ئىككى نەۋرىسىگە ئوخشاش كۆزدە قارىماي،

خانزادە ئابدۇللەتىپخانغا يان باسقان، ئۇنى قوللىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەزەلدىن ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئەتىۋارلىنىشىغا، يۇقىرى مەنسەپ - مەرتىۋىگە ئېرىشىشىگە قايىل بولماي، كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ كەلگەن ئالائۇددەۋلە پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ تۇيۇقسىز ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى گۆھەرشاد بېگىممۇ، خانزادە ئابدۇللەتىپخانمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئالدىدا تەمتىرىدى، ھودۇقتى، دەرھال تەدبىر قوللىنالمىدى. ئابدۇللەتىپخاندىن ئاللىقاچان كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن ئەمىرلەر بولسا قەستەن ھودۇققان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشتى. ئەقىل - تەدبىر كۆرسىتىپ ئىسياننى باستۇرۇش دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىدى.

خانزادە ئالائۇددەۋلە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئوردىنى ئىگىلەپ، خانزادە ئابدۇللەتىپخاننى زىندانغا سولىدى. مومىسى گۆھەرشاد بېگىمنى نەزەربەند قىلدى. گۆھەرشاد بېگىمنىڭ يىلىنىش - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋامۇ قىلمىدى، بەلكى، مەسخىرە قىلىپ يۇخادىن چىقتى.

تۇمەنلىگەن سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، چاقماق تېزلىكىدە ھىراتقا يېتىپ كەلگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئانىسى گۆھەرشاد بېگىم بىلەن ئوغلى ئابدۇللەتىپخاننىڭ ھاياتىدىن خەۋپسىرەپ، جىيەن ئوغلى ئالائۇددەۋلە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رايى بارمىدى. ئانىسى بىلەن ئوغلىنى قويۇپ بېرىپ، دادىسى شاھرۇخخاننىڭ خەزىنىسىنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئالائۇددەۋلەگە ھىراتنى بېرىپ، لەشكەرلىرىنى سەمەرقەنتكە قايتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۈلھى تەلەپ قىلدى. خانزادە ئالائۇددەۋلە مومىسى گۆھەرشاد بېگىمنى گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇپ قالدىغان، مىرزا ئۇلۇغبەگ لەشكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن مومىسىنى نەزەربەندتىن بوشىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ شەرت قويدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ جىيەنىنىڭ بۇ شەرتىگە قوشۇلدى. ئالائۇد-

دەۋلە ئابدۇللەتىپخاننى زىنداندىن چىقىرىپ، يۈز تۆگىلىك مال ـ
مۈلۈك بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى.

ھىرات شەھىرىدىن ساق ـ سالامەت چىقىۋالغان خانزادە ئابد-
دۇللەتىپخان دادىسىنى كۆرۈپ مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ
يىغىسى ياكى تاجۇ تەختتىن ئايرىلىپ قالغانلىق سەۋەبلىك بىلد-
دۇرگەن ھەسرەت يىغىسىغا، ياكى دادىسىغا قىلغان ھۆرمەتسىز-
لىكىگە ئۆكۈنگەن پۇشايمان يىغىسىغا ئوخشىمايتتى. ئوتتۇز ياش-
تىن ئاشقان ئوغلىنىڭ يىغلىشىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئانچە ياقتۇ-
رۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن
باغرىغا بېسىپ تەسەللى بەردى، ئەمما ئابدۇللەتىپخان بىر ئېغىز
زۇۋان سۈرمىدى، ھەتتا دادىسىنىڭ بوينىغىمۇ ئېسىلمىدى.

ئوغلىنى ساق ـ سالامەت كۆرۈپ خېلىلا خاتىرجەم بولغان
مىرزا ئۇلۇغبەگ جىيەنى ئالائۇددەۋلەنىڭ بوۋىسى شاھرۇخخانىنىڭ
خەزىنىسىنى قايتۇرۇپ بەردىم دەپ تاپشۇرغان يۈز تۆگىلىك مال ـ
مۈلۈكنى كۆرۈپ غۇززىدە بولۇپ قالدى. ئالائۇددەۋلەنىڭ كېلد-
شىمىنىڭ ئىككىنچى شەرتىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزىنى ئالدىغاند-
لىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغانىدى. چۈنكى، ھىرات خەزىنىسىدىكى
مال ـ دۇنيالار مىرزا ئۇلۇغبەگكە بەش قولدەك ئايان ئىدى. شاھ-
رۇخخان ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگكە سەمەرقەنتنى بەرگەن ۋاقتىدا
دادىسى ـــ بۈيۈك ئىستىلاچى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان دەۋرىدىن
تارتىپ يىغىلغان بارلىق خەزىنىلەرنى سەمەرقەنتتىن ھىراتقا
كۆچۈرۈپ كەتكەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مۆلچەرىچە خەزىنىدى-
كى قۇيما، كېسەك، نوكچا، كېپەك ئالتۇنلارنىڭ ئۆزىلا يۈز تۆگى-
لىك كېلەتتى. ئالماس، قاشتېشى، ياقۇت، لەئىل، ئۈنچە ـ مەرۋا-
يىت قاتارلىق گۆھەرلەر ۋە شۇلاردىن ياسالغان ھەرخىل سەنئەت
بۇيۇملىرىمۇ يۈز تۆگىلىكتىن ئېشىپ كېتەتتى. شايى، ئەتلەس،
تەتىللا، كىمخاب، مەخمەل، گىلەملەر، يولۋاس، ئېيىق، تۈلكە،
يىلپىز، بۆلغۈن، قۇندۇز تېرىلىرى، بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار، زە-
پەر، ئەنبەر دېگەندەك بۇيۇملارنى يۈز ئەمەس، مىڭ تۆگىگە ئارت-

سىمۇ يۆتكەپ بولغىلى بولمايتتى. باشقا ئىسىل بۇيۇملارنىڭمۇ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. ئالائۇددەۋلە مىرزا ئۇلۇغبەگكە خەزىنىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىگەنىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ جىيەنىگە كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ، خەزىنىنى تولۇق تاپشۇرۇش ھەققىدە يەنە مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئەمما ئالائۇددەۋلە مىرزا ئۇلۇغبەگنى قەستەن ئۇششۇقلۇق قىلىپ تۆھمەت قىلدىڭ، دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە ھېچنېمە بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جىيەنىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزى ئاساسىي قوشۇنغا باش بولدى. چوڭ خانزادىسى ئابدۇللەتىپخان بىلەن كىچىك خانزادىسى ئابدۇلئەزىزخاننى ئوڭ قانات قوشۇنغا، ئەمىر سۇلتان جاندارنى سول قانات قوشۇنغا ئەمىر قىلدى. خانزادە ئالائۇددەۋلەمۇ ھىرات شەھىرىدىن تۆت پەرسەخ يىراقلىقتىكى مۇرغاپ دەرياسى بويىغا قارارگاھ قۇرغانىدى. ئىككى قوشۇن ئۆزئارا قىرغىن قىلىشتى. جەڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى. ئاتلار، لەشكەرلەر جەسەتلەرگە، ئۈزۈلگەن كاللىلارغا پۇتلىشاتتى. مۇرغاپ دەرياسى قىپقىزىل قانغا بويالدى. قاتتىق يېڭىلگەن ئالائۇددەۋلە ھىراتنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، دادىسى بايسۇنغۇر مىرزىنى پاناھ تارتىپ ئازغىنە لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ غەربىي خۇراسانغا قاراپ قاچتى.

رەقىبىنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن خانزادە ئابدۇللەتىپخان نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى قوغلاشنى خالىماي، ھىرات شەھىرىگە كىرىشكە ئالدىرىدى.

ـــ شەھەرگە كىرىشكە ئالدىرىمايلى ئاغا، ـــ دېدى ئابدۇلئەزىزخان ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ـــ بىز ئاۋۋال شەھەرگە كىرسەك خان ئاتامغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. شەھەرگە ئالدى بىلەن غەلىبە ـ نۇسرەت ئىگىسى كىرىشى كېرەك.

ـــ غەلىبە ـ نۇسرەت ئىگىسى دېگەن مانا مەن، ـــ دېدى ئابدۇللەتىپخان ئىنىسىگە قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ، ـــ جېنى ـ

مىزنى ئالىقىنىمىزغا ئېلىپ تۇرۇپ قان كېچىپ جەڭ قىلدۇق. خان ئاتام بولسا پەقەتلا پەرمان چۈشۈردى شۇ. شەھەرگە كىرىپ ئالائۇددەۋلە دېگەن بەدرەكنىڭ يالاقچىلىرىنى تېپىپ قىلىچتىن ئۆتكۈزسەك، خان ئاتام بىزنى تارتۇقلايدۇ تېخى.

— يوقسۇ، يېڭىلىشتىلە ئاغا، — دېدى ئابدۇلئەزىزخان تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — شول تاپتا شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسەك، قىزىپ قالغان لەشكەرلەر ئۆلجا تەمەسىدە رەئىيەتنى قىرغىن قىلىشتىن يانمايدۇ. بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىمىز. ئالائۇددەۋلە مىرزىغا كۆمەكلەشكەن ئۇل رىياكار ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئالللىقاچان قېچىپ بولدى. ماقۇل دېسىلە، بۈگۈن شەھەرگە كىرمەيلى.

خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ ھىرات شەھىرىگە كىرىشكە بۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىشىدە، رەقىبلىرىدىن قىساس ئېلىشتىن كۆرە، نەزەربەندتىكى مومىسى گۆھەرشاد بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ھىرات تەختىدە قايتا ئولتۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىش، دادىسىنىڭ ھىرات تەختىنى تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇددىئاسى بار ئىدى. بىراق ئىنىسىنىڭ ئورۇنلۇق مەسلىھەتى ئالدىدا بىرئازا تەۋرىنىپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھىرات بوسۇغىسىغا لەشكەر تارتىپ كەلگەن دادىسىدىن تەپ تارتتى، ھەزەر ئەيلىدى.

— شەھەرگە كىرمىسەك نەگە بارىمىز؟ — دېدى ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — كەچ چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغ بولغاندا لەشكەرلەرنى باشلاپ قارارگاھقا قايتىمىز دېسەك تۈن نىسبىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ھېلىمۇ ئۇلار جەڭ قىلىپ ھېرىپ كەتتى.

ئابدۇللەتىپخان ئىمكان بار شەھەرنىڭ يېنىدا تۈنەپ، ئەتە ئاتىسىدىن پەرمان چۈشسە ئەڭ ئاۋۋال شەھەرگە كىرىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. بۇنداق قىلسا، بىرىنچىدىن، مومىسى گۆھەرشاد بېگىم بىلەن ئاۋۋال كۆرۈشەلەيتتى، ئىككىنچىدىن، ھىرات شەھىرىنى ئالغان بىرىنچى تۆھپە ئۇنىڭ بولاتتى.

— ئەمىسە خان ئاتامغا خەۋەر بېرىۋېتىپ ئىختىيارىدىن

قەلئەسىدە تۇنەيلى، ــ دېدى ئابدۇلئەزىزخان.

ــ ئىختىياردىن قەلئەسىدە نېمىش قىلىمىز؟ ھاۋا سوغۇق بولمىغاندىكىن لەشكەرلەر توڭۇپ كەتمەيدۇ، مۇشۇ يەردىلا تۇنەيلى.

ــ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىختىياردىن قەلئەسىنى چارلاپ باقايلى. يوشۇرۇنۇۋالغان لەشكەرلەر بولسا ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىمىزدىن پايدىلىنىپ شەبخۇن ئۇرمىسۇن يەنە.

ئىنىسىنىڭ ئەستايىدىللىقىدىن بىزار بولغان ئابدۇللەتىپخان قاپىقىنى تۈردى.

ــ ئەمىسە قەلئەنى سىلى چارلاپ كەلسىلە، مەن بۇ يەردە ئارام ئالىدىغانغا جاي راسلاتقۇزغاچ تۇراي.

ئابدۇلئەزىزخان مىڭغا يېقىن نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىختىياردىن قەلئەسىگە يۈرۈپ كەتتى.

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئابدۇللەتىپخان غىزا يېيىشكىمۇ رايى بارماي، نۆكەرلىرى قول ـ قولچە راسلاپ بەرگەن تۆشەككە ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، خورەككە چۈشۈپ كەتتى.

تۈن تەڭ بولغاندا خاس مەھرىمىنىڭ ئويغىتىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن خانزادە ئابدۇللەتىپخان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

ــ ئۇيقۇمنى بۇزۇپ نېمە قىلماقچىسەن، بەتبەخت!

مەھرەم يىگىت ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن غال ـ غال تىترىگىنىچە يۈكۈندى:

ــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، كىچىك خانزادە ئۆزلىرىنى چېدىرنىڭ سىرتىدا ساقلاۋاتىدۇ.

ــ نېمە دېمەكچىكەن بۇ كېچىدە ئۇخلىماي؟

ــ مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم ئىشى بار ئوخشايدۇ.

ئابدۇللەتىپخان مەھرىمگە قاتتىق چېچاڭشىپ بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە سىرتقا چىقتى.

ــ كەچۈرسىلە ئاغا، ئۇيقۇلىرىنى بۇزۇپ قويدۇم، ــ دېدى ئابدۇلئەزىزخان قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن ئاكىسىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ــ خۇش خەۋەر. جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكلەر ـ

www.uyghurkitap.com

نىڭ خەزىنىسىنى تاپتىم.

ــ خەزىنىنى تاپتىم؟ ــ ئابدۇللەتىپخان ئىشەنمىگەن ھالدا ئىنىسىگە قارىدى، ــ خاتا كۆرۈپ قاپتىلا ئىنىم. بابائى بۇزرۇك-لەرنىڭ خەزىنىسى ھىراتتا بولماي بۇ ئايدالادا نېمىش قىلسۇن؟

ــ خەزىنە ئىختىيارىدىن قەلئەسىدە ئىكەن، ــ دېدى ئابدۇلئەزىزخان ئەستايىدىللىق بىلەن، ــ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-دۈم. بايا نۆكەرلەر بىلەن قەلئەنى تەپسىلىي تىنتىغان ئىدۇق، خەزىنە قەلئەنىڭ يەر ئاستىدىكى ئۆيدىن تېپىلدى. ھەممىسى ئال-تۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئىكەن، ئۆي ـ ئۆيلەرگە تاغدەك دۆۋىلىنىپ ياتمايلا قاپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئالائۇددەۋ-لە خان ئاتامنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ خەزىنىنى يۆتكەپ يوشۇرۇپ قالماقچى بولغان ئوخشايدۇ. خان ئاتام ئۇنىڭ خەزىنىنى تولۇق تاپشۇرغىنىغا ئىشەنمىگەنىدى، مانا راست بولۇپ چىقتى.

ئابدۇللەتىپخان ئىنىسىنىڭ گېپىنىڭ ئايغىنى ئاڭلاشقا تا-قەت قىلالمىدى.

ــ يول باشلىسىلا، ــ دېدى ئۇ قەلئەگە بېرىشقا ئالدىراپ.

مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسىدە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي ئېچى-لىپ كەتكەنىدى.

ئىختىيارىدىن قەلئەسىدىكى خەزىنىنى كۆرۈپ ئابدۇللەتىپ-خاننىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى ھاياجانلىق تۇيغۇلار چىرمىۋالدى.

«ئېھ تەڭرىم! ماڭا بۇ ئامەتنى قايتا نېسىپ قىلغىنىڭغا يۈز-مىڭ قەتلە شۈكۈر. ئەمدى بۇ بايلىقلار مېنىڭ بولدى. ھىراتنى بۇزرۇكۋار مومام چوقۇم يەنە ماڭا ئېلىپ بېرىدۇ. شەھەرمۇ، تاجۇ تەختمۇ، مال ـ دۇنيامۇ ھېچيەرگە كەتمەيدىغان بولدى. بۇ ھې-سابسىز خەزىنە ئالىقىنىمدىلا بولىدىغان بولسا، كۆڭلۈمگە پۈككەن ھەرقانداق ئىشنى تەۋرىتەلەيمەن. بەلكىم ئاتاممۇ خاقانلىق تەخ-تىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىككە ئىلاج قىلالمايدۇ...»

ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان ھەرقانداق مال ـ دۇنيا ئاشۇ سەر-
كەردىگە تەئەللۇق بولاتتى. ئۇنىڭغا خاننىڭ چىشى پاتمايتتى، پە-
قەت بولمىسا سەركەردە ئاشۇ مال ـ دۇنيادىن خانغا ئازراق ئايرىپ
بېرەتتى. بۇ سوۋغا ـ سالام پېشكەش قىلىش دېيىلەتتى. سەركەر-
دە ـ لەشكەرلەرنىڭ جەڭدىكى غەيرەت ـ جاسارىتىنىڭ سوسلاپ
قالماسلىقى ئۈچۈن تۈزۈلگەن بۇ قائىدە چىڭگىزخان زامانىدىن
تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، تا ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنى
ئۆزگەرتمىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن خانزادە ئابدۇللەتىپخان بۇ خە-
زىنىنى ئۆزىنىڭ جەڭدە ئولجا ئالغان شەخسىي مال ـ مۈلكى ھې-
سابلاپ بولغانىدى.

ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئابدۇللەتىپخانىنىڭ بارلىق شېرىن
ئارزۇلىرى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. ھىرات شەھىرىنىڭ بوسۇغى-
سىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئاتلىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىككى خانزا-
دىسىنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇلارنى
باھادىرلىق ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلىدى. ئىختىيارىدىن قەلئەسىدىن
تېپىلغان خەزىنىنى «بۇلار ئالائۇددەۋلە مىرزىنىڭ شەخسىي مال ـ
مۈلكى ئەمەس، بەلكى شەۋكەتلىك بوۋام ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر
كۆرەگان زامانىسىدىن تارتىپ جۇغلانغان دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكى-
دۇر. ئۇنى پەقەت ئالائۇددەۋلە مىرزا يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن
ئىختىيارىدىن قەلئەسىگە يۆتكىۋەتكەن. شۇڭا ئۇنى ئولجا ھېساب-
لىغىلى بولمايدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ
بەرمىدى. ئەكسىچە، خەزىنىنى سەمەرقەنتكە يۆتكەپ كېتىشكە
پەرمان چۈشۈردى. ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەۋەبىدىن نەزەر-
بەندتىن قۇتۇلغان گەۋھەرشاد بېگىمنىڭ تىلى تۇتۇلغانىدى. شۇڭا،
شاھرۇخخاننىڭ قويما ئالتۇندىن ياسالغان ھەشەمەتلىك تەختىدە
ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئۇ ھېچنېمە دېيەلمىدى. مومىسى-
نىڭ بوشىشىپ قالغىنىنى كۆرگەن ئابدۇللەتىپخان ئىچىدە قات-
تىق نارازى بولغان بولسىمۇ، چىشىنى ـ چىشىغا چىشلەشكە
مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ مومىسىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەيتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىككى ئوغلىنى ئەمدى يېنىدىن ئايرىماس-لىق، بولۇپمۇ چوڭ خانزادىسى ئابدۇللەتىپخاننى گوھەرشاد بې-گىمنىڭ يېنىدا تۇرغۇزماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى. شۇڭا ھىراتقا يەنە بىر جىيەنى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنى ئەمىرلىككە تەيىنلى-دى. ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ئالائۇددەۋلەنىڭ ئىنىسى ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن غەربىي خۇراساننى تىزگىن-لەپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغانىدى. ئۇ ھىراتنىڭ ئىشلىرىنى بىر قۇر رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، كىچىك خانزادىسى ئابدۇلئەزىزخاننى ئىختىيارىدىن قەلئەسىدىن تېپىلغان خەزىنىنى سەمەرقەنتكە يۆتكەشكە بۇيرۇپ، چوڭ خانزادىسى ئابدۇللەتىپخاننى ئېلىپ، بار-لىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ غەربىي خۇراساننىڭ مەركىزى مەشھەدكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. مەقسىتى — ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن كۆرۈشۈش، شۇنداقلا جىيەن ئوغلى ئالا-ئۇددەۋلەنى راسا بىر ئۇچۇقداپ قويۇش، شۇ ئارقىلىق ئىچكى قى-سىمدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىش ئىدى.

ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزىغا تەۋە بىرقانچە شەھەرلەردىن ئۆ-تۈپ ئىلگىرىلەۋاتقان مىرزا ئۇلۇغبەگنى سەمەرقەنتتىن كەلگەن جىددىي مەلۇمات توختاشقا مەجبۇر قىلدى.

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى چاپارمەن شەي-خۇلئىسلام بۇرھاندىدىن بىلەن مىرانشاھ دورغىنىڭ مەلۇماتىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — سەمەرقەنت خەۋپ ئاستىدا قالدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ مەكتۇپنى ئالدىراش ئوقۇدى.

مەلۇم بولدىكى، دەشتى قىپچاق دالىسىدا مىرزا ئۇلۇغبەگكە زىممىلىك بىلدۈرۈپ ياشاپ كېلىۋاتقان سۇلتان ئوبۇلخەيرىخان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھىراتقا لەشكەر تارتىپ كەتكىنىنى، سەمەر-قەنتنى ساقلاپ ياتقان لەشكەرلەرنىڭ ئازلىقىنى بىلىپ، سەر-كەردە ـ لەشكەرلىرىنى سەمەرقەنتنى ئىستېلا قىلىشقا ئەۋەتكە-

نىدى. دەشتى قىپچاق دالىسىدا چارۋىچىلىق بىلەن ياشاۋاتقان بۇ قوۋم ئۆزلىرىنى سەلتەنەت پاسىبانى ــ سۇلتان ئوبۇلخەيرخا-نىڭ مەرھۇم دادىسى ئۆزبېكخاننىڭ نامىدا ئۆزبېك دەپ ئاتايتتى. ئىلگىرى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلىپ يېڭىلگەن سۇلتان ئوبۇلخەيرخان سەلتەنەتنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە مىرزا ئۇلۇغبەگكە زىممىلىك بىلدۈرۈپ ئولپان تاپشۇ-رۇپ كېلىۋاتاتتى.

ــ نامەرد ئەبلەخ، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ غەزىپىنى بې-سىۋالالماي. خاننىڭ ئۆزىنى ياكى سۇلتان ئوبۇلخەيرخاننى تىل-لىغىنىنى ئاڭقىرالماي تىترەپ تۇرغان چاپارمەندىن يەنە سورى-دى، ــ سەمەرقەنتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

ــ قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، ياۋ لەشكەرلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز، سەمەرقەنتنى ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك قورشىۋالدى.

يەنە گەپ سوراشقا رايى بارمىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئېتىنىڭ بېشىنى سەمەرقەنت تەرەپكە بۇرىدى. ئىنىسى بايسۇنغۇر مىرزىغا ئوغلى ئالائۇددەۋلەنى تۇتۇپ نەسىھەت قىلىشقا، گېپىگە كىرمىسە نەزەربەند قىلىشقا پەرمان بېرىپ مەشھەدكە چاپارمەن ماڭغۇزدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنى ھىراتنىڭ ئە-مىرلىكىگە تەيىنلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز پەرمانىنى بىجانى-دىل ئورۇندايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ كېچىككەنىدى. دەشتى قىپچاق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى سەمەرقەنت شەھىرىنى ئاللىقاچان ئىشغال قىلىپ بولغانىدى. ئۇلار مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چاقماق تېزلىكىدە سەمەر-قەنتكە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ شەھەرنى تاشلاپ دەرھال چېكىنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرى ۋەيران قىلىۋەتكەن سەمەرقەنت شەھىرىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئې-چىشىپ كەتتى. ئۇلار خەزىنىنى بۇلىغىنىغا قانائەت قىلماي، ئوردىدىكى كۆكسارايىنىڭ، شەھەردىكى كاتتا ئىمارەتلەرنىڭ، مەد-رىسە ـ مەسچىتلەرنىڭ گۈمبەز، قۇببە، پېشايۋان، تاملىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەقىشلىرىگە يالىتىلغان ئالتۇنلارنىمۇ قىرىۋېلىپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەرقانچە قىلىپمۇ غەزىپىنى باسالمىدى. ئۆزبېكلەرنى جازالاش ئۈچۈن دەشتى قىپچاققا لەشكەر ماڭدۇردى. بۇزۇۋېتىلگەن ئىمارەتلەرنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پەرمان بەردى. ھەئە، تېخىچىلا موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقان تاشكەنتنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ لەشكەر ماڭغۇزدى.

※ ※ ※

چوڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپخاننى يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىمكانقەدەر ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشقا، كۆندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەپ، مۇڭدىشىپ، ئۆزۈندىن بېرى سۇسلىشىپ قالغان ئاتا ـ بالىلىق مېھرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. لېكىن ئابدۇللەتىپخان ئىمكانقەدەر دادىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇ ھىرات تەختىدە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت سۈرگەن كۈنلىرىنى، ھەرەمنى، ھەرەمدىكى نازىنىنلارنى ئۇنتۇيالمايۋاتاتتى. دادىسى قەستەن ئۆزى بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك، ئاغزىدا مېھىر ـ مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى نەزەربەند قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. مومىسى گۆھەرشاد بېگىمنى سېغىناتتى. جاھىل، تەكەببۇر، ئۆز بېشىمچى موماي مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەمەرقەنتكە بىللە كېتىش تەكلىپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ ھىراتتا قالغانىدى.

ئابدۇللەتىپخان دادىسىغا قارىغاندا پىر ـ ئۇستازى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنى ئۆزىگە بەكرەك يېقىن تۇتاتتى. پۇرسەت تاپسىلا ئىشاننىڭ قېشىغا يۈگۈرەيتتى. دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئەسنەپ تۇرۇپ ئاڭلىغىنى بىلەن، ئىشاننىڭ نەسىھىتىنى

يۇكۇنۇپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى. بۇنى تېزلا سېزىۋالغان مىرزا ئۇلۇغ-
بەگ ئوغلى بىلەن ئىشاننى ئايرىۋېتىشنىڭ پەقەتلا ئامالىنى
قىلالمىدى.

— سەمەرقەنتكە كەلگەندىن بېرى پەقەتلا ئېچىلالمايۋاتى-
دىلا، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلى بىلەن ناشتا قىلىۋېتىپ، —
پەدەرلىرىنىڭ دەرگاھى سىلىگە ياقمايۋاتامدۇ ياكى باشقا سەۋەب
بارمۇ؟

— ھىراتقا كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، — دېدى ئابدۇللەتىپخان
ئۇدۇللا جاۋاب بېرىپ، — سەمەرقەنتتە ئېچىلالىشىم مۇمكىن ئە-
مەس.

«مومىسىنى سېغىنغاندىمىكىن؟ دېمىسىمۇ ئۇ ھىراتتا بەك
ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئەجەبا مەن ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرىنى ھېس
قىلدۇرالمىغاندىمەنمۇ؟ يېقىندىن بېرى ئىنىسىدىن بەكرەك ئۇ-
نىڭغا كۆيۈنۈۋاتىمەن، كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن، ئىمكان بار كۆڭلىنى
ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتىمەن. نېمىشقا بۇنى چۈشەنمەيدىغان-
دۇ؟ ئاشۇ ئىشاننى ئۇن قېتىم ئىزدىگەندە، مېنى ئۆزى خالاپ بىر
قېتىم ئىزدەپ قويسا نېمە بولىدۇ؟ ئىككى ئوغلىغا شۇنداق كۆيە-
دۇ بولمىسا. ئاشۇ بالىلىرىغا بەرگەن مېھرىدىن مەندەك ئاتىسى-
غىمۇ ئازراق بەرسىچۇ كاشكى...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەرقانچە غەيرەت قىلىپمۇ ئويلىغانلىرىنى
ئوغلىغا دېيەلمىدى، غۇرۇرى يول قويمىدى.

— سەمەرقەنتمۇ سىلىنىڭ كىندىك قانلىرى تۆكۈلگەن شە-
ھەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەسەررۇپىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەڭ
كاتتىسى. قانداق تەلەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، مەن دېگەن سىلى-
نىڭ ئاتىلىرى، پەرزەنت ئۈچۈن ئاتىسىدىنمۇ يېقىن ئادىمى بول-
مايدۇ. سىلىنى يېنىمغا ئەپكېلىۋېلىشىمدا سەلتەنەت ئىشلىرىغا
كۆزى پىشسۇن، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇشنى ئۆگەنسۇن،
دېگەندىن ئۆزگە مۇددىئا يوقتۇر. ئوردىغا ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن
بىر قېتىممۇ چىقىپ باقمىدىلا.

ئابدۇللەتىپخان بىرپەس بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— كۆڭلۈمدىكىنى بىلگىلىرى بارمۇ ئاتا؟

— دېسىلە، قۇلىقىم سىلىدە.

ئابدۇللەتىپخان ئاغزىنى ئۆمەللەپ ـ ئۆمەللەپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى. ھەئە، ئۇ دادىسىغا: «ئەگەر مېنى سەمەرقەنتتە قېلىشقا زورلىسىلا، مەرھۇم بابائى بۇزرۇك يارلىق چۈشۈرۈپ ئىنئام قىلغان نائىب خانلىق مەرتىۋەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسىلە» دېمەكچى ئىدى. لېكىن سەمەرقەنتكە كەلگەندىن بېرى ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگىمۇ ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، ئوردىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىر ـ سىپاھلار قاتارىدا ئەمەس، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەر قاتارىدا جاي كۆرسىتىپ بېرىلگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆڭلىدىكى گەپنى يوشۇردى. ئۇ دادىسىغا ئىشەنمەيتتى، تەلىپىمگە قوشۇلمايدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇنداقتىمۇ مۇددىئاسىنى يۇپۇتۇپراق دېيىشكە جۈرئەت قىلدى:

— مېنى ئېچىلسۇن، يايرىسۇن دېسىلە، ھىراتقا قايتۇرۇۋەتسىلە.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىدىن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەنىدى.

— ئەپسۇس، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ، — ھىراتنىڭ ئەمىرى بار. ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنى سەۋەبسىزلا مەنسەپتىن قالدۇرۇۋەتكىلى بولماس.

قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ئابدۇللەتىپخان تەتۈر قارىۋالدى.

— ماڭا مەنسەپ ـ مەرتىۋىنىڭ كېرىكى يوق، ھىراتتا تۇرساملا بولدى.

— لېكىن ھىراتتا يۇرتدارچىلىق يوسۇنلىرىنى ئۆگىنەلمەيدىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن سەمەرقەنت ئوردىسى ئەڭ مۇۋاپىق.

دادىسىنىڭ مۇئامىلىسىدىن، تەلەپپۇزىدىكى يۇمشاقلىقتىن خېلى ئۈمىدلىنىپ قالغان ئابدۇللەتىپخاننىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىنلا جۈرئەت پەيدا بولدى.

ـــ ئۇنداق بولسا بەلخنىڭ ئەمىرلىكىنى بەرسىلە، ـــ دېدى ئۇ ئەركىلىگەندەك قىلىپ، ـــ يۇرتدارچىلىق يوسۇنلىرىنى بىرەر يۇرتنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ ئۆگەنسە، ئاندىن پۇختا ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

ـــ سىلىنى يېنىمدا تۇرسىكەن دەيدىغان ئارزۇيۇم بار، سىلى مېنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقۇم.

ـــ مەن بولمىساممۇ يانلىرىدا ئىنىم ئابدۇلئەزىز مىرزا بار. ئۇمۇ سىلىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقلىرى. سىلىنىڭ مېھىرلىرى ئۇنىڭدىن ماڭا ئاشقان ئەمەس.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى.

ئابدۇللەتىپخان دادىسىنى مەندىن بەكرەك ئىنىمنى ئەتىۋارلايدۇ دەپ ئويلايتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىختىيارىدىن قەلئەسىدىن تېپىلغان خەزىنىنى سەمەرقەنتكە يۆتكەشنى كىچىك ئوغلى ئابدۇلئەزىزخانغا تاپشۇرغانىدى. شۇ چاغدا ئابدۇللەتىپخان ئاتام خەزىنىنى ئىنىمغا بېرىۋەتتى، دەپ خاتا چۈشەنگەنىدى. كېيىن مومىسى گۆھەرشاد بېگىم، پىر - بۇزرۇكى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئۇنى راسا ئېچىتتى. شۇ سەۋەبتىن دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئېتىبارسىز ھېسابلايتتى. ئولتۇرسا - قوپسا دادىسىدىن يىراقراق تۇرۇشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭغا ئىمكان بار سەمەرقەنتتىن ئايرىلىپ بىرەر ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىنى قولغا ئېلىشنىمۇ گۆھەرشاد بېگىم بىلەن ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. «پەدەرلىرىگە ئىشەنمىسىلە، ئۇ سىلىدىن خاتىرجەم بولالماي ساختا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، يالغان ۋەدىلىرى بىلەن يېنىدا ساقلاۋاتىدۇ. ھەقىقىي مەقسىتى تاجۇ تەختنى سىلىگە ئەمەس، ئىنىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى. ئىختىيارىدىن قەلئەسىدىن تېپىلغان خەزىنىنى سەمەرقەنتكە يۆتكەش ئىشىنى نېمىشقا سىلىگە تاپشۇرماي، ئىنىلىرىغا تاپشۇرىدۇ؟ گەپ سىلىگە ئىشەنمىگەنلىكىدە. ئاشۇ خەزىنىنى ئىنىلىرىغا بەرگىسى بولمى-

ـسا، ئاشۇنداق پەرمان چۇشۇرەرمىدى؟ خەزىنە پۈتۈنلەي ئىنىلىرد-ىنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولدى. ئاگاھ ۋە دانا بولسىلا خانزادە. بۇنداق جىم تۇرۇۋەرمەي، ھېچ بولمىسا بىرەر ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىنى بولسىمۇ قوللىرىغا كىرگۈزگەچ تۇرسىلا. پالتىنىڭ جۇلدىسى بولسا بىسىنى چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئامالىنى بىز قىلىمىز. ئاللاھ ئىگەم ئۆزى يۆلەيدۇ، پىر ـ بۇزرۇكلەر مەدەت قىلىدۇ.»

مومىسى بىلەن ئىشان پىرىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئابدۇللەتىپ-خاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە توختىماي جاراڭلايتتى.

ئوغلىنىڭ ئىنىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ «ئۇمۇ سىلىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقلىرى، سىلىنىڭ مېھرلىرى ئۇنىڭدىن ماڭا ئاشقان ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىر مۇدھىش ئاۋاز بولۇپ جاراڭلايتتى.

«ئۇ مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇشنى خالىمايدىكەن، يۈرىكىمنى يې-رىپ كۆرسەتسەممۇ ماڭا ئىشەنمەيدىكەن. يا پەرۋەردىگار، نېمىشقا ئۇنىڭ كۆزىدىن پەرزەنتلىك مېھرىنى كۆرەلمەيمەن، كۆزلىرىدىن نېمىشقا ئاداۋەت ئۇچقۇنلايدۇ؟ بىز دېگەن رەقىبلەردىن ئەمەس، ئاتا ـ بالىغۇ ئاخىر. كەتسە ـ كەتسۇن، كېتىمەن دېسە باغلاپ قو-يارىنىڭ ئورنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىمۇ كىچىك ئەمەس، ئا-غىچىلىرى، پەرزەنتلىرى بار. بەلكىم ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرى-دۇ، بىرەر ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىنى بەرسەم ئىلگىرىكى ھايتاقلى-قىنى تاشلاپ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بېرەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمەرقەنتتە ئىشان شەيخ نىزامىددىن خاموش بار. ھەر كۈنى مۇلاقاتتا بولۇپ خانزادىنىڭ قۇلىقىنى تولغايدۇ، كۆڭلىگە گۇمان، تەھلىكە ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. مەيلى، بەلخكە بارسا بارسۇن. رايىغا باقسام، كۆڭلى ئېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...»

ــــ راستىنىلا بەلخكە بېرىشنى خالامدىلا؟

شۇ دەقىقىدە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىنىڭ «ياق، يانلىرىدىن ئايرىلغۇم يوق ئاتا» دېيىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە. بىراق



www.uyghurkitap.com

خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى، سولغۇن چېھرىگە سۇس كۇلكە يۈگۈردى:

— ئىجازەت بەرسىلە ئەلۋەتتە خالايمەن.

— ئارزۇلىرى شۇ بولسا مۇرادلىرىغا يەتسىلە ئوغلۇم، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگ چوڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپخاننى بەلخنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. بىراق ئۇ «ئوغلۇم مەندىن چوقۇم خۇش بولىدۇ، ئۇنى مومىسىدىن، ئىشان پىرىدىن ئايرىۋەتتىم» دەپ چوتنى خاتا سوققانلىقىنى تېزلا ھېس قىلدى. ھەئە، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلى ئابدۇللەتىپخان بەلخكە كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئانىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ يول ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ ھىراتتىن بەلخكە بارغانلىقىدىن، ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭمۇ سۇلۇك تەۋرىتىش باھانىسىدا بەلخكە بېرىپ خانزادىنى قۇتلۇقلاپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئابدۇللەتىپخاننى بەلخكە ئەۋەتىپ توغرا قىلغانلىقىنى ياكى خاتا قىلغانلىقىنى دەماللىققا ھېس قىلالمىدى. بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا، كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلاتتى، تەگسىز خىياللارغا غەرق بولاتتى. «ئاشۇ ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن پەرۋەردىگارىم» دەپ چىن يۈرىكىدىن نىدا قىلاتتى.



سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تاشكەنتنى مۇھاسىرىگە ئالغىنىغا ئۈچ ئاي بولاي دەپ قالغانىدى. بۇ جەرياندا تاشكەنت خەلقىنىڭ شەھەرنى قوغداش جاسارىتى پەقەتلا سۇسلىشىپ قالمىدى.

ئۇلار تاشكەنتنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەر بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، موغۇلىستانلىقلارنىڭ شەھەرگە قىلغان ھوجۇمىنى چېكىندۈرۈپ تۇردى. سەييىدئەلى ئالىپ تاشكەنتلىكلەرنىڭ بۇ جاسارىتىگە قايىل بولماي، ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى. ئالدىراپ ـ تېنەپ تاشكەنتكە لەشكەر تارتىپ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدى، ۋۇجۇدىنى غەم باستى. ئۇلارنىڭ يەنە بىرەر ئاي يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈكى قالغانىدى. قەشقەر بىلەن تاشكەنت ئارىلىقىدىكى خەتەرلىك تاغ يوللىرىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك يۆتكەپ كېلىش تولىمۇ تەس ئىدى. تاشكەنت شەھىرىنى ئىشغال قىلىشتىن ئاساسەن ئۈمىد قالمىغانىدى.

سەييىدئەلى ئالىپ تۈركىستان ئەمىرى ئىرازان بارىنىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ياردەم سوراپ بىرنەچچە قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ تېخىچىلا جاۋاب كەلمەيۋاتاتتى. ئىرازان بارىن بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ناۋادا ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن بىرلىشىۋېلىپ تاشكەنت ئەمىرىگە ياردەمگە كەلسە موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەسلىشەتتى. ئۇ چاغدا ئاقسۇ، قەشقەرگە بىخەتەر چېكىنىپ كېتىشمۇ بىر گەپ بولۇپ قالاتتى. چوڭ خانزادە يۇنۇسخاننى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يىراق باغدادقا ئەۋەتكەن چاپارمەندىن تېخىچىلا خەۋەر يوق ئىدى. شۇ كۈنلەردە سەييىدئەلى ئالىپنىڭ تاشكەنتنى ئىستېلا قىلىشتىن كۆرە تۈركىستاننى ئىستېلا قىلىش ئارزۇسى كۈچىيىپ قالغانىدى. چاپارمەنلەر خانزادە يۇنۇسخاننى تېپىپ كېلەلىسە، تاشكەنتنى ئالالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى تۈركىستان تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويالىسا، ئۆزىنى بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ مۇددىئاسىغا ئاز ـ تولا يەتكەن ھېسابلىيالايتتى ھەمدە مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھتىن ساقىت بولغاندەك ھېس قىلالايتتى. يۈرىكىنى تىنىمسىز تاتىلاپ تۇرغان كۆڭۈل غەشلىكى خېلىلا يەڭگىللەپ قالاتتى. ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى تاشكەنتكە لەشكەر تار ـ

تىشقا ئۈندىگەنىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىدىن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى. سەركەردە ـ لەشكەرلەر تاشكەنت شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىۋېرىپ زېرىككەنىدى. سەي-يىدئەلى ئالپ تاشكەنت مۇھاسىرىسىنى بىكار قىلىپ تۈركىستان-غا ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرايتتى. تۈركىستان تەختىنى ئاكىسى ئە-مىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرمەي ئۆزى ئولتۇرۇۋالغان ئىرازان بارىنىدىن تارتىۋېلىپ يۇنۇسخانغا ئېلىپ بەرسەم خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە چوقۇم خۇش بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن خانزادە يۇنۇسخاندىن تېخىچە خەۋەر بولمىغاچقا، تۈركىستانغا قى-لىدىغان ھۇجۇمنى كېيىنگە سۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى.

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئىسان بۇغاخانمۇ غەلىبە ـ نۇسرەتتىن شەپە يوق تاشكەنت مۇھاسىرىسىدىن زېرىككەنىدى. لەشكىرىي ئىشلارنى سەييىدئەلى ئالپقا تاشلاپ بېرىپ، ئىچ پۇشۇقىنى بې-سىش ئۈچۈن كۈنلىرىنى شاھمات ئويناش، شاراب ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

قارارگاھتا ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتقان سەييىد-ئەلى ئالپ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ بارگاھى ئالىينىڭ ئال-دىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى. خاننىڭ خاس نۆكەرلىرى شاھ چېدىرىنىڭ ئەتراپىدا لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار سەييىدئەلى ئالپنى كۆرۈپ قەددىلىرىنى رۇسلاپ سالام بېرىشتى.

— خان ئالىيلىرى ئىچىدىمۇ؟

— شۇنداق ئەمىر لەشكەر جانابلىرى.

— يەنە كىملەر بار؟

— ھۇزۇرىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەي ئۆزى يالغۇز شاراب ئىچىۋاتىدۇ.

«خان ئالىيلىرى راستىنلا زېرىكىپتۇ، تاشكەنتنىڭ مۇھا-پىزىتىنى بۇنچە قاتتىق بولۇر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ياۋنىڭ بو-سۇغىسى تۆۋىدە بۇنچە ئۇزاق مىدىرلىماي يېتىش ئاسان ئەمەس. مىرزا ئۇلۇغبەگ تاشكەنت سېپىلىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى، مۇھا-

www.uyghurkitap.com

پىزەتچى لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىنى ھېسابقا ئېلىپ ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتمىگەن ئىكەن ـ دە. ئۇنىڭ جىيەنى ئالائۇددەۋلە بىلەن بولغان ياغىسى قانداق بولغاندۇ، جەڭدە نۇسرەتكە يۈزلەنسە تاشكەنتنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتىدۇ. شۇنداقلا بولمىغان بولسا، ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇپ، بىز مۇداپىئەگە ئۆتۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ھەر ھالدا سەگەكرەك تۇرغان ياخشى. خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، ئەجەب سەمەرقەنت تەرەپتىن خەۋەر كەلمەيدىغۇ؟ ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرىمىز ئاشكارىلىنىپ قالدىمۇ ـ يا؟ خان ئالىيلىرىنىڭ خىيالىنى بىلىپ باقاي...»

ــ قىبلىگاھىمىزغا مەلۇم قىلسۇنلار، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ نۆكەر بېشىغا قاراپ.

نۆكەر بېشى شاھ چېدىرىغا كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي قايتىپ چىقتى.

ــ ئالەمپاناھىمىز ئىجازەت قىلدى.

سەييىدئەلى ئالىپ شاھ چېدىرىغا كىردى.

ئۆزى يالغۇز شاراب ئىچىپ ئولتۇرغان ئىسان بۇغاخان چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ بىرئاز قىمىرلاپ قويدى.

ــ كەلسىلە ئەمىر لەشكەر، بۇياققا ئۆتسىلە.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالىپقا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى.

ــ ئەمىرگە شاراب قۇي، ــ دېدى ئۇ يېنىدىكى مەھرىمىگە قاراپ.

سەييىدئەلى ئالىپ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ شاراب، بەزمىدىن قالغانىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا يۈز كېلەلمەي ئالتۇن جامدىكى شارابنى بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى.

ــ ئېيتسىلا ئەمىر جانابلىرى، شۇنچە ھەشەم تارتىپ كېلىپ تاشكەنتنى ئالالماي كېتىپ قالارمىزمۇ؟

سەيىيدئەلى ئالپ شۇ تاپتا ئىسان بۇغاخاننىڭ كۆڭۈل غەشلىكىنى چۈشىنەتتى. ھەئە، سۇلتان ئىسان بۇغاخان تەختتە ئولتۇرغان شۇنچە يىللاردىن بېرى تۇنجى قېتىم قىلغان لەشكىرىي يۈرۈشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالغانىدى.

— جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ ئالىيلىرى، — دېدى سەيىيدئەلى ئالپ خانغا تەسەللى بېرىپ، — مەرھۇم جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىمۇ قالماق ئۈستىگە ئاتمىش بىر قېتىم لەشكەر تارتقان بولسىمۇ ئاران ئىككى نۆۋەت نۇسرەتكە يۈزلەنگەنىدى. شۇنداقتىمۇ قالماقلار مەرھۇم باھادىر خاننىڭ نامىنى ئاڭلىسا غال ـ غال تىترەيتتى. رەقىبىگە مەردانە يۈزلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ غەلىبە ئالىيلىرى. جەڭگە يۈزلىنىش بەندىنىڭ جاسارىتى، نۇسرەت قازىنىش پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتىدۇر، زىنھار مەيۈسلەنمىگەيلا. بۇنچىلىق بىلەن شانۇ شەۋكەتلىرىگە قىلچىلىك نۇقسان يەتمەس.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىرنەچچە دەقىقە خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئالتۇن جامدىكى شارابنى بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى.

— شۇ تاپتا نېمىنى خىيال قىلىۋاتقىنىمنى بىلەمدىلا ئەمىر؟

— بىلگۈچى ئاللاھ، — دېدى سەيىيدئەلى ئالپ، — جانابى ئالىھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك كۆڭلىدىن قانداق ئىشلار كەچتىكىن؟

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەيىيدئەلى ئالپنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— سەلتەنەت غوۋغالىرىدىن مۇستەسنا ياشىغان ئاشۇ غەمسىز باللىقىمنى ئەسلەۋاتىمەن. ئول چاغلاردا قانچىلىك بەختلىك ئىكەنلىكىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىلا ئەمىر. خالىسام ئويۇن ـ تاماشىغا، خالىسام ئۇستازلىرىم بەرگەن ساۋاقلارنى يادلاشقا، خالىسام جەڭبازلىق ماھارىتىنى مەشىق قىلىشقا مەشغۇل بولاتتىم.

www.uyghurkitap.com

خان ئاتام، خانىش ئانام، بابام، موماملارنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئەركىلەيتتىم. جانابلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا مىنىۋېلىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشنى ياخشى كۆرەتتىم. يەلكىلىرىدە ئولتۇرسام ئۆزۈمنى ئەڭ ئېگىز مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىققاندەك ھېس قىلاتتىم. يەنە تېخى يېنىمدا ئاغام يۇنۇسخانمۇ بار ئىدى، ئۇ كۆپىنچە ماڭا يول قوياتتى، ھەرقانداق تەلىپىمنى رەت قىلمايتتى. قاچانكى تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇردۇم، ئاشۇ بەختىيار كۈنلىرىمنى يوقىتىپ قويدۇم. تاجۇ تەخت بەخت ئەمەسكەن جانابلىرى.

— ھەزرەتلىرى بىر ئەلنىڭ پاسىبانى، ئەلۋەتتە غەم ـ غۇسسىلىرى كۆپ بولىدۇ. سەلتەنەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئالىيلىرىغا قاراشلىق. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئاتا ـ ئەجدادلاردىن قالغان تەخت ـ سەلتەنەتتىن بىزار بولسىلا جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكلەرنىڭ روھى قورۇنىدۇ.

— ئاشۇ غەمسىز باللىقنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولسا ئىدى كاشكى، — دېدى ئىسان بۇغاخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

سەييىدئەلى ئالپ ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

— ئالىيلىرى ئاغىلىرىنى سېغىندىلىمۇ؟

— سېغىنمىغان بىر كۈنۈممۇ يوق، بۇ ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولۇرمۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

— يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى تېپىپ كېلىشكە چاپارمەن ماڭغۇزدۇم.

ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپقا تىكىلىپ قارىدى.

— قاچان؟

— خېلى بولدى. لېكىن تېخىچىلا خەۋىرى يوق، — سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈشكە ئالدىرىدى، — خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ئىزدەشتىكى مۇددىئايىم شۇلكى، ئىرازان بارىدىن تۈركىستاننىڭ تاجۇ تەختىنى سويۇپ ئېلىپ، يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ئۇل تەخت ـ سەلتەنەتكە پاسىبان قىلىش.

بۇنداق قىلساق يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭمۇ تەسەررۇپ زېمىنى
بولاتتى ـ دە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتىگە
تەھلىكە بولمايتتى، بەلكىم ئانھەزرىتىمدىن مىننەتدار بولاتتى.
يەنە كېلىپ بۇ ئىش قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەت-
لەرنى تۈگىتىپ، مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈ-
شىگە سەۋەب بولاتتى.

ــ مۇددىئالىرى ئايان بولدى، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان
رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ــ ناۋادا پات يېقىندا ئا-
غام يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى ئىزدەپ تېپىش مۇمكىنچىلىكى بول-
سا، ئاگال تۈركىستاننى ئىستېلا قىلايلى، ئۇنىڭغىچە خەۋىرىمۇ
بولۇپ قالۇر. بۇنداق قىلساق مەنمۇ ئاغىسىنىڭ تەختىنى تارتىۋې-
لىپ ھەيدىۋەتكەن، لاماكانلىقتا مۇپتىلا قىلغان، دېگەن بەتناملار-
دىن قۇتۇلۇپ قالغۇدەكمەن. قانداق دېدىم ئەمىر جانابلىرى؟ ئى-
نىسى تاجدار، ئاغىسى لاماكان بولسا ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ
سەلتەنەت شەۋكىتىگىمۇ نۇقسان يېتۇر.

سەييىدئەلى ئالپ ئېغىر بىر غەمدىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل-
تىن ئالدى، خۇشاللىقتىن بولسا كېرەك ئەيتاۋۇر، كۆڭلى شارابقا
تارتىپ قالدى. قولىغا لىپمۇلىپ شاراب قۇيۇلغان ئالتۇن جامنى
ئېلىپ تۇرۇپ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا يۈزلەندى:

ــ كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ئىنساننىڭ ئېسىل پەزى-
لىتىدۇر. ئانھەزرىتىم ھەقىقەتەن پەزىلەت بابىدا كامالەتكە يېتىپ-
تىلا. جاھاندا قېرىنداشلىق مېھرىگە نېمىمۇ تەڭ كەلسۇن دەيدىلا.
گوپا[1] ئەھلىگە ئاللاھ ئىگەمنىڭ ئىنايەت ئىشىكلىرى ھەرقاچان
ئوچۇقتۇر. ئانھەزرىتىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلىلا
ئەمىن تاپتى.

شاھ چېدىرىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن نۆكەر بېشى سەي-
يىدئەلى ئالپنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

ــ مەلۇم بولغاي، ياتىش بېگى كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋا-

---

① گوپا ــ ۋاپا.

تىدۇ!

— ئىجازەت! — دېدى ئىسان بۇغاخان.

— سەمەرقەنتكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرىمىز قايتىپ كەلدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ تاشكەنتنى قامالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىھېساب لەشكەر ماڭدۇرۇپتۇدەك، — دېدى شاھ چېدىرىغا كىرگەن ياتىش بېگى قول باغلاپ تۇرۇپ.

سەييىدئەلى ئالپ قولىدىكى ئالتۇن جامنى داستىخانغا قويدى. جىددىيلەشكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپقا قارىدى.

— تاشكەنت مۇھاسىرىسىنى بىكار قىلايلى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — سەركەردە - لەشكەرلەر دەرھال چېكىنسۇن. بۇنداق قىلساق تاشكەنت ئەمىرى بىزنىڭ ھەمدەمگە كېلىۋاتقان سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ چېكىنگىنىمىزنى بىلمەي قالىدۇ - دە، جەڭگە ئۈندەپ زېرىكىپ ھىيلە ئىشلەتكەن چېغى، دەپ ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئارقىمىزدىن قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

— ساقلاپ تۇرۇپ ھەمدەمگە كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلساقچۇ؟ — دېدى ئىسان بۇغاخان، — ئول چاغدا تاشكەنت ئەمىرىمۇ جەڭگە چىقىشقا مەجبۇر بولاتتى. شەھەرنى شۇنچە ئۇزاق قامال قىلىپ بىرەر مەرتىۋە ئېلىشماي جىمجىتلا چېكىنسەك قانداق بولۇر؟

— ئېيتقانلىرى توغرا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ، — بىراق ھەمدەمگە كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى بىزگە قاراڭغۇ. شول تاپتا لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەيلا دەپ قالدى. قەشقەردىن يولغا سالغان ئوزۇق - تۈلۈكلەر قاچان كېلىدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ناۋادا ھەمدەمگە كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن تىركىشىپ قالساق ۋاقىت يەنە سوزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەھۋالىمىزدىن ئىرازان بارىن خەۋەر تېپىپ قالسا، مىرزا ئۇلۇغ-

بەگ بىلەن كۆمەكلىشىپ ياۋ لەشكەرلىرىگە ھەمدەمدە بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزگە تولىمۇ پايدىسىز. شۇڭا دەرھال چېكىنىپ ئاگال ئىرازان بارىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ، تۈركىستان تەختگاھىنى قولىمىزغا ئالايلى، ئاندىن كېيىن تاشكەنتكە قايتا لەشكەر تارتامىز.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەيىدئەلى ئالپىنىڭ مۇلاھىزىسىنى مۇۋاپىق كۆردى.

— پەرمان! — دېدى ياتىش بېگىگە قاراپ، — ھەرقايسى قارارگاھنىڭ سەركەردىلىرى ھازىرلىق كۆرگەي، بۈگۈن كەچتە قامالنى بىكار قىلىپ چېكىنىمىز!

— باش ئۈستىگە!

ياتىش بېگى چىقىپ كەتتى.

— كەچتە چېكىنسەك تاشكەنت ئەمىرى تېخىمۇ شۈبھىلەنىدۇ، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەيىدئەلى ئالپقا قاراپ، — ئۇلار بىزنىڭ راستتىنلا چېكىنىپ كەتكىنىمىزنى بىلىپ بولغىچە تۈركىستان تەۋەسىگە ئۆتۈپ بولىمىز.

— خان ئالىيلىرى دانادۇر، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ، — ياۋنى شۈبھىگە سېلىش ياخشى تەدبىر. مەن دەرھاللا تۈركىستانغا ئايغاقچى ماڭغۇزىۋېتەي، ئىرازان بارىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەچ تۇرغاي.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان.

سەيىدئەلى ئالپ خان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تاشكەنت سېپىلى ئەتراپىدىكى قورشاۋدا تۇرغان موغۇلىستان لەشكەرلىرى قارارگاھىنىڭ بىر كېچىدىلا غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن تاشكەنت ئەمىرى موغۇلىستانلىقلار بىزنى جەڭگە چىقىرىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، مۇداپىئەنى تېخىمۇ چىڭىتتى. سەمەرقەنتتىن كېلىۋاتقان ھەمدەمچى لەشكەرلەر بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئاندىن تاشكەنتكە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ياۋنى قوغلاشقا رايى بارماي تاشكەنت-

ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

ـنى قوغداپ ياتتى.

※ ※ ※

تۈركىستانغا يېقىنلاشقانسېرى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ۋۇجۇ-دىنى زىددىيەتلىك خىياللار چىرمىۋالدى. ئەينى يىلى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن بىللە ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى پاناھ تارتىپ كەلگىنى ئېسىگە كېلىپ خىجىل بولدى. كۆز ئالدىغا بىردە تەكەببۇر، كىبىر بىلەن سۆزلەيدىغان، بىردە تۈزۈت ـ تەۋازۇنى تولا قىلىپ سۆھبەتدىشىنى خىجىل قىلىپ قويىدىغان، مەرد ياكى سېخىيلىقىنى، نامەرد ياكى پىخسىقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل، ئۆتكۈر پىكىرلىك، يىگىتلەرگە خاس جاسارىتى بار دۆلەتسۇلتان مەلىكە كېلىۋالاتتى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ ھۇزۇرىدىكى شاھانە زىياپەتلەر، ئايىغى ئۈزۈلمەس بەزمە ـ مەشرەپلەر، سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، تۈركىستان ئەمىرىنىڭ ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى، پۈتكۈل تۈركىستاننى زىل ـ زىلىگە سالغان توي، ۋىسال لەززىتىدىن مەست بولغان ئۇۋەيسخاننىڭ خۇشاللىقلىرى.. خىيالىدىن بىر ـ بىرلەپ كەچتى. سەييىدئەلى ئالپ بېشىغا كۈن چۈشكەن ئېغىر كۈنلەردە پاناھىغا ئېلىپ تۇز بەرگەن بۇ ئەلگە لەشكەر تارتىپ كېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

«ئۇلار مېنى چوقۇم تۇزكور، نامەرد دەپ ھاقارەتلەيدۇ. ئەل ـ يۇرت مېنى تۇزكورلارغا تىمسال قىلىدۇ. بىراق خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىغىمۇ بىرەر تەسىررۇپ، سەلتەنەت كېرەك. بىر ھېسابتا ئۇمۇ تۈركىستان تەختگاھىنىڭ مىراسخورى. مەن بۇ لەشكىرىي يۈرۈشنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، ئاشۇ تۈركىستان ئەمىرىنىڭ نەۋرىسى ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن. دۆلەتسۇلتان مەلىكە مېنىڭ بۇ مۇددىئايىمنى چۈشىنەرمۇ؟ مەندىن مىننەتدار بولۇرمۇ؟ ئاتىسىنىڭ

خانلىق تەختىگە تاغىسىنىڭ ئولتۇرۇۋالغانلىقىدىن نارازى بولغان بولغىيمىدى؟ نېمىشقا ئىنىلىرىنى تەخت ۋارىسى قىلمىدىكىنە؟ ئىرازان بارىندىن تۈركىستان تەختگاھىنى سويۇپ ئالغاندىن كېيىن خانىش ئالىيلىرىدىن كەچۈرۈم سورايمەن. چوڭ خانزادىنى جاھانىنىڭ نەرىدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىپ تۈركىستان تەختىگە ئولتۇرغۇزىمەن. شۇنداق قىلسام مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ روھىمۇ مەندىن مىننەتدار بولىدۇ، چوڭ خانزادىنىڭ موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغىنىمنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئىنسان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى خالىماي تۇرۇپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن، قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماق تەسكەن، كېيىن خاتا قىلغىنىنى ھېس قىلسا پۇشايمان يەيدىكەن، ئەمما بۇ خاتالىقىنى تۈزەتمەك تەسكەن. ئەقىل بىلەن ئىش قىلماق نېمانچە مۈشكۈل ـ ھە...»

سەييىدئەلى ئالىپ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. خۇددى يىلاندەك ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلغان لەشكەرلەرنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمەيتتى. ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېرىشكە كاسىسى چىدىمىغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان يېتىپ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مەپىگە ئالمىشىۋالغانىدى. ئۇ يېنىدا خىيالچانلىق بىلەن كېتىۋاتقان مىركەرىمبەردى بەگكە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ توختاپ قالدى. ئالدى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدىن ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. سەييىدئەلى ئالىپ ئاتلىقلارنىڭ ئالدىن چارلاشقا ئەۋەتكەن يەزەكلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى.

— مەلۇم بولغاي! — دېدى يەزەك سەركەردىسى شىر بەھرام سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، — تۈركىستان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىنى چېلىقتۇردۇق.

— قانچىلىك يىراقلىقتا؟

— ئاز كەم يەتتە ـ سەككىز پەرسەخ ئارىلىق بار.

ــ ياۋ قارارگاھىنى تەپسىلىي كۆزەتتىڭلارمۇ؟

ــ تەپسىلىي كۆزىتىپ مەلۇمات ئېلىپ كېلىشكە نۆكەر قالدۇردۇم. ئۆزۈم خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇيانغا چېپىپ كەلدىم.

سەييىدئەلى ئالىپ بىرئاز خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئەتراپقا قاراپ توۋلىدى:

ــ تاۋاچى بەگ![1]

ــ لەببەي! ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان تاۋاچى بەگ.

ــ لەشكەرلەر يەنە ئىككى پەرسەخ مېڭىپ قارارگاھ تىككەي. سەركەردىلەر قارارگاھقا ئىمكان بار سۇغا يېقىن جاينى تاللىغاي!

ــ باش ئۈستىگە!

تاۋاچى بەگ ئېتىنى دېۋىتىپ سەركەردىلەرگە بۇيرۇق يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن مىركەرىمبەردى بەگ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شاھ مەپىگە قاراپ ماڭدى.

«ئىرازان بارىنى بوش چاغلىمىسام بولغىدەك. ئالىقاچان قارارگاھ تىكىپ ساقلاپ يېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئەھۋالىمىزنى بىلىش ئۈچۈن ئايغاقچى ماڭغۇزۇپ تۇرۇپتىكەن ـ دە. ئالدىمىزدىكى ئۆلارنىڭ ئاساسىي قوشۇنىمىدۇر ياكى تۇرشاۋۇللىرىمىدۇر؟...»

لەشكەرلەر چېدىر ـ بارگاھلارنى تىكىپ جايلىشىپ بولغىچە كۈن كەچ بولغانىدى. سەييىدئەلى ئالىپ ئۇزاق يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى ياخشى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئاساسلىق قوشۇننى ئۇخلاشقا، مۇھاپىزەتچىلەرنى تاڭ ئاتقىچە قارارگاھنى چارلاشقا بۇيرۇدى.

※ ※ ※

تۈركىستان ۋادىسىدا يېڭى بىر تاڭ ئاتتى. ئوت شارىدەك

[1] تاۋاچى بەگ ــ لەشكىرىي يۈرۈشتە بۇيرۇق يەتكۈزگۈچى بەگ.

تاۋلانغان قۇياش مېھرلىك نۇرلىرىنى ئەجەل قوراللىرىنى مەھ-
كەم تۇتۇشقىنىچە بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشكەن تۈمەنلىـ-
گەن لەشكەرلەرگە سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتاتتى. ھەر ئىككىلا
سەپتىكى لەشكەرلەرنىڭ تارتقان نەرە سادالىرى پۈتكۈل ۋادىنى
لەرزىگە سالغانىدى. لەشكەرلەر بىر ھازا نەرە تارتىشىپ بىر ـ
بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىشكەندىن كېيىن جىم بولۇشتى. ناغرا ـ
سۇناي ئاۋازىمۇ بېسىقتى.

شۇ ئەسنادا تۇركىستان لەشكەرلىرى سېپىدىن قولىغا ئەل-
چىلىك تۇغى كۆتۈرۈۋالغان بىر سەركەردە ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ
كەلدى ـ دە، موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە ئەللىك قەدەم
ئارىلىق قالغاندا ئاتتىن چۈشتى. ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئې-
لىپ، سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن سەي-
يىدئەلى ئالپقا سالام بەردى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىنىڭ تەخت
ساھىبى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى بىلەن ئەمىر لەشكەر
سەييىدئەلى ئالپ جانابلىرىغا ئېھتىرام بولغاي. بىزلەركىم بۈيۈك
تۇركىستان ئەمىرى ئىرازان بارىن مىرزىنىڭ ئەلچىسىدۇرمىز.
ئادالەتپاناھىمىز ياغىدىن ئاۋۋال جانابى موغۇلىستان سۇلتانى بى-
لەن مۇلاقاتتا بولۇشنى لايىق كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، سۆزىنى يەت-
كۈزۈشكە ئەۋەتتى. تەكلىپنى لايىق كۆرسىلە مەيداننىڭ ئوتتۇرى-
سىغا جەم بولۇشقايلا، مۇلاقات ئات ئۈستىدە بولىدۇ. ئادالەتپانا-
ھىمىز غەنىملەر[1]نىڭ بەتگۇماندا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن كەمى-
نە نۆكىرىنى تۇرغاقلىق[2]قا ئەۋەتتى. مۇلاقاتقا قىلچىلىك سۈيى-
قەست، بەتنىيەت ئارىلاشسا كاللام بىلەن جاۋاب قىلغايمەن.

سەركەردە ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ، قوينىدىن بىر تال قىل
ئارغامچا ئالدى ـ دە، سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئارقىسىدا تۇر-
غان خاس نۆكىرىگە تەڭلىدى.

---

① غەنىملەر ــ قارشى گۇرۇھتىكىلەر.
② تۇرغاقلىق ــ گۆرۈ ھېسابىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ــ مۇلاقات ئاخىرلىشىپ بولغىچە مېنى باغلاپ قويۇشقايلا.

سەييىدئەلى ئالپ يول بويى ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇ تۈركىستاننىڭ ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان، سۆھبەتلىشىپ قالسا ئۇلارنىڭ ئەينى يىلى پاناھىغا ئېلىپ، تۇز بەرگەنلىكىنى يۈزىگە سېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئۇنىڭچە بولسا رەقىبلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرمايلا بىر مەيدان قىر ـ چاپ قىلىپ يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلەپ، جەڭنى ئاخىرلاشتۇرغۇسى بار ئىدى. ئۇ «قانداق قىلىمىز» دېگەننى قىلىپ سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن مىركەرىمبەردى بەگكە قارىدى.

ــ ياۋ سۆھبەتكە چىللىسا بارمىساق نامەردلىك بولۇر، ــ دېدى مىركەرىمبەردى بەگ.

ــ مەيلى، بېرىپ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان.

ــ ئۇنداقتا خان ئالىيلىرىغا ھەمراھ بولۇپ مەن بىللە باراي، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ مىركەرىمبەردى بەگكە قاراپ، ــ ئۆزلە سەركەردىلەر بىلەن تەييارلىقتا تۇرسىلا، قاتتىق ئاگاھ بولسىلا، ئازراقلا كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا پۈتكۈل سەپ بويىچە قىر ـ چاپقا ئۆتۈشكە پەرمان بەرگەيلا. ئۇ تۈركىستان ئەلچىسىنى باغلاپ بولغان نۆكەرلەرگە يۈزلەندى، ــ ئۇنى يېشىۋېتىڭلار، ئەلچىنى باغلاش ھاجەتسىز، ئۇبدان قارىساڭلارلا بولدى. بىزگە ئون نۆكەر ھەمراھ بولغاي.

سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا ئەگىشىپ ئېتىنى دېۋىتتى، شۇ تاپتا ئۇ بوينىنى باغلىغاندەك كېتىپ باراتتى. ئۇلار جەڭ مەيدانىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭغىچە تۈركىستان لەشكەرلىرى سېپىدىنمۇ ئون ئىككى نەپەر ئاتلىق چىقىپ، ئۇلار بىلەن ئون قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختىدى.

سەييىدئەلى ئالپ ئاتلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان تۈركىستان سەركەردىسىگە ھەرقانچە سىنچىلاپ قاراپمۇ تونۇيالمىدى.

پولات دۇبۇلغا سەركەردىنىڭ بېشىغا چوڭ كەلگەن بولۇپ، دۇبۇلغىنىڭ قاڭشارلىقى يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالغانىدى، كېيۋالغان قوپال ساۋۇتى زىلۋا قامىتىنى يوشۇرالمىغانىدى. سەيىدئەلى ئالپ ئۇنىڭ ئىرازان بارىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈردى ـ دە، بىردىنلا كۆڭلىگە شەك چۈشتى.

«ئۇلار بىزنى ئالداۋاتقان بولمىسۇن يەنە، خان ئالىيلىرىنى بۇ سۆھبەتكە بىللە ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىشكەن. ئالىمادىس ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ بىزنى قىلتاققا دەسسەتمەكچى بولغان بولسا...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەمىر كەبىر جانابلىرى، سالامەت تۇردىلىمۇ؟

«قانداق بىئەدەپ نېمە بۇ، خان ئالىيلىرىنى قايرىپ قويۇپ ماڭا سالام بېرىۋاتىدۇ ـ يا...»

سەيىدئەلى ئالپ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ سالام قايتۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆزلەمۇ سالامەت تۇردىلىمۇ سەركەردە؟

— خۇداغا شۈكۈر، پەرۋەردىگارىم نېسىۋىمىزنى تۈگەتمىگەن ئوخشايدۇ.

«ئەجەب تونۇش ئاۋازغۇ بۇ، نەدە ئاڭلىغان بولغىيدىم، ئاۋازىمۇ باشقىچە زىل چىقىدىكەن، بەلكىم ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ ئوردىسىدىكى سەركەردىلەردىن بىرەرى بولسا كېرەك. بۇ ئىرازان بارىن نېمانچە قائىدە بىلمەيدىغان ئادەمدۇ، سۆھبەتلەشكىسى بار ئادەم خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆزى كەلمەي، نەدىكى بىر سەركەردىسىنى ئەۋەتكىنىنى. بىز بەكمۇ ئەستايىدىل بولۇپ كەتتۇقمۇ نېمە...»

سەيىدئەلى ئالپ سەركەردىگە باشقىدىن سىنچىلاپ قارىدى.

— جانابى سەركەردىنىڭ نام ـ ئەمەلىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟

سەركەردە بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى شاققىدە ئالدى. شۇ ھامان

دۇبۇلغا ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىككى تال ئۆرۈمە چاچ تۆۋەنگە سويلاپ چۈشتى. ھەئە، سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئالدىدا خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە مەغرۇر قاراپ تۇراتتى. كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن سەييىدئەلى ئالپ بۇ مۆجىزىدىن ئېسىنى يوقىتىپ بىرنەچچە دەقىقە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغىنىغا قارىماي جۇۋانلارغا خاس جازىبىسىنى يوقاتمىغانىدى. قاراشلىرى ئۆتكۈر، نەزەرى خانىش ئايىمغا خاس تولىمۇ ئۈستۈن ئىدى.

سەييىدئەلى ئالپ ھەرقانچە بولسىمۇ جەڭ مەيدانىدا خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىگە روبىرو كېلىپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ــ تېخىچە تونۇيالمايۋاتامدىلا جانابى ئەمىر كەبىر؟

سەييىدئەلى ئالپ ئېسىنى يىغىپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى ۋە قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى:

ــ خانىش ئايىمغا ئېھتىرام بولغاي. ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى!

ــ ھاجەتسىز، ــ دېدى خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە تەمكىنلىك بىلەن قولىنى سىلكىپ، ــ مەن ھازىر بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىنىڭ خانىشى ئەمەس، بەلكى تۈركىستان ئېلىنىڭ ئەمىر لەشكىرىمەن. بۇنچىۋالا ھۆرمەت ـ ئېھتىرامغا لاياقىتىم يوقتۇر.

سەييىدئەلى ئالپ گەدىنىگىچە قىزاردى، چېكىسىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقتى. ۋۇجۇدىنى خىجىللىق تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بولسا خانىشقا ئېھتىرام بىلدۈرۈشنى ياكى شاھلىق سالاپىتىنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئۆزىگە خۇددى ئانىسى كۈنتۇرا خانىشقا ئوخشاش كۆيۈنگەن، قەسىرىگە باشلاپ كىرىپ تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى بەرگەن، كىر كىيىملىرىنى ئۆز قولى بىلەن سالدۇرۇپ ئالماشتۇرۇپ قويغان، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ قوي-

غان، ئۆزىمۇ «خانىش ئانا» دەپ ئاتاپ چوڭ بولغان، ئۆزىگە قەۋەتلا ئامراق بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەي قورۇنۇپ قالغانىدى. ئاتتىن چۈشۈپ ئېھتىرام بىلدۈرەي دېسە شاھلىق مەرتىۋىسىگە ماس كەلمەيتتى، تۇرۇۋېرەي دېسە ئانا يوللۇق بۇ ئايالغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولاتتى.

— ۋوي، بۇياق سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ئىكەنغۇ، — دېدى دۆلەتسۇلتان مەلىكە سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ، — ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقا دەماللىققا تونۇيالماپتىمەن. ۋالىدەلىرى كۈنتۇرا خانىش ئايىم ئامانمۇ؟

ئوڭايسىز ھالەتتىن بىرئاز قۇتۇلغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— ۋالىدەئى بۇزرۇك خانىش ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي، ۋالىدەم تىنچلىق، پات - پات ئۆزلەرنىڭ گېپىنى قىلىدۇ.

— بارىكاللا، كەمىنەلىرىمۇ ئۇل قاياشنى پات - پات سېغىنىپ تۇرىمەن. پەرۋەردىگارىم ئامان - ئېسەن ياشاشقا نېسىپ قىلغاي، — خانىش نەزەرىنى سەييىدئەلى ئالپقا ئاغدۇردى، — قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ئاتقا مىنسۇنلار ئەمىر كەبىر جانابلىرى، ھازىر بىز غەنىملەردىنمىز، بۇ ھالەتتە سۆھبەت قىلغىلى بولماس.

— ھۆرمەتتىن ئىتائەت ئەلا دەپتىكەن، ئەمىسە مەن ئارتۇقچە تەۋازۇ قىلمىدىم.

سەييىدئەلى ئالپ شۇنداق دەپ لىككىدە ئاتقا مىندى.

«خانىش ئايىمنىڭ شەخسەن لەشكەر باشلاپ كېلىشىنى ئويلىماپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، ئۇنىڭ بىزنى سۆھبەتكە چىللىشىدىكى مۇددىئاسى نېمىكىن؟...»

— ھەزرەتلىرىنىڭ تەسەررۇپىمىزغا لەشكەر تارتىپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟ — سورىدى خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە سەييىدئەلى ئالپنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

سەييىدئەلى ئالپ يالت ئېتىپ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قارىدى. ئىسان بۇغاخان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

— جەننەتماكان ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ باقىيغا سەپەر قىلغىنىنى، تاجۇ تەختكە ئىنىسى بولمىش مىرزا ئىمرازان بارىن جانابلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلغىنىنى ئاڭلاپ، تۈركىستان سەلتەنەتىگە ھەقىقىي تەخت ۋارىسىنى پاسىبان قىلىش مۇددىئاسىدا ئۇشبۇ ھۇدۇدلۇققا قەدەم كەلتۈرۈشىمىز، — دېدى جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولغان سەييىدئەلى ئالپ گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ، — خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىنى تېپىپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتتۇق. بىزنىڭچە تۈركىستان تەختگاھى خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.

دۆلەتسۇلتان مەلىكە قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

— مۇددىئالىرىنى يوشۇرۇشقا نېمانچە ئۇستا ھەسلى جانابى ئەمىر كەبىر، — دېدى خانىش كۈلكىسىنى توختىتىپ، — نۇسرەتسىز تاشكەنت مۇھاسىرىسىدە لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگىگەنلىكى ئۈچۈن تۈركىستاننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملەشكە كەلگەنلىكلىرىنى كىم بىلمەيدۇ؟

خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ سۆزلىرى سەييىدئەلى ئالپنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن جىلە بولدى.

— خاتا چۈشەنمىسىلە خانىش ئالىيلىرى. زىنھار ئۇنداق مۇددىئايىمىز يوقتۇر، پەقەت خانزادە يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا تەخت ـ سەلتەنەت ھازىرلاپ بېرىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكتۇق. ئىشەنمىسىلە قەسەم قىلىپ بېرەي، ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز تۈگەپ كەتكىنى راست، لېكىن ئىككىسى ئىككى ئىش.

— ماقۇل شۇنداق دەيمۇ تۇرايلى. لېكىن بىراۋنىڭ تەختگاھىنى خالىغانچە بىراۋغا ئېلىپ بېرىشكە نىيەت قىلغۇدەك ئۆزلىرىنى كىم چاغلاپ قالدىلا؟ بىلىپ قويسىلا، بۇ دېگەن تۇرپان

ئەمەس، تۈركىستان. بۇ دەرگاھتا سىلىنىڭ ھۆكۈملىرى ئاقمايدۇ.

خىجىللىقتىن سەيپىدئەلى ئالپنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى. خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە ئەينى يىلى مەرھۇم سۇلتان ئۇۋەيسخان قازا قىلغاندا، سەيپىدئەلى ئالپنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىغا تايىنىپ يولسىزلىق بىلەن خانزادە يۇنۇسخاننىڭ ئورنىغا ئىنىسى خانزادە ئىسان بۇغاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزغان قىلمىشىنى يۈزىگە سېلىۋاتاتتى.

«ھەرنېمە دېيىشلىرىگە ھەققىلىرى بار خانىش ئالىيلىرى. شۇ ئىش ئۇچۇن بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭىمۇ ۋىجدان ئازابىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتەي دېگەن ئۈمىدىم بار ئىدى...»

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى سەيپىدئەلى ئالپ خىجىللىق بىلەن، — ناۋادا ئول مۇددىئايىمىزنى خانىش ئالىيلىرى قوللىمىسا بىزگىمۇ ئامال يوق. بىراق خانزادە ئالىيلىرى تاجۇ تەختسىز يۈرسە بولمايدۇ.

— بۇنىڭغا جانابلىرىنىڭ باش قاتۇرۇشى ھاجەتسىز، — دېدى خانىش تەمكىنلىك بىلەن، — ئول بەختى قارا پەرزەنتىمىز ھامان بىر كۈنى ئۆز تاجۇ تەختىنى قولىغا ئالىدۇ. مۇددىئالىرى شۇ بولسا ياخشى كۆڭۈللىرى تېگىل بولدى. ئەمما جانابلىرىنىڭ ياردىمىنى زىنھار كېرەك قىلمايمىز، ئەڭ ياخشىسى ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشمىسۇنلار!

— خوش، — دېدى سەيپىدئەلى ئالپ بېشىنى ئېگىپ.

خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكە نەزەرىنى سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا ئاغدۇردى.

— پەمىچە، خان ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئايىمۇ ئەمىر كەبىر جانابلىرىنىڭ مۇددىئايى بىلەن ئوخشاشقۇ دەيمەن؟

— ئاللاھ، خالىسا، — دېدى ئىسان بۇغاخان.

— ئۇنداق بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئول مۇددىئالىرىدىن يېنىپ ئارقىلىرىغا يانسۇنلار. ناۋادا ياغى قىلىش نىيەتلىرىدىن يېنىش-

مىسلا، قېنى مەرھەمەت، تۈركىستان باھادىرلىرىمۇ جەڭگە يارال-غان. بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە يوللىرىنى توسقىنىمىز تۇس-قان، يەنە بىر گەپىمۇ دەپ قوياي: لەشكەرلىرىگە ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئەمەس، چىش كولىغۇچ چاغلىق نەرسە بېرەلمەيمىز. زورلۇق قىل-لىمەن دېسىلە ئىختىيارلىرى.

ــ خانىش ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئايى شۇ بولسا ئارقىمىزغا يانماي ئىلاجىمىز يوقتۇر، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ، ــ زىنھار خاۋاتىرلەنمىگەيلا. خانىش ئالىيلىرى مۇشۇنداق پاسىبانلىق قىلىدىكەن، تۈركىستان تەسەر-رۇپى زىنھار تەئەررۇزغا ئۇچرىمايدۇ. خوش، ئامان بولسىلا ئالىي-لىرى.

ــ سىلىمۇ ئامان بولسىلا ئەمىر كەبىر، ــ خانىش دۆلەت-سۇلتان مەلىكە سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ شەۋكىتى زىيادە بول-غاي. ئىلىبالىققا بېرىپ قالسىلا مەن ئۇچۇن جەننەتماكان پەدەر-لىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلىپ قويغايلا، ۋالىدەلىرى كۆنتۇرا خانىش ئايىمغا سالامىمنى يەتكۈزگەيلا.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ ئات-لىرىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراشتى.

تۈركىستان ئەمىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ توقاللىرىدىن تۇغۇلغان ئىككى ئوغلى بولسىمۇ، بىرى ئۇنىڭدىن ئاۋۋال كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا قىلغان، يەنە بىرى كەپتەر ئۇچۇرتىمەن دەپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆمۈرلۈك مەجرۇھ بولغانىدى. شۇ سەۋەبلىك دادىسىنىڭ تەختى خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىگە قال-غانىدى. ئۇ ئوغلى خانزادە يۇنۇسخاننى قايتۇرۇپ كېلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن باغدادقا چاپارمەن ئەۋەتتى. بىراق يۇنۇس-خان: «مېنىڭ تەختگاھىم تۈركىستاندا ئەمەس، موغۇلىستاندا. ما-ڭا تۈركىستان تەختگاھىنى سايە قىلىمىسىلا، ھامان بىر كۈنى مو-

غۇلىستان سەلتەنەتىنى قولۇمغا ئالىمەن. مەندىن خاتىرجەم بول-سىلا. پەرمانلىرىنى رەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن» دەپ خەت ئەۋەتكەنىدى. ئىلاجسىز قالغان خانىش دۆلەتسۇلتان مە-لىكە ئۆزى تەختتە ئولتۇرسا، ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ «ئايال زاتىغا نۆكەرلىك قىلىش ھارام» دەپ رەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغى-سى ئىرازان بارىنى تۈركىستان تەختىدە ئولتۇرغۇزغانىدى. ئەم-ما سەلتەنەت ئىشلىرىنى پەردە ئارقىسىدا ئۆزى باشقۇرۇۋاتاتتى. ئىرازان بارىن خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنى ئۆز قىزىدەك كۆ-رەتتى، شۇڭا سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بې-جىرەتتى. بۇ قېتىمقى موغۇلىستان لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇ-رۇشمۇ خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ ئويلاپ تاپقان تەدبىرى ئىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بولسا بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تاشكەنت، تۈركىستانغا قىلغان لەشكىرىي يۈرۈشى نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى.

## 48

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ ئىككى يىل ئىچىدە موغۇلىستاندا نىسبەتەن تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ۋادى-سىنىڭ ھۆكۈمدارى مىرزا ئۇلۇغبەگكە پەقەتلا خاتىرجەملىك بول-مىدى. دادىسىغا نۇرغۇن يالۋۇرۇشلار ئارقىلىق بەلخكە بېرىۋالغان خانزادە ئابدۇللەتىپخان مومىسى گۆھەرشاد بېگىمنىڭ مەدەت بې-رىشى بىلەن ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. سەمەرقەنتتە بولسا ئىشان شەيخ نىزامىددىن خاموش بىر تەرەپتىن خانزادىنى ئاستىرتىن قۇتراتسا، بىر تەرەپتىن ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

چىقىپ، ھاياتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلىم ــ پەنگە، خۇسۇسەن فە-لەكىييات ئىلمىگە بېغىشلىغان مىرزا ئۇلۇغبەگنى دەھرىيلىكتە ئەيىبلەپ، ئاددىي خەلقنى رەسەتخانىنى چېقىشقا، ئوت قويۇشقا، مىرزا مەدرىسەسىدىكى ئالىم ــ ئۆلىمالارنى، تالىپى ئىلىملەرنى ھاقارەتلەشكە، كىتاب ــ رىسالىلەرنى چەكلەشكە كۈشكۈرتۈپ، سۇلۇك تەۋرىتىش نىقابى بىلەن ئوردىدىكى ئەمىرلەرنى يېنىغا تارتماقتا ئىدى. سەمەرقەنت شەھىرىدە كۈندۈزى سوپى ــ دەرۋىش-لەرنىڭ تەرغىباتلىرى، كېچىسى جەررە ــ سامالىرى ھۆكۈم سۈ-رەتتى. ئىككى يىلدىن بېرى بىراقلا كۈچىيىپ كەتكەن تەرىقەت سۇلۇكىنى چەكلەشكە مىرزا ئۇلۇغبەگ ئامالسىز قالغانىدى. خەلق توپ ــ توپ بولۇپ ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشقانىدى. ئىشان بىلەن ئوچۇق ــ ئاشكارا قارشىلاشسا، سەلتەنەت سورىگە تايىنىپ سۇلۇك تەرغىباتلىرىنى چەكلىسە، خەلقنىڭ تەۋرەپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئامالسىز سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بۈگۈن كۆكسارايدىكى قۇيما ئالتۇندىن ياسالغان تەختتە ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ۋۇجۇدىنى تاغدەك غەم بېسىۋالغا-نىدى. ئەمىرلەر خاننىڭ ئوي ــ خىيالىنى چاچماسلىق ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچكى تۈيغۇلىرىمۇ مىرزا ئۇلۇغبەگدىن ئۆتە ۋەھىمىلىك، خاتىرجەمسىز ئىدى.

ــ ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرى جەيھۇن دەريا-سىدىن ئۆتۈپ كېشكە قىستاپ كېلىۋېتىپتۇ، ــ دېدى قارا دىۋان ئەمىرى سۇلتان شاھ بارلاس.

مىرزا ئۇلۇغبەگ بىرئاز قىمىرلاپ قويدى، لېكىن ئۈنچىق-مىدى. ئۇيقۇسىراپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئەمىرلەرگە ئۇ-مىد بىلەن تىكتى. لېكىن شۇمشىيىپ ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەرنىڭ شۇ دەقىقىدە ئوي ــ خىيالىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ

مىرزا ئۇلۇغبەگدىن قاچۇرۇپ يەرگە تىككەن كۆزلىرىدە ۋەھىمە،
تەشۋىش ئەلەڭگىيتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمىرلىرىنى بىرمۇ بىر
كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزدى. ياندىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇشقان ئەمىر
سۇلتان جاندار بىلەن مىرانشاھ دورغا كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋال-
غان بولۇپ، بىر ئاز خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. شەيخۇلئىسلام بۇرھا-
نىددىن قولىدىكى مەرۋايىت تەسۋىسىنى تىنىمسىز سىيرىغىنىچە
دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى، گويا ئاشۇ دۇرۇت ـ مۇناجاتلىرى بىلەن ھۆ-
كۈمدارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى دەپئى قىلماقچى بول-
غاندەك. مىرزا ئۇلۇغبەگ بىرقانچە قەلەمدار ئەمىرلەرگە ئانچە ئې-
تىبار قىلىپ كەتمىدى، كۆزلىرىنى ئۇلاردىن تېز ـ تېز يۆتكە-
دى. كىچىك ئوغلى خانزادە ئابدۇلئەزىزخان بىلەن ئۇنىڭ تۆۋەن
تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى كۈيئوغلىغا ئۇزاقراق نەزەر تاشلى-
دى. زىيادە ئورۇق، كېسەلمەن كۆرۈنىدىغان خانزادە ئابدۇلئەزىز-
خاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىككى
يىلدىن بېرى بارلىق ئۈمىدىنى مۇشۇ ئوغلىغا باغلىغانىدى. بىراق
ئوغلى ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىدى. دادىسىنىڭ دەردىگە
دەرمان بولۇش، غەم ـ ئەندىشىلىرىنى يەڭگىللىتىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسارى ئەمىر ئىبراھىم بەگ-
نىڭ ئوغلىنى خوتۇن تالىشىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. خانزادىلىق
كىبىرىنى كۆرسىتىپ، ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ دىلىنى رەنجىتتى.
شۇ سەۋەبلىك كۆپ قىسىم ئەمىرلەر ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بى-
لەن كۆڭلىدە مىرزا ئۇلۇغبەگدىن نارازى ئىدى. ئەمما ھازىر بول-
سا خانزادىنىڭ تۇرقى شۇ، دادىسىغا ئۈمىد بېغىشلاش ئۇياقتا
تۇرسۇن، دادىسىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ. ئۆز ئالدىغا چوڭراق ئىش
تەۋرىتەلىگۈچىلىكى، بىرەر قوشۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇچى-
لىكى يوق، ئاياللارنى تالىشىپ جاسارەت كۆرسىتەلىگىنى بىلەن
لەشكىرىي ئىشلاردا جاسارىتى سۇس.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەسرەتلىك بىر تىنىپ قويۇپ، نەزەرىنى
ئوغلىدىن ئىككى كۈيئوغلىغا يۆتكىدى. چوڭ كۈيۇ ئوغلى ئەبۇ-

سەئىد مىرزا كىمخاب كەمزۇلىنىڭ ئالتۇن تۈگمىسىنى ھەۋەس بىلەن ئويناپ ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن قېيىنئاتىسىنىڭ غېمى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك، بەكمۇ خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. كىچىك كۇيۇ ئوغلى ئابدۇللا مىرزا بولسا تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولغانىدى. تۇرقىدىن قېيىنئاتىسىنىڭ غېمىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ غېمىنى يەۋاتقاندەك، قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئاغىسىدىن قايسىنى تاللىسا ئۆزىگە ئىستىقبال قۇياشى يۈز ئاچىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىككى كۇيۇئوغلىنىڭ تۇرقىغا قاراپ مىرزا ئۇلۇغبەگ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ئەزەلدىن ئىككى كۇيۇئوغلىنىڭ چىقىشالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بۇنى ئاز دەپ ئىككىلا كۇيۇئوغلىنىڭ ئوردا ئەمىرلىرى بىلەنمۇ يەتكۈچە ئاداۋىتى بار ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ تا مۇشۇ كەمگىچە بۇ ئىككى كۇيۇئوغلىنى بىر داستىخانغا جەم قىلالمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ، نەسىھەت قىلىپمۇ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇشقا، نىزا - ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىشكە، بىر داستىخاندا دەرقەمدە ئولتۇرغۇزۇپ تۈز يېگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىلاجسىز ھەر ئىككى كۇيۇئوغلىغا ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلار بىلەن كارى بولمايدىغان، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرمايدىغان بولغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئوردىدىكى مەرتىۋىسى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئوردىدا ئۇلارغا ئىچكىلەر[①] قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. ئۇ ئىككى كۇيۇ ئوغلىنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى، قېرىنداشلارغا خاس مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ساداقەت كۆرسىتىپ سەلتەنەتكە خىزمەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق قىلغان بولسا ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرگەن، ئوردىدا مۇھىم مەنسەپلەرگە قويغان، مۇشۇنداق مۇشكۈل كۈنلەردە ئۇلارغا تايانغان بولاتتى. شۇ تاپتا مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ ئىككى كۇيۇئوغلىغا باتناپ ئۇلارغا قېيىنئاتىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى بەرمىگىنىگە، ئوچۇق - يو-

① ئىچكىلەر ــــ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەر.

رۇق سۆھبەتلىشىپ، نۇقسانلىرىنى تۈزىتىۋېلىشقا پۇرسەت بەر-
مىگىنىگە، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تونۇپ، ئەيىب، نۇقسانلىرىنى تۈ-
زىتىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

«ئۇلارنىڭ مەنمەنچىلىكىنى، بىر - بىرىگە يول قويماي
دۈشمەنلەشكىنىنى، كۆرەگان[①]لارغا خاس پەزىلىتىنىڭ كەملىكىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا تولىمۇ ئىستىبداتلىق يىگىتلەر ئىدى. لەشكە-
رىي ئىشلارنىڭلا ئەمەس، ھەتتا تەخت - سەلتەنەتنىڭمۇ ھۆددىسى-
دىن چىقالىغۇدەك ئىقتىدارى بار ئىدى. ئىسسىت، ئاشۇنداق كاتتا
ئىستىبدات ئىگىلىرى تۇرۇقلۇق ئىنسانىي كامىللىق مەرتىۋىسىگە
يېتەلمىدى. ئىستىبدات باشقا، پەزىلەت باشقا ئىكەن. ھەقىقىي ئا-
دەم بولماق قىيىن ئىكەن. ئۇلار مەنسەپ - مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەن-
لىكى، ئوردىدا تۈزۈك ئەتىۋارلانمىغىنىنى مەندىن كۆرۈشىدۇ.
ياتلارنى ئەتىۋارلاپ كۈيئو ئوغلىنى خار كۆردى دەپ رەنجىشىدۇ،
ئەمما سەۋەبىنى ئۆزلىرىدىن ئىزدەشمەيدۇ. راستىنى ئېيتقاندا،
ئۇلار دېگەن تۆمۈرىيزادىلەر[②]. ئىنىلىرىمنىڭ ئوغۇللىرى ماڭا
كۈيئوغۇللۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ جىيەنلىرىمدۇر. نەسەب
- مەرتىۋىسى ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئوخشاش. ئۇلارغا ئۇۋال قى-
لىپ قويغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن. ئۇلارغا بۇنچىلىك قاتتىقلىق
قىلماي، لەشكىرىي دىۋاندىن مەنسەپ - مەرتىۋە بەرگەن بولسام
بۈگۈنكىدەك ئۆز پەرزەنتىم سەۋەبلىك بېشىمغا كۈن چۈشكەن
ۋاقىتتا كۆكرەك كېرىپ جان پىدالىق كۆرسىتەر بولغىيمىدى؟
خانزادىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇپ مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلار
بولغىيمىدى؟ بىر نېمە دېمەك تەس، بىلگۈچى ئالللاھ. ئۆز پۇش-
تۇمدىن تامغان پەرزەنتىمدىن كەلمىگەن ۋاپا، كۈيئوغۇللاردىن
كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ بىر ئەلنى باشقۇرماق ئاسان بولغىنى بىلەن،
پەرزەنتنى باشقۇرماق تەسكەن. ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغىلى
تۇرغاندا بۇ نە ئاھانەت ماڭا. خانزادە ئالدىرىمىسىمۇ تەخت - سەل-

① كۆرەگان ــ پادىشاھنىڭ كۈيئو ئوغلى.
② تۆمۈرىيزادىلەر ــ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى.

تەنەت ھامان ئۇنىڭغا قالاتتى ئەمەسمۇ؟ بىر ـ ئىككى يىل تەختىر
قىلىپ، ساداقىتى، پەزىلىتى، ئىستىپداتى بىلەن كۆڭلۈمگە خا-
تىرجەملىك بەخش ئەتكەن بولسا، جەننەتماكان پەدەرىم بولمىش
خاقانى سەئىد شاھرۇخخان ئالىيلىرى ماڭا تاجۇ تەختنى ئۆتكۈزۈپ
بېرىپ ئۆزى خاتىرجەم ئارام ئالغىنىغا ئوخشاش، مەنمۇ ئۇنىڭغا
تەخت ـ سەلتەنەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قالغان ئۆمرۈمنى ئىلىم
تەھسىل قىلىشقا قارىتاتتىم ئەمەسمۇ؟ ئىشان شەيخ نىزامىددىن
خامۇشقا ئوخشاش خۇراپات ئەھلىنىڭ، ئىلىم ـ ئىرپان دۈشمەنـ-
لىرىنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىدى. ھەتتا ئۆز ئاتىسىنى
«كاپىر سۇلتان» دەپ ھاقارەتلەشتىن ئايانمىدى. سەلتەنەتكە سۇ-
لۇك ئەمەس، شەرىئەت كېرەك. سەلتەنەت شەرىئەت ئەھكاملىرىنى
مىزان قىلغان ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ئاسايىشلىقتا يۈزلىنىدۇ.
جەررە ـ ساما بىلەن ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن روناق تاپە-
دۇ، بۇ ئىككىسى بىرلەشسە، تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ ئۇلى مۇس-
تەھكەم بولىدۇ. ئەل ـ يۇرت خاتىرجەملىككە يۈزلىنىدۇ. تاجۇ
تەخت ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ. ئىشان شەيخ نىزامىددىن
خامۇشنىڭ سۇلۇك تەرغىباتلىرىغا نېمىشقا سەل قارىدىم ل ھە؟!
رەسەتخانا قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ۋاقتىدىلا سۇلۇك تەر-
غىباتلىرىغا نېمىشقا چەك قويمىغاندىمەن، بۇنداق قىلىشىمغا
سەلتەنەتىمنىڭ سۈرى تامامەن يېتەتتىغۇ؟ بۇ مېنىڭ رەھىمدىلـ-
لىقىمغا ھېسابمۇ ياكى بوشاڭلىقىمغىمۇ؟ ئاھ خۇدا، ئول ئىشانىنىڭ
سېھرىي ئەپسۇنلىرىغا ئالدانغانلىقىمنىڭ مۇكاپاتىمۇ بۇ؟ بۇ نۆۋەت
خانزادەمنى تىزگىنلىيەلىسەم بالامدىن بالاغا ئىشاننى، سۇلۇك
پېشۋالىرىنى تاجۇ تەختىڭلارغىلا ئەمەس، تەسەررۇپىڭلارغىمۇ يې-
قىن يولاتماڭلار دەپ ۋەسىيەت قالدۇرىمەن. بارلىق گۇمراھلىق،
تەپرىقىچىلىك، خۇسۇمەت، زاۋاللىق شۇلاردىن كېلىدىكەن ئە-
مەسمۇ...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەسرەتلىك خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ
قەددىنى رۇسلىدى. ئاللىقانداق تەشۋىشلىك خىياللارغا ئەسىر



www.uyghurkitap.com

بولغان ئەمىرلەرگە قەھرى بىلەن تىكىلدى.

— يارلىق!

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن چۆچۈشكەن ئەمىرلەر خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يارلىق ئاڭلاش ئۈچۈن دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلاشتى.

— ئەمىر سۇلتانشاھ بارلاس!

— لەببەي! — دېدى ئەمىر سۇلتانشاھ بارلاس ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ.

— سىلى ئىلغار قوشۇن[1]نى باشلاپ خانزادىنىڭ ئالدىنى توسقايلا!

— باش ئۈستىگە!

مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مىرزا ئابدۇللا كۆرەگان!

ئىسمىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇللا مىرزا «لەببەي» دېگىنىچە سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى ـ دە، «قېيىنئاتام ئادىشىپ قالدىمۇ ـ نېمە؟» دېگەننى قىلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگكە قارىدى.

— سىلى ئىلغار قوشۇنغا ئورۇنباسار بولۇپ، ئەمىر سۇلتانشاھ بارلاسقا ھەمدەم بولغايلا.

تۇيۇقسىز مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن ھاياجانلانغان ئابدۇللا مىرزا چاقماق تېزلىكىدە جاۋاب بەردى:

— پەرمانبەردارمەن!

شۇ دەقىقىدە باجىسى ئابدۇللا مىرزىنىڭ بىردىنلا يۇقىرى دەرىجىلىك مەرتىۋىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىغا رەشك ئوتلىرى تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قېيىنئاتىسىغا يەر تېگىدىن نارازىلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— ئەمىر مىرانشاھ دورغا!

[1] ئىلغار قوشۇن — ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇن.

ئاللىقانداق خىياللارغا ئەسىر بولغان مىرانشاھ دورغا ئۆي ـ خىياللىرىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلىپ قالغاندەك چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— لەببەي ئانھەزرىتىم!

— سىلى ئاستانىنىڭ مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇزۇق ـ تۈلۈك دىۋانىنىڭ لازىمەتلىك تەييارلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلسىلا. ياتىشلار ئەغيارلىرىمىزنىڭ پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىپ، ئاۋامنىڭ كۆڭلىگە تەھلىكە سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغاي. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ياساق قاتتىق بولسۇن!

— باش ئۈستىگە.

— مىرزا ئەبۇسەئىد كۆرەگان!

باياتىن بېرى ئىچىنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ ئولتۇرغان ئەبۇسەئىد مىرزا «پەرمانبەردارمەن» دېگىنىچە ئالدىغا چىقتى.

— سىلى ئاستانە مۇھاپىزەتچى قوشۇنىغا سەركەردە بولۇپ مىرانشاھ دورغىغا ھەمدەمدە بولغايلا. خۇسۇسەن ئاستانىنىڭ مۇھاپىزىتىدە قىلچىلىك سۇسلۇق كۆرۈلمىگەي.

— باش ئۈستىگە، — دېدى ھاياجانلانغان ئەبۇسەئىد مىرزا.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ھالقىلىق پەيتتە ئىككى كۈيئوغلىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئوخشاش دەرىجىلىك مەنسەپكە تەيىنلىگەنىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارغا قېيىنئاتىلىق مېھرىنى يەتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تۆھپە كۆرسىتىپ، سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى.

— ئەمىر سۇلتان جاندار!

— لەببەي قىبلىگاھىم!

— سىلى جەۋانغار قوشۇنىنى باشلاپ ئىلغار قوشۇنغا ھىمات بولغايلا. لەشكىرىي دىۋاندىن تۆت سەركەردە ھەمدەمدە بولغاي!

— باش ئۈستىگە، — دېدى ئەمىر سۇلتان جاندار.

مىرزا ئۇلۇغبەگ نەزەرىنى لەشكەرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى ئىبراھىم بەگكە ئاغدۇرۇپ تۇرۇپ قالدى.

«خانزادە ئابدۇلئەزىزخان سەۋەبلىك ئۇنىڭ ماڭا ئاداۋىتى بار، لېكىن بۇنى دەپ ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلىمىسەم بولماس، شۇنداق، ئۇنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلانمايمەن. ئەمما مۇھىم ئىشقا قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ جاسارىتى بولغىنى بىلەن پاراستى يوق. بوپتۇ، ئاساسلىق قوشۇننى باشلاپ يۈرگەچ تۇرسۇن. ئۇنىڭغىچە مەنمۇ كەينىدىن يېتىشۋالىمەن...»

— مىرزا ئىبراھىم بەگ!

— لەببەي ئانھەزرىتىم!

— سىلى مەن بىلەن بىللە ئاساسلىق قوشۇننى باشلاپ ماڭىدىلا. باشقا سىپاھلارمۇ ئاساسلىق قوشۇن بىلەن بىرگە يۈرگەي!

— باش ئۈستىگە! — دېدى مىرزا ئىبراھىم بەگ.

— كېش قەلئەسى ئىنتايىن مۇھىم ئۆتكەل. ئىلغار قوشۇن دەرھال يولغا چىقىپ چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ بارغاي!

پەرمان تاپشۇرۇۋالغان ئەمىر سۇلتانشاھ بارلاس بىلەن ئابدۇللا مىرزا خان بىلەن خوشلىشىپ دەرھال شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

— ھىماتچى قوشۇن پېشىن نامىزىدىن كېيىن يولغا چىققاي، ئاللاھ نېسىپ قىلسا كېش قەلئەسىدە ئۇچراشقايمىز!

ئەمىر سۇلتان جاندارمۇ تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

— سىلى، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ مىرزا ئىبراھىم بەگكە قاراپ، — ئاساسلىق قوشۇننى باشلاپ بۈگۈن كەچتىلا يولغا چىقسىلا. مەن ئەتە بامداتتىن كېيىن يولغا چىقىپ ئارقىلىرىدىن يېتىشىۋالىمەن.

— ئەسسالاتىن زىللەللاھۇ فىل ئەرىز! جانابى ئادالەتپاناھىمىز شەرئى سۇلتانىمىزدۇر. پەرمانى ئالىينىڭ يارلىقى بارچىگە

www.uyghurkitap.com

ئەمرى ۋاجىپتۇر. قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم جانابىي باھادىرلىرد-
مىزغا پۇتمەس ــ تۈگىمەس كۈچ ــ قۇۋۋەت، غەلىبە ــ نۇسرەت
ئاتا قىلغاي! ــ دېدى شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن دۇئاغا قول كۆ-
تۈرۈپ.

ــ ھەرقايسىلىرىغىمۇ ئىجازەت. ئەتە ناماز بامداتتىن يېنىپ
يولغا چىقىمىز. ھازىرلىق كۆرۈشكەيلا، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ
شاھنىشىندا قالغان ئەمىرلەرگە قاراپ.

ــ خان ئالىيلىرى ئامان بولغايلا! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر
خان بىلەن خوشلىشىپ.

شاھنىشىندا يالغۇز قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ بىر دەم كۆزىنى
يۇمۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك
چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

ــ ئات تەييار بولدىمۇ؟ ــ سورىدى ئۇ بىر چەتتە قول
باغلاپ تۇرغان ساراي بېگىگە قاراپ.

ــ توقۇپ قويغىلى بىر ئاش پىشىمدىن ئاشتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىلدام مېڭىپ سارايدىن چىقتى. ئۇنىڭغى-
چە نۆكەرلەر ئاتنى يېتىلەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاتقا بىر سەكرەپلا
مىندى ــ دە، ئەتراپىدا تۇرغان نۆكەرلەرگە «رەسەتخانىغا» دەپ
قويۇپ ئاتنى يەڭگىل دېۋىتتى. نۆكەرلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات
سالدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەتىگەندىلا مىرزا مەدرىسەسىدىكى مۇدەر-
رىس، ئالىملاردىن بىرقانچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارنىڭ ئۆ-
زىنى رەسەتخانىدا ساقلىشىنى ئېيتىپ چاپارمەن ماڭغۇزۇۋەتكەنىد-
دى. ئەتىگەندىن بېرى ئەمىرلەر بىلەن لەشكىرىي ئىشلارنى كې-
ڭەش قىلىپ، رەسەتخانىغا بارىدىغان ئىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ
قويغىلى تاس قالغانىدى.

رەسەتخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى سارايدا ساقلاپ تۇرۇش-
قان مۇدەررىس، ئالىملار ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن مىرزا ئۇ-
لۇغبەگنى كۆرۈپ قىلىشىۋاتقان قىزغىن مۇنازىرىسىنى توختىد-

تىپ، دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاۋۋال سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئۆلىمالار.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى.

چوڭ خانزادىسىنىڭ بەلختىن لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلگەن ئىككى ھەپتىدىن بېرى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزەلمەي، ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ھەپتىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى.

— يۇقىرىغا چىقايلى، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئادىتى بويىچە ئۇلارغا ھۆسلى قىلىپ ئولتۇرماي.

ئالىملار مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەگىشىپ مەرمەر پەلەمپەي ئارقىلىق رەسەتخانىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چىقىشتى. جامىئۇل ئۇلۇم[①] دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچىنچى قەۋەت كۇتۇپخانا ئىدى. كۇتۇپخانىنىڭ ئۆگزىسىدە كىچىكرەك بىر ئۆيدەك چوڭلۇقتا گۈمبەز بار ئىدى. گۈمبەزگە ئايلاندۇرۇپ دېرىزە قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇستۇرلاپ، سېكىستانت... قاتارلىق يۇلتۇزلارنى كۆزىتىدىغان، يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشىنى ئۆلچەيدىغان ۋە شۇنىڭدەك ئاللىقانداق ئۆلچەش، سىزىش ئەسۋابلىرى بار ئىدى. كۇتۇپخانا بىلەن گۈمبەزنىمۇ مەرمەر پەلەمپەي تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

— قېنى، جاي ئالسۇنلار، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىملارغا كۇتۇپخانىدىكى كۇرسىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئالىملار مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ جىمجىت ئولتۇرۇشتى. نېمە ئۈچۈندۇر مىرزا ئۇلۇغبەگ گەپ قىلىشقا ئالدىرىمىدى. قىزىرىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھارغىن

① جامىئۇل ئۇلۇم — ئىلىم خەزىنىسى.

كۆزلىرىنى قاتار ئولتۇرۇشقان ئالىم ـ ئۆلىمالاردىن تام ياقىلىـ تىپ تىزىلغان نەقىشلىك كىتابدانلارغا يۆتكىدى. كىتابدانىنىڭ ئەڭ ئۈستى تەرىپىگە «قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى تىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە پەرەڭىستان، دەمەشىق، باغداد، شىراز، ھىندىستان، جۇڭگو... ئالىملىرىنىڭ ھەمدە ھىرات، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئەنجان، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن... دانىشمەنلىرىنىڭ كىتاب ـ رىسالىلىرى، قول يازمىلىرى رەت ـ رېتى بىلەن تىزىلغانىدى. كۆن مۇقاۋىلىرىنىڭ نەقىشلىرىگە ئال ـ تۇن يالىتىلغان، تۇرلۇك ئىلىملەر شەرھىلەنگەن كىتابلارنى رە ـ سەتخانا مۇلازىملىرى كۈندە دېگۈدەك سۈرتۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئازراقمۇ چاڭ باسمىغان بولۇپ، ۋاللىداپ تۇراتتى. مىرزا ئۇلۇغ ـ بەگ بۇ كىتاب ـ رىسالىلەرنى سەمەرقەنتتىكى ئەڭ ماھىر خەت ـ تاتلارغا كۆچۈرتۈپ چىققانىدى. تېخى كۆچۈرۈلۈپ كىتاب ھالى ـ تىگە كەلتۈرۈلۈشنى كۈتۈپ تۇرغان قول يازمىلارمۇ خېلىلا بار ئىدى. ئۇلۇغبەگنىڭ نەزەرىدە بۇ قول يازمىلارمۇ بىباھا گۆھەر ھېسابلىناتتى. ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ «ئەل قانۇنۇل مەسئۇد»، «مىزانۇل ھېكمەت»، «كىتابۇ سەيدەنە»، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا ھەزرەتلىرىنىڭ «كىتابۇش شىفا»، «كىتابۇن نەجات»، ئەل فارابى ـ نىڭ « ئەتتائۇل ئەسانى»، «كالام فى شېئىر ۋەل قانى»، «كىتابۇن فى سەنائەتى كىتابەت»، «رىسالەئى مۇغەنىيۇن»، «كىتابۇل مۇخ ـ تەسەر ئەل سەغىرفىل مەنتىق»، «كىتابۇل بۇرھان»، «كىتابۇل ئىقسابۇل مۇقەددىمات»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، مۇتەپەك ـ كۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»، قازىزادە رۇمىنىڭ «رىيازىيات»، ئەل خارەزمىي ھەزرەتلىرىنىڭ «كىتاب ئەل مۇختە ـ سەر فى ھېساب ئەل جەبر ۋەل مۇقابەلە»، سەئىد شىرازىنىڭ «گۈ ـ لىستان»، «بوستان»، ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «نەۋا بىغۇل كىلەم»، «كافىيە»، «ئالتۇن ھالقىلار»... قاتارلىق كىتاب ـ رىسالىلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەر قېتىم كۈتۈپ ـ خانىغا كىرسە ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم» نى ئىككى قوللاپ ئېلىپ

تاۋاپ قىلاتتى، ئاندىن ئۆزىگە لازىملىق كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئې-
لىپ ئوقۇيتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بۇ كىتابلار-
دىن مېھرىنى ئۈزەلمەي بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئوردىدىكى كۆڭۈل
غەشلىكلىرى بىرنەچچە دەقىقە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. لې-
كىن ئۇنىڭ بۇ راھەتلىك تۇيغۇلىرى ئۇزاق داۋاملاشمىدى، بۇ
يەرگە ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسى ئېسىگە كېلى-
شى بىلەن ۋۇجۇدىنى قايتىدىن غەم ـ ھەسرەت تۇمانلىرى چىر-
مىۋالدى. نەزەرىنى يەنە ئالىم ـ ئۆلىمالارغا يۆتكىدى. دانىشمەن
ھۆكۈمدارنىڭ كۆڭۈل ئازابىنى چۈشەنگەن ئالىملارنىڭ يۈرىكىمۇ
شۇ دەقىقىدە ئازابلىق ھېسلار بىلەن تولغانىدى.

— بىزنىڭ پېشانىمىزگە ئىلىم ساھىبى بولۇش ئەمەس،
تەخت ساھىبى بولۇش پۈتۈلگەنىكەن، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ
ھەسرەتلىك خورسىنىپ، — ئىلىمگە ئالەمچە ئىشتىياقىمىز
بولسىمۇ، لېكىن سەلتەنەتكە بېرىلگەندەك ۋۇجۇدىمىز بىلەن بې-
رىلەلمىدۇق. گەرچە جانابى ئۇستازلارنى يىراق ـ يېقىندىن تەك-
لىپ قىلىپ ئەپكېلىپ تەسەررۇپىمىزدىكى كاتتا ئوقۇل بولمىش
مىرزا مەدرىسەسىگە جەمئىي قىلغان، رەسەتخانا، شىپاخانا قۇرغان
بولساقمۇ، ھەربىرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم. كاتتا ـ
كاتتا مۇتائىلەلەرگە ئىشتىراك قىلالمىدىم ۋە يەنە ئىلىم ـ ئىرپان
كۇشەندىسى، خۇراپات، جاھىلىيەت ھامىيسى بولمىش ئىشان
شەيخ نىزامىددىن خامۇش تەرەپدارىدىكى بىر گۇرۇھ جاھىللارنىڭ
مالامەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرالمىدىم. ئۇشبۇ سەۋەبتىن جانابى ئۇس-
تازلار كۆپ ئاھانەتلەرگە قېلىپ رىيازەت چەكتىلەر. ھەربىرلىرى-
دىن يېنىش ـ يېنىشلاپ كەچۈرۈم سورايمەن.

مىرزا ئۇلۇغبەگ سۆزدىن توختاپ ئالىملارغا قاراپ تەۋازۇ
بىلەن ئېگىلدى.

— كۆڭۈللىرىنى زىنھار غەمناك قىلمىغايلا، ھەزرەتلىرىدىن
كۆپ خۇرسەنمىز، — دېيىشتى ئالىملار ئۇلۇغبەگكە تەسەللى بې-

رىپ.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگكە دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بار ئىدى، لېكىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ھېچقايسىسى ئېغىز ئاچمىدى.

— بېشىمىزدا قارا بۇلۇتلارنىڭ ئەگىپ يۈرۈۋاتقانلىقى ھەربىرلىرىگە ئايان، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مىرزا ئۇلۇغبەگ، — بىزلەركىم بۈيۈك ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ پۇشتى بولمىش سەلتەنەت ئىگىسى ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ۋادىسىگە ئاز كەم قىرىق يىل رەھنەما بولدۇم، ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدىم. بىھېساب نۇسرەتلىك ياغىلارنى قىلىپ، رەقىبلىرىمنى بويسۇندۇردۇم، مۇخالىپلىرىمنى قايىل قىلدىم. لېكىن ئۆز پەرزەنتىمگە كەلگەندە باشقۇرۇشقا، بويسۇندۇرۇشقا، قايىل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئول ئىنسابسىز، ناشۈكۈر، بەتئەخلاق پەرزەنت بىلەن ياغى قىلىش ئۈچۈن قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرۇپتىمىز. قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم غەلىبە ـ نۇسرەتنى قايسىمىزغا بۇيرۇيدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. خانزادىنى تەسەررۇپىمىزدىكى نادانلىق، جاھىلىيەت پاتقىقىغا پاتقان بىر گۇرۇھ ئىلىم دۈشمەنلىرى، يەنى ئىشان، سوپى ـ دەرۋىشلەر جامائەسى قولللاۋاتىدۇ. بىزلەركىم پەدەرىگە قىلىچ تەڭلەشكە كۈشكۈرتۈۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇلار نۇسرەتكە يۈزلەنسە، تەخت ـ سەلتەنەتنى ئېلىش بىلەنلا قانائەت قىلمايدۇ، بەلكى ئوقۇل، مەدرىسە، رەسەتخانا، شىپاخانىلىرىمىزنى كۆپۈر دەرگاھ دەپ تاقاپ، بىزنى دەھرىيلىكتە ئەيىبلەپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى، بىتىك، رىسالىلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ، ئولتۇرغانلىرىمىزنى زىندانغا بەند قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئەتە كىشكە قاراپ لەشكەر تارتىشتىن ئاۋۋال جانابى ئۇستازلار بىلەن دىدارلىشىۋېلىشنى ھەمدە غەنىملىرىمىزنىڭ پەيلىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. ئوردا ئەھلىگە ئىشەنگىلى بولماي-

دۇ، ئۇلار كىم بىر پارچە ئۇستىخان تاشلاپ بەرسە شۇلارنى تونۇي-
دۇ. شول سەۋەبلىك بىر مەزگىل ئۆزلىرىنى پىنھانغا ئېلىپ، بە-
خەتەرلىكلىرىگە ئۆزلىرى كېپىل بولۇشىلا. مۇمكىن بولسا، —
دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ نەزەرىنى كىتابداندىكى كىتابلارغا يۆتكەپ
تۇرۇپ، — مۇنۇ بىباھا ئىلىم خەزىنىلىرىمىزنى يوشۇرۇپ قو-
يۇشىلا. ئالىمادىس بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، ئول ئە-
لىم دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇنلار.

مىرزا ئۇلۇغبەگنى گويا ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلەۋاتقاندەك
تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئالىملار ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئې-
لىشتى. ئۇلار بۇ ھۆكۈمدارنىڭ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئالاھى-
دە ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزلىرىگە، ھەر بىر بەتلىرى ئىلىم دۇرداند-
لىرى بىلەن تولغان كىتابلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگىنىدىن قات-
تىق تەسىرلەنگەندى.

— قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس ئالىيلىرى، — دېدى
پېشقەدەم ئالىم جالالىددىن باغدادى سۆز ئېلىپ، — خانزادىنىڭ
گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكىلى، سۇلھىگە كېلىپ بىھېساب قان تۆكۈ-
لۈشكە سەۋەب بولغۇچى ياغىنى توختاتقىلى بولماسمۇ؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ خورسىنىپ قويدى:

— دېگەنلىرى تامامەن ئورۇنلۇق مەۋلانە، ئەپسۇس، سىلى
خانزادىنى چۈشەنمەيدىلا، نىيەت ـ ئىقبالىنىمۇ بىلمەيدىلا. ئەل ـ
يۇرتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن خانزادىنىڭ ھەرقانچە گۇناھى بولسا
كەچۈرەر ئەردىم. بىراق شاھزادە ئۆزىنى دەۋاگەر، ئادالەتپەرۋەر،
بىزنى گۇناھكار ھېسابلايدۇ. ئۇ ھازىر قۇترىغان بىر ۋەھشىي
ھايۋاندۇر. ئۇنىڭدا نە ئەقىل، نە سەزگۈ، نە ھېسسىيات يوقتۇر.
قىزارغان بىر جۈپ كۆزلىرى قانغا تەشنادۇر. سۇلھىگە كېلىشتىن
زىنھار ئۈمىد يوقتۇر.

ئالىملار جىمىپ كېتىشتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىملارغا ئۆز
قولى بىلەن چاي تۇتۇپ ساھىبخانىلىق قىلىۋاتقان سۆيۈملۈك
شاگىرتى مىرزا ئەلىگە قاراپ بىر ئىشنى يادىغا ئالدى. ھەئە،

www.uyghurkitap.com

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھىراتتىكى ئىختىيارىدىن قەلئەسىدىن تېپىلغان خەزىنىسىنى سەمەرقەنتكە يۆتكىتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى رەسەتخانىنىڭ ئاستىدىكى مەخپىي قازناقتا تۇيدۇرماي يۆتكىۋەتكەنىدى.

ــ ھېلىقى خەزىنىلەرنى جايلاشتۇرۇپ بولغانمىدىلە مەۋلانە؟

ــ تولۇق جايلاشتۇرۇپ بولغان، ــ دېدى مىرزا ئەلى.

ــ ئۇنداق بولسا ھېلى جانابى ئۇستازلارغا ئېلىپ كېتەلىشچە بەرسىلە، ــ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىملارغا قاراپ قويدى، ــ بىلىمەن، ھەربىرلىرى مال ـ دۇنيانى دوست تۇتقان ئەمەس. بىراق ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇچۇنمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش بولمىسا بولمايدۇ. بابائى بۇزرۇكلەرنىڭ خەزىنىسى ئول خۇراپات، جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىدىن بىزنىڭ ئىلكىمىزدە تۇرغىنى ئەۋزەل دەپ خۇپىيانە يۆتكىۋالغانىدىم. قانچىلىك ئەپكېتەلىسىلە شۇنچىلىك ئېلىپ كېتىشسىلە. كېيىنچە قايتىدىن ئىلىم دەرگاھلىرىنى بىنا قىلىشقا سەرپ قىلارمىز. خوش، ئەمدى مەن ياناي، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ ئۆزلىرىگە قاتتىق ئاگاھ بولۇشقايلا.

ــ خان ئالىيلىرى ئامان بولسىلا. ئاللاھ ئىگەم نۇسرەت ئاتا قىلار، ــ دېيىشتى ئالىملار ئۇنى ئۇزىتىشىپ.

رەسەتخانىدىن يېنىپ چىققان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئەمىن تاپقاندەك بولدى.

«خۇداغا شۈكۈر، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۈلگۈردۈم. ئالدىمىزدىن بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قالسام ئۇلار ئۆزلىرىنى پىنھانغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلەيدۇ. يەنە تېخى كۆتۈرۈپخانىدىكى بىباھا بىتىك ـ رىسالىلەرنى، قول يازمىلارنى يوشۇرۇپ قالالايدۇ. ناۋادا خانزادە سۇلھىگە كېلىپ مېنى رەسەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئارامخۇدا ئىلىم تەھسىل قىلغىلى قويسا ئىدى، تاجۇ تەختىنى دەرھاللا تاپشۇرۇپ بېرەتتىم. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس. خانزادىنى ئالقىنىغا ئېلىۋالغان ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش بۇنىڭغا ھەرگىز

يول قويمايدۇ. يەنە تېخى ۋالىدەئى مېھرىبان گۆھەرشاد بېگىممۇ بار...»

ئانىسى ئېسىگە كېلىشى بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى باشقىچە مۇزلاپ كەتتى. كۆڭلىنى ھەرقانچە ئاختۇرۇپمۇ ئانىسىغا بولغان زەررىچە سېغىنىشنى تاپالمىدى. ھەئە، ئاشۇ ئانا، چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانا ئاتا بىلەن ئوغۇلنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ كېلىشتۈرگىسىز رەقىب-لەرگە ئايلاندۇرۇۋاتاتتى.

«ئاھ پەرۋەردىگار، مېنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق ئازابى يەپ چەكسىز قۇدرىتىڭ بىلەن تەۋەللۇت قىلغان، ئانىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باسقان، ئاپئاق ئوغۇز سۈتىنى ئېمىتكەن ۋالىدەئى بۇزرۇكىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىت-قان يەرلىرىم بولسا ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغايسەن...»

چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ نىدا قىلغان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بوغۇزىغا يىغا قاپلاشتى.

※ ※ ※

سەمەرقەنت ئاسمىنىدا يېڭى بىر تاڭ ئاتتى. ھاۋا تۇتۇق، ئاسماندا قۇياشتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئاسمان گۈمبىزىدە قوغۇ-شۇن رەڭلىك توپ ـ توپ بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى. تېخى كۆز باشلانمىغان بولسىمۇ، ئۆرگۈت تاغلىرىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى. بىرئاز يېلىك كىيىنىۋالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ سوغۇقتىنمۇ ياكى غەم ـ تەشۋىشتىنمۇ ئەيتاۋۇر دۈگدىيىپ قالغاندى. ئىككى تەرىپىدە كېتىپ بارغان شەيخۇل-ئىسلام بۇرھانىددىن بىلەن خانزادە ئابدۇلئەزىز مىرزىمۇ ۋە ئار-قىسىدىن كېلىۋاتقان بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرىمۇ ئۈنسىز ئى-دى. ئىلگىرىكى يۈرۈشلەردە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭمۇ، شەيخۇل-ئىسلامنىڭمۇ گېپى تۈگىمەيتتى. خان سەركەردىلىرى، مەسلىھەت-

چېلىرى بىلەن چاقچاق قىلىشىپ ماڭاتتى، كۈلكە ـ پاراڭلار ئۈ-
زۈلمەيتتى. خانزادە ئابدۇلئەزىزخان بولسا دادىسىنىڭ يوقىنىدا
بۇنداق شۇمشىيىپ تۇرۇۋالماي، نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلى
ئىلگىرىلەپ كەتسە، ھېلى قوشۇنىنىڭ كەينىدە قېلىپ بىردەم جىم
تۇرمايتتى.

شەھەردىن ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىشىپ خېلىلا سۈر ـ
ھەيۋە بىلەن چىققان نۆكەرلەر سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى باغ ـ
باراڭلىق كۆجۈم مەھەللىلەردىن ئۆتۈپ ئوچۇقچىلىققا چىققاندىن
كېيىن بىردىنلا جىمىپ قېلىشقانىدى. تېخى تۈزۈك يول ماڭمايلا
ھېرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان نۆكەرلىرىنىڭ روھى خېلىلا
چۈشكۈن ئىدى.

«بۇ بىرەر پېشكەللىكنىڭ بېشارىتىمىكىن، — خىيال سۈر-
دى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھاۋانىڭ ئەلپازىغا قاراپ، — شۇ تاپتا خانزا-
دەم ئابدۇللەتىپخان نېمە ئويىدىدۇر؟ خىيالىنى بىلگىلى بولسا ئىدى
كاشكى. ناۋادا غەلىبە ـ نۇسرەت ئۇنىڭغا يۈزلەنسە، ماڭا قانداق
مۇئامىلە قىلار؟ تاجۇ تەختنىغۇ ئەلۋەتتە تارتىۋالىدۇ، — مىرزا
ئۇلۇغبەگنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسى شاھرۇخخاننىڭ ئۆلۈم پەيتىسى
ئۈچۈن ھىراتقا بارغاندا ھىرات ئوردىسىدا دۇچ كەلگەن كۆرۈنۈش
لىپ قىلىپ كەلدى. شۇ چاغدا بوۋىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇۋالغان
خانزادە ئابدۇللەتىپخان ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ تەختتىن بىر
قەدەم مىدىرلىمىغان، دادىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەرىكەت قىل-
مىغانىدى، — ئۇ ئەزەلدىن تاجۇ تەختكە خۇمار، شۇڭا مەندىن
تەخت ـ سەلتەنەتنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىر ئەل-
نىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغىدەك ئىقتىدارى، لاياقىتى
يوق. ۋالىدەئى مېھرىبان بىلەن ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش
پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ بەرسە ئۆزىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ، — مىرزا
ئۇلۇغبەگ ئات ئۈستىدە شۇمشىيىپ ئولتۇرغان كىچىك خانزادى-
سى ئابدۇلئەزىزخانغا يالت ئېتىپ قاراپ قويدى، — كىچىك
خانزادەممۇ تايىنلىق. ئۇنى ئىنسانىي كامىللىققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن

يۈرەك قېنىمنى ئاز سەرپ قىلمىدىم. بىراق شۇنچە ئۇرۇنۇشلىرىم ئەسكى تامنى ئۆلدىغانچىلىكمۇ كار قىلمىدى. قايسى گۇناھىم ئۈچۈن خۇداۋەندە ئىگەم ماڭا مۇشۇنداق يارىماس پەرزەنتلەرنى بەرگەن بولغىيدى؟ ئاغا ـ ئىنىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇلاردا پەقەتلا يوق. ناۋادا قازايىقەدەر يېتىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەت-سەم بۇ ئاغا ـ ئىنىلەر نېمە بولۇپ كېتىشەر؟ چوڭ خانزادەم ئى-نىسىغا كۆيۈنەرمۇ؟ ھالىدىن خەۋەر ئالارمۇ ياكى زۇلۇم قىلارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى بەلخكە ئەۋەتمەي، نائىب خانلىق مەرتىۋىسىنى بېرىپ ئوردىدا تۇتۇپ قالغان بولسام پەيلىدىن يېنىپ قالار بول-غىيمىدى؟ ياق، ھەرگىز يانمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن يوق، ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش بار، تاجۇ تەخت بار. ئۇنىڭ نى-يىتى شۇ ۋاقتىدىلا ئايان بولغان. ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرغىلى، توغرا يولغا باشلىغىلى بولارمۇ؟ بۇ نۆۋەت يېنىمغا ئەپكېلىۋېلىش-قا مۇۋەپپەق بولسام، يېنىمدىن پەقەتلا ئايرىمايمەن، كېچە ـ كۈن-دۈز ھەمراھ بولۇپ، ئاتىلىق مېھرىمنى تولۇق بېرىمەن. ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىنى چەك-لەيمەن. پەرزەنتلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئاتا ئورنىدا ھۆرمەت قىلسا، تاجۇ تەختنى بېرىپ كۆ-ڭۈمنى رەسەتخانىدا ئۆتكۈزىمەن...»

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خىياللىرى تىنچسىز ئىدى. باش ـ ئا-خىرى يوق بۇ خىياللارنىڭ كۆپ قىسمى ئاچچىق، ھەسرەتلىك، ئاز قىسمىلا غۇۋا خام خىياللارغا تولغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ خام خىياللىرىغىمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى.

ئۇلار ئاخشام يۈرۈپ كەتكەن ئاساسلىق قوشۇنغا تېزرەك يې-تىشىۋېلىش ئۈچۈن ئارام ئالماي يول مېڭىۋاتاتتى. بەش يۈز نەپەر نۆكىرىنىڭ ئارقىسىدا كېلىۋاتقانلار ئاساسەن قورال ـ ياراغ، تە-مىنات ساقلىغۇچى ئارقا سەپ قوشۇن ئىدى. بۇلار ئاساسەن جەڭ-گە يارىمايتتى. ئاساسىي قوشۇن بىللە ماڭمىغىنىغا پۇشاي-مان قىلىپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھە دې-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە ئەلىكتىرونلۇق كىتاب ئىزدەش، كۆرۈش تورى

گەندە خەۋەر ئالالماي تىت ـ تىت بولۇپ قالغانىدى. تۈنۈگۈندىن بېرى توختىماي مېڭىۋاتقان بولسىمۇ ئالدىدىكىلەرگە يېتىشەلمىگەنىدى.

باياتىن بېرى قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن ھېلى پەيدا بولۇپ، ھېلى غايىب بولۇپ ئاجىز نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا پات ـ پات قاراپ قويغان شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن تاغ تەرەپتىن ئېقىپ چۈشكەن كىچىكرەك بىر ئېقىننى كۆرۈپ، ئاخىر غەيرەتكە كەلدى ـ دە، مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئېغىز ئاچتى:

ــ بۈگۈن كۈنگە جۈمە. مۇمكىن بولسا ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، جۈمە نامىزىنى ئۆتتۈۋالساق. ھېلىمۇ نامازلىرىمىز قازا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ئادەتتە بەش ۋاق نامىزىنى قازا قىلمايدىغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالدىن يۈرۈپ كەتكەن سەركەردىلەرگە يېتىشىۋېلىش، جەڭگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىش تەقەززاسىدا بامدات بىلەن خۇپتەندىن باشقا ۋاقىتتا توختىماي ئىلگىرىلەشكە پەرمان بەرگەنىدى. ئۆزىمۇ ئارىلىقتىكى قازا بولۇپ كەتكەن نامازلىرىنى ئاشۇ ئىككى ۋاقلىق نامىزىغا قوشۇپ ئوقۇۋالاتتى.

ــ ئىجازەت، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ كۈنگە قاراپ قويۇپ.

مىرزا ئۇلۇغبەگ شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىننى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى. شەيخۇلئىسلام شۇ چاغقا كەلگىچە دىنىي پائالىيەتلەرنى شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ تۇرلۇك پىتنە ـ پاساتلىرىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ رەسەتخانا، مەدرىسە، ئوقۇل، شىپاخانا قۇرۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى توپلاپ، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللاپ كەلگەنىدى.

نۆكەرلەر توپ ـ توپ بولۇپ ئېقىن بويىدا تاھارەت ئېلىشىپ نامازغا تەييارلىق قىلىشتى. ئاندىن شەيخۇلئىسلامنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشتى.

ــ نۆكەرلەر قۇرۇق نان غاجاپ، سوغۇق سۇ بىلەن تالقان

كاپ ئېتىپ قاغجىراپ كەتتى. مۇمكىن بولسا بىر چىنىدىن ئىسسىق ئاش ئىچىۋالسا، — دېدى نامازدىن كېيىن شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن.

يول مېڭىشقا ئالدىراپ تۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگ خالىمىسىمۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ تەلپىنى رەت قىلالمىدى.

— بولىدۇ. ئاشپەزلەر غىزانى چاققانراق تەييارلىغاي.

ئاشپەزلەر قول ـ قولچە ئوچاق ياساپ، تۆگىلەرگە ئارتىۋالغان يوغان داشلارنى چۈشۈرۈپ، ئوت يېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە قاسساپلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەيدەپ كەلگەن پادىلاردىن كالا ـ قويلارنى بوغۇزلاپ سويۇپ تەييارلاپ بولۇشتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ چارچىغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۆزى ئۈچۈن تىكىلگەن شاھانە چېدىردا پەر ياستۇققا يۆلەنگىنىچە مۈگدەپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز چېدىر سىرتىدىن ئاڭلانغان ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئارامىنى بۇزدى. ئۇ سېلىنىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى تەستە ئېچىپ سىرتتىكى ئەنسىز شەپىگە قۇلاق سالدى. ھايال ئۆتمەي چېدىرغا مىرزا ئىبراھىمبەگ باشچىلىقىدىكى بىر توپ سەركەردىلەر ئىجازەتسىزلا كىرىپ كېلىشتى. ئاللىقانداق بىر ۋەھىمىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن سەركەردىلەر خاندىن ئىجازەت سوراشنىمۇ ئۇنتۇشقانىدى. ئۆكسۈلى ئۆچكەن مىرزا ئىبراھىمبەگ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىغا ئۆمىلىگەندەك كېلىپ موككىدە تىزلاندى:

— ئالەمپاناھىمغا مەلۇم بولغاي.

ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باسقان مىرزا ئۇلۇغبەگ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ قاپىقىنى تۈردى.

— خوش.

— كېش ئەمىرى مىرزا كامالىدىن خانزادىگە ئەل بولۇپ شەھەرنى تاپشۇرۇپتۇ.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى.

— ئەمىر سۇلتانشاھ بارلاس بىلەن مىرزا ئابدۇللا كۆرەگان-

نىڭ ئىلغارلىرىچۇ؟
— ئۇلار خانزادىنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپتۇ. ئىلغارلار پۈتۈنلەي ئەسىرگە چۈشۈپتۇ، سەركەردىلەردىن خەۋەر يوق.
مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تامىقى قۇرۇپ كەتتى. قان تولغان كۆزلىرى ھازىرلا بىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغاندەك چەكچەيدى. خاننىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن ئەمىرلەر ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن غال - غال تىترەشتى. مىرزا ئىبراھىم بەگ يەنە دۇدۇقلىدى:
— ئەمىر سۇلتان جاندار جانابلىرى ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىش ھەققىدە ئالىيلىرىدىن پەرمان كۈتۈۋاتىدۇ.
— كىم سىلىنى ئاساسلىق قوشۇننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن دېدى؟
مىرزا ئىبراھىم بەگنىڭ چېكىسىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقتى، مىڭ تەستە تىلىنى چايناپ جاۋاب بەردى:
— ئەمدى شۇ... لەشكىرىي دىۋاننىڭ باش ئەمىرى بولغاندىكىن... پەرمانبەردارلىق قىلدىم...
مىرزا ئۇلۇغبەگ غەزىپىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋالدى.
«مەن كىمگە، نېمىگە غەزەپلىنىمەن؟ كېش قەلئەسىنى ئۇرۇشسىز تاپشۇرغان توخۇ يۈرەك ئەمىر مىرزا كامالىدىنغىمۇ؟ بۆكتۈرمىگە چۈشۈپ قالغان ئەمىر سۇلتانشاھ بارلاس بىلەن كۆيۈ ئوغلۇم مىرزا ئابدۇللا كۆرەگانغىمۇ؟ جەڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلىيەلمەي پەرمان كۈتۈشكە مەجبۇر بولغان ئەمىر سۇلتان جاندارغىمۇ ياكى ئىلكىدىكى ئاساسىي قوشۇننى مېنىڭ پەرمانىمسىزلا ئەمىر سۇلتان جاندارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن مىرزا ئىبراھىم بەگكىمۇ؟ بۇ ئاقىۋەتنىڭ سەۋەبكارى كىم؟ ئەلۋەتتە سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، ئەتىۋارلىغان، رايىغا بارغان، نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى باغلىغان جىگىرىم، بەختىيار خانزادەم. ئاشۇ كۈنى مەدرىسە، رەسەتخانىدىكى سۆيۈملۈك ئۆلىمالار بىلەن دىدارلىشىۋېلىشنى خىيال قىلمىغان بولسام ئىلغار قوشۇن بىلەن بىللە ماڭغان بولات-

تىم، ئول چاغدا بەلكىم بۇ مەغلۇبىيەت يۈز بەرمەس بولغىيتتى. قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ھۆكۈمى شۇنداق ئوخشايدۇ. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، سالماق بولاي. جەڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ھەققىدە باش قاتۇراي. ئورۇنسىز غەزەپتىن ھېچنېمە ھاسىل بولماس. غەزەپ ئەقىلنى كېسۇر...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ۋەھىمە ئىلكىدە تۇرۇشقان ئەمىرلىرىگە قارىدى. كىچىك خانزادىسى ئابدۇلئەزىزخاننىڭ كۆزلىرىدىكى ۋەھىمىنى كۆرۈپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى.

«ئىسسىت، يىگىت بولدى دەپ سۆيۈنگىنىم. كونىلارنىڭ باغلاقتا ئۆگەنگەن ئىت ئوۋغا يارىمايدۇ، دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ئەسلىدە ئۇنى يېنىمدا تۇرغۇزۇۋالماي، بىرەر ۋىلايەتكە ئەمىر قىلىپ ئەۋەتىۋەتسەم بوپتىكەن. ھېچ بولمىسا مۇشۇنداق پەيتتە تىترەپ ئولتۇرمايدىغان بولار ئىدى...»

— قېنى خوش، جاي ئالسۇنلار، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ سەركەردىلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ.

— پاناھگاھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر.

ئەمىرلەر ئالمان ـ تالمان جاي ئېلىشتى.

— ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىشتىلا. ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟

سەركەردىلەر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي باشلىرىنى تونلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشتى. ۋەھىمە ئىلكىدە تۇرۇشقان بۇ ئەمىرلەرنىڭ كاللىسى شۇ تاپتا قۇپقۇرۇق ئىدى.

— يەنىلا قىبلىگاھىمىزنىڭ ئويىنى بىلىپ باقساق، — دېدى شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن.

— خانزادىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەدەپلەش كېرەك! — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ كەسكىنلىك بىلەن.

— ئىنشائاللاھ، پەرۋەردىگارىم مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزگەي، — دېدى شەيخۇلئىسلام ئېھتىيات بىلەن سۆزلەپ، —

بىراق خانزادىنىڭ قولىدا ھازىر قىرىق مىڭ لەشكەر بار ئالىيلىد-
رى. كېيش قەلئەسىنى ئېلىپ، ئەمىر سۇلتانشاھ بارلاس بىلەن
مىرزا ئابدۇللا كۆرەگاننى پىستىرمىغا دەسسىتىپ يۈرىكى تېخىد-
مۇ يوغىناپ كەتتى. شول تاپتا خانزادە بەجايىكى قۇترىغان كەل-
كۈنگە ئوخشايدۇ...

— خوش، ئۆزىمىزنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرماقچىمۇ سىلى؟

مىرزا ئۇلۇغبەگ شەيخۇلئىسلامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ نەشتەر-
دەك تىكىلدى. قورقۇپ كەتكەن شەيخۇلئىسلام كىرپىدەك تۈگۈلۈپ
كەتتى.

— يوقسۇ، زىنھار ئۇنداق مۇددىئايىم يوقتۇر، — دېدى
شەيخۇلئىسلام دۇدۇقلاپ، — جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ باھادىرلىق
ئۇرغۇپ تۇرغان سىماسى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزگە ھەسسىد-
لەپ كۈچ ـ جاسارەت بېغىشلىغۇسى. ئەمماكى لەشكەرلىرىمىز
ئاز، كۆپ ياۋنى توسۇش ئۈچۈن يەنىلا سەمەرقەنت قەلئەسىگە تايى-
نىش كېرەك. چۈنكى، قەلئەنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم، ئاۋام ـ
رەئىيەت ئالىيلىرىغا سادىق.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئويلىنىپ قالدى. لەشكىرىي كۈچ جەھەتتە
ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. مۇ-
شۇنداق پەيتتە قۇترىغان كۈچلۈك ياۋنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ
قىلىش قارامىلىق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. لېكىن ئوغ-
لى بىلەن رەسمىي ئۇچراشماي تۇرۇپ شەھەرگە چېكىنىشكە غۇ-
رۇرى يول قويمايۋاتاتتى.

— يەنە قايسىڭلارنىڭ مەسلىھەتى بار؟ — سورىدى ئىككى
تايىن بولۇپ قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ.

— ئەڭ ياخشىسى ئاستانىگە قايتايلى، — دېدى باياتىن بېرى
ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ئابدۇلئەزىزخان دادىسىغا جۈرئەتسىز-
لىك بىلەن قاراپ، — شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى توغرا دەيدۇ،
ئاستانىنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم، مۇداپىئەگە ئەپلىك.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىغا ئېچىنىش نەزەرى بىلەن قارىدى.

ئۇ ئوغلىدىن بۇ جاۋابنى كۈتمىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ مەدەتكە، رىغ-
بەتكە تەشنا ئىدى. ئوغلىنىڭ ئۆزى تەرەپتە تۇرۇشىنى، ئاكىسى
بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىدىغان تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى
نامايان قىلىشىنى تولىمۇ خالايتتى. ئۇ نومۇس تۇيغۇسىدىن سەر-
كەردىلەرنىڭ ئالدىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۆز يۈرەك
پارىسى جان قايغۇسىدا بۇنداق توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ تۇرسا،
باشقىلارنى جەڭگە زورلاشقا قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ماقۇل،
ئۇلار پەرمانىنى يىرالماي جەڭگە چۈشتىمۇ دەيلى، لېكىن جەڭدە
جاسارەت كۆرسىتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق جەڭنى قىلغاندىن
قىلمىغان ياخشى. تەقدىر مىرزا ئۇلۇغبەگنى مازاق قىلىۋاتامدى-
غاندۇ ـ ھە!؟ بىر ئوغلى ئەجەل قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتىد-
دۇ، يەنە بىر ئوغلى بولسا دادىسىنى ئاشۇ ئەجەل قىلىچىدىن قوغ-
دىماقتا يوق، جان قايغۇسىدا قېلىۋاتىدۇ.

— بوپتۇ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇلۇغ ـ كىچىك تى-
نىپ، — ئارقىمىزغا يانساق يانايلى. ئەمىر سۇلتان جاندارغا خە-
ۋەر بېرىڭلار، خانزادىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسقاچ چېكىن-
سۇن.

※ ※ ※

مىرزا ئۇلۇغبەگ سەمەرقەنتتىن قانداق دېلىغۇللۇق ئىلكىدە
لەشكەر تارتىپ چىققان بولسا، بۈگۈن ئۇنىڭدىن بەتتەر دېلىغۇل-
لۇقتا قايتىۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇچراشماي تۇرۇپلا
كەينىگە يانغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ۋۇجۇدىنى خورلۇق تۇيغۇلىرى
چۇلغىۋالغانىدى.

«نېمىشقا كەينىمگە ياندىم ـ ھە، ئاشۇ ئوغلۇمدىن قورقۇپ-
مۇ؟ تاجۇ تەختنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنمۇ؟ سەركەردە ـ لەشكەر-
لەر ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن چوقۇم ئىچىدە مازاق قىلى-
شىۋاتىدۇ. تەختتە ئولتۇرسا جاھاننى تىترىتىپ سۆزلەيدىغان

www.uyghurkitap.com

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپلا توشقاندەك قىپ-چىۋاتىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمىدى. نېمىشقا سۆزۈمدىن قايتىمەن؟ ھېچ بولمىسا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوغلۇمنىڭ ئالدىنى توسۇسام، ئۇنىڭ ئاشۇ ناشۇكۇر، بېتەۋپىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىسام بولمامدۇ؟ يا ئۆلۈم ـ يا كۆرۈم دەپ قىلىچ يالىڭاچلاپ جەڭگە چۈشسەم بولمامدۇ؟ غەلىبە ـ نۇسرەت لەشكەرلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەنمەيتتى ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ نېسىپ قىلسا غەلىبە ـ نۇسرەتكە يۈزلىنىپ قالاتتىم. نېسىپ قىلمىسا ئاشۇ ئاسىي پەرزەنتىمنىڭ قولىدا جان بەرسەممۇ مەيلىتى ئەمەسمۇ؟ ئاھ، ئاشۇ باھادىرلىق جاسارىتىم نەگە كەتتى مېنىڭ؟ ئۆز پەرزەنتىمدىن ۋاپا كەلمىگەن بۇ ئالتە كۈنلۈك دۇنياغا نېمانچە تارتىشىمەن؟ نېمىشقا مەردلىك بىلەن ئۆلۈمگە يۈزلەنمەيمەن؟ شۇنچىلىك قورقۇنچاق بولۇپ كەتتىممۇ ئەمدى؟...»

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆزىنى ئاشۇنداق ئەيىبلىگىنى بىلەن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى كەينىگە بۇرىغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. ئاستىدىكى ئېسىل ئارغىمقى نېمە ئۈچۈندۇر سەمەرقەنت تەرەپكە بەكرەك يۈگۈرەيتتى، گويا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چۇلۋۇرنى تارتىپ بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىشىدىن ئەنسىرىگەندەك.

تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى باغلار بىلەن قورشالغان كۆجۈم مەھەللىلەرگە كىرىشى بىلەن يول بويلىرىدا، ئىشىك ئالدىلىرىدا گۇمانسىراپ، ھودۇقۇپ، تەشۋىشلىنىپ قارىشىپ تۇرغان دېھقانلارنى كۆرۈپ مىرزا ئۇلۇغبەگ نومۇستىن قورۇنۇپ كەتتى، پۇشايمانلىق تۇيغۇلىرى ھەسسىلەپ ئاشتى. بىراق ئاتنىڭ بېشىنى ئەمدى كەينىگە بۇراش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«بوپتۇ، شەھەرنى مۇستەھكەم مۇھاپىزەت قىلىپ، باستۇرۇپ كەلگەن خانزادە بىلەن ئىككى ئېغىز سۆزلىشىپ باقاي. ئىنسابقا كېلىپ سۈلھىگە ئۇناپ قالسا ئەجەب ئەمەس. پەقەت بولمىسا بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن. تەقدىردىن بىبۇيرۇق قىل تەۋرى-

مەس...»

شەھەرگە يېقىنلاپ قالغىنىنى ھېس قىلغان مىرزا ئۇلۇغ-بەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدى تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. ئۆزىنىڭ نامىدا بىنا قىلىنغان مىرزا مەدرىسەسىنىڭ ھاۋارەڭ گۈمبىزى، تۆت قەۋەتلىك كۆكسارايىنىڭ تىللارەڭ بوياقلىرى، گۆر ئەمىر مەقبەرىسىنىڭ كۆككە بوي سوزغان ھەيۋەتلىك مۇنارى غىل - پال كۆرۈندى.

— باباھۇسەيىن بەگ!

خانىنىڭ ئارقىسىدا خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان نۆكەر بېشى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— لەببەي قىبلىگاھىم!

— دەرھال بېرىپ شەھەر ھاكىمى مىرانشاھ دورغىغا پەرمانىمنى يەتكۈزسىلە. بارلىق ئەمىرلەر كۆكسارايغا جەم بولۇپ تۇرغاي!

— باش ئۈستىگە!

نۆكەر بېشى بابا ھۇسەيىن ئون نەچچە نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە قاراپ ئوقتەك چېپىپ كەتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ نېمە ئۈچۈندۇر يورغىسى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتقان ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ - تارتىپ قويدى.

«ئالدىرىماسلىق كېرەك، ئاۋام - رەئىيەت مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغلىدىن قورقۇپ قېچىپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ۋەھىمىدە قالمىسۇن...»

قۇياش ئۇرگۇت تاغلىرىنىڭ نەيزە ئۇچىدەك چوققىلىرىدا ئاجىز جۇلالايتتى. زاۋال چۈشەي دەپ قالغانىدى. مىرزا ئۇلۇغ-بەگنىڭ ئېتىنىڭ قەدىمى ئاستىلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن باشقا سەركەردىلەرمۇ ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى. دادىسىنىڭ ئېتىنىڭ ئاستىلاپ قالغىنىدىن ئىچى پۇشقان خانزادە ئابدۇلئەزىزخان نارازىلىقىنى يوشۇرۇپ دادىسىنىڭ چىرايىغا ئوغ-رىلىقچە نەزەر تاشلايتتى. بىر ھەپتىدىن بېرى ھېلى ئالدىغا، ھې-

لى كەينىگە مىڭىپ، ماڭغاندىمۇ تۇزۇك توختىماي يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن، بەللىرى تالغان، كاسىلىرى ئۇيۇشۇپ سەزمەس بولۇپ قالغانىدى. ھەپتىدىن بېرى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاتتىن چۈشمەي مېڭىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەگىشىپ بىللە كېلىۋاتقان ئوغلى شاھ مەيىگە چىقىۋېلىشقا پېتىنالمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھەرىمىدىكى يۇمشاق ماممۇق تۆشەك، بىلىقتەك توقال، مۇزدەك شاراب كۆرۈنۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئىلاجسىز تۇكۇرۇكىنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئاردىن بىر چۈگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە ئالدى تەرەپتىن قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. ھايال ئۆتمەي توپا ـ تۇمان ئارىسىدىن بابا ھۈسەيىن بەگنىڭ تەمبەل، بەقۇۋۋەت گەۋدىسى كۆرۈندى. يېقىنلىشىشقا ئەگىشىپ سۆيۈملۈك مەھرەمنىڭ كۆزلىرىدىكى تەشۋىرلىگۈسىز بىر نارازىلىقنى، ئاچچىق غەزەپنى سەزگەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى.

— مەلۇم بولغاي! — دېدى تەرلەپ كەتكەن بابا ھۈسەيىن بەگ.

— سۆزلە!

كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئاۋازى تولدىمۇ ئاجىز چىقتى.

— شەھەرگە كىرگۈزۈشمىدى، دەرۋازىلارنى تاقىۋاپتۇ.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن ئوت مېڭىسىدىن چىقتى. بېشى قايغاندەك بولدى، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئېگەرنىڭ قوشبېشىنى تۇتۇۋالدى. تىلى قېتىپ قالغاندەك بولۇپ بىر ھازا گەپكە كەلمىدى.

— پەرۋەردىگارى ئالەم ئۆزۈڭ بار، — ئاجىز ئىڭرىدى شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يەنە گەپ سوراپ ئولتۇرۇشقا ھەپسىلىسى قالمىغانىدى. ئىتتىغا جان ـ جەھلى بىلەن قامچا سالدى. باياتىن بېرى تىزگىنى تارتىلىپ ئىختىيارى ماڭالمىغان ئارغىماق

تۆيۇقسىز تەگكەن قامچىدىن دىڭگىدە چۆچۈدى ـ دە، ئۇقتەك چىپ-
پىپ كەتتى. باشقىلارمۇ دەرھال ئاتلىرىغا قامچا سىلىشتى. شۇ
تاپتا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. تەپەك-
كۇرى، تۇيغۇلىرى تورمۇزلىنىپ قالغانىدى. ئالدىنى توسۇشقا پې-
تىنغان ھەرقانداق نەرسىنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىشتىن ياند-
مايتتى. ئات جان ـ جەھلى بىلەن چاپاتتى. لىپمۇلىپ سۇ قا-
چىلانغان خەندەكنىڭ لېۋىگە كەلگەندە ئاتنىڭ تىزگىنىنى جان ـ
جەھلى بىلەن تارتتى. ئات خەندەكنىڭ لېۋىگە كېلىپ توختىدى.
ئاسما كۆۋرۈكى كۆتۈرۈۋېتىلگەن خەندەك كىشىگە ئاغزىنى يوغان
ئېچىپ تۇرغان ئەجدىھانى ئەسلىتەتتى. ئاسما كۆۋرۈكنىڭ نېرد-
سىدىكى قۇيما تۆمۈر دەرۋازا مەڭگۈ ئېچىلمايدىغاندەك مەھكەم تا-
قالغانىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ تاقەتسىزلىنىپ دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى
كۆزەتخانىغا قارىدى. خاھ كۆزەتخانىدا، خاھى سېپىلدا لەشكەرلەر
كۆرۈنمەيتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئاچ دەرۋازىنى!

دەرۋازا تەرەپتىن سادا چىقمىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگەن نۆكەر
بېشى باباھۇسەيىن بەگكە ۋە باشقا سەركەردىلىرىگە قارىدى.

— سېپىلغا چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىڭلار!

نۆكەرلەر خەندەكتىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ دەرۋازىغا يېقىنلاشتى.
شۇ ھامان نۆكەرلەرنىڭ بېشىغا تاش ـ داڭگاللار يېغىشقا باشلىد-
دى. دەرۋازا تۆۋىدە بىرقانچە نۆكەرنىڭ ئۆلۈكى قالدى. قالغانلار
چېكىندى. دەرۋازا ئۈستىدە لەشكەر پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن
مىرزا ئۇلۇغبەگ يەنە ۋارقىرىدى:

— دەرۋازىنى ئاچ دەيمەن مۇناپىق!

لەشكەرلەر جاۋاب بەرمەي ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.
ئۇلارنىڭ كىمدۇر بىرىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقاند-
لىقى ئېنىق ئىدى. كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيد-

www.uygurkitap.com

لىشقا باشلىغان بولغاچقا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالدىراپ قالغانىدى. سەركەردە ـ نۆكەرلىرىگە دەرۋازىنى ئېچىشقا يەنە بۇيرۇق بەردى. لېكىن خەندەكتىن ئۆتۈپ دەرۋازىغا يامىششقا باشلىغان نۆكەرلەر ئىلگىرىكىدىن قاتتىقراق ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. شۇ ئەسنادا دەرۋازا ئۈستىدىكى كۆزەتخانىدىن بىراۋنىڭ كانايدا توۋلىغان بوم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بىھۇدە ئاۋارە بولمىغايلا ئالىيلىرى، كۇپۇر قەدەملىرىدىن پاكلانغان سەمەرقەنت شەھىرى ھازىر پەرىشتە ماكانىدۇر. ئەمدى دەھرىيلەرگە ئورۇن يوقتۇر. پەرۋەردىگاردىن گۇناھلىرىنى تىلەپ تۆۋە ـ ئىستىغپار ئەيلىسۇنلار.

«دەرۋازىنى تاقىۋالغانلار لەشكەرلەرمىدۇ ياكى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ سوپى ـ دەرۋىشلىرىمىدۇر؟ ساتقىن ناكەسلەر، خائىنلىق قىلىپتۇ ـ دە...»

— مىرانشاھ دورغا بىلەن مىرزا ئەبۇسەئىد كۆرەگاننى چاقىر بەتبەخت!

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئاۋازى قىسىلىپ چىقتى. دەرۋازا ئۈستىدىن ھېلىقى مۇدھىش ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

— ئەمىر مىرانشاھ دورغا جانابلىرى ھازىر پىر ـ بۇزرۇك كارامەتلىك ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ دەرگاھىدا. ئۇنىڭ دەھرى شاھنى كۆرەر كۆزى يوق. مىرزا ئەبۇسەئىد كۆرەگان زىنداندا، قاناتلىرى بوغقۇچلانغان.

مىرزا ئۇلۇغبەگ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئاز كەم قىرىق يىل مابەينىدە ئۆزى ئۇچۇن ھەرقاچان داغدام ئېچىلىپ تۇرغان دەرۋازىنىڭ ھالا بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە يۈزسىزلىك بىلەن تاقىۋېلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۇرۇپ باقمىغانىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق دەۋران سۈرۈپ ياشايمەن، ھېچكىم يولۇمنى توسۇشقا، ئالدىمدا توغرا تۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بۇ ئاشۇ كۇپىرانە خىياللىرىنىڭ بەدىلى ئەمەسمىكىن؟ بۇ ئالتە كۈنلۈك قونالغۇنىڭ مەڭگۈلۈك باقىۋەندە بولمايدىغانلىقىنى نېمىشقا

ئۆيلىمىغان بولغىيتتى؟ ئۇنىڭمۇ ھۆكۈمى ئۆتمەيدىغان، بىئىلاج-
لىقتا بويۇن قىسىپ قالىدىغان كۈنلىرى بولىدىكەن ـ ھە! ئەمدى
قانداق قىلسا بولۇر؟ شەھەر دەرۋازىسى تاقالدى. ئارقىسىدىن ئوغ-
لى قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. قېشىد-
دىكى ئازغىنە نۆكەرلىرى بىر قېتىملىق جەڭگىمۇ يارىمايدۇ.

— مەلۇم بولغاي!

ئاساسلىق قوشۇنغا پەرمان يەتكۈزگىلى كەتكەن چاپارمەن
ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خى-
يالىنى بۆلۈۋەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ قەلبىدىكى غەزەپ، ۋەھىمى-
لەر بېسىلىپ خېلىلا تەمكىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاپارمەنگە
سالماق نەزەرى بىلەن قارىدى:

— سۆزلە!

— ئەمىر سۇلتان جاندار خانزادىگە تەسلىم بولۇپتۇ، ھازىر
خانزادىنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ شەھەرگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمدى قىلچىلىك ئالاقزادە بولمىدى. ئە-
مىر سۇلتان جاندارنىڭمۇ ساتقىنلىق قىلىدىغانلىقىنى ئالدىقاچان
پەرەز قىلىپ بولغاندەك قىلاتتى، ئەمما ئوي ـ خىياللىرى تىنچ-
سىز ئىدى.

شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىن تىپىرلاپ
كەتتى. كىچىك خانزادە ئابدۇلئەزىزخان بولسا مۇردىدەك قېتىپ
قالغانىدى.

— سەمەرقەنتنى تاشلاپ ئەندىجان، تاشكەنت تەرەپكە كېتەي-
لى ئالىيلىرى. ئۇ يەردە ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر بار...

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نەشتەردەك تىكىلىشلىرىگە بەرداشلىق
بېرەلمىگەن شەيخۇلئىسلام گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمى-
دى.

— قايسى ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى دەيدىلا ھەز-
رىتىم؟ — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ
تۇرۇپ، — مېنى بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە رەسۋايى ئەزىم بولسۇن دەمدىلا؟

www.uyghurkitap.com

بەس، يېتەر ئەمدى!

ئارىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. تۈن پەردىسى يېيىلغان بولۇپ، كۆكتە ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. مىرزا ئۇلۇغ بەگ يۇلتۇزلارغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇردى، لېكىن بىرمۇ يۇلتۇزنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ نەزەرىنى ئەتراپىدا دۈگدىيىپ تۇرۇشقان سەركەردىلەرگە يۆتكىدى.

ــ سىلى، ــ دېدى ئۇ مىرزا ئىبراھىم بەگكە قاراپ، ــ دەرھال ئارقىلىرىغا يېنىپ، خانزادىگە پەدەرلىرى سىلىگە باش ئەگدى، دەپ سۆزۈمنى يەتكۈزسىلە، باشلاپ كەلگەن قىرىق مىڭ لەشكىرىنى يۇرۇشتىن توختىتىپ، نۆكەرلىرى بىلەن كەلگەي. ئۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرنى كۆرسە ئاۋام ـ رەئىيەت ۋەھىمىدە قالدۇ. ئەل ـ يۇرتقا خاتىرجەملىك بېرىپ، مېنى نېمە قىلسا ئىختىيارى.

مىرزا ئىبراھىم بەگ خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋەردى.

ــ نېمە، سىلىمۇ ھۆكۈمىمگە سەركەشلىك قىلماقچىمۇ؟

چۆچۈپ ئېسىنى يىغقان مىرزا ئىبراھىم بەگ دەرھال قول باغلىدى:

ــ يوقسۇ قىبلىگاھىم!

ــ دەرھال ماڭسۇنلار!

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىغان مىرزا ئىبراھىم بەگنى توختىتىۋالدى. بېلىدىن بوۋىسى ئەمىر تۆمۈردىن مىراس قالغان، دەستىسىگە ئالماس، جاۋاھىراتلاردىن كۆز قويۇلغان زۇلپىقارى بىلەن ئالتۇن توقىلىق قاشتېشى كەمەرنى يېشىپ ئېلىپ تەڭلىدى.

ــ گۇمانخور خانزادە سۆزۈمگە ئىشەنمەي قالمىسۇن يەنە، ئىسپات ئۈچۈن بۇنى ئېلىۋالسىلا.

شەيخۇلئىسلام بۇرھانىددىننىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

— بۇنچە ئالدىراپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكلىرى كېرەك ئىدى ئالىيلىرى.

— بولدى، ئەمدى نەسىھەت قىلمىسۇنلار، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ قەتئىيلىك بىلەن، — يۇرۇڭلار، خانزادىنى شاھرۇخىيە قەلئەسىدە ساقلايلى.

※ ※ ※

شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بۈيۈك دانىشمىنى، شەۋكەتلىك ھۆكۈمدارى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قىرىق يىللىق سەلتەنەتى ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن ئاخىرلاشتۇرۇلدى. سەمەرقەنت شەھىرىگە قارشىلىقسىزلا دەبدەبە بىلەن كىرىشكە مۇشەررەپ بولغان خانزادە ئابدۇللەتىپخان دادىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنى شاھرۇخىيە قەلئەسىدىن تۇتۇپ ئەپكېلىپ نەزەربەند قىلدى، لېكىن دادىسى بىلەن كۆرۈشمىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆرۈشۈش تەلىپىنى رەت قىلدى. توخۇ يۈرەك ئوغۇل دادىسى بىلەن كۆرۈشۈشتىن، كۆزىگە قاراشتىن قورقتى. پىر ـ ئۇستازى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى شىپى كەلتۈرۈپ مەددەت بېرىشى بىلەن، مىرزا ئۇلۇغبەگنى ھەج قىلدۇرۇش باھانىسى بىلەن سەمەرقەنتتىن مەجبۇرىي ھەيدەپ چىقىرىپ، سەييد ئابباس ئىسىملىك جاللاتقا مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ سەمەرقەنت بىلەن ھىرات ئارىلىقىدىكى يولدا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. شەۋكەتلىك ھۆكۈمدار، يېتۈك ئالىمنىڭ ھايات شامى ئەنە ئاشۇنداق قەدىرسىز ئۆچۈرۈۋېتىلدى.

مۆرىتى كەلگەندە شۇنىمۇ قەيت قىلىش كېرەككى، ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن تۇزكور ئوغۇل — خانزادە ئابدۇللەتىپخانغا سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇش ئانچە ئۇزاق نېسىپ بولمىدى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نۆكەر بېشى، سۆيۈملۈك مەھرىمى بابا ھۇسەيىنبەگ، پاسىبانىنىڭ قىساسىنى ئې-

لىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرىپ ئابدۇللەتىپخاننى ئۆلتۈرۈپ، كاللى-
سىنى بارلىق ئاتا قاتىللىرى، ئىلىم دۈشمەنلىرىگە ئىبرەت قى-
لىش ئۈچۈن سەمەرقەنتتىكى مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسەسىنىڭ
دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدى.

49

مىلادىيە 1451 ـ يىلى، ئاقسۇ، باش كۈز.

تاشكەنت، تۈركىستان يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان سۇلتان ئىسان بۇغاخان لەشكىرىي ئىلىم، جەڭبازلىق ماھارىتىگە باشقىچە ھەۋەس قىلىپ قالغانىدى. ھەئە، ئۇ سەييىدئەلى ئالپ قا-تارلىق پېشقەدەم سەركەردىلىرىدىن لەشكىرىي تەدبىر، جەڭ سېپى تۈزۈش، يەر شەكلىگە قاراپ قارارگاھ ئورۇنلاشتۇرۇش... قاتارلىق بىلىملەردىن پات ـ پات ساۋاق ئېلىپ تۇرغاندىن سىرت، شاھلىق كىبىرىنى تاشلاپ لەشكىرىي دىۋاننىڭ مەشقاۋۇللىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، كاماندازلىق، چەۋەندازلىق.. قاتارلىق جەڭ ماھارىتىنى كۆڭۈل قويۇپ مەشىق قىلدى. ھەر قې-تىم ھېرىپ قېلىپ مەشىقتىن رايى قايتقاندا تۈركىستان يۈرۈ-شىدە ئۇچرىشىپ قالغان خانىش دۆلەتسۇلتان مەلىكىنىڭ خانزادە يۇنۇسخاننى نەزەردە تۇتۇپ «ئول بەختى قارا پەرزەنتىمىز ھامان بىر كۈنى ئۆز تاجۇ تەختىنى قولىغا ئالىدۇ» دېگەن سۆزلىرى قۇ-لىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى ـ دە، ھارغىنىنى ئۇنتۇپ، قايتىدىن ما-ھارەت مەشىق قىلىشقا كىرىشەتتى. گويا ئاكىسى يۇنۇسخان ھا-زىرلا لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئۆزىدىن تەخت ـ سەلتەنەتنى تار-تىۋالىدىغاندەك جىددىيلىشەتتى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بارغان-سېرى ياشىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئوردىدا ئۇنىڭدەك ئۆزىگە كۆ-

يۈنىدىغان تەدبىرلىك، ئىشەنچلىك باھادىر سەركەردىسىنىڭ كەمـلىكىنى، تەخت ـ سەلتەنەتنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە تايانمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئاكىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى تاجۇ تەخت دەۋاسى قىلىپ لەشكەر تارتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئىلگىرىكىدەك ھە دېسە ھەرەمـدىن چىقمايدىغان، كۈنلىرىنى بەزمە ـ شاراب، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ، كۈندە دېگۈدەك ئوردىغا چىقىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ بېجىرىۋاتقانلىقىـنى، ئەمىرلەرگە بابباراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى بىللە كېڭىشىپ ھەل قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى، لەشكىرىي ئىلىم، جەڭبازلىق ماھارىتى ئىگىلەشكە ھەۋەس بىلەن كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سەييىدئەلى ئالپ خېلىلا خاـتىرجەم بولدى. بۇ ئارىلىقتا سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ بارلىق ۋىلايەت ـ شەھەرلەرنى تولۇق بىر قېتىم ئارىلاپ، ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئايماقلارنىڭ ئەـمىر ـ بەگلىرىدىن تارتىپ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاددىي خەلققىـچە ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئەرز ـ دادىنى ئاڭلىدى. زومىگەر، خىيانەتچى ئەـمەلدارلارنى جازالاپ، خەلقنىڭ دەردى ـ ھالىغا يەتتى. ئوردا خەـزىنىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئىلى، كۆنچى، تارىم، ياركەنت، يۇـرۇڭقاش دەريالىرىنى مەركەز قىلغان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىـنى رېمونت قىلدۇردى. يېڭىدىن كۆۋرۈك، توما ـ تاقاق، توغان ياساتتى. ئامبار، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى چاپقۇزدى. خەلقنى بىنەم ئېچىشقا، باغ بىنا قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. شەھەرلەرنى مەركەز قىلىپ مەدرىسە، ئوقۇل، شىپاخانا بىنا قىلغۇزدى. ئىككى يىل ئىچىدە باج ـ سېلىقلىرى يەڭگىللەپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ خېلىلا ئاسايىشلىقتا يۈزلەنگەن خەلق ئۇنىڭغا «ئادالەتلىك پادىـشاھ» دەپ نام قويۇشتى. مەسچىت ـ مەسچىتلەردە ئۇنىڭ ھەققىـ

گە، ئۆمرىگە دۇئا قىلىشتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەل ئارىلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەيىيدئەلى ئالىپ ئۇنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، تېخىمۇ پىششىپ ۋايىغا يېتىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن ئوردىدا تۇرۇۋالماسلىقنى قارار قىلدى ـ دە، يىگىتلىك مەۋسۇمىغا قەدەم قويغان ئىككى ئەمىرزادىسىنى ــ سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ پەرۋىش قىلىشىغا تاپشۇرۇپ قەشقەرگە كەتتى.

بۇگۈن سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئاقسۇ دەرياسى بويىدىكى يايلاقتا ئات ئۈستىدە كاماندازلىق قىلىش ماھارىتىنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. مىڭغا يېقىن خاس نۆكەر مەشىق مەيدانىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. مەيداندا ماھارەت مەشىق قىلىۋاتقانلاردىن سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ بار ئىدى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەككىز ياشلىق ئوغلى خانزادە دوستمۇھەممەدخاننىمۇ بىللە ئېلىۋالغان بولۇپ، ھېلىراقتا ئاتتىن بىر قېتىم يىقىلىپ چۈشۈپ قورقۇپ كەتكەن خانزادە ئاتقا مىنگىلى ئۇنىماي يىغلاۋاتاتتى.

ــ قورقمىسىلا خانزادەم، مەن سىلىنى تۇتۇپ ئولتۇراي، ــ دېدى سانىز مىرزا ئېگەردىن چۈشۈشكە يۇلقۇنۇۋاتقان دوستمۇھەممەدخاننى بەزلەپ.

ــ كارىلىرى بولمىسۇن ئەمىرزادەم، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان سانىز مىرزىغا، ــ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ. ھازىردىن باشلاپ چەۋەندازلىقنى ئۆگەنمىسە كېيىن بوشاڭ ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

ــ ئارى، ئالىھەزرىتىم راست ئېيتىدۇ، ــ دېدى پېشقەدەم مەشقاۋۇل ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، ــ ئات مىنەلمىگەن ئەر ئەر ئەمەس، دەپتىكەن ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز. خانزادەم ئاتقا ئۆزى يالغۇز مىنگەي، سىلى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىۋېلىپ بىللە چاپسىلا.

— ئۇستازنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ ئوغلۇم؟ — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان تېخىچە دومسىيىپ تۇرغان ئوغلى دوستمۇھەممەدخانغا قاراپ، — ھەقىقىي يىگىت بولىمەن دەيدىكەنلا، ئاگال ئات مىنىشنى ئۆگىنىشلىرى كېرەك. ئەنسىرىمىسىلە، سانىز مىرزا ئاغىلىرى ئۆزلە بىلەن بىللە ماڭىدۇ. ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرنى تۇتۇۋېلىپ تېز چاپقىلى قويمايدۇ، يىقىلىپ چۈشسىلە تۇتۇۋالىدۇ. ئۆزلە مىنگەن بۇ ئات بەك ياۋاش، سىلىق ماڭىدۇ، ھەرگىز يىقىلىپ چۈشمەيدىلا، مەيداننى بىر ئايلىنىپ كەلسىلە بولدى قىلىمىز.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سانىز مىرزىنى مېڭىشقا شەرەتلىدى.

— مەن خانزادىنى يەنە بىر تەرەپتىن قورۇقداپ ماڭاي، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

ئىسان بۇغاخان ئىجازەت بېرىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئاكا ـ ئۇكا ئەمىرزادىلەر ئاتلىرىغا لىككىدە مىنىشتى ـ دە، خانزادە دوستمۇھەممەدخاننى ئارىغا ئېلىپ، ئاتلىرىنى ئاستا يورغىغا سالدى، كېيىن بارا ـ بارا ئىتتىكلەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇلار قىزىق پاراڭ سېلىپ خانزادىنىڭ دىققىتىنى بۇردى. پاراڭ بىلەن بولۇپ خانزادىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بايامقى قورقۇش تۇيغۇلىرى تارقاپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئاستىدىكى ئاتنىڭ ئىتتىكلەپ كەتكەنىنى تۇيمايلا قالدى. ئىككى ئەمىرزادىنىڭ تەدبىرىگە قايىل بولغان سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك ئىپادىلىرى جىلۋە قىلدى.

مەيداننى بىر ئايلىنىپ كەلگەن خانزادىنىڭ ئەمدى ئاتتىن چۈشكىسى كەلمەي قالغانىدى. بايا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئەمدى بولسا بەختىيارلىق كۈلكىسى، ئات مىنىش ھەۋىسى پارلايتتى.

— يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ كېلەمدۇق ئوغلۇم؟ — دېدى ئىسان بۇغاخان ئوغلىغا ئىچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ.

www.uyghurkitap.com

— ماقۇل، — دېدى دوستمۇھەممەدخان.

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بەسلىشەيلى، قېنى قايسىمىز تېز بېرىپ، يانىمىزكىن؟

— ئاغىلىرىمچۇ؟ — دېدى دوستمۇھەممەدخان ئىككى ئەمىرزادىگە قاراپ.

— ئۇلار تۇرۇپ تۇرغاي، ئاگال ئىككىيلەن بەسلىشەيلى، ئاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بەسلەشسىلە.

— نېمىلەدىن شەرتلىشىمىز؟ — سورىدى دوستمۇھەممەدخان بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ.

— ئەگەر يېڭىۋالسىلا ئاستىلىرىدىكى ئات ئۆزلەنىڭ بولسۇن.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ.

خانزادە دوستمۇھەممەدخان شۇنداق دېگىنىچە ئوڭ قولىنى دادىسىغا ئۇزاتتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان دەرھال ئوغلىنىڭ قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ يەڭگىل سىلاپ قويدى.

سانىز مىرزا ئاتا ـ بالىنىڭ ئاتلىرىنى ياندىش ئەپكېلىپ توختاتقاندىن كېيىن، دوستمۇھەممەدخاننىڭ قولىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— غەيرەت قىلسىلا خانزادەم، ھەرگىز قورقمىسىلا. خان ئاتىلىرىنى يېڭىۋېلىپ، بۇ ئاتنى چوقۇم ئىنئام ئالسىلا.

بىر ياندا تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا «باشلاندى» دەپ ۋارقىرىدى. شۇ ھامان سانىز مىرزا دوستمۇھەممەدخان مىنگەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا يەڭگىل شاپالاپ قويدى. بۇ چاغدا سۇلتان ئىسان بۇغاخان قەستەن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ تۇرۇۋالغانىدى. ئوغلىنىڭ ئېتى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئېتىنى دېۋىتتى ـ دە، ئىككى قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئوغلىغا ئەگەشتى. نۆكەرلەر خانزادىگە مەدەت بېرىپ سۈرەن سېلىشقا باشلىدى.

— غەيرەت قىلسىلا خانزادەم!

— ئاتقا قامچا سالسىلا!

— تېز بولسىلا، خان ئاتىلىرى يېتىشىۋالاي دەپ قالدى!

مەيداننى بىر ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەن خانزادە دوستمۇھەممەدخان قىن ـ قىنىغا پاتماي ۋارقىرىدى:

— ھوي، مەن يېڭىۋالدىم!

ئەتراپتىكىلەر ئۇنى تەبرىكلەشتى:

— مۇبارەك بولسۇن خانزادەم!

— راۋۇرۇس چەۋەنداز بولدىلا!

— ئاتقا مۇبارەك بولسۇن!

ئاتتىن شاققىدە سەكرەپ چۈشكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوغلىنى ئاتتىن كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە مېھرى بىلەن سۆيدى.

— ئۇتۇقلىرى مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم، ئات ئۆزلەنىڭ بولدى.

— بۇندىن كېيىن ئاتنى كۈندە مىنسەم بولامدۇ ئاتا؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ئىسان بۇغاخان، — ئەتكەلدىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلا، ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويىدۇ تېخى.

دوستمۇھەممەدخان ھاياجانلانغان ھالدا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەتكەسى بىلەن نۆكەرلىرى دەمبەسقەدەم ئەگەشتى.

ئوغلىنىڭ كەينىدىن بىر ھازاغىچە ئىچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ تۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان يېنىدا قاراپ تۇرغان سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا قارىدى:

— ئىككى ئەمىرزادەمنىڭ كاماندازلىقتا بەسلىشىشكە رىغبىتى بارمىكىن؟

— ئانھەزرىتىم خالىسا بىز تەييار، — دېيىشتى ئاكا ـ ئۇكىلار ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ.

— لېكىن خانزادىگە يېڭىلىپ بەرگەندەك بىزگىمۇ يېڭىلىپ بېرەرمىكىن دەپ خام خىيال ئەيلەشمىسىلە. ھەقىقىي بەسلىشى-

مىز، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان خىرىلداپ كۈلۈپ.

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ بىزنى بالا قاتارىدا كۆرمىگىنىگە تەسەننا، ــ دېدى سانىز مىرزا، ــ ئۇنداقتا بىزمۇ شەرتلىشىۋالايلى. ناۋادا ئالىيلىرى يېڭىلىپ قالسا بىزگە نېمە ئىنئام قىلىدىكىن؟

ــ قانداق ئىنئام ئالغىلىرى بار ئەمىرزادەم؟

ــ ئىنئام تەلەپ قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، بەرگەن ھەرقانداق ئىنئاملىرىغا رازى بولىمىز، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاكىسىدىن بۇرۇنراق جاۋاب بېرىپ.

ــ ئۇنداق بولسا، ناۋادا مېنى يېڭىۋالساڭلار، ھەر بىرىڭلارغا بىردىن چىرايلىق قىز ئىنئام قىلاي، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ قانداق، بۇ ئەمىرزادىلىرىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىنئام بولغاندۇ؟

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا خىجىل بولۇپ بەقەمدەك قىزاردى. ئەمما خانغا ئەگىشىپ كۈلۈشكە باشلىغان سانىز مىرزىنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتكەندەك قىلاتتى.

ــ ئەجەب گەپ قىلىشمايلىغۇ، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان يىگىتلەر بىلەن چېقىشىپ، ــ ئىنئامنى ئېلىشتىن قورقۇشۇۋاتاملا ـ يا؟

ــ قىبلىگاھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر. ۋەدە قىلغان ئىنئاملىرىنى ئېلىشقا جان ـ جەھلىمىز بىلەن تىرىشىمىز، ــ دېدى سانىز مىرزا، ئاندىن ئىنىسى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى نوقۇدى، ــ قانداق دېدىم ئىنىم؟

ــ ئەدەپسىزلىك قىلمىسىلا ئاغا، ــ دېدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا پىسسىڭىدە كۈلۈپ، ــ بەك قېلىنكەنلا.

ــ قېلىن بولمىسام ئىنىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى قانداق بىلەمەن؟ ــ دېدى سانىز مىرزا.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئاكا ـ ئىنىنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئەتراپىدىكىلەرمۇ قې-

تىلدى.

— ئەمىسە باشلايلى، — دېدى ئىسان بۇغاخان.

ئۇلار ئوقيالىرىنى ئېلىپ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى.

— مەلۇم بولغاي!

ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تەكشۈرۈۋاتقان سۇلتان ئىسان بۇغاخان قول باغلاپ تۇرغان مەھرەمگە قارىدى.

— خوش.

— ئەمىرۇل ئۇمەرا سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرى قەشقەردىن يېتىپ كەلدى.

خەۋەر سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭمۇ، ئىككى ئەمىرزادىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتتى.

— ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرى ھازىر نەدە؟ — سورىدى ئىسان بۇغاخان.

— بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ.

— باشلاپ كەلسۇنلار، — سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئىككى ئەمىرزادىگە قاراپ كۆزىنى قىستى، — ئەپسۇس، بەسلىشەلمەيدىغان بولدۇق. ئىنئام نېسى قالىدىغان بولدى - دە.

— خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدە بولسا ھامان نەقلەشتۇرۇۋالىمىز، — دېدى سانىز مىرزا كۇلۇپ.

ئۇلارنىڭ سەييىدئەلى ئالپ بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە بىر يىل بولاي دەپ قالغانىدى. دادىسىنى سېغىنغان ئىككى ئەمىرزادە بويۇنلىرىنى سوزۇپ يىراققا قاراشتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالپنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن نېرىراقتىكى دۆڭنىڭ ئۇستىگە گىلەم - كۆرپىلەر بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان يېپەك سايىۋەنلىك چاققانغىنە ئارامگاھقا قاراپ ماڭدى. ھايال ئۆتمەي مەھرەملەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن يېتىپ كەلگەن سەييىدئەلى ئالپ قول باغلاپ ئىسان بۇغاخانغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قىبلىگاھىمىزغا ئېھتىرام بولغاي!

www.uyghurkitap.com

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى ئىسان بۇغاخان سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ــ سالامەت كەلدىلىمۇ ئەمىر؟ قېنى، يۇقىرى ئۆتسىلە.

سەييىدئەلى ئالپ كۆرپىگە چىققاندىن كېيىن سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھارمىغايلا قەدىرلىك ئاتا.

ئىككى ئەمىرزادە ئارامگاھنىڭ يېنىغا كېلىپ دادىسىغا سالام بەردى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئوغۇللىرىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ، گەرچە ئاتا ـ باللارنىڭ بىر ـ بىرىنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشكۈسى بولسىمۇ، خاننىڭ ئالدىدا ئەدەپ ساقلاپ جىم تۇرۇشتى.

ــ قېنى، ئىككىلىرىمۇ يۇقىرى ئۆتۈشسىلە، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئىككى ئەمىرزادىنى يېنىغا تەكلىپ قىلىپ.

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر.

ئىككى ئەمىرزادە خانغا چوڭقۇر بىر سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن ئارامگاھنىڭ پەگا تەرىپىگە كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى.

سەييىدئەلى ئالپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ فاتىھە ئوقۇغاندىن كېيىن سۇلتان ئىسان بۇغاخاندىن قايتا ئېھسەنلىك سورىدى. شۇنىڭ بىلەن قوبۇل قىلىش، سالام بېرىش يوسۇنلىرى ئاخىرلاشتى.

ــ ئاستانىگە تەرەپباللا قەدەم كەلتۈرۈپ قىبلىگاھىمىزنىڭ ئارامىنى بۇزۇشۇمنىڭ بائىسى شولكى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئىسان بۇغاخان سورىمىسىمۇ مەقسىتىنى ئۇدۇللا بايان قىلىپ، ــ بەلكىم ئالىيلىرىمۇ خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، ئۇشبۇ كۈنلەردە سەمەرقەنت تەختگاھى قانغا بويىلىپتۇ. تۈزكور خانزادە ئابدۇللەتىپخان پەدەرۇ بۇزرۇكى بولمىش شەۋكەتلىك تاجدار مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنى قەتلى قىلىپ، بىھېساب خۇنرىزلىقلارنى

قىلغانمىش...

ــ نېمە دېدىلە جانابى ئەمىر؟

چۆچۈپ كەتكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان سەييىدئەلى ئالىپ-نىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. سەمەرقەنتتە يۈز بەرگەن قانلىق پاجىئە ھەققىدىكى خەۋەر تېخى ئاقسۇغا يېتىپ كەلمىگەنىدى.

ــ شەۋكەتلىك مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى ئۆز پۇشتى تە-رىپىدىن قەتلى قىلىنىپتۇ ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ قايغۇرغان ھالدا.

ــ يا خۇدا، ئۆزۈڭ بار.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئاسمانغا قاراپ نىدا قىلغاندىن كې-يىن، قول كۆتۈرۈپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. دۇئادىن كېيىن ئارىنى بىر پەس سۈكۈنات باستى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.

ــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، شۇم خەۋەر يەتكۈزۈپ مۇبارەك كۆڭۈللىرىنى بىزەۋتە قىلدىم، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئارد-ىدىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ھەس-رەتلەنگەن ھالدا، ــ ئۆزلە يەتكۈزمىسىلىمۇ ھامان ئاڭلىغان بولاتتۇق. بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى سەمەرقەنت سودىگەرلىرىدىن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى بىلەن چوڭ خانزادىسى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر نىزا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. بۇنچە ئېغىر پا-جىئە يۈز بېرىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز.

ــ ئارى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ خورسىنغان ھالدا، ــ سەمەرقەنتكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ يەتكۈزىشىچە، چوڭ خانزادە ئابدۇللەتىپخان بەلختىن قىرىق مىڭ كىشىلىك لەشكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغانىكەن، سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى كۆپ قىسىم ئەمىر - سەركەردىلەر مىرزا ئۇلۇغبەگكە ساتقىنلىق قىلىپ خانزادىگە ئەل بولۇپتۇ. سەمەرقەنت ھاكىمى مىرانشاھ

www.uyghurkitap.com

دورغا بولسا شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ تاجدارىنى كىر-گۈزمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز قالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوغ-لىغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. لېكىن قارا كۆڭۈل، تۇز-كور ئوغۇل پىر ـ بۇزرۇكى بولمىش سۇلۇكى تەرىقەت پېشۋاسى ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇشنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن ھەججگە ماڭغۇزغان ئاتىسىنى سەيىد ئابباس ئىسىملىك جاللاتقا ئۆل-تۈرگۈزۈپتۇ.

— ئاڭلىشىمىزچە، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ ئوردى-سىدا كىچىك خانزادىسى ئابدۇلئەزىزخان بىلەن ئىككى كۆرەگانى بار ئىكەنمىشقۇ؟

— ئۇلار ئەزەلدىنلا مەرھۇم ھۆكۈمدارغا قول ـ قانات بولغان ئەمەس. ھازىرچە ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىك خەۋىرى-نى بىلەلمىدۇق. لېكىن شەۋكەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ ئىككى كۆرە-گانلىرى بولمىش ئابدۇللا مىرزا باشتىلا قېيىنئاتىسىدىن يۈز ئۆرۈپ قېيىنئاغىسى خانزادە ئابدۇللەتىپخانغا ئەل بولغان ئىكەن. ئەبۇسەئىد مىرزىنى بولسا سەمەرقەنت ھاكىمى مىرانشاھ دورغا زىندانغا سالغانلىقى مەلۇم. يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا، ئەبۇسەئىد مىرزا زىنداندىن قېچىپ چىقىپ بۇخارادا خانزادىگە قارشى ھەرد-كەت قىلىۋېتىپتۇدەك.

— گەرچە شەۋكەتلىك مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ دانىشمەنلىكى خەلقئالەمگە پۇر كەتكەن بولسىمۇ، تەسەررۇپ، سەلتەنەت سەۋە-بىدىن بىزگە دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇش نېسىپ بولمىغانىدى، — دېدى سۇلتان ئىسسان بۇغاخان ئۆكۈنگەن ھالدا، — كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەتلەرنى يۇيۇپ دوستلۇق ئورنىتىپ، قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى جۇلالاندۇرۇپ، ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە تۇغقاندارچىلىق قىلىپ ئۆتەرمىز دېگەن ئۇمىدىم ھەم بار ئىدى.

— خۇدا بۇيرۇمىغان ئىكەن، — دېدى سەيىدئەلى ئالىپ، — بولمىسا بول ئىككى ئەلنىڭ تاجدارلىرىلا ئەمەس، ئاۋام ـ رەئىد-

يەتكىچە يىلتىزى، دىنى، تىلى، قوۋمى بىر قان ـ قېرىنداشلار ـ
دۇر. گاھى شەۋكەتلىك جەننەتماكان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرد ـ
نىڭ تەختگاھىغا، گاھى باھادىر ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراننىڭ
تەختگاھىغا ئۆيۈشۈپ ئۆتكەن زامانلارمۇ ھەم بولغان.

— ئاتا قاتىلىنىڭ ئۆمرى كوتا بولۇر. تاجۇ تەختكە بەرقارار
بولۇش ئۇزۇن مۇددەت نېسىپ بولماس، — دېدى سۇلتان ئىسان
بۇغاخان ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇپ.

— ئاللاھ ئىگەم بۇيرۇسا ئېيتقانلىرى كەلگەي، — دېدى
سەييىدئەلى ئالىپ، — ئۇشبۇ كۆنلەردە سەمەرقەنت تەختگاھى
كەلكۈندە قالغان قېيىقتەك تەۋرەپ تۇرۇۋاتىدۇ. خانزادە ئابدۇللە ـ
تىپخان قىساسكارلارنى تىنچىتىش بىلەن ھەلەك، ۋىلايەتلىرىنىڭ
ئەمىرلىرى بولسا ئۆز غېمىدە. مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى غە ـ
نىيمەت بىلىپ، ئەندىجانغا لەشكەر تارتىپ، پەرغانە ۋادىسىنى تە ـ
سەررۇپىمىزغا ئېلىۋالساق دىگەن ئۈمىدتىمەن.

— بەلەن مەسلىھەت، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان، —
ئەندىجاننى تەسەررۇپىمىزغا ئېلىش جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇك ـ
نىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئول ئاتا ئارزۇسى بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەل ـ
گە ئاشسا ئەجەب ئەمەس.

— ئاتا ئۈمىدىنى ئاقلاش پەرزەنتنىڭ بۇرچىدۇر، — دېدى
سەييىدئەلى ئالىپ، — مەرھۇم جەننەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان
ئالىيلىرىنىڭ روھى قىبلىگاھىمىزنىڭ شىجائىتىدىن خۇش بول ـ
غۇسى. شول تاپتا قەشقەردە بىر تۈمەن باھادىر سەركەردە ـ لەش ـ
كەرلىرىمىز ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكى
بىلەن تەق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاقسۇدىن ئىككى تۈمەن لەشكەر ئېلىپ،
جەمئىي ئۈچ تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا چىقايلى، — سۇلتان
ئىسان بۇغاخان بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى، — بۇ نۆۋەت ئەندىجان يۈرۈشىگە ئەمىر جانابلى ـ
رىنى ئاۋارە قىلماي ئۆزۈم چىقاي. ئۆزلە ئاستانىدە قېلىپ ئوردا

ئىشلىرىغا قارانچۇق بولغايلا.

سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئەندىجانغا لەشكەر تارتىپ بارغۇسى بار ئىدى. ئەمما ئىسان بۇغاخان ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغىنىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆزى لەشكەر تارتىشنى قارار قىلغانىدى.

— قىبلىگاھىمنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويسام خاتىرجەم بولالمايمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي.

— قانداقسىگە يالغۇز ماڭغۇدەكمەن، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان، — ئىلكىمىزدە ئۈچ تۈمەن باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلەر بار. ئەمىر جانابلىرى ئارتۇقچە تەشۋىشلەنمەي، غەلىبە ـ نۇسرىتىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلغايلا.

سەييىدئەلى ئالپ خاننىڭ گېپىنى يىرغۇدەك سەۋەب تاپالمىدى.

— جانابى قىبلىگاھىمىزدىن ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىزنىمۇ ئەندىجان يۈرۈشىگە بىللە ئېلىۋېلىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز، — دېدى باياتىن بېرى گەپكە قوشۇق سالماي ئولتۇرغان ئىككى ئەمىرزادە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان دەماللىققا جاۋاب بەرمەي، يالت ئېتىپ سەييىدئەلى ئالپقا قارىدى. شۇ تاپتا ھاياجانلانغان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ئېقىم تارىغانىدى. ئوغۇللىرىنىڭ ھەقىقىي يىگىت بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدىنى سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى ئەسىر ئالغانىدى.

— ئوغۇللىرىمنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغايلا ئالىيلىرى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئىلتىجا قىلىپ، — مەن بارالمىسام ئىككى ئوغلۇممۇ بولسا بېرىپ خىزمەتلىرىگە مۇلازىملىق پەرھىزلىرىنى بەجا كەلتۈرگەي.

— ئەمىرزادىلەرنىڭ ساداقەت ۋە جاسارىتىگە تەسەننا، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان، — تەلىپىڭلار قوبۇل بولدى.

— خان ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر.

ئىككى ئەمىرزادە خانغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئارىدا قىلىشقۇدەك گەپنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان سانىز مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قاراپ خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— قانداق ئەمىرزادىلەر، ئەمدى بەسلىشەمدۇق؟ شەرتلەشكەن ئىشنى ۋاقتىدا قىلىۋەتكەن تۈزۈك.

ئىككى ئەمىرزادە دادىسىغا قاراپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئالىيلىرى خالىسا بىز تەييار، — دېدى سانىز مىرزا.

— قانداق شەرت بىلەن بەسلەشمەكچى بولغانتىلە ئانھەزرىتىم؟ — سورىدى سەييىدئەلى ئالپ قىزىقىپ.

هودۇقۇپ كەتكەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ يالۋۇردى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي ئالىيلىرى، مۇسابىقىنى ئويناساق، شەرتنى تىلغا ئالمىساق.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى، لېكىن سانىز مىرزىنىڭ خىيالىدا يوق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىن يالت قىلىپ بىر خىيال كەچتى.

— چوڭ ئەمىرزادە بىلەن كاماندازلىقتا بەسلەشمەكچى بولغانتۇق، يېڭىلىپ قالسام ئەمىرزادىنى ئۆيلەپ قويماقچى بولغاندىم، — دېدى خىرىلداپ كۈلگىنىچە.

— بىئەدەپ! — دېدى سەييىدئەلى ئالپ سانىز مىرزىغا قاراپ، — ھايا قىلماي ئالىيلىرىغا مۇشۇنداق شەرتنى قويدۇڭمۇ؟

— كەچۈرسىلە ئاتا، — دېدى سانىز مىرزا دادىسىغا ئەركىلەپ، — شەرتنى مەن ئەمەس، قىبلىگاھىم قويدى. بىز پەرمانبەردارلىق قىلدۇق شۇ.

سەييىدئەلى ئالپ ئىسان بۇغاخانغا قاراپ ئىلتىجا قىلدى:

— خان ئالىيلىرىدىن ئۇل شەرتنى بىكار قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.

www.uygurkitap.com

سۇلتان ئىسان بۇغاخان قاقاھلاپ كۈلدى.

ــ جىددىيلەشمىسىلە ئەمىر جانابلىرى. قارىسىلا، ئەمىرزا-دىلەرنىڭ ئاللىقاچان بالاغەتكە يەتكىنىنى كۆرمەيۋاتامدىلا؟ ئەندىجانغا لەشكەر تارتىمىز دەۋاتىمىز، لەشكىرىي يۈرۈشتىن ئاگاھ تۇي باھانىسىدا ئەل - يۇرتقا ئاش تارتىپ دۇئاسىنى ئالمامدۇق، قانداق دېدىم؟

ــ قىبلىگاھىمىز دانادۇر، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ــ پەرمانى ئالىينىڭ ھۆكۈمىگە ئىتائەت گەردىنىمىز ئېگىكلىك.

ــ خوش، ئەمىسە باشلايلى. ئۆزلە گۇۋاھ بولۇپ بەرسىلە، ــ ئورنىدىن تۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان كېلىپ سانىز مىرزىنىڭ دولىسىغا شاپاللىدى، ــ جاسارەتلىك بولسىلا ئەمىرزادەم، ــ ئاندىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىچكۆيەرلىك بىلەن قارىدى، ــ ئاللاھ خالىسا ئۆزلە بىلەن ئالدىرىماي شەرتلەشەرمىز ئەمىرزادەم.

نۆكەرلەر ئەتىگەندىلا خاننىڭ كاماندازلىق ماھارىتىنى مەشىق قىلىشى ئۈچۈن پاخالدىن ئون دانە قارانچۇق ياسىغانىدى.

ــ ئات چاپتۇرۇپ تۇرۇپ نىشاننى چەنلەيدىلا. ئوق قارانچۇقلارنىڭ دەل بېشىغا تېگىشى شەرت، ــ دېدى قېرى مەشاۋۇل مۇسابىقىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

ــ ئاگاھ ئەمىرزادەمنىڭ ماھارىتىنى تاماشا قىلايلى، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان، ــ قېنى باشلىسىلا.

سانىز مىرزا بۇيرۇقنا بويسۇنۇپ ئېتىنى دېۋىتتى ـ دە، شامالدەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، قارانچۇقلارغا قارىتىپ چاققانلىق بىلەن ئارقىمۇئارقا ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئون تال ئوقىنىڭ بىر تېلىمۇ زايا بولماي قارانچۇقلارنىڭ بېشىغا سانجىلدى. سانىز مىرزىنىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان نۆكەرلەر سۈرەن سېلىشىپ ئالقىش ياغدۇراتتى. ئوغلىنىڭ ماھارىتىدىن

پەخىرلەنگەن سەييىدئەلى ئالپمۇ بايامقى رەنجىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. قايتىپ كەلگەن سانىز مىرزا دادىسىغا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى.

ـــ ئەمدى نۆۋەت خان ئالىيلىرىغا كەلدى، ـــ دېدى قېرى مەشقاۋۇل سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا قاراپ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخانمۇ ئېتىنى قۇيۇندەك چاپتۇرغىنىچە قارانچۇقلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوق-لىرىمۇ قارانچۇقلارنىڭ بېشىغا سانجىلىۋاتاتتى. ئىسان بۇغاخان ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئوقنى قەستەن قايدۇرۇۋەتتى، ئوق قارانچۇققا تەگمىدى. خاننىڭ ئوقنى قەستەن قايدۇرۇۋەتكەنلىكىنى سەزگەن سەييىدئەلى ئالپنىڭ يۈرىكىگە ئىللىق بىر سېزىم تارىدى.

«خان ئالىيلىرىنىڭ چوڭ ئەمىرزادىنى ئۆيلەپ قويغۇسى بار ئىكەن. بوپتۇ، خان ئالىيلىرى پەرزەنتىمگە كۆيۈنۈپ بۇنچىلىك شەپقەت كۆرسەتكەن يەردە نارازى بولۇپ نېمە قىلاي. ئەسلىدە يەنە بىرەر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆيلەپ قويارمەن دېگەنىدىم. تەق-دىر ـ ئىرادە شۇنداق ئوخشايدۇ...»

ـــ مۇبارەك بولسۇن ئەمىرزادەم، بېرىپ تەييارلىق قىلغايلا، ئەتە تويلىرى بولىدۇ. توي ـ مەرىكىلىرىگە ئۆزۈم باش بولىمەن، ـــ دېدى قايتىپ كەلگەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان.

سەييىدئەلى ئالپ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ئوغلى سانىز مىرزىغا قارىدى.

ـــ قاراپ تۇرماي خان ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتسۇنلار.

خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن سانىز مىرزا دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ خانغا تەزىم بەجا كەلتۈردى:

ـــ ھىممەت قىلدىلا ئالىيلىرى. كۆپ رەھمەت!

ـــ ئەمىرزادىلەرگە ئىجازەت، ـــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغا-خان.

ئىككى ئەمىرزادە خان بىلەن دادىسىغا يەنە بىر قېتىم سالام

بىرئۆتكەندىن كېيىن ئاتلىرىغا مىنىپ، نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە شەھەرگە قاراپ چېپىپ كېتىشتى.

ــ ئەمىرزادەمگە قەستەن يېڭىلىپ بەردىلە، ــ دېدى سەيىيدئەلى ئالىپ.

ــ قارىسام ئەمىرزادىلەر ئۆيلەپ قويغۇدەك بولۇپ قاپتۇ، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان، ــ چاقچاقتا يۆلەپ چېكىپ باقسام سانىز مىرزا ئۆيلەنگۈسى بارلىقىدىن بېشارەت بېرىپ قالدى. شۇڭا مۇرادىغا يەتكۈزەي دەپ قەستەن يېڭىلىپ بەردىم. پەرزەنت بولغۇچى كۆڭلىدىكىنى ئاتىسىغا بىلدۈرمىكى تەس. نارازى بولۇپ قالمىغانلا ھە ئەمىر؟

ــ يوقسۇ، ــ دېدى سەيىيدئەلى ئالىپ، ــ ئالىيلىرى ئالايىتەن توي بېشى بولۇپ بېرىمەن دەۋاتسىلا ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى بەختىيار ھېس قىلىمەن ـ دە. قىبلىگاھىمىزنىڭ بۇ قاتارلىق مېھىر ـ شەپقىتى بىز ئۈچۈن كاتتا شەرەپ. بىلمىدىم، ئانھەزرىتىم كىمنىڭ زەئىپەسىنى كۆڭلىگە پۈكتىكىن؟

ــ قارا دىۋان ئەمىرى ئاقپاشا بەگنىڭ بىر قىزى بار. يېشى ئەمىرزادەمدىن ئىككى ـ ئۈچ ياش كىچىك چىقىدۇ. ئالدىنقى يىلى خانىش ئايىم ھەرەمگە ئەكىرىپ ئۆز تەربىيەسىگە ئالغان، ئىسمى ئايجامال خېنىم، ھۆسنى ـ جامالىمۇ ئىسمىغا ئوخشاش تولىمۇ ئۆز. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتتاتلىق، نەزمىگە ئاجايىپ ھەۋىسى بار.

ــ ھە، ئەسلىدە مەرھۇم جەننەتماكان سۈپۈرگە مىرزا جانابلىرىنىڭ نەۋرىسىكەن ـ دە، ــ دېدى سەيىيدئەلى ئالىپ.

ــ شۇنداق، كۆڭۈللىرىگە خوپ كەلگۈدەكمۇ؟

ــ ئول ساداقەتمەن ئەمىرنىڭ پۇشتىنى ئۆزىمىزگە كېلىن پەرزەنت قىلىشنى ئەلۋەتتە خالايمىز. ئۆتكەن يىلى سۈپۈرگە مىرزا ۋاپات بولغاندا، ئۆلۈم پەيتىسى ئۈچۈن تۇرپانغا بارالماي كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولغانىدى. بۇ توي دىلخەستىلىكىمىزگە خۇشاللىق بېغىشلىسا ئەجەب ئەمەس. بىلمىدىم، ئاقپاشا بەگ جانابلىرى خالامدىكىن ـ تاڭ؟

ــ بۇ ئىشتا خانىش ئايىمنىڭ گېپى ھېساب. ئاقپاشا بەگ ئول زەئىپەسنى بىزگە پەرزەنت ھېسابىدا بېرىۋەتكەن.

ــ ئۇنداقتا ئەمىرزادەمۇ خان ئالىيلىرىغا پەرزەنت بولغۇدەك، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ھاياجانلىنىپ.

ــ ئەلۋەتتە، ــ ئىسان بۇغاخان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ كىچىك ئەمىرزادە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يۈزى تۆۋەن، جاسارەتلىك ھەم پەزىلەتلىك يىگىت بوپتۇ. بۇ يېقىندا ئۆيلىنىش خىيالى باردەك قىلمايدۇ، كۆڭلىگە چوڭ ئىشلارنى پۈككەندەك قىلىدۇ. پەزىلىتى كەم ـ كۈتىسىز ئۆزلەنى تارتىپتۇ. كۆڭۈل خۇشلۇقۇم، ھايات بېغىمىنىڭ نازۇك چىمەنى بولمىش مەلىكە دۆلەت نىگار خېنىم بۇ يىل سەككىز ياشقا كىرەي دەپ قالدى. گەرچە ئۇ غۇنچىچە① دىن تاپقان پەرزەنتىم بولسىمۇ، ئۇنىڭغا خانزادەمدىن بەكرەك مېھرىم بار. ئەگەر كىچىك ئەمىرزادە ئۈچ ـ تۆت يىل تەخىر قىلسا، ئول مەلىكەمنى نىكاھلاپ بېرىپ ئۆزۈمگە كۈرەگان قىلىۋالغۇم بار.

سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا قىزىنى بېرىش مۇددىئاسىنى ئاڭلاپ باشقىچە روھلاندى.

ــ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا، ــ دېدى ھاياجانلانغان سەييىدئەلى ئالپ، ــ قىبلىگاھىمىزغا قۇدا بولۇش بىز ئۈچۈن كاتتا شەرەپ، بۇ مۇددىئالىرىنى ئاڭلىسا ھامىملىرى ئۇز سۇلتان مەلىكىمۇ كۆپ مىننەتدار بولىدۇ.

ــ ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇپ قېرىنداشلىق مېھرىمىزنى مۇستەھكەملىسەك، سەلتەنەتىمىز تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ، ئەل ـ يۇرتىمىز ئاسايىشلىقتا يۈزلىنىدۇ جانابى ئەمىر. ھامىمام ئۇز سۇلتان مەلىكە ئالىيلىرى بىزگە ئانا يوللۇقتۇر. ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئەلۋەتتە بۇرچىمىزدۇر. شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، ھازىرچە چوڭ ئەمىرزادىنىڭ تويىنى ئوينايلى. ئاللاھ خالىسا

① غۇنچىچە ــ توقال خانىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئەندىجانغا يول بولۇر.
ئۇلار ئەندىجان يۇرۇشى ھەققىدە ئۇزاق مۇڭداشتى.

## 50

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغان سەمەرقەنت ئېچىنىشلىق ئىگرايتتى. كۆھەك، ئابىرەھمەت دەريالىرى مۈكلۈق شىرىلدايتتى. ئۈرگۈت تاغلىرى سوكۇتلۇك ئىدى. ھودۇققان، تەشۋىشكە چۈشكەن شەھەر خەلقى قاتتىقىراق شەپىدىنمۇ چۆچۈ- شۈپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىشاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، سەمەرقەنت كوچىلىرىدا چېۋىندەك ئاۋۇپ كەتكەن سوپى ـ دەر- ۋىشلەرنىڭ جەررە ـ سامالىرى ئەۋجىگە چىققانىدى. مىنبەر جا- پالار بىلەن شەۋكەتلىك قېيىنئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تەخ- تىدە ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خاتىر- جەمسىزلىكى، غەم ـ تەشۋىشلىرى تېخى بېسىلمىغانىدى. گويا ھازىرلا بىرى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدىغاندەك بامدات نامىزىدىن يېنىپ تاڭ سەھەردىلا كۆكسارايغا چىقىپ تەختتە ئولتۇرسا، تاكى كەچ كىرىپ ئەل ياتقۇغىچە كۆكسارايدىن ئايرىلمايتتى، تەختتىن مىدىرلىمايتتى. چۈنكى، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن تۆمۈرىيزادىلەر ئۆزلىرىنى سەمەر- قەنت تەختىگە دەۋاگەر ھېسابلاپ، تەرەپ ـ تەرەپلەردە لەشكەر توپلاپ، قوشنا ئەللەرنىڭ خان ـ سۇلتانلىرىدىن ياردەم سوراپ، تەخت ـ سەلتەنەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى.

ھەئە، نەچچە يىلدىن بېرى بىر قېتىم بولسىمۇ ئولتۇرۇپ بېقىشقا ھەۋەس قىلغان ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەخت ئەبۇسەئىد مىرزىغا قىلچىلىك راھەت بېغىشلىمىدى. ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگكە

كۈيۈئوغۇل بولۇپ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن بىرى بۇ سەلتەنەتلىك تەختتە ئولتۇرۇشنى قانچىلىك ئارمان قىلغاندى ـ ھە. كۆرەگانلىق شەرىپىگە ئېرىشكەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ قېيىنئاتىسىنىڭ تەختىدە ھامان بىر كۈنى ئولتۇرۇشنى خىيال قىلغان، بۇ خىيالغا ئىشىنىپ تاتلىق ـ تاتلىق چۈشلەرنى كۆرگەنىدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا باجىسى ئابدۇللا مىرزا ئۇنىڭ بۇ چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ئابدۇللا مىرزا خاقانى سەئىد شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگكە جىيەن كېلەتتى. شۇڭا ئابدۇللا مىرزا ئۆزىنى سەمەرقەنت تەختگاھىنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلايتتى، شۇ سەۋەبلىك دىمىقى ئۈستۈن ئىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا بولسا ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مىرانشاھنىڭ نەۋرىسى ئىدى. شاھرۇخخان ئەمىر تۆمۈرنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان چاغدا مىرانشاھ ئاللىقاچان قازا قىلغانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ تۇغقاندارچىلىق مېھرىنى چىڭىتىش مەقسىتىدە نەۋرە ئىنىسى ــ بۇخارا ئەمىرى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ئەتىۋارلىق بۇ ئوغلىغا قىزىنى بېرىپ كۈيۈ ئوغۇل قىلىۋالغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئەبۇ سەئىد مىرزىمۇ ئۆزىنى سەمەرقەنت تەختگاھىنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورى ھېسابلايتتى. شۇڭا بۇ ئىككى باجىنىڭ پۇرچىقى پىشىشمىدى، پەقەتلا ئەپ ئۆتەلمىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىككى كۈيۈ ئوغلىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىكار كەتتى. ئوردىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېيىنئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بۇ ئىككى يىگىت پەقەتلا كېلىشەلمىدى. بىر ـ بىرىگە يول قويۇشمىدى، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قىلىشمىدى. ئەكسىچە، پۇرسەت تاپسىلا بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايتتى، قېيىنئاتىسىغا چېقىشتۇراتتى، ئەمىرلەرنى يېنىغا تارتىشقا تىرىشىپ گۇرۇھۋازلىق قىلاتتى. ھەئە، بىرنەچچە قېتىم كۆكسارايدا، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىدىلا ياقا سىد-

قىشقانمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ ئىككى كۈيئوغلىدىن كۆڭلى قالدى، رايى قايتتى. ئۇلارنى يۇقىرى مەن-سەپكە، مۇھىم ئىشلارغا يېقىن يولاتمىدى. ئىچكىيلەر ــ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوردا ئەركانلىرى قاتاردا مۇئامىلە قىلدى. كېيىنچە ئۇلار ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگكە كۆڭلىدە غۇمى، ئاداۋىتى بار ئىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ سۆيۈملۈك ئوغلى ئابدۇللەتىپخانغا جازا يۈرۈشى قىلىش ھارپىسىدا كۈتمىگەندە ئىككى كۈيئوغلىغا يۇقىرى دەرىجىلىك لەشكىرىي مەنسەپ بەردى. ئاخىرقى ھېساباتا قېيىنئاتىسىنىڭ ئەتۋارلىشىغا ئېرىشكەن ئەبۇسەئىد مىرزا جان - جەھلى بىلەن تۆھپە كۆرسىتىپ، قېيىنئاتىسىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق خانزادە ئابدۇللەتىپخان بىلەن ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ساتقىن ئەمىر مىرانشاھ دورغا بىتۈيۈق تۇرغان ئەبۇسەئىد مىرزىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلى-دى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرى تۈيۈقسىزلا يەنە كۆپۈككە ئايلاندى.

قېيىنئاتىسىنىڭ جەڭدە نۇسرەت قازىنىشىغا كۆزى يەتمىگەن ئابدۇللا مىرزا بولسا تادانلىق قىلىپ قېيىنئاغىسىغا ئەل بولدى. ئەمىر سۇلتان شاھ بارلاسنى خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ تۇزىقىغا دەسسەتتى. شۇنىڭ بىلەن قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىدا يوقاتقان ئاب-رۇيىنى قېيىنئاغىسىنىڭ ئالدىدا تىكلىۋالدى.

خانزادە ئابدۇللەتىپخان سەمەرقەنتكە كېلىپ دادىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئابدۇللا مىرزىغا لەشكىرىي دىۋا-نىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا مىرزا سەلتەنەتنىڭ لەشكىرىي ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالدى. بۇ چاغدا زىنداندا ياتقان ئەبۇ سەئىد مىرزا مىرزا ئۇلۇغبەگكە سادا-قەتمەن گۇندىپايلار ئارقىلىق بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر تاپتى. قېيىنئاتىسىنىڭ تەختىدە قېيىنئاغىسى خانزادە ئابدۇللەتىپخان-

نىڭ ئولتۇرغىنىدىن كۆرە باجىسى ئابدۇللا مىرزىنىڭ يېڭى خاند ـ نىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلىكى بەكرەك ئىچىنى ئادىتتىۋەتتى، يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئېـ ـ چىشىپ بىئارام بولدى. قېيىنئاغىسى ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئىلتىـ ـ پاتىغا ئېرىشىپ زىنداندىن چىقىش ئۈمىدى پۈتـۈنلەي ئۈزۈلـدى. قارا نىيەت باجىسى ئابدۇللا مىرزىنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىشىدىن ئەنسىرىدى. چۈنكى، ئۇ خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ يېنىدا باجىسى ئابدۇللا مىرزىلا بولىدىكەن ئۆزىگە تىنچ ـ ئامانلىق بولمايدىغاند ـ لىقىنى، ئابدۇللا مىرزىنىڭ بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈ ـ رۈۋېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زىنداندىن قېچىش قارارىغا كەلدى ۋە ھېلىقى مىرزا ئۇ ـ لۇغبەگكە ساداقەتمەن گۈندىپايلارنىڭ ياردىمىدە زىنداندىن قېچىپ ئۇدۇل ئاتا مىراس زېمىنى بۇخاراغا كەتتى. مۇشۇ ئارىلىقتا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نۆكەر بېشى بابا ھۇسەيىن بەگ پاسىبانىنىڭ قىد ـ ساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتا قاتىلى خانزادە ئابدۇللەتىپخاننى ئۆل ـ تۈرۈپ، بېشىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ مەدرىسەسىگە ئېسىپ قويدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئاپەت ئابدۇللا مىرزىغا ئامەت ئېلىپ كەلدى: شۇ ـ نىڭ بىلەن ئىگىسىز قالغان سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرۇش ئۇ ـ نىڭغا نېسىپ بولدى.

باجىسى ئابدۇللا مىرزىنىڭ سەمەرقەنت سەلتەنەتىنى قولىغا ئېلىپ تەختتە ئولتۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇسەئىد مىرزا تەخت دەۋاسى قىلىپ بۇخارادىن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ كەلدى. لېكىن تەختنى تارتىۋېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، جەڭدە قاتد ـ تىق يېڭىلىپ، ئازغىنە نۆكەرلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى ۋە سىر دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دەشتى قىپچاق ئېلىنىڭ ھۆ ـ كۈمرانى سۇلتان ئوبۇلخەيرىخاندىن ياردەم سورىدى. ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ياردەم سوراپ كېلىشى سۇلتان ئوبۇلخەيرىخاننىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولدى. چۈنكى، مىرزا ئۇلۇغبەگدىن بىر قاند ـ چە قېتىم راۋۇرۇس پەشۋا يېگەن ئوبۇلخەيرىخان سەمەرقەنت ھا ـ

كىمىيىتىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەبۇسەئىد مىرزا سە-
مەرقەنت ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالسا، دەشتى قىپچاق ھاكىمىـ-
يىتىگە كۆپ پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، دەرھال
بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئەبۇسەئىد مىرزىغا ياردەم بې-
رىشكە پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇسەئىد مىرزا سىر
دەرياسىدىن ئۆتۈپ سەمەرقەنتكە ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ
كەلدى. بۇ چاغدا ئابدۇللا مىرزا ئەمىر سۇلتان جاندار، مىرانشاھ
دورغا قاتارلىق مىرزا ئۇلۇغبەگكە خائىنلىق قىلغان ئەمىرلەر بى-
لەن زىددىيەتلىشىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ جەڭدە قەستەن
سۇسلۇق قىلىشى بىلەن ئابدۇللا مىرزا يېڭىلىپ قالدى. سەمەر-
قەنت شەھىرىنى ئېلىپ تاجۇ تەختنى ئىگىلىگەن ئەبۇسەئىد
مىرزا ئەسىرگە چۈشكەن باجىسى ئابدۇللا مىرزا ۋە مىرانشاھ
دورغا، ئەمىر سۇلتان جاندارلارغا قىلچىلىك رەھىم ـ شەپقەت
قىلماي كاللىسىنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللا مىرزا سەمەر-
قەنت تەختىدە ئاران بىر يىل ئولتۇرالىغان بولدى.

كۆكسارايدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى خىيالىدىن
ئۆتكۈزگەن ئەبۇسەئىد مىرزا ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇ قې-
يىنئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئەتىۋارلىشىغا، ئىززەتلىشىگە
ئېرىشكەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەرنىڭ ھالقىلىق پەيتتە خا-
ئىنلىق قىلغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولغاچقا، سەمەر-
قەنت تەختىنى قولىغا ئالغاندىن بېرى ئوردىدىكى ئەمىرلەرگە
ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنى زىيادە چىڭ تۇتاتتى. سە-
ۋەبسىزلا كۆكسارايغا چاقىرتىۋالاتتى، سەۋەبسىزلا ھەيدەپ چى-
قىراتتى.

«گەرچە مىرانشاھ دورغا بىلەن ئەمىر سۇلتان جاندار ئۆلگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. تاجۇ تەختنى ئاشۇ
ئەمىر ـ سەركەردىلەرسىز تۇتۇپ تۇرغىلى بولسا ئىدى كاشكى.
ئوردىدىكى ئەمىرلەرگە ئىشەنگىلى بولارمۇ؟ بۇلارنىمۇ ساتقىنلىق
قىلمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ. بىر ئاللاھ، بىر ئۆزۈمدىن

باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيمەن. شۇنداق، بۇ ئەمىرلەرنى ئىشلى-
تىشكە بولىدۇ، ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ھېچ بولمىسا بۇ تەخت ـ
سەلتەنەتنى تولۇق مۇستەھكەملىۋالغىچىمۇ بولسا ئۇلاردىن پايدى-
لىنىپ تۇراي. كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئالماشتۇرۇۋېتەرمەن...»

ئەبۇسەئىد مىرزا ئاچچىق تولغاندى، قۇپقۇرۇق شاھنىشىنىغا
نەزەر تاشلىدى. ئۇ بايىلا تېخى ئەمىرلەرنى شاھنىشىنىدىن سەۋەب-
سىزلا قوغلاپ چىقارغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سەمەرقەنتنى ئې-
لىپ، تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئىشلار كېلىۋالدى.

ھەئە، ئەبۇسەئىد مىرزىغا ياردەم قولىنى سۇنغان دەشتى قى-
پچاق دالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى ئوبۇلخەيرىخانىنىڭ سەركەردە ـ
لەشكەرلىرى سەمەرقەنتكە كىرگەندىن كېيىن شەھەرنى خالىغانچە
بۇلاپ ـ تالىدى. خانزادە ئابدۇللەتىپخان، ئابدۇللا مىرزىلاردىن
ئېشىپ قالغان ئوردا خەزىنىسىنى پۈتۈنلەي قۇرۇقداپ قويدى،
ھەتتا كۆكساراينىڭ تاملىرىغا ئېسىپ قويغان تۇرلۇك سەنئەت بۇ-
يۇملىرى، بېزەكلىرىنىمۇ ساق قويمىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ
بۇلاڭ ـ تالاڭ، ۋەيرانچىلىقنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى،
ئۇ ئاشۇلارغا تايىنىپ تاجۇ تەختنى تارتىۋالغانىدى. ئۆزلىرىنى ئە-
بۇسەئىد مىرزىنىڭ شاپائەتچىسى دەپ ھېسابلايدىغان بۇ سەركەر-
دىلەر ھەرقانداق زورلۇقلارنى قىلىشتىن ئايانمايتتى، ئەبۇسەئىد
مىرزىدىن ئازراقمۇ تەپ تارتمايتتى. ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇلارنىڭ
قايتىپ كېتىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ چىشىنى ـ چىشى-
غا چىشلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار كەتكەندە سەمەرقەنت شەھىرى
قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان ئەسكى سارايغا ئوخشاپ قالغان،
مىرزا ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكى شانۇ شەۋكىتىدىن، سۆلەت ـ ھەشە-
مىتىدىن ئىزنامۇ قالمىغانىدى.

دەشتى قىپچاق لەشكەرلىرىدىن قۇتۇلغان ئەبۇسەئىد مىرزا
تېزدىن لەشكەر توپلاشقا كىرىشتى. چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئۆزلىرى-
نى سەمەرقەنت تەختىنىڭ دەۋاگەرى ھېسابلاشقان خانزادە ئابدۇل-
لەتىپخاننىڭ ئىككى ئوغلى ـــ خانزادە ئەھمەدخان بىلەن مۇھەم-

www.uyghurkitap.com

مەد جوگى ھىرات ئەمىرى ئوبولقاسىم بابور مىرزىنىڭ قىشىغا بېرىپ بىرلىكتە سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئايغاقچىلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەبۇسەئىد مىرزا بىر تە-رەپتىن لەشكەر، بىر تەرەپتىن ئاشلىق، ئوزۇق ـ تۈلۈك جۇغلاش-قا ئالدىراپ، يېتىشىپ بولالماي، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان، كىي-سىلگەك بولۇپ قالغانىدى. ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى ئىشقا بۇيرۇپ بولۇپلا ئارقىسىدىن يەنە ئۆزى ھېلى قورال ـ ياراغ سوقۇۋاتقان تۆمۈرچىخانىلارغا، ھېلى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىغا، ھېلى يېڭى لەشكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈۋاتقان لەشكەرگاھلارغا چاپاتتى. تو-رۇپلا ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىنى شاھنىشىنغا يىغىۋالاتتى. ئۇلار-دىن بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ئىجراسىنى چالا ـ بۇلا سۈرۈشتۈرۈپلا، يوقىلاڭ بىر ئىشلارغا بولدى دېگۈچە چېچىلىپ، يەنە قوغلاپ چى-قىراتتى، ئەمىرلەرنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ شاھنىشىندا يالغۇز قالسىمۇ ئىچى سىقىلاتتى، ئەمىرلىرىنى چۆرىسىگە يى-غىۋالسىمۇ ئوخشاشلا ئىچى سىقىلاتتى. تاجۇ تەخت دەۋاگەرلىرى-نىڭ تەھلىكىلىرى بېسىلمىغاچقىمۇ، ئۆزىنىڭ سەلتەنەتنى قولى-غا ئالغىنىغا، تەختتە ئولتۇرغانلىقىغا ئىشەنچى يوق ئىدى.

سارايغا يۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەلگەن ھۆدەيچى بەگ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھەم ئازابلىق، ھەم چىگىش خىياللىرى-نى بۆلۈپ، قول باغلىغىنىچە جۈرئەتسىزلىك بىلەن ئېغىز ئاچ-تى:

ــ مەلۇم بولغاي!

خىيالدىن باش كۆتۈرگەن ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ كۆزلىرى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا چەكچەيدى.

ــ سۆزلە!

ــ ھىرات ئەمىرى ئوبولقاسىم بابور مىرزا بىلەن ئاغا ـ ئىنى خانزادىلەر ھىراتتىن لەشكەر تارتىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەبۇسەئىد مىرزا مۇشتۇمىنى غەزەپ بىلەن تۈگدى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— پەرمانچى بەگنى چاقىر!

ھايال ئۆتمەي پەرمانچى بەگ پالاقلاپ كىرىپ كەلدى.

— ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە پەرماننى يەتكۈز. ھەپتە ئىچىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك، لەشكىرىي ھازىرلىقلارنى تولۇق پۈتتۈرۈپ بولسۇن. ئازراقلا سەۋەنلىك سادىر قىلىدىكەن كاللىسىنى ئالىمەن!

— خوپ پاناھگاھىم!

پەرمانچى بەگنىڭ مىسلىداپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئەبۇسەئىد مىرزا جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى.

— ئىلدام بول ئەبگا!

ئىلگىرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىسىگە كۆنۈپ قالغان مەھرەملەر ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە كۆنەلمەيۋاتاتتى. ھەر قېتىم شاھنىشىنغا قەدەم باسسا، خۇددى ۋەھشىي يىرتقۇچنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرگەندەك ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالاتتى، قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

«كەلسە كېلىۋەرسۇن، مەن ھەرگىزمۇ جەننەتماكان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنى دوراپ، شەھەرنى تاشلاپ چىقمايمەن. سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم، مۇداپىئەگە ئەپلىك. ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنىمۇ كەڭتاشا غەملىۋالدىم، لەشكەرلەرمۇ يامان ئەمەس مەشىقلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەندىن شەھەرنى سويۇپ ئالغىنىنى بىر كۆرەي. جەڭگە چىقماي يېتىۋالسام قانداق قىلىدىكەن قېنى، شەھەر ئەتراپىدىكى ئاۋامنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى پۈتۈنلەي يىغىۋالدىم. ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ئۆزىنى چاغلىماي لەشكەر تارتىپ كەلگىنى بىلەن، شۇنچە نۇرغۇن لەشكەرگە ھىراتتىن ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇپ ئۈلگۈرتەلمەيدۇ. خەلقنىڭ قولىدا ئاشلىق يوق، بىر ئايغا پايلىماي ئاستا قۇيرۇقىنى قىسىپ چېكىنمىسە ھېساب ئەمەس. يامىنىغا كەلسە سۇلھىگە كېلىپ ئۇنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئېتىراپ قىلغاچ تۇرارمەن. ئاشۇنداق قىلسام ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئول ئىككى خانزادىسىمۇ ئامالسىز قالىـ

uyghurkitap.com

دۇ. مەنمۇ بىر مەزگىل ئۆزۈمنى ئوقشىتۇپلىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىمەن. كېيىنكى ئىشلارنى ئاللاھ خالىسا ئالدىرىماي بىر تەرەپ قىلىۋالارمەن. خەپ ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا، نېمەگىگە نوچىلىق قىلىسەن؟! ئۆز ۋاقتىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى پەقەت ئوغلى ئابدۇللەتىپخانغا ھىراتنى بەرمەسلىك ئۈچۈنلا سېنى قولۇك چالمىسىنىڭ ئورنىدا ھىراتقا قارانچۇق قىلىپ قويغان ئەمەسمىدى؟ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاشۇ نېسۋەڭگە شۈكۈر قىلماي، بىزدىن تاجۇ تەخت تالاشقۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ئالدىرىماي تۇر. سېنىڭ ئىشىڭنىمۇ ئاستا ـ ئاستا بىر تەرەپ قىلىمەن. باي خۇراسان ۋادىسىنى تەسەررۇپۇمغا ئالماي قويمايمەن. شۇنى بىلىپ قوي، بۇ جاھان كەڭرى بولسىمۇ، ئىككى ھۆكۈمدار ئۈچۈن يەنىلا تارلىق قىلىدۇ. ئەمدى نۆۋەت مىرانشاھ ئەۋلادلىرىنىڭ، شاھرۇخىيلار ئىشىنى قىلسۇن. ھېلىمۇ ئۇلار بابائى بۇزرۇك ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراندىن قالغان بۇ سەلتەنەتنى يەتكىچە سورىدى، قاتغۇچە دەۋران سۈردى. مىرانشاھ ئەۋلادىنى يېقىن يولاتمىدى. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ئەمدى ئۇلارنى مەنمۇ بۇ تەختكە يېقىن يولاتمايمەن...»

ئەبۇسەئىد مىرزا خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، شەھەر سېپىلىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كۆكسارايدىن چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

مانا بۈگۈن ھىرات ئەمىرى ئوبۇلقاسىم بابۇر بىلەن خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئىككى ئوغلى ئەھمەد مىرزا، مۇھەممەد جوگىلارنىڭ سەمەرقەنت شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغىنىغا ئوتتۇز سەككىز كۈن بولدى. ئۆز ۋاقتىدا ئانچە ئەپ ئۆتۈشمىگەن بۇ قېرىنداشلار ئەمدى تەخت ـ سەلتەنەتتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنىدى.

كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بوۋىسى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئور-

دىسىدا تەربىيەلەنگەن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ئىلىمگە ھېرىس-
مەن، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدىغان، پەزىلەتلىك يىگىت ئىدى.
شۇ سەۋەبتىن تاغىسى مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئالاھىدە ھۆرمىتى بار
ئىدى. ھىراتقا ئەمىر بولغاندىن بېرى مىرزا ئۇلۇغبەگكە ساداقەت-
مەن بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەقلىد قىد-
لىپ، خانزادە ئابدۇللەتىپخان بىلەن ئاكىسى ئالائۇددەۋلە ۋەيران
قىلىۋەتكەن ھىراتنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن، نۇرغۇن ئىلىم
ئەھلىلىرىنى، سەنئەتكارلارنى، شائىر، تارىخچى، بىناكار، نەق-
قاشلارنى ھىراتقا قايتىدىن جەلپ قىلغانىدى. جۈملىدىن ئەمدىلا
ئون بەش ياشقا كىرگەن ئەلىشىر نەۋايىنىمۇ كىچىك كۆرمەي
ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ، خىزمەتكە ئالغانىدى. ئۇ مىرزا ئۇ-
لۇغبەگنىڭ ئۆلۈمىگە بەكمۇ ئېچىنىدى، نەۋرە ئاكىسى خانزادە ئاب-
دۇللەتىپخاننى ئېتىراپ قىلمىدى. ھىراتتا ئۆز ئالدىغا مۇستە-
قىللىق جاكارلىدى. ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تەخت-
كە چىققان يەنە بىر نەۋرە ئاكىسى ئابدۇللا مىرزا بىلەن تېخىمۇ
ئەپ ئۆتمىدى، بەلكى ئۇنى خائىن، ساتقىنلىقتا ئەيىبلەپ مەكتۇپ
ئەۋەتتى. سەمەرقەنت تەختگاھى ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قولىغا ئۆت-
كەندىن كېيىن سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن
بولسىمۇ، بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتۈپ قاراپ باقماقچى بولغانىدى.
نەۋرە ئاكىسى خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ياردەم
سوراپ كېلىشى ئۇنىڭ سەمەرقەنت سەلتەنەتىنى ئىگىلەش ئارزۇ-
سىنى بىردىنلا كۈچەيتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا
تەخت دەۋاسى قىلىپ ئەبۇسەئىد مىرزىغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

ئەبۇسەئىد مىرزا سەمەرقەنت شەھرىنى قاتتىق مۇداپىئە
قىلىپ پەقەتلا جەڭگە چىقمىدى. ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ
جەڭگە ئۈندەشلىرى، ھاقارەتلەشلىرى، ھەتتا غۇرۇرىغا تېگىش
ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئايال كىشىنىڭ كۆڭلەك، تامبال، رومال، ھالقا،
باغىرداق①، بىلەزۈكلىرىمۇ كار قىلمىدى. ئۇ ھىرات لەشكەرلىرد-

① باغىرداق ـــ لىپتىك.

uyghurkitap.com

ىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشىنى كۈ-تۈۋاتاتتى. ياۋغۇز لەشكەرلەرنىلا ئەمەس، پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى تولۇق قورغاپ شەھەر سېپىلىغا سانجاق ـ سانجاق ئورۇنلاشتۇرۇ-ۋەتكەن، شەھەر خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى چۇۋۇپ ياغاچ ـ تاش، خىش ـ كېسەكلىرىنى سېپىلنىڭ تۈۋىگە تاغدەك دۆۋىلىۋەتكەنىدى. ھىرات لەشكەرلىرى بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسى-مۇ، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ياغاچ ـ تاش، خىش ـ كېسەكلەرگە، يا ئوقلىرىغا دۇچ كېلىپ ئىلاجسىز چې-كىنگەنىدى. ئاشلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكنى يەتكىچە غەملىۋالغان ئە-بۇسەئىد مىرزىنىڭ لەشكەرلەر ۋە شەھەر خەلقىنىڭ قورسىقىدىن ۋاقتىنچە غېمى يوق ئىدى. شۇڭا ھەر كۈنى بىرنەچچە ۋاق شەھەر مۇداپىئەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى، شەھەر خەلقىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىلھام بېرەتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ھېلىقى كېسىلگەك، چۈس خۇيىنى تاشلاپ باشقىچە مۇلايىم، سىلىق ـ سىپايە بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرى ئانچىكىم سەۋەنلىك سادىر قىلغانلارنى دەررىگە باسقۇزۇپ جازالايتقان بولسا، ھازىر خې-لى ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەرنىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىۋەتتى. تىلى قايماق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزەلمەي-پات ـ يېقىندا قامالنى بىكار قىلىپ چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئەبۇسەئىد مىرزا كۆكسارايدىكى تەختتە ئولتۇرۇپ ياۋغۇز خىيال سۈرۈشكە خۇشتار بولۇپ قالغانىدى. ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈر كۆرەگاننىڭ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياۋغۇز ماۋەرا-ئۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ۋادىسىنىڭلا ئەمەس، مەغرىبتە باغداد، دەمەشىق، ھەتتا مەككە ـ مۇكەررەمگىچە، مەشرىقتە موغۇلىستان ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق بولغان بىپايان زېمىنىنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇشنى، بۈيۈك خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرۈشنى خىيال قىلاتتى. بۇ ئەللەرنى قانداق بويسۇندۇرۇش ھەققىدە پىلان

تۇزەتتى، باش قاتۇراتتى.

ـــ مەلۇم بولغاي.

شاھىنشىنغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرگەن ھۆدەيچى بەگ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

ـــ ئىجازەت، ـــ دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ـــ ئەندىجانغا ئەۋەتكەن ئايغاقچى يېتىپ كەلدى قۇدرەتلىك پاناھگاھىم.

ئەبۇسەئىد مىرزا تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى ئەندىجان ئەمىرى مىرزا ئەلى كىچىك ئۇنى قۇتلۇقلاپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، سوۋغا ـ سالام ئەۋەتمىگەن، ھەتتا سالامغىمۇ كەلمىگەنىدى. مىرزا ئەلى كىچىكنىڭ تولا پاسىبانى ئالمىشىپ تۇرغان سەمەرقەنت تەختىگە ئىشەنچ قىلالماي ئېھتىياتچانلىق بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئەبۇسەئىد مىرزا بىر تەرەپتىن ئەندىجانغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مىرزا ئەلى كىچىكنىڭ ئوي ـ خىيالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئايغاقچى ماڭغۇزغانىدى. تۈنۈگۈن ئايغاقچىنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ يا ئوقىغا چىگىپ ئاتقان خېتى سېپىلنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن، ئەبۇسەئىد مىرزا سەركەردىلىرىگە ئايغاقچىنى پەم بىلەن شەھەرگە ئەكىرىشكە پەرمان بەرگەنىدى.

ـــ باشلاپ كىرسۇنلار، ـــ دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا.

ھايال ئۆتمەي ھۆدەيچى بەگ ئايغاقچىنى باشلاپ كىردى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شەۋكەتلىك پاناھگاھىمىزغا ئېھتىرام بولغاي، ـــ دېدى ئايغاقچى سالام بېرىپ.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خوش، قانداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىلە؟

ـــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى.

ـــ سۆزلەۋەرسىلە، ـــ دېدى ئۇ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى يوشۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ.

— ئۇل ئەندىجان ئەمىرى مىرزا ئەلى كىچىكنىڭ قىبلىگا-ھىمىزغا ساداقەتسىزلىك قىلىدىغان نىيەت ـ مۇددىئالىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تېخىچە بىلەلمىدۇق. لېكىن ھازىر ئەندىجان خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ، موغۇلىستان خانى سۇلتان ئىسان بۇ-غاخان ئۈچ تۈمەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن باستۇرۇپ كې-لىپ ئەندىجان شەھىرىنى ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك قورشىۋالدى. كە-مىنە نۆكەرلىرى بۇيان ماڭغاندا ئەندىجان ئەمىرىنىڭ قىبلىگاھى-مىزدىن مەدەت تىلەپ شەھەردىن يوشۇرۇنچە ماڭغۇزغان چاپارمەن-لىرى بىلەن ئۇچراشتىم.

— ئۇلار بىلەن بىللە كەلدىلىمۇ؟

— شۇنداق ئالىيلىرى. ئۇلار ھازىر ھىرات لەشكەرلىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ كانگىلدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۇ كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەر ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ پىلانلىرى-نى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا موغۇ-لىستانلىقلارنىڭ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدىغان بولسا، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇزۇق ـ تۈلۈك تولۇقلاپ شەھەرنىڭ مۇھاسىرىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىشى، ھەتتا شەھەرگە باشقىچە ئۇ-سۇللار بىلەن ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ئۇقتۇم، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا بىرئاز خىيال سۈ-رۈۋالغاندىن كېيىن، — سىلى دەرھال شەھەردىن يوشۇرۇنچە چى-قىپ كانگىلدىكى ئۇل چاپارمەنلەرگە پەرمانىمنى يەتكۈزسۇنلار، يوشۇرۇنغان جايىدىن زىنھار سىرتقا چىقمىسۇن. خۇسۇسەن ھىرات لەشكەرلىرىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالمىسۇن. ئەندىجاننىڭ خەۋپ-تە قالغانلىقىنى باشقىلارغىمۇ دەپ يۈرمىسۇن. ئەگەر پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلسا جەددى ـ جەمەتىنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن.

— پەرمانبەردارمەن، — دېدى ئايغاقچى تىترەپ.

— كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ئايرىم تارتۇقلىنىدۇ. سىلىنى ئاخشاملىقتا سەركەردىلەر سېپىلدىن چۈشۈرۈپ قويسۇن، ياد-

سۇنلار.

ئايغاقچى تەزىم قىلىپ خوشلاشتى.

شاھنىشىندا يالغۇز قالغان ئەبۇسەئىد مىرزىنى يەنە غەم باستى.

«ماۋۇ پېشكەللىكنى كۆرمەمدىغان، ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟ ئوبۇلقاسىم بابۇر دېگەن بەدرەك ئەندىجاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپىدىغان بولسا قامالنى ھەرگىز بوشاتمايدۇ. بەلكىم موغۇلىستان سۇلتانى ئىسان بۇغاخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇل چاغدا تاجۇ تەختىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ پۇرسەت قالمايدۇ. سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى دۆت، ئويۇنخۇمار، شارابخۇمار دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئەجەب كاللىسى ئىشلەپ كېتىپتا؟ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ قازا قىلغانلىقىدىن، سەمەرقەنت تەختگاھىنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئەندىجاننى قولىغا ئېلىپ، پەرغانە ۋادىسىنى ئىستېلا قىلماقچى بوپتۇ ـ دە، دېمىسىمۇ موغۇلىستانلىقلار پەرغانە ۋادىسىنى ئەزەلدىن تىنچىتماي كەلگەن. بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىمۇ ئامالسىز قالغاندى. ئەگەر ئەندىجاننى قولىغا ئېلىۋالىدىغان بولسا، ئۇلار ھەرگىز بۇنىڭغىلا شۈكۈر ـ قانائەت قىلماستىن، بەلكىم سەمەرقەنتكىمۇ تەھدىت سالىدۇ. ئۇ چاغدا ھىراتنى تولۇق قولۇمغا ئېلىپ، ئىراقنى ئىستېلا قىلىش مۇددىئايىم سۇغا چىلىشىدۇ. ئۇل موغۇلىستان سۇلتانىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئۇنۇملۇك بىر تەدبىر تېپىلماسمۇ زادى؟ ئۇلارنى موغۇلىستان تەۋەسىدىن چىقارماي تۇتۇپ تۇرغىلى بولسا ئىدى، مەنمۇ خاتىرجەم ھالدا ئاۋۋال ھىراتقا، ئاندىن باغدادقا لەشكەر تارتقان بولار ئىدىم...»

چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئەبۇسەئىد مىرزا كاللىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئەقىلدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتى. ھەئە، ئۇنىڭ ئېسىگە سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ خانزادىسى، موغۇلىستان تەختگاھىنىڭ دەۋاگەرى خانزادە يۇنۇسخان كەلگەندى.

uyghurkitap.com

چۈنكى، ئەينى يىلى يۇنۇسخان مىرزا ئۇلۇغبەگدىن يارىدەم تەلەپ قىلىپ سەمەرقەنتكە كەلگەندە ئوردىدا ئەبۇسەئىد مىرزىمۇ بار ئىدى. ھەتتا ئۇ مىرانشاھ دورغىنىڭ قەشقەردە ئۆلتۈرۈلگەن ئىنىسى ساتۇقخاننىڭ قىساسىنى تۇرپاندىن يۇنۇسخانغا ئەگىشىپ كەلگەن بىگۇناھ موغۇلىستان پۇقرالىرىدىن ئالماق بولۇپ، ئۇلارنى قانلىق قىرغىن قىلىشقا يارەملەشكەنىدى.

«توغرا، موغۇلىستاننىڭ يەنە بىر خانزادىسى، تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاگەرى ھازىر باغداتتا ئەمەسمۇ، نېمىشقا ئۇنى ئىپىپ كېلىپ ئىنىسىغا سالمايمەن؟ مانا بۇ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى، ئەسلىدىمۇ قائىدە بويىچە موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشقا تېگىشلىك كىشى يۇنۇسخان ئەمەسمىدى. ئۇنىڭغا ئازراق لەشكەر، تەمىنات بېرىپ موغۇلىستانغا ئەۋەتسەم ئىنىسى ئىسان بۇغاخاندىن تاجۇ تەختىنى سويۇپ ئالالمىسىمۇ بىرنەچچە يىل تەھدىت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تەسەررۇپىمىزنى ئىستىلا قىلىش يولىنى توسىدۇ. ناۋادا موغۇلىستان سەلتەنەتىنى سويۇپ ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىسا، بۇمۇ يەنىلا سەمەرقەنت تەختگاھى ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇل چاغدا خانزادە يۇنۇسخان بۇ غەلىبە ـ نۇسرەتنى، شان ـ شەرەپنى مەندىن كۆرۈپ مىننەتدار بولىدۇ، ماڭا بېقىنىدۇ. سەلتەنەتىمگە تەھدىت بولمايدۇ. مەنمۇ خاتىرجەم ھالدا ھىراتقا لەشكەر تارتالايمەن. بەلكىم باغداد، دەمەشىق، مەككە ـ مۇكەررەمنىمۇ ئىستىلا قىلالىشىم مۇمكىن. بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش دېگەن مۇشۇ ئەمەسمىكىن...»

ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياجان چۇلغىۋالغانىدى.

«ئۆز ۋاقتىدا دانىشمەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ نېمىشقا بۇ ئىشلارغا ئەقلى يەتمىگەن بولغىيتتى؟ توغرا، ئۇل چاغدا ئالىيلىرىنىڭ ئەس ـ يادى رەسەتخانىدا ئىدى. ئاسماننىڭ سىرلىرىنى ئېچىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، زېمىننىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن مۇددىئايىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بولسام جاھاندىكى بارلىق تاجدارلار ماڭا قايىل

بولۇشىدۇ. شانۇ شەۋكىتىم ئۇل دانىشمەن مىرزا ئۇلۇغبەگدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. پادىشاھ دېگەن ئەلگە پاسىبان بولۇپ پادىشاھلىق قىلغىنى، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى قانداق تۇتۇپ تۇرۇش ھەق ـ قىدە كۆپرەك باش قاتۇرغىنى ياخشى. ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئا ـ لەم سىرلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىنى ئالىم ـ ئۆلىمالارغا قويۇپ بەرگەن تۈزۈك، ھەم پادىشاھلىق، ھەم ئالىملىقنى تەڭ ئېلىپ بارغىلى بولماس. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ ھالاكىتىنىڭ سەۋەبى بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك...»

سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ تېخىچىلا قاتمۇقات قورشاۋدا تۇ ـ رۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالغان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردەملىك يايراتقان شېرىن تۇيغۇلار شىپپىدە تاراپ كەتتى. كۆڭلىگە غەم تۇمانلىرى قايتىدىن سايە تاشلىدى.

«ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلسام بولۇر؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئەندىجاننىڭ خەۋپتە قالغانلىقىنى بىلىپ قې ـ لىشتىن ئاۋۋال مۇۋاپىق بىر تەدبىر قوللانسام بولاتتى. ئەندىجا ـ دىن كەلگەن چاپارمەن كانگىلدا يوشۇرۇنۇۋالغىنى بىلەن ئوبۇلقا ـ سىم بابۇر مىرزىمۇ تەرەپ ـ تەرەپكە ئايغاقچى ماڭغۇزغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سودىگەرلەر تائىپىسى جىم تۇرمايدىغان خەق. ئۇ يۇرتتىن ـ بۇ يۇرتقا خەۋەر توشۇپلا يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىش، يولىنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. مىر ـ زىنى قانداق قىلسام ھىراتقا كەتكۈزۈۋېتەلەرمەن؟ ئۇنىڭ خانلىق مەرتىۋىسىنى ئېتىراپ قىلسامچۇ؟...»

ئەبۇسەئىد مىرزا ھىرات تەختگاھىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بۇزرۇكۋار بوۋىسى بۇيۈك ئەمىر تۆمۈر سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىر ـ زىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش، شەۋكىتىگە داغ چۈ ـ شۈرگەنلىك ھېسابلىناتتى. لېكىن ئۇ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا بۇ ئازابلىق رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس ـ

www.uyghurkitap.com

لىكىنى ھېس قىلدى.

«ھازىرچە مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئاۋۋال سۇلھى ئۇسۇلى بىلەن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنى چېكىندۇرگەچ تۇراي. خانزادە يۇنۇسخاننى ئىراقتىن تېپىپ كېلىپ موغۇلىستانغا يولغا سالغاندىن كېيىن ئاندىن ھىراتنىڭ ئىشىنى ئويلىشارمەن. تەدبىرلىك ھۆكۈمدار رەقىبىگە يول قويۇپ ئۆزىگە پۇرسەت يارىتىشنى بىلىشى كېرەك، چۈنكى، بۇمۇ ھۆكۈمدارلىق تەدبىرى. ھىراتنى ھامان تەسەررۇپۇمغا ئالىمەن. خۇراساننى قولۇمغا ئالماي تۇرۇپ قانداقمۇ ئىراقتىن ئېغىز ئاچقىلى، بابائى بۇزرۇك ئەمىر تۆمۈر شەۋكىتىدىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟...»

ــ مەلۇم بولغاي!

شاھىنشىنغا ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ كەلگەن ھۆدەيچى بەگنىڭ ئاۋازى تەختتە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ تەگسىز، غەمناك خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھۆدەيچى بەگنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ــ خۇش خەۋەر ئالىيلىرى!

ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈرلەپ كەتتى. لېكىن خاقانلارغا خاس سالاپىتىنى بۇزماي، ھۆدەيچى بەگنىڭ گەپ قىلىشىنى ساقلاپ تۇردى.

ــ ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئەلچىسى كەلدى. سۇلھى تەلەپ قىلماقچىكەن.

ئەبۇسەئىد مىرزا ئەمدى ھاياجىنىنى يوشۇرالمىدى. تەختتىن قانداقسىگە تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

«ئاھ كارامەتلىك تەڭرىم، كۆرسەتكەن ھىممىتىڭگە تەسەننا. ئەغيارلىرىمنىڭ ئالدىدا رەسۋايى ئەزىم قىلمىغىنىڭغا مىڭ قەتلە شۈكۈر. ئەھۋالدىن قارىغاندا ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە بۇرجىدا شاھرۇخىيلارنىڭ يۇلتۇزى تامامەن ئۆچكەن ئوخشايدۇ...»

ئەبۇسەئىد مىرزا خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ھۆدەيچى بەگكە قارىدى.

ــ ئەلچىنى بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن دەرگاھىمغا باشلاپ

كىرسۇنلار.

شۇ تاپتا ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ياۋ ئەلچىسىنى ئوتتەك قوبۇل قىلغۇسى، پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ سۇلھى تۈزگۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئەلچىلەرنى ساقلىتىش ئارقىلىق كۆڭلىگە تەشۋىش سېلىش، ئۇلارغا ئالدىراپ سۇلھىگە كەلگۈسى يوقتەك تۇيغۇ بېرىش ئۈچۈن ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سوزغانىدى.

※ ※ ※

سەمەرقەنتنى بىر ئايدىن ئارتۇق قامال قىلىپمۇ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ مويىنى تەۋرىتەلمىگەن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ قاتتىق ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ قالاي دېگەن بولۇپ، ھىراتتىن ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇپ كېلىپ سەمەرقەنتنى داۋاملىق قامال قىلىش ياكى لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ ياندۇرقى يىلى يازدا قايتا لەشكەر تارتىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي، ئىككى تايىن بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، كۈز ئاخىرلىشىپ سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغانىدى، شۇنداقلا سەركەردە ـ لەشكەرلەرمۇ غەلىبە ـ نۇسرەتتىن نىشانە يوق قامالدىن زېرىكىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشقا بولغان ئىشەنچ ـ جاسارىتى سۇسلاپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىرات تەختىنى بۇنچە ئۇزۇن تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ناۋادا ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ نەۋرە قېرىنداشلىرى ياكى ئاكىلىرىدىن بىرەرى لەشكەر باشلاپ كېلىپ قالسا بۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى. قامالنى بوشىتىپ ھىراتقا قايتسا، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئابرۇيى تۆكۈلۈپ رەسۋا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئىككى ئوغلىمۇ تولۇق ئىشەنمەيتتى. ھېچقانداق نەتىجىسىز، جىمجىتلا چېكىنىدىغان بولسا، ئۇلار ئۇنى ھەرگىز كۆزگە ئىل-

مايىتتى. بەلكىم سەمەرقەنت تەختىدىن ۋاز كېچىپ، ھىرات تەختىگە دەۋا قىلىشى، ئۇنىڭدىن ھىراتنى بىكارلاشنى تەلەپ قىلىشمۇ مۇمكىن ئىدى. مۇشۇلارنى نەزەرگە ئالغان ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ئەھمەد مىرزا بىلەن مۇھەممەد جوگىلاردىن يوشۇرۇنچە ئەبۇسەئىد مىرزىدىن سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. ئۇ بۇنى ئۆزى مۆلچەرلىگەن ھەرقانداق مەغلۇبىيەت ـ كېلىشمەسلىكلەردىن ياخشىراق چارە، دەپ پەرەز قىلغانىدى.

ئەلچى بىلەن كۆرۈشكەن ئەبۇسەئىد مىرزا، ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا سەمەرقەنت تەختگاھىغا زىممىلىك بىلدۈرۈپ، مۇستەقىللىق، تەخت دەۋاسى قىلىشتىن ۋاز كېچىدىغان، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ خانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۇنىڭ ھەرقانداق پەرمانىغا بويسۇنۇپ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدىغان، ئاتا ـ ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى خۇش قىلىپ، تۇغقاندارچىلىق قىلىپ ئۆتۈشىدىغان بولۇپ كېلىشىم تۈزۈشتى، كېلىشىمگە ھەر ئىككىلا تەرەپ قول قويۇشتى. دىن پېشۋالىرى، خەلق ۋەكىللىرى گۇۋاھ ـ شاھىت بولۇشتى.

كېلىشىمنامە رەسمىي ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا شەھەر مۇھاسىرىسىنى بىكار قىلىپ، لەشكەرلىرىنى ئىككى پەرسەخ يىراقلىققا چېكىندۈردى. ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەركەردىلىرى كۆھەك ئېدىرلىقىغا بىر ۋاقىتلىق شاھانە سۇپا ياسىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا قورالسىزلانغان يۈزدىن نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ مۇشۇ شاھانە سۇپىدا يۈز كۆرۈشتى. ئىمزا قويۇشقان كېلىشىمنامىنى ئالماشتۇرۇشۇپ، تۇزغا چىلانغان بىر بۇردىدىن ناننى يېيىشىپ، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن سۈلھى تۈزگەنلىكىدىن نارازى بولغان خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئىككى ئوغلى ئەھمەد مىرزا بىلەن مۇھەممەد جوگى نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بەلخ تەرەپكە يامانلاپ كەتتى.

كۆچلۈك رەقىبىنى ئەنە ئاشۇنداق سۈلھى تەدبىرى بىلەن چېكىندۈرۈپ كۆتمىگەندە ھىراتنى مەركەز قىلغان خۇراسان ۋادىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەسەررۇپىغا ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئەبۇسەئىد مىرزا خانزادە يۇنۇسخاننى دەرھال تېپىپ كېلىشكە ئىراققا چاپارمەن ئەۋەتتى، ھەمدە ئەندىجاننى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ماڭغۇزدى.

## 51

سەمەرقەنت، ھىراتقا ئوخشاش مەركىزىي شەھەر ھېسابلىنىدىغان ئەندىجان پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، سەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، سىرتتىن ئېقىپ كىرىدىغان توققۇز ئېرىق سۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. شەھەرنى ئادەمنى چۆكۈرگىدەك سۇ قاچىلانغان خەندەك ئوراپ تۇرىدۇ. خەندەكنىڭ سىرتىدا تاش ياتقۇزۇلغان يول، يولنىڭ سىرتىنى كۆجۈم مەھەللىلەر ئوراپ تۇرىدۇ. بوستانلىقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ شەھەر قارىماققا ئاجايىپ نەپىس ياسالغان ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ.

ئەندىجان شەھىرىنى قاتمۇقات قورشىۋالغان بولسىمۇ تېخىچىلا شەھەرنى ئالالمىغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان جىلە بولۇپ قالغانىدى. گەرچە شەھەرگە ئېقىپ كىرىدىغان توققۇز ئېرىقنىڭ سۈيىنى پۈتۈنلەي توختىتىۋەتكىنىگە بىر ھەپتىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەندىجان ئەمىرى مىرزا ئەلى كىچىك يا جەڭگە چىقماي، يا تەسلىم بولۇپ شەھەرنى تاپشۇرماي يېتىۋالغانىدى. موغۇلىستان تەختىگە ئولتۇرغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆزى مۇستەقىل لەش-

كىرىي يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىۋاتقان بولغاچقىمۇ، سۇلتان ئىسان بۇغاخان غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ قالغانىدى. ھەئە، ئوردىدىكى پېشقەدەم ئەمىرلىرىگە، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە ئۆزىنىڭ تەدبىرلىك، جاسارەتلىك باھادىر خان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگۈسى بار ئىدى. بىراق لەشكەر تارتىپ كەلگەندىن بېرى ئەنجان لەشكەرلىرى بىلەن بىرەر مەيدان جەڭ قىلىپ باقمىدى. ئەنجان ئەمىرى مىرزا ئەلى كىچىك ئۇنىڭ جەڭگە ئۇندەشلىرىگە پەرۋا قىلماي، شەھەرنى مۇستەھكەم مۇھاپىزەت قىلىپ يېتىۋالغانىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقى كۆچىيىپ كەتكەنىدى.

بۈگۈن ئۇ شاھ چېدىرىدا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان سانىز مىرزا بىلەن يا شاھمات ئويناشقا خۇشياقماي، ياكى شاراب ئىچىشكە كۆڭلى تارتماي باتناپ ئولتۇراتتى.

سانىز مىرزا بولسا ئالدىدىكى ئۇرۇقلىرى رەتلىك تىزىلغان شاھماتقا قارىغىنىچە ئاقسۇدا قالغان چىرايلىق چوكىنى ئايجامال خېنىمنى ئەسلەپ شېرىن خىياللارغا غەرق بولغانىدى.

ــ پولات باھادىرنى چاقىرىڭلار!

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ بۇيرۇقىدىن چۆچۈپ كەتكەن سانىز مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە خاننىڭ ئۆزىگە ئەمەس، مەھرىمىگە بۇيرۇق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەنە جايىدا ئولتۇردى.

ــ بىر ئوتلام شاراب ئىچىپ باقامىلا ئالىيلىرى؟ ــ دېدى ئۇ چىرايىدىن ھازىرلا قار ـ يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇتۇلۇپ قالغان خانغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي.

ــ قۇيسۇنلار، ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان.

سانىز مىرزا كوزىدىن قاشتېشى جامغا شاراب قۇيۇپ ئىككى قوللاپ تۇتتى. ئىسان بۇغاخان شارابنى بىر تىنىقتىلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

ــ چىلىم! ــ دەپ توۋلىدى ئىسان بۇغاخان قاشتېشى جامنى سانىز مىرزىغا سۇنۇپ تۇرۇپ.

بىر ياندا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان چىلىمچى دەستىسىگە يا ـ قۇتتىن كۆز قويۇلۇپ ياسالغان چىلىمگە ئازراق نەشە بېسىپ، ئۈستىگە چوغ تاشلىدى ـ دە، خانغا ئېھتىرام بىلەن تۇتتى. ئىچى سىقىلىپ كەتكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ خۇمارى تۇتقانىدى، چىلىمنى ئىشتىياق بىلەن شورىدى. شۇ ھامان بۇرنىدىن كۆپكۆك تۈتۈن تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ چىقىپ، ئەتراپىقا مەززىلىك كەندىر پۇرىقى تاراشقا باشلىدى. چىلىم خۇمارى تۇتقان سانىز مىرزا خاذ ـ نىنىڭ قولىدىكى چىلىمغا تەمەگەرلىك بىلەن قاراپ قويىدى. بىراق خۇمارى بېسىققان سۇلتان ئىسان بۇغاخان چىلىمنى سانىز مىر ـ زىغا ئەمەس، چىلىمچىسىگە ئۇزاتتى. ئەتراپىقا تارىغان تۈتۈننى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈۋاتقان سانىز مىرزا ئىلاجسىز خۇمار ـ نى شاراب بىلەن بېسىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ ئەسنادا پولات باھا ـ دىر ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

ــ شەۋكەتلىك باھادىر خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي!

ــ خوش، جاي ئالسۇنلار.

پولات باھادىر خاننىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان چېگرىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلىرىگە مىركەرىمبەردى بەگنى ئەمىر قىلىپ، پولات باھادىرنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كەلگەنىدى.

ــ ئەندىجان قەلئەسىنى قاچانغىچە قورشاپ ياتىمىز؟ ــ دېدى ئۇ سەركەردىسىگە نارازىلىق بىلەن قاراپ، ــ تېخىچە قەل ـ ئەگە كىرگۈدەك ياخشىراق تەدبىر تاپالمىدىلىمۇ؟

ــ قىبلىگاھىمغا مەلۇم قىلاي دەپ تۇرغان، ــ دېدى چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن پولات باھادىر سەل قىمىرلاپ قو ـ يۇپ، ــ شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن سېپىلنىڭ تېگىدىن لەخمە كولايلىمىكىن دەيمەن.

ــ لەخمە كولامدۇق؟ ــ بۇ تەدبىرگە قىزىقىپ قالغان سۇل ـ تان ئىسان بۇغاخان قەددىنى رۇسلىدى.

ــ شۇنداق قىبلىگاھىم. ئەتىگەندىن بېرى شەھەر سېپىلى ـ

www.uyghurkitap.com

نى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتىم. خەندەكنىڭ تېگىدىن لەخمە كولىساق شەھەرگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالىغۇدەكمىز.

— خەندەكتە پىلمۇقات[1] سۇ تۇرسا، خەندەكنى قانداق كولىماقچى سىلى؟

— لەشكەرلەر هازىر ئۆستەڭ چېپىۋاتىدۇ. خەندەكتىكى سۇنى ئاشۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق ئېقىتىۋەتكىلى بولىدۇ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ چېھرىگە سۇس كۈلكە يۈگۈردى.

— ئول ئۆستەڭ قاچان پۈتەر؟

— پەمىمچە نامازدىگەرگىچە پۈتىدۇ ئالىيلىرى. خەندەكتىكى سۇنى كېچىچە ئېقىتىپ بولىمىز.

— يول باشلىسىلا، كۆرۈپ كېلەيلى.

ئۇلار شاھ چېدىرىدىن چىقىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى.

مىڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ قول - قولچە ئۆستەڭ چېپىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ۋۇجۇدى قايتىدىن ئۈمىدكە تولدى.

— لەخمىنى مەھەللە ئىچىدىن كولاپ سېپىلنىڭ ئاستىغا تۇتاشتۇرساق ئەندىجان لەشكەرلىرى سېزەلمەيدۇ، — چۈشەندۈردى پولات باھادىر، — ھېسابىمچە، ئۈچ كۈنلۈككە ئەلىياتقۇ مەھەلدە قەلئەگە كىرگىلى بولۇر دەيمەن.

— بارىكاللا، — دېدى ئىسان بۇغاخان ھاياجانلانغان ھالدا، — لەخمىنى كۆپرەك كولىسۇنلار.

— ئەندىجان شەھىرىنىڭ ئۈچ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن جەمئىي ئالتە لەخمە كولاشنى ئويلىدۇق. لەخمىدىن كىرگەن باھادىرلىرىمىز ئاۋۋال دەرۋازىدىكى لەشكەرلەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ دەرۋازىنى ئاچسا، ئاساسلىق قوشۇنىمىز دەرۋازىدىن كىرىپ شەھەرنى چاپقۇن قىلىدۇ.

— لەخمە كولاشنى دەرھال باشلىسۇنلار، — دېدى ئىسان

① پىلمۇقات — لىپمۇلىق.

بۇغاخان بۇيرۇق بېرىپ، ــ خەپ، مىرزا ئەلى كىچىك دېگەن تـو-
خۇ يۈرەك ئەمىرنىڭ دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ قىلغان ئەدەپسىزلىكد-
ىنى كۆزىگە كۆرسەتمەيدىغان بولسام، ــ كۆڭلىدىكى غەم ـ ئەند-
ىشىلىرى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلغان سۇل-
تان ئىسان بۇغاخان يېنىدىكى سانىز مىرزىغا چاقچاق قىلدى، ــ
قانداق، ئەمىرزادەم، لەخمە كولىغاننى كۆرگىلىرى بارمۇ؟

خاننىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىپ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى
سەزگەن سانىز مىرزا دەرھال جاۋاب بەردى:

ــ ئىلتىپاتلىرى ئالىيلىرى.

ــ بۇنىڭغا ئىلتىپات كەتمەيدۇ ئەمىرزادەم، يېڭىياچە تـوي
قىلدىلا، شۇڭا لەخمە كولاشنى بەكرەك كۆرۈۋالسۇنمىكىن دەيمەن-
غۇ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۆزىنىڭ چاقچىقىدىن ئۆزى ھۇزۇر-
لىنىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. خاننىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ خۇش
قىلىشنى ئويلىغان سانىز مىرزا ھىجايغىنىچە جاۋاب بەردى:

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلگىنىگە رەھمەت. گەرچە
يېڭىدىن ئۆيلەنگەن بولساقمۇ، لەخمە كولاشقا خېلى ئېپىمىز بار،
بىراۋنىڭ كولىغىنىنى كۆرۈش ھاجەت ئەمەس.

ــ ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن لەخمە كولاشنىڭمۇ ھەرخىل
ئۇسۇللىرى بار، ئۆزلە بۇ ئىشقا كەلگەندە خېلىلا خام.

ــ ئەلۋەتتە ئالىيلىرىغا يەتمەيمىز ـ دە، ــ دېدى سانىز
مىرزا خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

چاقچاق سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ شەھۋەت ھەۋىسىنى
قوزغاپ قويغانىدى. ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ يېنىدىكى كوسا
چىراي خاس مەھرىمىگە قارىدى.

ــ ئەندىجان گۈزەللىرىنى بەكمۇ لەۋەن دەپ ئاڭلايمەن. ئۆز
ۋاقتىدا سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىمۇ بىر ئەندىجان گۈزىلىگە
كۆيۈپ قېلىپ، ئۇل گۈزەلنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن تۇرپاندىن

ئەندىجانغا كېلىپ، مەرھۇم مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ زىنىدا-
نىدا بىر يىل يېتىپتىكەنمىش. بىزنىڭ ئەندىجانغا قەدەم كەلتۇر-
گىنىمىزگىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئەجەبا ئاشۇنداق گۇ-
زەللەردىن بىرەرسىنى ئۇچراتمىدۇققۇ؟

خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن قېرى مەھرەم دەرھال قول باغلىدى:

ــ ئاللاھ خالىسا كەچ كىرگىچە ئۇمۇ بولۇپ قالۇر، قىبلىگاھىم.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئەمىسە خۇش خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن، ــ ئۇ سانىز مىرزىغا قارىدى، ــ قانداق، بىرەر قول شاھمات ئويناشقا ھەۋەسلىرى بارمۇ ئەمىرزادەم؟

ــ ئەلۋەتتە بار ئالىيلىرى.

ئۇلار پولات باھادىر قاتارلىق سەركەردىلەرنى ئۆستەڭ چېپىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ، بارگاھى ئالىيغا قاراپ ئات سالدى.

※ ※ ※

شۇ كۈنلەردە ئەندىجان شەھىرىگە قامىلىپ قالغان ئەمىر مىرزا ئەلى كىچىكنى غەم بېسىۋالغانىدى. موغۇلىستان لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرىدىغان سۇ مەنبەسىنى يۆتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن شەھەردىكى بارلىق كۆللەر قۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن شەھەر خەلقىنى قۇدۇق كولاپ سۇ مەنبەسىنى ھەل قىلىشقا تەشكىللىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋاتاتتى. ئۇ ئەندىجان شەھىرىنىڭ سېپىلىغا بەكمۇ ئىشەنچ قىلاتتى. سېپىلنى قاتتىق مۇداپىئە قىلسام، موغۇلىستان لەشكەرلىرى شەھەرگە ھەرگىز كىرەلمەي-

دۇ، ئۇنىڭغىچە سەمەرقەنتتىن ھەمدەمچى قوشۇن كەلسە ئىچ ـ
تېشىدىن ماسلىشىپ ياۋنى چېكىندۈرەلەيمەن، دەپ ئويلايتتى. بىراق
تېخىچە سەمەرقەنتتىن خەۋەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەبۇسەئىد مىرزىغا
باغلىغان ئۈمىدى بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كېتىپ باراتتى.

«ياردەم سوراش ئۈچۈن ئەۋەتكەن چاپارمەنلىرىم سەمەرقەنت-
كە يېتىپ بارالمىدىمۇ ـ يا؟ ياكى ئەبۇسەئىد مىرزا ئەندىجان مۇ-
ھاسىرىسىگە بىپەرۋا قاراۋاتامدىغاندۇ؟ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى
قۇتلۇقلاپ سالامغا بارالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ماڭا ھەققەتەن
قورساق كۆپۈكى بار. لېكىن ئۇ ئىش بىلەن بۇ ئىشنى ئايرىلاشتۇ-
رۇۋالماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟ سالامغا بارالمىغىنىم بىلەن مەك-
تۇپ ئەۋەتىپ قۇتلۇقلىدىم، شۇغىنىسى سوۋغا ـ پىشكەشلەر كەم
بولۇپ قالدى. مىرزىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتى مۇقىملاشسا سوۋغا ـ
پىشكەشلەرنى ئۆزۈم ئېلىپ بارارمەن دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن.
ھېلىمۇ ئاۋۋال خانزادە ئابدۇللەتىپخاننى، كېيىن مىرزا ئابدۇللا-
خاننى قۇتلۇقلاپ بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتتىم. سەمەر-
قەنت تەختگاھىدىمۇ بەڭگىنىڭ ئۆيىدە خوتۇن توختىمىغاندەك،
خان ـ سۇلتانلار ئالمىشىۋەردى. ئەبۇسەئىد مىرزىمۇ ئول تەخت-
گاھتا قانچىلىك دەۋران سۈرەلەيدۇ، بىلگۈچى ئاللاھ. موغۇلىستان
سۇلتانى ئىسان بۇغاخاننىڭ بۇنچە تېز لەشكەر تارتىپ كېلىشىنى
كىم ئويلىغان، بۇنىڭلىق ئۈچۈن ئۆزىنى بۈيۈك ئەلنىڭ ھۆكۈمرا-
نى ھېسابلىغان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇنچىۋالا ئاداۋەتخورلۇق قىلمى-
سا بولاتتى. نېمىلا بولمىسۇن مۇنبەت پەرغانە ۋادىسى يەنىلا سە-
مەرقەنت تەختگاھىنىڭ تەسەررۇپ زېمىنىغۇ ؟ پەرغانە ۋادىسى
قولدىن كېتىپ قالسا ئوخشاشلا ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەلتەنەتى-
گە زىيانلىققۇ؟ بۇنىڭلىق بىلەن ئاشۇ كىچىككىنە سەۋەنلىكىمىز-
نى دەپ قورساق كۆپۈكى قىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئەبۇسەئىد
مىرزا چۈشىنىشى كېرەك. ئۇ دېگەن كۆرەگان، ھەرگىزمۇ مەرھۇم
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئوغلى، سەمەر-
قەنت تەختگاھىنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورى ئەمەس. قائىدە بويىچە

www.uyghurkitap.com

سەمەرقەنت تەختگاھى جەننەتماكان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ
پەرزەنت ـ نەۋرىلىرىگە تېگىل بولۇشى كېرەك ئىدى. مەرھۇم خان
ئالىيلىرىدىن كېيىن تەخت ساھىبلىرى تولا ئالماشتى. ئەبۇسە-
ئىد مىرزا بولسا ئاشۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ دەشتى
قىپچاقنىڭ ھۆكۈمرانى ئوبۇلخەيرخاننىڭ ياردىمىگە تايىنىپ
سەلتەنەتنى قولىغا ئالدى. تېخىچىلا ھىرات ئەمىرى ئوبۇلقاسىم
بابۇر مىرزىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىنىدىن خەۋەر يوق.
تۇزكور خانزادە ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئىككى خانزادىسىنىڭ ئاتا
تەختىنى دەۋا قىلىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىدىنمۇ ھەم خەۋىرىمىز
بار. شۇنداقتىمۇ مەكتۇپ بولسىمۇ ئەۋەتىپ ساداقىتىمىزنى بىلد-
ۈردۇق. ئەمدىلىكتە ئەندىجان خەۋپتە قالغاندا بۇنداق كارى بول-
مىسا قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر ئۆزىنى بۈيۈك سەمەرقەنت تەختگاھى-
نىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمدارى ھېسابلىسا، ئۇنداق رەنجىشلىرىنى بىر
يانغا قايرىپ قويۇپ، لەشكەر ئەۋەتىپ ياۋنى چېكىندۇرسۇن، تە-
سەررۇپلىرىنى قوغدىسۇن. شۇ چاغدا ئاندىن ئۇنى تەخت ـ سەلتە-
نەتنىڭ ھەقىقىي پاسبانى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئىتائەت گەردى-
نىمىزنى تولۇق سۇنىمىز. ئۇنداق قىلمايدىكەن، بىزگىمۇ ئامال
يوق. شۇ كۈنلەردە شەھەردىكى رەئىيەت ئۇسسۇزلۇقتىن قىينال-
ماقتا، ئۆلۈم تەھدىتىدىن ۋايىم يېمەكتە. ئەندىجاندا ئۈچ تۈمەن
موغۇلىستان لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرغىدەك ئۇنچە كۆپ لەشكەر
يوق. ھېلىمۇ مۇستەھكەم قەلئە سېپىلىغا تايىنىپ بۈگۈنگىچە
بەرداشلىق بېرىپ كەلدۇق. يەنە ئىركىشۋەرسەك بەرداشلىق بې-
رەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ناۋادا ياۋغا ئەندىجاننى تارتقۇزۇپ قوي-
ساق، سۇلتان ئىسان بۇغاخان قىلچىلىك رەھىم قىلماي غەزىپىنى
ئاۋامدىن چىقىرىدۇ. لەشكەرلىرىنىڭ قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ
تالاڭ قىلىشىغا يول قويىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك قى-
يىن...»

مىرزا ئەلى كىچىكنىڭ خىياللىرى زىددىيەتلىك ئىدى. تۇر-
قىدىن سەمەرقەنتتىن كېلىدىغان ياردەمدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك

قىلاتتى. ئەندىجان شەھىرىنى، ئەمىرلىك مەنسىپىنى ساقلاپ قې-لىش ئۈچۈن ئامال ئىزدەپ باش قاتۇراتتى.

— ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەر تىلىۋالدى مىرزا كەلدى!

مىرزا ئەلى كىچىك خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئەرك① بېگىگە قارىدى:

— ئىجازەت، باشلاپ كىرسۇنلار.

ئېگىز بويلۇق، تەتۈر ئۇستىخان كەلگەن سەركەردە تىلىۋالدى مىرزا سارايغا كىرىپ ئەمىرگە سالام بەردى.

— خوش، — دېدى مىرزا ئەلى كىچىك.

— ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ياۋ لەشكەرلىرى ئۆس-تەڭ چېپىپ خەندەكنىڭ سۇيىنى سىرتقا باشلاۋاتىدۇ.

مىرزا ئەلى كىچىك بىردىنلا جىددىيلەشتى. بىر ھەپتىدىن بېرى موغۇلىستان لەشكەرلىرى ھۇجۇمنى بوشاشتۇرۇپ جىمىپ قالغانلىقى ئۈچۈن خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى.

— خەندەكنىڭ سۇيىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش مۇددىئاسى نېمىكەن؟

— بىزمۇ بىلەلمىدۇق، — دېدى سەركەردە تىلىۋالدى مىرزا، — بەلكىم ئۇلار سېپىلغا باشقىچە ئۇسۇلدا ھۇجۇم قى-لىشنى ئويلاۋاتسا كېرەك.

مىرزا ئەلى كىچىك دەس ئورنىدىن تۇردى:

— كۆرۈپ كېلەيلى.

سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ھە دەپ ئۆستەڭ چېپىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىرزا ئەلى كىچىك ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

«بەلكىم ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا خەندەكنىڭ سۇيى پۇتلاشقان بولسا كېرەك، لېكىن بۇ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق. بەرد-

① ئەرك — شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ئەمىر مەھكىمىسى جايلاشقان كىچىك قەلئە.

بىر قەلئە سېپىلى مۇستەھكەم، خەندەكنىڭ سۈيىنى سىرتقا باشلىيالىغىنى بىلەن بىزنى سىرتقا باشلىيالمايدۇ. مەيلى، ئاشۇنداق ئاۋارە بولغاچ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ سېپىلغا چىققىنىنى بىر كۆرەي...»

— پەرمان! — دېدى مىرزا ئەلى كىچىك ئەتراپىدىكى سەركەردىلىرىگە قاراپ، — لەشكەرلەر سېپىل مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتسۇن، بىرمۇ ياۋ لەشكىرىنىڭ سېپىل تۈۋىگە كېلىشىگە يول قويمىسۇن. ياراغبەردار!

— لەببەي جانابلىرى.

— زاپاس ئوقلىرىمىز قانچىلىك بار؟

— تېخى چېپىن قىلمىدۇق①.

— باركاللا، ئۇستىلار ئوق ياساشنى داۋاملاشتۇرسۇن. ماتېرىيال يېتىشمىسە لەشكەرگاھنىڭ ئۆگزىلىرىنى چۇۋۇڭلار. لېكىن رەئىيەتنىڭ ئۆيلىرىگە چېقىلماڭلار.

مىرزا ئەلى كىچىك سېپىلنىڭ مۇداپىئەسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئەمىر مەھكىمىسىگە قايتىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى كۆجۇم مەھەللە ئىچىدىن سېپىلغا قارىتىپ لەخمە كولاۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

※ ※ ※

ئارىدىن ئۈچ كۈن تېپتىنچلا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە خەندەك سۈيىنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتكەن موغۇلىستان لەشكەرلىرى جىمىپ قېلىشقانىدى.

ئۇلارنى خەندەكنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قايتا ھۇجۇم قوزغايدۇ دەپ پەرەز قىلغان مىرزا ئەلى كىچىك موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ جىمىپ قالغىنىنى كۆرۈپ «بەلكىم ھۇجۇم

① چېپىن قىلماق — قول تەگكۈزمەك، چېقىم قىلماق.

قىلىشقا ئىلاج قىلالمىغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ــ دە، خې- لىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى سەمەرقەنتكە يەنە يوشۇرۇنچە چاپارمەن ماڭغۇزدى. گەرچە ئۇ ئەبۇسەئىد مىرزى- نىڭ ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىشىگە ئانچە ئىشەنچ باغلىيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر ئۇرۇنۇپ باقماقچى بولغانىدى.

تاڭ كېچە، تۇيۇقسىز ياڭرىغان سۇرەن ــ چۇقان ساداسى ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن ئەندىجان شەھىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈپ ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئەركتىكى ھەشەمەتلىك سارىيىدا ياش توقلىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان مىرزا ئە- لى كىچىك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە، غۇسلى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي كىيىملىرىنى ئالدىراش كىيىپلا مۈگدەۋاتقان مەھرەم- لىرىنى تېپىپ ئويغاتتى.

ــ تۇرۇشە يالقاۋلار، توڭگۇزدەك يېتىشماي!

ئۇ ئالدىراپ ــ تېنەپ سارايىنىڭ ئۈستىدىكى مۇنارغا چىقتى. مۇناردا پۈتكۈل شەھەرنى بەش قولدەك ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. شەھەرنىڭ ئۇچىلا دەرۋازىسىدا يېنىپ كەتكەن يۇلتۇزدەك ئوت- قاشلارنى كۆرۈپ مىرزا ئەلى كىچىكنىڭ يۈرىكى بوغۇزىغا كەپ- لەشتى، ۋەھىمىدىن پۈت ــ قولىدا جان قالمىدى.

«توۋا خۇدايىم، نېمە كارامەت بۇ؟ موغۇلىستان لەشكەرلىرى دەرۋازىلارنى قانداق ئاچقاندۇ؟ قاراۋۇللار بىخۇدلىشىپ قالغانمىدۇ ياكى ئۇلار باشقىچە ھىيلە ئىشلەتكەنمىدۇ؟...»

شۇ دەقىقىدە قوللىرىغا ئوتقاش كۆتۈرۈۋالغان موغۇلىستان لەشكەرلىرى شەھەرگە كەلكۈندەك ئېقىۋاتاتتى. ھەئە، لەخمە ئار- قىلىق سېپىلنىڭ تېگىدىن شەھەرگە كىرگەن موغۇلىستان لەش- كەرلىرىنىڭ تۇرشاۋۇللىرى چەبدەسلىك بىلەن دەرۋازىدىكى قارا- ۋۇللارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دەرۋازىلارنى ئىگىلىۋالغانلىقى مىرزا ئەلى كىچىكنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

مىرزا ئەلى كىچىك يېنىدا لاغ ــ لاغ تىترىگىنىچە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە سارغىيىپ تۇرغان ئەرك بېگىگە يەۋەتكۈدەك چەك-

www.uyghurkitap.com

چەيدى:

— ئەرك دەرۋازىسى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنسۇن! نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرك سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقسۇن، سۇسلۇق قىلغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن!

بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان ئەرك بېگى مۇناردىن دومىلىغاندەك مېڭىپ چۈشۈپ كەتتى.

مىرزا ئەلى كىچىك تاڭ يورۇغىچە مۇناردىن پەسكە چۈشمەدى. ئۇ شەھەرگە تولۇق باستۇرۇپ كىرگەن موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئەركنى قاتمۇقات قورشىۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇردى. ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. ئىچىدە ۋاقتىدا ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتمىگەن ئەبۇسەئىد مىرزىنى تىللايتتى، قارغايتتى. ئەبۇسەئىد مىرزىغا بەك ئىشەنچ قىلىپ كېتىپ، سۇلتان ئىسان بۇغاخانغا ۋاقتىدا ئەل بولمىغىنىغا، شەھەرنى تاپشۇرمىغىنىغا پۇشايمان يەيتتى.

«شۇنچە مۇستەھكەم شەھەر سېپىلىدىن بۆسۈپ كىرگەن ياۋ لەشكەرلىرىنى ئەمدى بۇ ئەرك سېپىلى ھەرگىز توسۇيالمايدۇ، قانداق قىلسام بولۇر؟ قانتىم بولغان تەقدىردىمۇ ئەمدى بۇ يەردىن ھەرگىز قېچىپ چىقالمايمەن. سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئالدىغا گۇناھىمنى تىلەپ بارسام كاللامنى ساقلاپ قالالارمەنمۇ؟ مۇناردىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلىۋالايمۇ ـ يا؟ ياق، توختا، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپتىكەن. ئاۋۋال ئۇل موغۇلىستان سۇلتانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقاي. رەھىم ـ شەپقەت بىلدۈرۈپ قالسا تېخى ياخشى. ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ناۋادا شەپقەتسىزلىك قىلسىمۇ ياۋنىڭ قىلىچىدا ئۆلەي. بۇ ئۆزۈم ئۆلىۋالغاندىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل. كىشىلەرنىڭ ئەندىجان ئەمىرى قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئۆزىنى مۇناردىن تاشلىۋالدى، دەپ پىتنە ـ پاسات قىلىشقىنىدىن ياخشى. خەپ، ئەبۇسەئىد مىرزا ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ. ئەسلىدىمۇ سېنىڭ بۇيۈك ماۋەرائۇننەھر تەسەررۇپىنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇشقا لاياقى-

تىنىڭ يوق ئىدى. مانا ئەمدى پەرغانە ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمە. خوپ بولدى ئەمدى، ئەندىجان شەھىرىنى قولىغا ئېلىۋالغان موغۇلىستان سۇلتانى سېنى ھەرگىز تىنچىتمايدۇ، بەلكى سەمەرقەندتىكىچە باستۇرۇپ بېرىپ، تەختى ـ بەختىڭنى گۇم قىلىدۇ...»

مىرزا ئەلى كىچىك تارىملاپ ئاققان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ مۇناردىن چۈشتى. دەستارپىچقا بۇيرۇپ، ئەينى يىلى پەرغانە ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتىدا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئىنئام قىلغان زەر تونى بىلەن ئەمىرلىك بەلگىسى قادالغان سەللىسىنى كىيدى. بېلىگە بەدەخشان ياقۇتىدىن كۆز قويۇلغان كۈمۈش كەمىرىنى باغلىدى.

ـــ خەۋەر بەرسىلە، ياۋ لەشكەرلىرى ھۇجۇمنى توختاتسۇن. سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەن، ـــ دېدى بىر چەتتە سالپىيىپ تۇرغان ئەرك بېگىگە قاراپ.

ـــ باش ئۈستىگە!

مىرزا ئەلى كىچىك تەقى ـ تۇرقىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن سارايدىن چىقتى.

مىرزا ئەلى كىچىكنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەرك دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىدى.

ئەرك دەرۋازىسىدىن يالغۇز چىققان مىرزا ئەلى كىچىك تەسلىم بولغىنىنى بىلدۈرۈپ بويىنغا قىلىچ بىلەن كامانىنى ئېسىپ، ئىككى قولىنى مۈرىسىنىڭ ئېگىزلىكىدە كۆتۈرگىنىچە كېلىپ ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيدى، تىزىغىچە چۈشۈپ تۇرغان تونىنىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتتى، ئاندىن ئاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى.

ـــ شەپقەتلىك ئالەمپاناھىمىزدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئىسان بۇغاخان تولىمۇ خۇشال ئىدى. تۇنجى قېتىملىق لەشكىرىي يۈرۈشىدە زەپەر قۇچقانلىقى، رەھمەت-

www.uyghurkitap.com

لىنىڭ دادىسى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىرنەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ كېلىپمۇ ئالالماي ئارماندا كەتكەن ئەندىجان شەھىرىنى قولىغا ئالغانلىقى، ئالدىدا ئەندىجان ئەمىرىنىڭ تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراۋاتقانلىقى ئۇچۇن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ ھاياجانلىق تۇيغۇنىڭ ھۇزۇرىنى ئۇزاقراق سۇرمەكچى بولغاندەك بىر ھازا قاراپ تۇردى. ۋۇجۇدىنى ئۆلۈم تەشۋىشى چۇلغىۋالغان مىرزا ئەلى كىچىك بولسا بارغانسېرى يەرنىڭ قەھرىگە كىرىپ كېتىپ باراتتى.

ــ ئورنۇڭدىن تۇرا! ــ دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە ھوشىدىن كېتەي دەپ قالغان مىرزا ئەلى كىچىك قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئىسان بۇغاخانغا بىر قارىۋېتىپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى:

ــ ئادالەتپاناھىمىنىڭ شەپقىتىگە ھەشقاللا!

ئىسان بۇغاخان ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدى:

ــ ئەركىتىكى نۆكەرلىرىڭ نېمىشقا تېخىچە قورال تاشلاپ ئالدىمغا چىقمايدۇ؟

مىرزا ئەلى كىچىك دەرۋازا تۈۋىدىكى ئەرك بېگىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ نۆكەرلەرگە يەتكۈزسىلە، دەرھال قوراللىرىنى تاشلاپ چىقىپ، ئالەمپاناھىمىزنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۇزەڭگىسىنى بۆسە قىلسۇن①.

قوراللىرىنى تاشلىغان نۆكەرلەر بىر ـ بىرلەپ چىقىپ ئىسان بۇغاخانغا سالام بەردى. ئۇلارنى موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئۇدۇللۇق ئەسىرگە ئالدى.

ئەركتە كىرىپ ئەندىجان ئەمىرىنىڭ سارىيىدىكى نەقىشلىك كۇرسىغا ئولتۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان پولات باھادىرغا قارىدى:

① بۆسە قىلسۇن ــ «سۆيسۇن» دېگەن مەنىدە.

— پەرمان! سەركەردە ـ لەشكەرلەر جانغا زامىن بولماي خا ـ لىغىنىنى قىلسۇن. قارشىلىق كۆرسەتكەن رەئىيەت بۇ پەرماندىن مۇستەسنا!

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ قەتلىئام جاكارلىماي، غالىب لەشكەرلىرىنى قىرغىنچىلىقتىن توسۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ مىرزا ئەلى كىچىك يەڭگىل بىر نەپەس ئالدى.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ دەريا كەبى مېھىر ـ شەپقىتىگە تە ـ سەننا، — دېدى ئۇ كۇرسىنىڭ ئالدىغا ئۆملەپ كېلىپ، — كە ـ مىنەلىرى ئەندىجان شەھىرىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق رەئىيەت نا ـ مىدىن ئۆزلىرىگە مىڭلاپ تەشەككۇر.

ھەرقانداق بىر ھۆكۈمدار ئۆزگە ئەلنىڭ بىرەر شەھىرىنى ئىش ـ غال قىلسا لەشكەرلىرىنى قىر ـ چاپ، بۇلاڭ ـ تالاڭغا قويۇپ بېرى ـ دىغان قائىدە بار ئىدى. بۇ ئارقىلىق لەشكەرلەر نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشەتتى. ئۆز پادىشاھى ئۈچۈن تېخىمۇ جانپىدالىق، ساداقەت ـ مەنلىك بىلەن جەڭ قىلاتتى. سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەندىجان شەھىرىنى لەشكەرلىرى چىقىم بولغىدەك جەڭ قىلماي ئالغانلىقى ئۈچۈن پۇقرالارنى قەتلىئام قىلىشتىن ساقلاپ قالغانىدى.

ھايال ئۆتمەي ئەندىجان كوچىلىرىدا قوللىرىدا تەۋلىدىباز كۆ ـ تۈرۈۋالغان جاكارچىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:

— زامان! زامان! سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ زامانى! ئەيىيۇ ـ ھەنناس، قۇلاق سېلىڭلار ئامۇخاس! قۇدرەتلىك شاھىمىز سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى دەريا كەبى مېھىر ـ شەپقەت كۆرسى ـ تىپ شۇنداق پەرمان جاكارلايدۇرلەركىم، بارلىق ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئەندىجان ئاھالىسى كات ـ ساندۇقلىرىڭلارنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئې ـ چىپ قويۇپ، ھويلا ـ ئاراملىرىڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار. موغۇ ـ لىستان باھادىرلىرى ئۆزلىرى خالىغان سۆيۈنچىلەرنى ئېلىپ ياڭ ـ غايلەر. دەخلى ـ تەئەررۇز قىلىپ سەركەشلىك قىلغۇچىلار كال ـ لىسىغا ھېزى بولغاي! جان ئامان، مال ھايان!

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنى تاقىۋېلىپ

ئۆيلىرىگە بېكىنىپ ياتقان ئەندىجان خەلقى جاكارچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە جۇغلىغان مال ـ دۇنيالىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشىنى خالىمىسىمۇ، جانلىرىنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلىشىپ، قېرى ـ چۈرى، ئاجىز ـ ئورۇقلارنى يۆلەشتۈرۈپ، كىچىك باللىرىنى كۆتۈرۈپ ـ ئەگەشتۈرۈپ ئۆيلىرىدىن چىقىپ كېتىشتى. قوتانغا تەگكەن ئاچ بۆرىدەك قۇترىغان موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئىشىكلىرى داغدام ئېچىۋېتىلگەن ئۆيلەرگە بىمالال كىرىپ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى.

※ ※ ※

غەلىبە خۇشاللىقىنى تەبرىكلەپ كاتتا زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىر ھەپتىدىن بېرى كۈندە دېگۈدەك مەست ئىدى. ئەندىجان ئەمىرى مىرزا ئەلى كىچىككە بۇنداق زىياپەت داستىخىنىدا پەگادىن ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ سۇلتان ئىسان بۇغاخانغىلا ئەمەس، ئەڭ ئادەتتىكى سەرۋازلارغىمۇ خۇشامەت قىلاتتى. ئەندىجاننى ئېلىپ نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن سەركەردىلەر خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىدى. پەقەت ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەر پولات باھادىرلا لەشكەرلەرنى شەھەر سېپىلىدىكى قاراۋۇلخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ،ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ، بولغۇسى جەڭگە تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. سەيىدئەلى ئالپىنىڭ كىچىك ئەمىرزادىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ پېشقەدەم سەركەردىدىن بىر قەدەم ئايرىلماي بىللە يۈرەتتى. ئاكىسى سانىز مىرزا بولسا تۇرالغۇسىنى ئاللىقاچان گۈزەل قىزلار بىلەن تولدۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

بۇگۈن قوزا چۈش مەھەلدە ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى سەركەردە پولات باھادىر بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى بىرئاز جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇلار ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش

ئۇچۇن سارايغا كىرگەندە سۇلتان ئىسان بۇغاخان سانىز مىرزا قاتارلىق بىرقانچە يېقىن مەھرەملىرى بىلەن ئەرك بېغىدىكى كۆل بويىغا ياسالغان ئارامگاھتا بەزمە قىلىپ ئولتۇراتتى.

— كەلسىلە ئەمىر لەشكەر، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرسىلا، — دېدى شارابنى تولا ئىچىپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن سۇلتان ئىسان بۇغاخان پولات باھادىرغا يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ، — يېقىندىن بېرى بەزمىدىن ئۆزلىرىنى تارتىدىغان بولۇۋالدىلا. ئۇششاق - چۇششەك ئىشلارنى سەركەردىلەرگە تاپشۇرۇپ، ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرسىلە.

— قىبلىگاھىمنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت، — دېدى پولات باھادىر تۇرغان جايىدىن مىدىرلىماي، — ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغان جىددىي مەلۇمات بار.

— قېنى ئېيتسۇنلار، — دېدى سۇلتان ئىسان بۇغاخان بەخىرامان ھالدا.

— لەشكىرىي مەلۇمات خاس يەتكۈزۈلگىنى ئەۋزەلدۇر قىبلىگاھىم.

پولات باھادىرنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ ئىسان بۇغاخان بىر ئاز دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى.

— تۇمەندىن[1] تۆۋەنلەرگە ئىجازەت، — دېدى ئۇ سورۇن ئەھلىگە قاراپ.

سازەندىلەر، رەققاسلار، خىزمەتكارلار، مۇغبەچىلەر، ساقىيلار، بىرقانچە تۆۋەن دەرىجىلىك سەركەردىلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، خانغا سالام بېرىپ سورۇندىن ئايرىلىشتى.

— ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغايلا جانابى ئەمىر، — دېدى پولات باھادىر داستىخاننىڭ بىر چېتىدە مىدىرلىماي ئولتۇرغان ئەندىجان ئەمىرى مىرزا ئەلى كىچىككە قاراپ.

— خوش.

---

① تۇمەن — تۇمەن بېشى. بۇ يەردە يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەر كۆزدە تۇتۇلغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىرزا ئەلى كىچىك دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سورۇندىن چىقىپ كەتتى. سانىز مىرزا قوپۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئۇنى توختىتىۋالدى:

ــ ئەمىرزادەمنىڭ مەرتىۋىسى گەرچە تۆمەنلەردىن بولمىسمۇ، لەشكىرىي مەلۇماتقا داخىل بولغاي.

ــ قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى پولات باھادىر قول باغلاپ تۇرۇپ، ــ ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئەندىجاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن نەچچە تۈمەن لەشكەر كېلىۋېتىپتۇ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان بىردىنلا چۆچۈدى:

ــ ئەبۇسەئىد مىرزا شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتقان ئوخشىمامدۇ؟

ــ يوقسۇ، ئەبۇسەئىد مىرزا سەمەرقەنتتە قاپتۇ. ھەمدەمچى قوشۇنغا لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىرى مىرزا ئىبراھىم بەگ باش بوپتۇ.

ئىسان بۇغاخان بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ئۇ ئەندىجاننى ئالغاندىن بېرى بۇنداق تەھدىتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ــ ئەبۇسەئىد مىرزا كەلمىگەن بولسا ئەنسىرەپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ــ دېدى سانىز مىرزا چوكچىلىق بىلەن، ــ ئۇلارنى ئەندىجان قەلئەسىنىڭ سىرتىدا ئەدەپلىگەيمىز. شول كۈنلەردە لەشكەرلىرىمىز جاسارەتلىك، ئاتلىرىمىز شاش.

ــ ئۇنداق دەپ ئولتۇرساق بولماس ئەمىرزادەم، ــ دېدى پولات باھادىر سانىز مىرزىنىڭ چوكچىلىقىنى ياقتۇرمىغان ھالدا، ــ مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ئەندىجان شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىشىنى ساقلىماي، دەرھال ئىككى قانات تۇرشاۋۇل ئەۋەتىپ يول ئۈستىگە بۆكتۈرمە قويساق، يول بويى ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئول ھەمدەمچى قوشۇننىڭ ئارام ئېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي ئىسكەنجىگە ئېلىپ زەربە بەرسەك.

ئىسان بۇغاخان پولات باھادىرنىڭ كېپىگە ئىپادە بىلدۈرمەي
ئولتۇرۇۋەردى. پولات باھادىر كېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

— ھەمدەمگە كېلىۋاتقان قوشۇننى پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئالا-
لىساق تېخى ياخشى. پەقەت بولمىغاندا ئەندىجانغا يېقىنلاشتۇرماي
چېكىندۈرۈۋەتسەك، ئەبۇسەئىد مىرزا قايتا لەشكەر تارتىپ كېلىپ
بولغىچە قىش بولۇپ كېتىدۇ. قارا قىشتا لەشكەر تارتىش ئۇلار-
غىمۇ بىئەپ. ئۇنىڭغىچە بىزمۇ ئەندىجاندا قىشنى خاتىرجەم ئۆت-
كۈزۈۋالىمىز. ئاللاھ خالىسا كۆكلەم بىلەن تەڭ سەمەرقەنتكە
لەشكەر تارتساق ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى قولىمىزغا ئالالايمىز.

پولات باھادىرنىڭ گەپلىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ قۇ-
لىقىغا كىرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەئە، ئۇنىڭ يەنە جەڭ قىلغۇسى
يوق ئىدى، پەقەت ئەندىجان يۈرۈشىنىڭ نۇسرىتىنى ساقلاپ قال-
غۇسىلا بار ئىدى. چۈنكى ئۇ ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ نۆۋەت-
تىكى قاتمال، چۇۋالچاق ۋەزىيىتىنى چۈشەنمەيتتى. ئەندىجاننى
پۇختا ساقلاپ تۇرۇپ، سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشنىڭ تېپىلغۇ-
سىز پۇرسەت ئىكەنلىكىگە ئەقلى ئۇلاشمايتتى. سەمەرقەنتتىن
ھەمدەمچى قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەھ-
ھىمە ئولاشتى. ئۇلار باستۇرۇپ كېلىپلا ئۆزىدىن ئەندىجاننى تار-
تىۋالىدىغاندەك تەشۋىشكە چۈشكەنىدى. لەشكىرىي يۈرۈشلەردە
تۈزۈك چېنىقمىغان بۇ ياش ھۆكۈمدار ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنىڭ
خاملىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتاتتى.

— مېنى بىر پەس خالىي قالدۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ قاپىقىنى
تۈرۈپ، — بىرىڭلار بىر نېمىدەپ، يەنە بىرىڭلار بىر نېمىدەپ
مېڭەمنى قوچۇۋەتتىڭلار.

ھەممەيلەن دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئارامگاھتىن
چىقىپ كېتىشتى. يالغۇز قالغان سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى تېخى-
مۇ غەم باستى.

«ئەبۇسەئىد مىرزا ئەندىجانغا ھەمدەمچى لەشكەر ئەۋەتكەن
بولسا، پەيلى بۇزۇلغان ئوخشايدۇ. پولات باھادىر ئەندىجان نۇسرى-

تىدىن مەغرۇرلىنىپ جەڭ قىلىشنى تايىن تاپتى ئەتىمالىم. سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ئەندىجان لەشكەرلىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرماق ئاسان ئەمەس. جەڭ قىلىپ ئۇلارنى يېڭىۋالساققۇ ياخشى، ناۋادا يېڭىلىپ قالساق ئەندىجاننى ساقلاپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز. ئۇل چاغدا كىشىلەر مېنى دەسلەپتە غەلىبە قىلىپ ئەندىجاننى ئالغان دېمەي، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ سەركەردىسىدىن يېڭىلىپ قالدى، دەپ مازاق قىلىشىدۇ. ئەندىجان غەلىبىسى ئىككى پۇل بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى، سەمەرقەنت لەشكەرلىرى كەلمەستىلا ئەندىجاننى تاشلاپ كەتكىنىمىز ئەۋزەل. شۇنداق قىلساق ئۇلارغا دۇچ كەلمەگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھېچكىم بىزنى يېڭىلىپ قاچتى دېيەلمەيدۇ. بىزمۇ ئەندىجان غەلىبىسىنى ساقلاپ قالغان بولىمىز. بۇ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلىپ چېكىنگەندىن كۆپ ياخشى...»

سۇلتان ئىسان بۇغاخان كاللىسىغا كەلگەن بۇ ئەخمىقانە خىيالدىن بىردىنلا روھلاندى. دەرھال ئاقسۇغا قايتىپ ئەندىجان غەلىبىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئالدىرىدى.

※ ※ ※

سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ چېكىنىش پەرمانىنى ئاڭلاپ پولات باھادىر ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىپ چېكىنگەن بىلەن ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ غىپپىدە چېكىنگەننىڭ ھېچقانچە پەرقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزاق يول بېسىپ ھېرىپ كەلگەن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىگە پىستىرما قويۇپ، ئارام ئېلىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەي توسۇپ زەربە بېرىپ غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچى بار ئىدى.

— شۇنچە جاپا تارتىپ كېلىپ ئەندىجاننى ئېلىپ، مۇشۇنداق سەۋەبسىزلا تاشلاپ كېتىمىزمۇ ئالىيلىرى، — دېدى پولات باھا-

دىر قايىل بولمىغان ھالدا، ــ مېنىڭچە سەمەرقەنت لەشكەرلىردگە توسۇپ زەربە بەرسەك، ئەندىجاننى شۇبھىسىزكى ساقلاپ قالالايمىز. ناۋادا قىبلىگاھىمىزنىڭ ئاستانىگە قايتقۇسى بولسا، مەن بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن ئەندىجاندا قالاي. ئەندىجاننى ساقلاپ قېلىشقا بېشىم بىلەن كېپىللىك قىلىمەن. ماۋەرائۇننەھر تەسەررۇپىنى ئىستېلا قىلىشتا ئەندىجان بەك مۇھىم.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان قاپىقىنى تۈردى:

ــ پەرمانىمغا سەركەشلىك قىلمىسۇنلار!

ــ يوقسۇ، ــ دېدى پولات باھادىر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ــ ئەندىجاننى بۇنچە ئالدىراپ تاشلاپ بەرمەيلى دېمەكچىمەن.

ــ گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. دەرھال چېكىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلسۇنلار! بارلىق ئەندىجان ئاھالىسى بىز بىلەن بىللە ئاقسۇغا بارىدۇ.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئەندىجان خەلقىنى ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ غەلىبىلىك ئەندىجان يۈرۈشىنىڭ ئىسپاتى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. پولات باھادىر ئۇنىڭ بۇ ئەخمىقانە خىيالىغا قارشى چىقىشقا پېتىنالماي، ئىلاجسىز بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئىسان بۇغاخان ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى قولىغا ئېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. ئەندىجان شەھىرىدىكى يول يۈرۈشكە يارىمايدىغان قېرى، مېيىپ، ئاجىز - مەجرۇھلاردىن باشقا بارلىق ئاھالىنى مەجبۇرىي ئالدىغا سالغىنىچە قەشقەر، ئاقسۇ تەرەپكە كۆچۈرۈپ كەتتى. بىر شەھەر خەلقىنى بۇنداق تولۇق كۆچۈرۈپ كېتىدىغان ئەھۋال تارىختا تولىمۇ ئاز كۆرۈلەتتى.

سۇلتان ئىسان بۇغاخان يولغا چىقار ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈندۇر ئەندىجان ئەمىرى مىرزا ئەلى كىچىكنى قالدۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

※ ※ ※

ئەبۇسەئىد مىرزا ھەمدەمچى لەشكەرلىرى بىرىپ بولغىچە سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئەندىجان شەھىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقىنى، پۈتكۈل شەھەر ئاھالىسىنى كۆچۈرۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. بۇنىڭ تېگىگە ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ يېتەلمىدى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن ئەندىجان شەھىرىنىڭ قولىغا ئاسانلا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇش بولدى. مىرزا ئەلى كىچىكنى مەردلىك بىلەن ئەندىجاننىڭ ئەمىرلىكىگە قايتا تەيىنلەپ، ئەندىجان شەھىرىگە يېڭىباشتىن ئاھالە كۆچۈرۈشكە پەرمان بەردى.

ياندۇرقى يىلى يازدا ئىراققا ئەۋەتكەن چاپارمەنلىرى نۇرغۇن شەھەرلەرگە بېرىپ ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى شىراز شەھىرىدىن خانزادە يۇنۇسخاننى تېپىپ كەلدى. ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخانغا بىر سەرگەردان، قاچقۇنغا ئەمەس، بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمدارىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى.

باغداد، شىراز مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئالىملىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ «ئۇستاز يۇنۇس» دېگەن كاتتا ئاتاققا ئېرىشكەن يۇنۇسخان ئىزدەپ كەلگەن چاپارمەنلەردىن ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، چاقىرتىش مۇددىئاسىنى بىلمىسىمۇ دەرھال يولغا چىقتى. يول بويى ئۇ ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇددىئاسىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن تۈركىستانغا بېرىپ، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئانىسى خانىش دۆلەت سۇلتان مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ھىراتتا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئاجايىپ كاتتا ھۆرمەت ــ ئېھتىرام بىلەن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ بىرئاز گاڭگىرىدى، ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. ھىراتتىكى

«باغى زاغان» ئاتلىق كاتتا باغدا كۆتۈۋېلىش سورۇنى تەييارلىغان ئەبۇسەئىد مىرزا بىر تەرەپتە يۇنۇسخاننى، بىر تەرەپتە ئوبۇل-قاسىم بابۇر مىرزىنى ئولتۇرغۇزدى. خاننىڭ بۇ ئىشىدىن يۇنۇس-خان بىرئاز قورۇندى. ئاخىر بۇ كاتتا ھۆرمەتتىن ئەجەبلىنىپ ئە-بۇسەئىد مىرزىدىن ئۇدۇللا سوراشقا مەجبۇر بولدى:

— كەمىنەلىرى ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ھەقلىق تاجۇ تەخ-تىمدىن مەھرۇم قىلىنىپ ئۆزگە يۇرتلاردا قازاقلىق①تا ياشاۋاتقان بىر ساياقمەن. جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ بۇنچە ھۆرمەت ـ ئېھ-تىرام كۆرسىتىشىگە ئەرزىمەيمەن. قانداق مۇددىئالىرى بولسا ئوچۇق ئېيتقان بولسىلا.

— شۇبھىلەنمىگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخاننى «خانزادە» دېمەي ھۆرمەت بىلەن «ئالىيلىرى» دەپ ئا-تاپ، — ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنى يىراق ئىراق زېمىنىدىن چاقىرىپ كېلىشىمىزدە كۆڭلىمىزگە پۈككەن مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىز باردۇر. بىراق بۈگۈن ھۆرمەتلىرىگە سېلىنغان بۇ داستىخاندا پە-قەت تۈز يېيىشىپ، مېھماندارچىلىقلا قىلىشساق، ئەسلىي مەق-سەتنى ئاللاھ خالىسا ئەتە بايان ئەيلىسەك دېگەن ئۈمىدتىمىز.

— مۇمكىن بولسا شول تاپىنىڭ ئۆزىدە بىلىشكە تەقەززا-مەن، — دېدى يۇنۇسخان جاھىللىق بىلەن، — بولمىسا خۇدۇك-سىرەپ قالىدىكەنمەن. مەقسەت ـ مۇددىئالار دۇرۇس بولسا بۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ پەرقى يوقتۇر. بەلكىم تەخىرسىز ئىشلارنى ئەتىگە قالدۇرۇش بىھاجەتتۇر. ئالىيلىرىنىڭ مېنى شۇنچە يىراق يەردىن چاقىرتىشى بەلكىم تەخىرسىز بىر زۆرۈرىيەت بائىسىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

يۇنۇسخاننىڭ ئوچۇق ـ يورۇق، كەسكىنلىكى ئەبۇسەئىد مىرزىنى قايىل قىلدى. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ توغرا قىلغىنىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندى.

① قازاقلىق — ھۆكۈمدارنىڭ تەختىدىن ئايرىلىپ قېچىپ يۈرگەن ۋاقتى، يەنى قاچاقلىق.

— ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ ئالىيلىرىنىڭ ئوچۇق - يورۇق، تۇز مىجەزى ئۆزگەرمەپتۇ، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا كۈلۈمسىرەپ، — ئەسلىرىدە بارمىكىن، ئەينى يىلى ئىرازان بارىن بىلەن سەمەرقەنتكە كېلىپ مەرھۇم جەننەتماكان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىرىدە تېخى يىگىتلىك مەۋسۇملىرىغا قەدەم قويمىغان بىر گۆدەك بالا ئىدىلە. شول چاغدىمۇ ئوچۇق - يورۇق مىجەزلىرى، چوڭلارغا خاس تەمكىن قىياپەتلىرى ۋە مېغىزلىق، ئورۇنلۇق سۆز ـ ئىبارىلىرى بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى قايىل قىلغان ئىدىلە. ئاشۇ مەھرەملەر قاتارىدا مەنمۇ بار ئىدىم. كۆڭلۈمدە سىلىگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىم قوزغالغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى دىيانەتسىز، تۇزكور ئوغلى ئابدۇللەتىپخاندىن كۆڭلى ئازار يېگەن ۋاقىتلاردا ئىختىيارسىز سىلىنى تىلغا ئالاتتى، ئاللاھتىن ئۆزىگە سىلىدەك پەرزەنت نېسىپ بولمىغىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى. نىمە ئۈچۈندۇر شول چاغدا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى تەلەپلىرىنى رەت قىلدى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا قۇلاق سالمىدى. كېيىن جەننەتماكان پەدەرى شاھرۇخخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتىۋەتتى. شۇندىن كېيىن بىزگىمۇ قايتا دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇش نېسىپ بولمىدى.

— جەننەتماكان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ شول چاغدا تەلىپىمنى رەت قىلغانلىقىدىن زەررىچە ئاغرىنىشىم يوقتۇر، — دېدى يۈنۈسخان ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ، — يەر يۈزىدە ئۇنداق ئىلىم ـ ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن ھۆكۈمدار ئاز تېپىلىدۇ. بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ـ ھېكمەت، پەزىلەت ئۆگىنىش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى ماڭا مۇشۇ پۇرسەتنى يارىتىپ بەردى. ھىراتتا جەننەتماكان ئۇستازىم مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ھەزرەتلىرىنىڭ ئىلىم خەزىنىسىگە يولۇقتۇم. كېيىن باغداد، شىراز دانىشمەنلىرىنىڭ تەربىيەسىگە مۇشەررەپ بولدۇم. ئىلىم ـ ھېك-

مەت، يۇرت ـ يۇرتدارچىلىق سىرلىرىنى ئاز ـ تولا چۈشەنگەندەك بولدۇم. بەلكىم شول چاغدا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى تەلىپىمەنى قوبۇل كۆرگەن بولسا، ئىلىم ئىزدەشتىن ئىبارەت كاتتا پۇرسەتتىن مەڭگۈ مەھرۇم قالار ئىكەنمەن. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئول جەننەتماكانغا تەشەككۇرۇم چەكسىزدۇر.

— ئۇنداقتا ئالىيلىرى ئاتا مىراس زېمىنلىرى بولمىش موغۇلىستان ئېلىنىڭ تاجۇ تەختىنى ئېلىش مۇددىئالىرىدىن ۋاز كەچكەن ئوخشىمامدىلا؟ — سورىدى ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخانىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— يوقسۇ، — دېدى يۇنۇسخان، — ئول ۋەتەن ئىشقى يۈرەكىمىزدە ھەرقاچان گۇلخاندۇر. لېكىن ئىنسان ئۆز ئەھۋالاتىنى بىلىشى كېرەك. بولمىسا كۆيدۈرىدىغىنىنى، ھالاك قىلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدىغان پەرۋانىدىن پەرقى بولمايدۇ. پەرۋانە مەخلۇقتۇر، ئۇنىڭدا قىلچىلىك ئىدراك يوقتۇر. ئەمما بىز جانابى ھەقتائالا بارلىق يارالمىشلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلى قىلىپ ياراتقان ئىدراكلىق ئىنسانمىز. پەرۋانە جاسارىتىدىن ئەنداز ئېلىشىمىز كېرەككى، زىنھار قارىغۇلارچە دورىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى، ئىمكانىيەتسىز ئىشقا بەل باغلاپ ئۆزىمىزنى ئوتقا ئۇرساق بىھۇدە ھالاك بولىمىز، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىمىز ئۆزىمىز بىلەن بىللە كۆل بولىدۇ. قاچانكى ئىمكانىيەت ھازىرلانسا ئول ۋەتەنگە بېرىشتىن بىزنى بەندە توسۇيالماس.

— بارىكاللا، — دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا ھاياجانلىنىپ، — ئالىيلىرىنىڭ جاسارىتىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم. مەگەركى ئالىيلىرىغا ئاشۇنداق ئىمكانىيەتلەرنىڭ ھازىرلانغانلىقىغا ئىسپات كۆرسەتسەم موغۇلىستان ئېلىگە بېرىشقا رىغبەتلىرى بارمىكىن؟

يۇنۇسخان ئەبۇسەئىد مىرزىغا يالت ئېتىپ قارىدى. ئىككى جۈپ كۆز بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇشتى. يۇنۇسخان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ كۆزلىرىدىن تولۇپ ـ تاشقان بىر ئىشەنچنى ھېس

قىلدى.

ـــ ئەگەر ئاشۇنداق ئىمكانىيەتلەر بولسا پەرۋانە جاسارىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشەنچىمىز باردۇر.

يۇنۇسخانغا تولۇق ئىشەنچ قىلغان ئەبۇسەئىد مىرزا ئىراق، ئىران ۋە ئەرەبىستاننى ئىستېلا قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى، ئەمما موغۇلىستان سۇلتانى ئىسان بۇغاخاننىڭ چوڭ تەھدىت بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى يوشۇرماي بايان قىلدى.

ـــ ئالىيلىرىنى چاقىرتىپ كېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىز ئەنە شۇ، ـــ دېدى ئەبۇسەئىد مىرزا، ـــ ئاتا مىراس تەخت ـ سەلتەنەتلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشلىرى ئۈچۈن لەشكىرىي ياردەمنى قىلچىلىك ئايىمايمىز. بۇنىڭ بەدىلىگە سىلى بىزنى ئىنىلىرى سۇلتان ئىسان بۇغاخاننىڭ تەھدىتىدىن ئازاد قىلىلا. گەرچە بىز ھەرقايسىمىز بىردىن ئەلنى تەسەررۇپىمىزغا ئېلىپ يۇرتدارچىلىق قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ يىلتىزىمىز، تىلىمىز، دىنىمىز بىر قوۋم ـ قېرىنداشلارمىز. جەننەتماكان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇيۈك تەسەررۇپ پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەۋكەتلىك بۇزرۇكۋارىمىز ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان ئالىيلىرى دەسلەپكى قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولغان ئەمىرلەر ئۇنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي ئىتائەت گەردىنىنى تولۇق سۇنمىدى. شۇل سەۋەبتىن ئۇلارنى قەتلى قىلسا ئەيىب بولاتتى. ئىلاجسىز سۇيۇرغاتمىش خاننى خان قىلىپ تىكلىدى. خانلىق پەرمان، تۇركىي نىشانلارنى ئۇنىڭ نامىدا پۈتتى. سۇيۇرغاتمىش خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى مەھمۇد سۇلتاننى ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئەمما شەۋكەتلىك ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ئۈچۈن بۇ بىر ئىسمدىنلا ئىبارەت ئىدى. مەھمۇد سۇلتان سەمەرقەنتتە تۇتقۇن ھالەتتە ياشايتتى. سەلتەنەت ئىشلىرىنى بابائى بۇزرۇك ئەمىر تۆ-

مۇر ئۆز ئالدىغا بېجىرەتتى. كېيىن بابائى بۇزرۇك رەسمىي تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەتنى ئۆزىنىڭ نامىدا جاكارلىدى. ئول ساھىبقىران بۇزرۇكۋارىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتى شاھرۇخخان ئالىيلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. گەرچە شاھرۇخخان ئالىيلىرى سەلتەنەتنى ئادالەت بىلەن سورىغان بولسىمۇ، ئوغۇللىرىغا زىيادە كەڭ قوللۇق قىلىپ تەسەررۇپىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇلارغا بېرىۋەتتى. ئۆز ئاغىسى بولمىش مىرانشاھ ھەزرەتلىرىنى چەتكە قاقتى. ئۇنىڭ پۇشتىنى سەلتەنەتكە يېقىن يولاتمىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋە پەرغانە ۋادىسىنىڭ تەختگاھى ئول مىرانشاھنىڭ پۇشتى بولمىش ماڭا نېسىپ بوپتۇ. ئەمما بايا دېگەندەك، شاھرۇخىيلار پۇشتىدىن بولمىش بىر قىسىم خانزادىلەر ئىنسابسىزلىق قىلىپ تەخت دەۋاسى قىلىۋاتىدۇ. موغۇلىستان سۇلتانى بولمىش ئىنىلىرى ئىسان بۇغاخان بولسا پەرغانە ۋادىسىگە تەھلىكە سېلىپ قىستاۋاتىدۇ. تېخى يېقىندىلا ئەندىجاننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ قايتىپ كەتتى. ھازىر مەن ئالىيلىرىنىڭ قازاقلىق ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ، ئالىيلىرىنى يېقىرلىق لىباسىدىن ئاجراتماقچىمەن. ئۇستىباشلىرىغا شاھانە خىلئەت[1]لەرنى كىيدۈرۈپ، خىللانغان باھادىر لەشكەرلەر بىلەن موغۇلىستانغا ئەۋەتمەكچىمەن. بۇنىڭدىكى شەرت شولكى، مۇندىن كېيىن ئىلگىرىكى موغۇلىستان خانلىرىنىڭ يولىنى تۇتمىغايلا. چۈنكى، ئول خانلارنىڭ ھەممىسى تاكى ئىنىلىرى ئىسان بۇغاخانغىچە «ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد بىزنىڭ نۆكىرىمىزدۇر» دەپ دەۋا قىلىشىپ، تەسەررۇپىمىزغا تەھلىكە سېلىپ كەلدى. ئەمدى سىلى بۇ دەۋانى تاشلىغايلا. گەرچە قەدىمدە شۇنداق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئول مەرتىۋە قالماپتۇ. ھازىر مەن ئۆز ئالدىمغا پادىشاھدۇرمەن. باشقىلارنىڭ مېنى «نۆكىرىم» دېيىش ھەققى يوقتۇر. شۇڭا ھازىردىن باشلاپ «خوجايىن»، «خادىم» دېگەندەك ئاتاقلارنى تاشلى-

① خىلئەت ــ چاپان، تون.

www.uyghurkitap.com

غايمىز. بىر ـ بىرىمىزنى دوستلۇق، قېرىنداشلىق ئاتىقى بىلەن ئاتاپ، پادىشاھلىق يوسۇنى بىلەن خەت يوللىغايمىز. بۇندىن كېيىنمۇ پۈتكۈل ئەۋلادلىرىمىز بۇ قائىدىنى ئەلەددائىم داۋاملاشتۇرغاي. قېرىنداشلىق مېھرىنى جۇلالاندۇرۇپ، ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلغاي.

— ئارى، خان ئالىيلىرىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىدىن پۈتۈلگەن كالامى بىزگە خۇددى ئالدىمىزدىكى مۇنۇ ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئايان بولدى، — دېدى يۇنۇسخان تەۋازۇ بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — راست ئېيتتىلا ئالىيلىرى، بىزلا ئەمەس، ئۇل ئىككى ئەلدىكى ئاۋام ـ رەئىيەتمۇ ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ قوۋم ـ قېرىنداشتۇر. قومۇل، تۇرپان، قەشقەر، ياركەنت، خوتەندىكى بىر ئاددىي ئاۋام ئەندىجان، بۇخارا، ھىرات، تاشكەنت، سەمەرقەنتتىكە كەلسە تىل ـ زەباندىن قىينالماس. شۇنداقلا بول تەسەررۇپتىكى ھەرقانداق بىر ئاۋام ئۇل تەسەررۇپقا بارسىمۇ ھەم شۇنداق بولۇر. تىل — دىلنىڭ ئەلچىسىدۇر. تىلى بۆلۈنمىگەن قوۋمنىڭ دىلىنى زىنھار بۆلۈپ بولماس. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق چېگرا ـ توساقلار ئامالسىزدۇر. خان ئالىيلىرى شۇنچىلىك ھىممەت كۆرسەتكەن يەردە، كەمىنەلىرى ۋاپا، ساداقەت گۆھىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغايمەن. بەلكى ئۇنىڭغا دوستلۇق، قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن جۇلا بەرگەيمەن.

يۇنۇسخان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئىنىسى ئىسان بۇغاخاندىن تاجۇ تەخت قايتۇرۇۋېلىشقا قەتئىي بەل باغلىدى. ئەبۇسەئىد مىرزا بەرگەن لەشكەر ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن يولغا چىقتى. ئاۋۋال تۇركىستانغا كېلىپ ئانىسى دۆلەتسۇلتان مەلىكە بىلەن كۆرۈشتى. ئوغلىنىڭ ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن كاتتا غەيرەت بىلەن لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ دۆلەتسۇلتان مەلىكە ھاياجىنىنى باسالماي يىغلىۋەتتى، ئىلكىدىكى تۇركىستان لەشكەرلىرىنىمۇ يۇنۇسخانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇسخان بىردىنلا كۈچەيدى. ئايغاقچى ئەۋەتىپ

ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى ۋەتەنگە قايتىشقا، تەختنى قولغا ئېلىشقا ئۈندىگەن مىركەرىمبەردى بەگ، ھەقبەردى مىرزىلار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە ئورناتتى. ئۇلار يۇنۇسخاننىڭ ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ كېلىشىنى قوللىدى ۋە كۆنچى ئەمىرى شىر ھاجىبەگنىمۇ يۇنۇسخاننى قوللاشقا كۆندۈردى. يۇنۇسخان ئۇدۇللا ئاقسۇغا لەشكەر تارتماي، ئاۋۋال كۆنچى ۋادىسىغا كىردى. ئۇ بىرىنچى قەدەمنى قاراملىق بىلەن لەشكەر تارتىپ ئىنىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئەمەس، خەلقنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىشتىن باشلىغاندى. كۆنچى ئەمىرى شىر ھاجىبەگ ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىزى ئىسان دۆلەت خېنىمنى يۇنۇسخانغا نىكاھلاپ بەردى ۋە يۇنۇسخان بىلەن ئىسان دۆلەت خېنىمنى ئەجدادلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ رەسمىي خانلىق جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇسخاننىڭ نامى موغۇلىستان ئېلىدە قايتا تارىلىشقا باشلىدى.

تەدبىرلىك يۇنۇسخان بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئاستىرتىن ئەلچى ئەۋەتىپ ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ رايىنى سىناشقا، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىشقا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن بەدەخشان ھۆكۈمدارى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ دوستلۇق، ساداقىتىنى بىلدۈردى. سۇلتان مۇھەممەدخان بىلەن ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قېيىنئاتا - كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. يۇنۇسخان بىلەن كۈيئوغلى ئەبۇسەئىد مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، كېلىشىمدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان سۇلتان مۇھەممەدخان يۇنۇسخاننى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق بەدەخشان ھاكىمىيىتىگە موغۇلىستاندىن كېلىدىغان خەۋپنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىككىنچى قىزى مەلىكە شاھ بېگىمنى يۇنۇسخانغا نىكاھلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ يۇنۇسخان بەدەخشان ھاكىمىيىتىنىڭمۇ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئاكىسىنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكى ۋە خانلىق ئېلان

قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە كىرىشتى.

شۇنداق قىلىپ ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخان ئارقىلىق ئىسان بۇغاخاننى چەكلەش مۇددىئاسىغا تولۇق يەتكەن، يۇنۇسخاننىڭ ئەتراپىدىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ قولىلىشىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى پۇختىلىۋالغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدا ئەبۇسەئىد مىرزا، تۇركىستان، كۆنچى ۋادىسىدا يۇنۇسخان، موغۇلىستاندا ئىسان بۇغاخاندىن ئىبارەت ئۈچ ھۆكۈمدارنىڭ داڭقان پۇتىغا ئوخشاش ئۈچ ئاچىماق ھاكىمىيىتى شەكىللەندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور : قەيسەر قۇربان
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە (2)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2010 - يىل 8 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭدا 6 - قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 880×1230 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 15
باھاسى : 45.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-11014-8/I.2197 (维319)

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

诸王传. 2: 维吾尔文/亚生江·沙地克著. —北京: 民族出版社, 2010.7 (2014.3 重印)

ISBN 978-7-105-11014-8

Ⅰ. ①诸... Ⅱ. ①亚…Ⅲ. ①历史小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 130126 号

**责任编辑:** 阿合买提江·吾守尔
**责任校对:** 凯赛尔·库尔班
**封面设计:** 艾克拜尔·萨力赫
**出版发行:** 民族出版社　　http://www.mzcbs.com
**社　　址:** 北京市和平里北街 14 号　　**邮编:** 100013
**电　　话:** 010-64290862 (维文室)
**印　　刷:** 北京盛通印刷股份有限公司
**版　　次:** 2010 年 8 月第 1 版　2014年 3 月北京第6次印刷
**开　　本:** 880×1230 毫米　大 32 开
**印　　张:** 15
**定　　价:** 45.00 元

ISBN 978-7-105-11014-8/I.2197 (维319)